رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: مەن توغرۇلۇق قەستەن يالغاننى توقۇغان ئادەم ئۆز جايىنى دوۋزاختىن تەييارلىسۇن

بۇخارى، مۇسلىم

# يالغان ھەدىسلەر تۈپلىمى ۋە بىدئەتلەر



مىللەتلەر نەشرىياتى

يالغان ھەدىسلەر تۈپلىمى ۋە بىدئەتلەر

ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن دىگەن
بۇ ھەدىسنى ئۇسەيمىن يالغان دىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ بىزگە ئىمان ئاتا قىلغىنىغا، بىزنى ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىدە قىلغىنىغا ھەق ـ باتىلنى، توغرا ـ خاتانى، راست ـ يالغاننى پەرىق ئەتكىدەك ئىلمى ئىقتىدار ئاتا قىلغىنىغا سانسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز، ئاللاھقا سانسىز شۈكرى قىلىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ

ۋەسەللەمگە، ئائىلە _ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ۋە تابىئىنلارغا ۋە ئۇلارغا ياخشىلىقچە ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان، مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلىنى سورايمەن. دۇئايى _ سالام يوللايمەن، ئاللاھ، ئۇلاردىن رازى بولسۇن، بىزلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن. بۇ ئەمىلىمىزنىمۇ ئۆزىنىڭ جامالى، رىزالىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بەرسۇن. بۇ كىتاب بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئىككى ئالەملىك پايدا _ مەنپەئەت يەتكۈزسۇن، ئامىن!!!

## كىرىش سۆز

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىگىچە ھەق توغرا بولغان ئىسلام دىنى، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ سۈيقەستىگە ئۇچراپ كەلدى، ئاللاھ، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن، ئۇلارغا تاللاش ئەركىنلىكى بەردى، ئۇلار خالىغانچە دىنىنى ۋە ساماۋى كىتابلارنى ئۆزگەرتتى، يالغاننى توقۇپ چىقىپ، بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى دېيىشتى، سەۋەبى پۈچەك دۇنيا ئىدى. ئاللاھ، ئاخىرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسەللەمنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ساماۋى كىتابى قۇرئان بىلەن ھەممىنى مەنسۇخ قىلىپ ئەمەلدىن قالدۇردى. ئىسلام دىنىنى

ۋە ساماۋى كىتاب «قۇرئان»نى مەڭگۈ ساقلاشقا ۋەدە قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ قوغداۋاتىدۇ، سۈيىقەستىدىن ساقلاۋاتىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈز ئۆزئارا ئالمىشىپ، ئېلىشىپ تۇرغاندەك، نۇر بىلەن زۇلمەتتەك، ھەق بىلەن باتىل مەڭگۈ بىر _ بىرى بىلەن تىركىشىپ، ئېلىشىپ تۇرىدىكەن، پولاتتەك پاكىت ئالدىدا كۈن نۇرىدەك روشەن ھەقىقەت ئالدىدا يەنىلا نۇرغۇنلىغان دىن دۈشمەنلىرى، جاھىل، نادانلار سۈيىقەستىنى قەتئىي توختاتماي، تەپسىر، زەئىپ ۋە يالغان ھەدىس، ئازغۇن پەتىۋا، ھەتتا لۇغەت جەھەتتىنمۇ قەس قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىر ئىددىيە كۈرىشى، قەلەم كۈرىشى بولۇپ، بىزنىڭ ھەقىقەتچى دىنى ئالىملىرىمىزمۇ قەتئىي بوشاشماي، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ قۇرئاننى، ھەدىس، ئەسەر بىلەن مەقبۇل بولغان توغرا كۆزقاراش بىلەن تەپسىر قىلىش، سەھىھ ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقىرىش، زەئىپ، يالغان ھەدىسلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، خاتا ئىددىيە،خاتا ئەقىدە، پەلسەپ، قانۇن _ پىرىنسىپلارغا قاتتىق قاخشاتقۇچ زەربە بەردى، ئەلۋەتتە، بۇ دىنىنى مەڭگۈ قوغداشتا ئۇزىنىڭ كىتابى قۇرئاننى قوغداشتا ئاللاھ ياردەمچىگە مۇھتاج ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنى، پەيغەمبەرگە ئۈممەت، ئەگەشكۈچى سەلەپ، سالىھلار يولىدا ماڭغۇچى، بىزمۇ شۇنداق ئەلۋەتتە، شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە قۇرئاننى سەھىھ ھەدىسلەرنى تەرجىمە ۋە تەپسىر، ئىزاھات ۋە شەرھىلىگەندەك دەل ئەكسىنى يەنى قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ئەكسى

بولغان،  يالغان ھەدىس ۋە بىدئەتلەرنى ئۇلارنىڭ ھەزەر قىلىشى، راست ــ يالغاننى ئايرىۋېلىشى ئۇچۇن ئوچۇق بايان قىلىش مۇھىم خىزمەت بولۇپ قالدى، ئالىملار بۇ خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلىدى، جۈملىدىن بۇ ئىشدا قاتتىق چىڭ تۇرغىنى ئىبنى جەۋزى رھ.

ئىمام جالالىددىن سۇيۇتى، ئىبنى جەۋزىينى مۇنداق دەپ تەرىپلىگەن، ئۇ بىر قىسىم زەئىپ ھەدىسلەرنىمۇ يالغان دەۋەتكەن، ھەتتا ھەسەن دەرجىلىك ھەدىسنىمۇ يالغان دەۋەتكەن دىگەن. سۇيۇتىمۇ ئەسەر بىلەن تەپسىر يېزىش، ھەدىس توپلاشدىن سىرىت، نۇرغۇن ئىلىم ــ پەن بىلەن شۇغۇللانغان، ھەدىس ئىلمىغا خېلى پىشقان ئالىم بولۇپ، (لائله ى) نامىلىق يالغان ھەدىس توغرىسىدا كىتاب يازغان، پەيروز ئابادىمۇ كىتاب يازغان، ساخاۋىيمۇ كىتاب يازغان، مەسابىيھنىڭ يالغان ھەدىسلىرى دېگەن كىتابنى شەيخ سىراجىددىن ئۆمەر ئىبنى ئەلى يازغان.

ئىمام مۇھەددىس ئەللامە، مۇھەممەد تاھىر (تۇغۇلغان ۋاقتى 914 ــ يىلى ھىجرىيە) يۇقىرقى كىتابلارنى ۋە ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى توپلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قاتتىق چىڭ تۇرۇۋالماي، يۇمشاق قوللىقمۇ قىلماي، مۆئتىدىل، ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، (يالغان ھەدىسلار ئەسلەتمىسى) دىگەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان، مانا مەن ھازىر بۇ كىتابدىن يالغانلىقى ئىشەنچىلىك بولغان يالغان ھەدىسلارنى تاللاپ، تەرجىمە قىلىمەن، مەن بۇ خىزمەت بىلەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇشنى

مەخسەت قىلدىم، ئاللاھ، بۇ ئەمىلىمنى قوبۇل قىلغاي، ئامىن! . شۇنداقلا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا خۇسۇسەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا زور پايدا بەرگەي، ئامىن!

مەن كىتابنى تەرجىمە قىلماقچى بولغان مەزكۇر ئىمام مۇھەددىس، مۇھەممەد تاھىر، ھىجرىيە 914 _ يىلى نەھرەۋە شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر مۇھەددىس، مۇپەسسىر ئالىملاردىن ئىلىم ئالغان، ھەتتا، ئۇ مەككە مەدىنىگە بېرىپ ئوقۇغان، يۇرت ئارىلاپ، جاھان كېزىپ، ئىلىم ئالغان،

«مەلىكۇلمۇھەددىس»يەنى ھەدىسشۇناسلارشاھي دېگەن نامى بار.

ئۇنىڭ مەشھۇر ئۇستازلىرىدىن شەيخ ناكور، شەيخ بورھانۇددىن، ئۇبەيدۇللا زۇبەيدى، ئابدۇللا ئەدەنى، شەيخ جارۇللا، مەككىلىك فىقھشۇناس ئەللامە، شەيخ ئىبنى ھەجەر، شەيخ سەندى، ئەبى الھەسەن، ئالىم ئابدۇللا زاھىد، كەنزولئۇممالنىڭ ساھىبى، ئەلى ئىبنى ھىسامۇددىن قاتارلىقلار بار. ئىمام مۇھەممەد تاھىر رەھمەھۇللا ئەلەي، نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەن، نۇرغۇن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان، خۇراپات، بىدئەتكە قاتتىق قارشى تۇرۇپ، كەسكىن كۆرەش قىلغان، مۇشۇ مەخسەتتە بۇ ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ئەسەر دۇنيا ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن ئېتراپ قىلىنىپ، قوللاپ قۇۋۋەتلىنىپ، نەشىر قىلىندى، مەنمۇ شۇ مەخسەتتە بۇ ئەسەردىن تاللاپ تەرجىمە قىلدىم.

ئاللاھ ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن. ئامىن!!!

## مۇقەددىمە

ھەممىمىزگە مەلۇم ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قانۇن مەنبەسى «قۇرئان»، سەھىھ ھەدىسلەر ۋە ئىجائ، «قۇرئان» بولسا، ئاللاھنىڭ كالامى، ئۇنى ئاللاھ مەڭگۈ قوغدايدۇ، بىر ھەرپىنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ ساقلايدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

«قۇرئان» ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىئىل ۋاستىسى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشكەن ۋاقتتىن باشلاپ كاتىپلار تەرىپىدىن پۈتۈلۈپ، بىرلەرگىچە مۇتىۋاتىر يەنى ئەڭ ئىشەنچىلىك، شەك، گۇمان، مۇمكىن بولمىغان ئاساسدا يىتىپ

كەلدى. ئۇ، ئاللاھنىڭ سۆزى، ئۇنىڭدا قىلچە شەك، گۇمان يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز بىرەر ئەقىدە، ئىبادەت، ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە ئامال بار، قۇرئاندىن دەلىل ئىزدىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئىسلامنىڭ ئاساسى بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھەتتا، بىر ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەدىن باشقا ئەقىدە مەزھەپتىكى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلىدىغانلارمۇ قۇرئانغا ھەق، راست، سەللەمنا دەپ بويسۇنىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، قۇرئاننىڭ بىر ھەرپىگە تانسا، ئۇ شەكسىز كاپىر بولىدۇ.

ھەدىسكە كەلسەك، ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى، ياكى ئىش ـــ ھەرىكەتلىرى ياكى ساھابىلارنى بىرەر ئىش ـــ ھەرىكەت ئۈستىدە كۆرۈپ، توسماي، جىم تۇرۇشى ھەدىس دېيىلىدۇ. مانا بۇ 23 يىل جەريانىدىكى ھەدىسلەرتۈغرىسىدا،سەھىھۇلبۇخارىغا شەرھى يازغان ئىبنى ھەجەرئەسقالانى رەھىمەھۇللاھ (ۋاپاتى ھىجرىيە 852 ـ يىلى) نىڭ دېيىشىچە ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ساھابىلارنىڭ ھەتتا، چوڭ كىبار، تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدىمۇ يېزىلمىغان، چۈنكى، ئۇلار يېزىشقا مۇھتاج بولمىغان، ئۇنتۇپمۇ قالمايتتى، يادا بىلەتتى، يەنە بىر سەۋەب بولسا، قۇرئانغا ئېلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەدىسنى يېزىشىدىن توسقان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدا بار.

يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان دەلىل بولسا، قۇرئاندا كۆپ، ھەدىس،



www.uyghurkitap.com

قۇرئاننىڭ بىردىنبىر تەپسىرى، بايانى ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم، ئەلۋەتتە خاتىرلىنىپ ئۆگىتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆزى دەۋەت قىلغاندا، ئايەت ۋە بىز ھەدىس دەپ ساناۋاتقان مۇبارەك سۆزلىرىنى يېزىپ، مۆھۈر بېسىپ ئەۋەتكەن، ئۇنتۇپ قېلىشىدىن قورقان ئەئرابىغا،ھەدىسنى يېزىپ بېرىشكە بۇيرىغان، ھەدىس مۇتتەپەق بۇخارى،مۇسلىم تۈپلىغان.

تۇنجى بولۇپ ھەدىسنى يازغانلار، رەبىيئ ئىبنى سەبىيھ، سەيد ئىبنى ئەبى ئەرۇبەت، ئىمام مالىك، مەدىنىدە ئابدۇلمەلىك، ئىبنى ئابدۇلئەزىيز، جۇرەيج مەككىدە، ئەۋزائى شامدا، سوپيان سەۋرى كۆپىدە، ھەممادئىبنى سەلمەت، ئىبنى دىينار بەسرەدە، ھەشيىم ۋاستىدە، مەئمەر يەمەندە، ئىبنى مۇبارەك خاراساندا جەرىير ئىبنى ئالبدۇلھەمىد رىيدا، ئۇلاردىن باشقىلارمۇ بار.

مانا بۇلار تۇنجى بولۇپ مۇبارەك ھەدىسلەرنى يېزىپ چىققانلار، كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىققانلار، تېخى ساھابىلەر، تابىئىنلار سۆزىنىمۇ ئارىلاش يېزىپ، مەسىلىلەرنى ئەسەر بىلەن ھەل قىلغان، ئىمام مالىك، ھىجرىيە 93 ـ يىلى تۇغۇلغان. بىز بۇ يىلدىن ھەدىسنى يازغان يىللارنى بىلىۋالالايمىز. يەنى ھىجرىيە 100 ـ يىللىرىدىن باشلانغان، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىيز ھەدىسنى يېزىشقا پەرمان چىقارغان دىيىلىدۇ. كېيىنچە يۇقىرقى مۇھەددىسلەرگە ئەگىشىپ، ئابدۇللا ئىبنى مۇسا، نۇئەيىم ئىبنى ھامىد،

www.uyghurkitap.com

خوزائىلار، مۇسنەد ئىسىملىك ھەدىس كىتابىنى يازدۇ. ئارقىدىن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھىمەھۇﷲ 27000 ھەدىس بار مۇسنەد دىگەن كىتابنى يازدۇ. كېيىن ھىجرىيە 194 _ يىلى تۇغۇلغان مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، قاتتىق تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، راست _ يالغاننى ئايرىپ، زەئىپىنى نېرى قىلىپ، نەچچە يۈزمىڭ ھەدىسلەر ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ كىتابى بۇخارىنى يېزىپ چىقىدۇ.

سەھىھ مۇسلىم بىلەن ئىككى كىتاب ئەڭ سەھىھ ھېسابلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن قالسا، ئەڭ ئىشەنچلىك كىتاب ھېسابلىنىدۇ. (ھازىر ئالىملار تېخىمۇ تەكشۈرۈپ جامىئۇسسەھىھ دىگەن كىتابنى توپلاپ ھەممىدىن ئۈستۈن دەرىجىگە تىزدى مەسىلەن؛شەيخ ئالبانىينىڭ يەتتەقىسىملىق سەھىيە ھەدىسلارتۇپلىمى بار. ) كېيىن ئالدى _ كەينى بولۇپ، ھىجرىيە 200 _ يىلدىن 300 _ ھەتتا 400 _ يىلغىچە ھەدىسلەر توپلىنىپ تۇردى، سۈيىقەستمۇ ئارىلىشىپ تۇردى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار ھەدىس تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەخسۇس بىر پەن ئۇلومۇلھەدىس، ئۇسۇلۇلھەدىس ياكى مۇستەلھۇلھەدىس، (ھەدىسلەر ئاتالغۇسى) دىگەن پەننى تۈزۈپ، ھەدىسنى قاتتىق تەكشۈردى، تەتقىق قىلىپ، زەئىپ، يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقتى، بۇ پەنگە يەنىلا شافىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاساس سالدى، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەلمۇ بار. ھەتتا

بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن يېزىلغان ھاكىم مۇستەدرەكىنىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىمام زەھەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 1/4نى زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىپ، 100 يالغان ھەدىس بار دەپ ئېلان قىلدى. ئىمام زەھەبى، ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللا ئەلەيھىنىڭ تالىپى ئىبنى كەسىر، ئىبنى جەۋزىيىلەرنىڭ ساۋاقدىشى، مۆئتەبەر ئىشەنچىلىك مۇھەددىس ئالىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ مۇقەددىمىدە ئازىراق ھەدىسلەر توغرىسىدا ھەدىس ئاتالغۇسى توغرىسىدا، بولۇپمۇ يالغان ھەدىسلەر توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئاندىن تەرجىمە قىلىشقا باشلايمىز.الله خالىسا

1. مۇتىۋاتىر ھەدىس، خۇددى قۇرئان بىزگە مۇتىۋاتىر، قەتئى ئىشەنچىلىك ھالدا يېتىپ كەلگەندەك 300 دىن 400 گىچە ھەدىس بىزگە مۇتىۋاتىر ھالدا يېتىپ كەلگەن.

ھەرقايسى جايدا، ھەرقايسى ئالىملار ھەرقايسى كىتابلارغا ئوندىن كۆپ ساھابىلاردىن، كۆپ تابىئىنلاردىن ئوخشاش خاتىرلەپ لەبزەن ۋە مەئنەن ياكى لەبزى بىر خىل بولمىسىمۇ مەنىسى بىر خىل ھالدا خاتىرلىگەن. ئۇلارنىڭ يالغان سۆز، ئىش ــ ھەرىكەتكە، ئىتتىپاققا كېلىشىۋېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق مۇتىۋاتىر ئىشەنچىلىك ھەدىس، قەتئىي شەكسىز ئىلىمنى پايدا بېرىدۇ. بۇ ھەدىسكە تانسا، كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆتەككە مەسىھ قىلىشدەك ياكى جەننەت ــ دوۋزاخ ھازىرمۇ مەۋجۇد، ئاخىرەتتە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ دېگەندەك ئىشەنچىلىك

خەۋەرگە ئەقدە مەسىلىلىرىگە تانغان بولىدۇ. بۇ ھەدىسلەرنى توپلاپ مەخسۇس كىتاب يازغان ئالىملاردىن جالالۇددىن سۇيۇتى، كىتاب ئىسمى (قۇتپۇلئەزھار) مۇھەممەد ئىبنى جەئبەر، كىتاب ئىسمى (نەزمۇلمۇتەناسىر مىنەلھەدىس مۇتىۋاتىر)

2. مۇتىۋاتىردىن قالسا، مەشھۇر ھەدىس، بۇ خىل ھەدىس ئۈچ ياكى كۆپ كىشىدىن خاتىرلىنىدۇ. مۇتىۋاتىرغا يەتمىگەن ئەمما، راۋى سانى ئۈچدىن كۆپ، بۇ ھەدىسمۇ يەنىلا سەھىھ، زەئىپ دەپ ئايرىلىدۇ.

3. ئەزىز ھەدىس، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىسى ئىككى، بىر — بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇمۇ يەنىلا تەتقىق قىلىنىپ تەكشۈرۈلىدۇ. سەھىھ يا ھەسەن بولسا، ئەمەل قىلىنىدۇ.

4. غەرىيپ ھەدىس، بۇ خىل ھەدىسنىڭ راۋىيسى باشتىن — ئاخىرى بىرلا، خۇددى نىيەت ھەدىسدە، ئەمەللەر نىيەت بىلەن دىگەن ھەدىستەك، ئەمما، بۇ ھەدىس سەھىھ ئەمەل قىلىنىدۇ.

5. سەھىھ ھەدىس، خۇددى بۇخارى، مۇسلىمدەك بۇ خىل ھەدىس ئادىل، ئىشەنچىلىك، تەقۋا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى، يادىلاش قابىلىيىتى ياخشى، ئالىم «راۋى» توپلاپ يازغان ھەدىستۇر. ئايەت ياكى سەھىھ ھەدىسكە مۇخالىپ ئەمەس.

ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىس، قوللاشقا ئىبرىشىپ، يوللىرى كۆپىيىپ، سەھىھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھۇللىغەيىر دەپ

ئاتىلىدۇ. سەھىيە ھەدىسكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ.

6. ھەسەن، بۇ ھەدىس خۇددى سەھىھ ھەدىستەك شەرتلەر بىلەن خاتىرلىنىدۇ، پەرقى يادىلاش قابىلىيىتى سەل يەڭگىل، ئەمەلىيەتتە ئىسنادى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇتاش، راۋىيسى ئادىل، ئىشەنچىلىك كىشى بولىدۇ. شۇڭا، سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاش ئەمەل قىلىنىدۇ، ھۆججەت قىلىنىدۇ.

مۇئەللەق، مۇرسەل دەپ ئاتىلىدىغان زەئىپ ھەدىسلەر يوللىرى كۆپىيىپ، قوللىنىش ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر قوللاپ ساھابى، تابىئىنلار سۆزلىرى بىلەن كۈچلەندۈرۈلۈپ، بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ھەدىس، ھەسەنۇللىغەيرى دېيىلىدۇ. بۇنداق ھەدىسكىمۇ ھەسەن ھەدىسكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ. بۇ خىل تەتقىقاتنى «ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتى» دېگەن پەننى ئوبدان ئىگىلەپ، تارىخنى ياخشى بىلىپ، كۆپلەپ كىتاب ـ ماتىرىيال كۆرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ساھابى، تابىئىنلار تارىخنى بىلمىسە، زامان، ماكان، سەپەر، تارىخنى بىلمىسە، مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بىز مۇھەددىس ئالىملىرىمىزغا تايىنىمىز. ئەگەر ئىككى ھەدىس بىر ـ بىرگە زىت، مۇخالىپ، تاقىشىپ قالسا، مۇنداق ھەل قىلىمىز؟،

يا (ناسىخ) يەنى كۈچكە ئىگە (مەنسۇخ) يەنى ئەمەلدىن قالغان

www.uyghurkitap.com

دېگەن مەسىلە بىلەن ھەل قىلىمىز. بۇنى بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزى دەپ بېرىشى بىلەن ياكى ساھابىلارنىڭ ئايرىپ بېرىشى بىلەن ياكى تارىخ ئىلمى بىلەن بالدۇر كېيىن قىلىش بىلەن ياكى ئالىملار، مۇھەددىسلەر بىرلىككە كېلىپ، ئىجمائ قىلىش بىلەن ئايرىپ ھەل قىلىمىز. كۈچكە ئىگە ناسىخ ھەدىسكە ئەمەل قىلىمىز، ياكى زىت، تاقاشقان ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىلىقىنى ياراشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەل قىلىمىز. مەسىلەن: كېسەل يۇقۇش يوق دېگەن ھەدىسنى «ئام» دەپ تۇرۇپ، جوزام، تېرە كېسىلى، قىچىشقاق ۋە ۋابا ۋە باشقا كېسەل يۇقىدىغان ھەدىسلەرنى «خاس» يەنى ئامدىن خاسنى چىقىرىش، ،ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەرەب جاھىلىيەت ئۆرپ ــ ئادىتىگە قارىش شۇنداق دېگەن، يەنى ئۇلار، كېسەل ئۆزىلا يۇقىدۇ دەپ قارايتتى، بىز كېسەل ئاللاھنىڭ قازاسى، قەدەر بىلەن يۇقىدۇ، ئۆزىلا يۇقۇۋالمايدۇ دەپ قارايمىز.

مانا مۇشۇنداق، بۇ خىل زىددىيەتنى ئالىملار ئالتە خىل چارە ــ ئامال بىلەن بىرلەشتۈرگەن، ھەدىسلەر ئارىسنى 60 خىلدىن ئارتۇق بىرلەشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش چارىلىرى بار بولۇپ، ئەلۋەتتە، ئاۋۋال «قۇرئان» ئاندىن مۇتىۋاتىر، ئاندىن سەھىھ، ئاندىن ھەسەن، ئاندىن يوللىرى كۆپ، ئىشەنچلىك قىلىنغان ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ، ئىسنادىنى، مەتنىسنى تەكشۈرۈپ ئەمەل قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇسۇل قائىدىسى بويىچە

ياراشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر، ئالىم ئۆنتۈپ قالغان بولسا، ئەسلىتىلىدۇ، ئىشەنچىسىز قارىغان بولسا، دەلىل _ ئىسپات بىلەن سەھىھ ئىشەنچىلىك قىلىنىدۇ. مەنسۇختا ئەمەل قىلغان بولسا، ناسىخنى ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر، زەئىپ ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ قالغان بولسا، ئايەت، سەھىھ ھەدىس ئالدىغا قويۇلىدۇ. خاتا چۈشىنىۋالغان بولسا، توغرىسىنى، ھەقنى بايان قىلىنىدۇ. يالغان ھەدىس، ئەپسانە، رىۋايەتكە ئىشىنىۋالغان بولسا، ئايەت، سەھىھ ئەسەر، ھەدىسنى ئالدىغا قويۇپ رەت قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت، ئىختىلاپ پۈتۈنلەي ھەل قىلىنىپ كېتىدۇ. خۇددى، قۇرئاندا ئىختىلاپ، زىددىيەت بولمىغاندەك، سەھىھ ھەدىسلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ، زىددىيەت يوق.

بىز ئەمدى زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا توختىلىمىز.

## زەئىپ

زەئىپ دېگەن بۇ سۆز، ئاجىز دېگەن بولۇپ، ھەدىس، ئالىملىرىنىڭ ئىستىلاھىسىدا مۇنداق دېگەن بولىدۇ. سەھىھ ھەدىسنىڭ ياكى ھەسەننىڭ شەرتلىرى تولۇق توشمىغان، يەنى راۋىيسى ئادىل، تەقۋا ئەمەس، ياكى يادىلاش قابىلىيىتى تۆۋەن ياكى ئايەت، سەھىھ ھەدىسكە زىت، مۇخالىپ بولىدۇ، ياكى ئىسنادى ئۈزۈلۈك، ياكى بىرەر ئىللەت سۆز قىلىنىدۇ، ھەرخىل

سەۋەبلەردىن قاتتىق (كۈچلۈك)زەئىپ، مۇتلەق زەئىيپ دەپ، نەچچە خىلغا تەقسىم قىلىنىدۇ. (زەئىپلىكى قاتتىق) قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئالىملار، ئەگەر زەئىپ ھەدىس، قاتتىق، كۈچلۈك، زەئىپ بولمىسا، دەلىل ـ ئىسپات،ھۆججەت مەخسەت قىلىنمىغان«زەئىپ ھەدىسنى رەسۇلۇ ﷲ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزئاغزى بىلەن دىگەنلىكىگە، ئىتىقاد قىلمىغان»ئاساسىدا پەزىلەتلىك ئەمەللەردە ئەمەل قىلىنىدۇ دەپ باقتى، ياخشىسى ئەمەل قىلماسلىق، بىدئەتنىڭ ئىشكىنى ئاچماسلىق لازىم. بۇ توغرىسىدا مەخسۇس ئىبنى ھەببان «زوئەپائ» ناملىق كىتاب يازغان.

زەھەبى رەھمەھۇللا ئەلەي «مىيزانولئىئتىدال» دىگەن كىتابنى يازدى، دارىقۇتنىينىڭ «ئىلەل»، ئەبۇ داۋۇدنىڭ «مەراسىيل» ناملىق مەخسۇس كىتابلىرى بار،

ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن «مۇئەللەق» يەنى باش تەرەپدىن بىر نەچچە راۋىينى تىلغا ئالمايلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى دەپ كەتكەن ھەدىس. «مۇرسەل» يەنى تابىئىن، ساھابىنى ئۆزۈپ قويۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى دىگەن ھەدىس، «مۇئزەل مۇنقەتىئ» يەنى ئىسنادى ئۆزۈلك، «مۇدەللەس» يەنى ئىللىتى ئەيىبى يوشۇرۇلغان قاتارلىقلار بۇ خىل ئاتالغۇلار مەخسۇس ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتلىرىدا بايان قىلىنغان، ئوقوغۇچىلار بۇ پەندىن خەۋەردار بولۇشى

زۆرلۇر، بولۇپمۇ مشكات ئوقۇغان كىشىلەر، ئالىملار، ئۇسۇل ھەدىسنى بىلىدىغان ئۇستاز ياكى ئوقوغۇچىنىڭ مشكاتنى ئوقۇشىدىن چەكلەيدۇ.

ئاخىرىدا بىز مۇشۇ كىتابنى يەنى (يالغان ھەدىسلەر توپلىمى ۋەبدئەتلەر) دىگەن كىتابنى ئاساس قىلغان، يالغان ھەدىسلەر توغرىسىدا توختىلىمىز.

## 1. يالغان ھەدىسنىڭ مەۋجۇد بولۇشى

ھەممىمىزگە مەلۇم، مۇشۇ ئىسلام دىنىغا قەدەر بارلىق دىنلار ئۆزگىرىپ يالغان سۆز، تۆھمەت، ئەپسانە، رىۋايەت، ھىكايىلەرگە توشۇپ كەتتى، يەھۇدىيلار، ناسارالار، دىن دۈشمەنلىرى مۇشۇ ئىسلام دىنىغىمۇ سۇيىقەست قىلىشۋاتىدۇ، ئويدۇرما، يالغان، ئىسرائىلىيە ھىكايىلىرىنى قوشۇپ قويماقتا، ئاللاھ، بۇ توغرىسىدا ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، تەۋرات، ئىنجىلنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆزگەرتكەنلىكىنى، قوللىرى بىلەن يېزىپ بۇنى، ئاللاھ دىدى دەپ بوھتان چاپلىغانلىقىنى سۆزلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر يەھۇدى بىللە بولسا، چوقۇم شۇ يەھۇدى، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇدۇ دىگەن. (ئىبنى كەسىر تەپسىرىدىن) ئەگەر ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى بىر مۇسۇلمانغا شۇنداق بولسا، ئىسلام دىنىغا،ۋەبارلىق مۇسۇلمانلارغا قانداقتۇ ھە!

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەھىھ ھەدىسلەردە مەندىن كېيىن ئوتتۇز كىشى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىقىدۇ، ئىچى تۆتى

ئايال كىشى دىگەن. بۇ خىل ھادىسە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چاغدىلا يۈز بېرىپ، مۇسەيلىمە كاززاپ چىققان، ئەلۋەتتە،بۇ، يالغان ھەدىس، چوقۇم چىقىدۇ دىگەن بولىدۇ ـــ د ە،. يەنە كىمكى ماڭا مەن دىمىگەن سۆزنى بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن، دەپ يالغان سۆزلىسە، دوۋزاخقا كىرىدۇ دىگەن. بۇ ھەدىس مۇتتەپەقۇن ئەلەي، مۇتىۋاتىردۇر، يەنە كىمكى، ھەدىسنىڭ يالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرسا، يەنىلا يالغان ھەدىسنى سۆزلىسە، ئۇمۇ توقۇپ چىققۇچىغا ئوخشاش، كاززاپ ھىسابلىنىدۇ، ئىككى كاززاپنىڭ بىرسى شۇ دىگەن، بۇ ھەدىس، ئەھمەد رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ «مۇسەد»تە بار. يەنە (نۇرغۇن كاززاپلار چىقىدۇ، ھەزەر قىلىڭلار) دىگەن ھەدىس، سەھىھ، فىقھى ئالىملار، يالغان ھەدىسنى ئاڭلاپ تۇرۇپ رەددىيە بەرمىسە، جىم ئولتۇرسا، ئۇمۇ كاززاپ سانىلىدۇ. چۈنكى، شۇ كىشى سەۋەبلىك كىشىلەر شۇ ھەدىسنى ياكى يالغان پەتىۋانى راستكەن دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ دىگەن.

ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەر مەۋجۇد بولدى، ھەتتا، كىتابلىرىمۇ ئاشكارىلاندى، بىز يۇقىرىدا دىگەندەك بۇ قىلمىشنىڭ جىنايىتى ئېغىر، قەدىمقى ئىسلام خەلىپىللىرى يالغان ھەدىس توقۇپ چىققۇچىنىڭ كاللىسىنى ئالغان، ئۇنداق بولمىسا، بۇ دىن، بۇ چاغقىچە يوقىلاتتى، يالغان ھەدىس تۇقۇش قەتئى ھارام ئىشتۇر، دوۋزاخقا كىرىپ كېتىدىغان ئىشتۇر، بولمىسا بىز بۇنچە ئاۋارە بولۇپ، خىزمەت ئىشلىمىگەن بولاتتۇق.

يالغان ھەدىس، ئىستىلاھدا «مەۋزۇئ» دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەن بىر سۆزنى دېدى دېسە، ياكى قىلمىغان بىر ئىشنى قىلدى دېسە، ئۇ يالغان ھەدىس توقۇغۇچى بولۇپ، جىنايەتچى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىدا ئېغىر جىنايەت، قاتتىق ھارام ئىش، بۇنداق ھەدىسنى دېيىشمۇ، سۆزلەپ يۈرۈشمۇ دۇرۇس ئەمەس، پەقەت بىرگە ئوخشاش ماۋۇ يالغان دەپ قويۇپ، ئاگاھلاندۇرۇرسا، يالغان دېگەن سۆزنى دېيىش، ئاشكارىلاش بىلەن ھەزەر قىلدۇرسا، خاتالىقدىن توسسا دۇرۇس، بولمىسا دەپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ.

ھازىر بىز نۇرغۇن بىدئەت، يالغان ھەدىسلەرنى دەپ قويساق، ئەمەل قىلىپ كېتىدىغان ئەخمەق كىشىلەر، نادان، جاھىل موللىلار مەۋجۇد، قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم.

يالغان ھەدىسلەر شۇ ھەدىسلەرنى توقۇپ چىققۇچىنىڭ ئىقرارى بىلەن تونۇلىدۇ ياكى تارىخ ئارقىلىق تېپىۋالغىلى بولىدۇ، راۋى، تارىخنى، يىلنى، ماكاننى سۆزلەيدۇ، ئەمەلىيەت ئۇنداق چىقماي قالىدۇ ــ دە، بىز شۇئان يالغاننى بايقايمىز. تارىخ مۇھىم قۇرال ھېسابلىنىدۇ. ياكى راۋى ھەدىس سۆزلىگۈچى، مەزھەپ تەرەپبازى، باشقا يات ئەقىدە، پارتىيە، گورۇھ، مىللەت تەرەپبازى بولىدۇ ــ دە، يالغان چىقىدۇ. ئالىملار ھەرخىل تەتقىق قىلىپ، ئايەتكە سەھىھ ھەدىسكە زىت مۇخالىپ بۇنداق يالغان سۆزلەرنى ئاسانلا بىلىۋالىدۇ، شۇڭا، مۇشۇنداق كىتابلار توپلاندى. (مۆئمىنىنىڭ قەلبى،

www.uyghurkitap.com

پاراسەت بىلەن كۆرىدۇ)ھېس بىلەن تونۇلۇدۇ.

يالغان ھەدىس ئىسلام دىنىغا زور زىيان سالىدۇ، دىن ئاپىتى ھېسابلىنىدۇ، ئاللاھ، ۋە رەسۇلۇللاھقا تۆھمەت، بۆھتان قىلىشدىنمۇ ئېغىر جىنايەت يوق، مۇسۇلمانلار ئالدىنىدۇ، خاتا ھۆكۈم،خاتا پەتىۋا بېرىلىپ، ھالال ــ ھارام،ھارام ـ ھالال قىلىنىدۇ، ئىختىلاپ، زىددىيەت، توقۇنۇشلار چىقىپ، ئاپەت يامرايدۇ، بۇنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولماس، ھەزەر قىلىڭ.

## يالغان ھەدىسنىڭ مەيدانغا چىقىش سەۋەبلىرى

1. بەزىلەر، كىشىلەرنى ئىبادەتكە قىزىقتۇرۇش، ھارامدىن توسۇش، زاھىدلاشتۇرۇش، (سوپىزىم قاتارلىق سەۋەبلەردىن،) ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ يالغاندىن ھەدىس توقۇيدۇ، ياكى مۇبالىغە قىلىپ، راستنى يالغانغا ئايلاندۇرىدۇ، ياكى بىرەر ئېغىز سۆز قوشۇپ قويۇپ، بۇرمىلايدۇ، ساۋاب كۆتۈپ قىلدىم دەپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە خاتا، خۇددى، بەيزاۋىنىڭ ھەربىر

سۈرە ئاخىردىكى يالغان ھەدىيسىدەك، بۇ ھەدىسنى توقۇغۇچى، ئىقرار قىلىپ، مەن كىشىلەرنىڭ قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈپ، فىقھىغا دۈم چۈشكىنىنى كۆرۈپ، قۇرئاننى كۆپ ئوقۇسۇن دەپ توقۇپ چىققان دىگەن. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى مەيسەرەت ئىبنى ئابدۇ رەببىھ بولۇپ، ئىبنى ھەببان «زۇئەپائ» دىگەن كىتابىدا سۆزلىگەن.

2. بەزىلەر مەزھەپ، پارتىيە، گورۇھ، سىياسەت سەۋەبىدىن يالغان ھەدىس توقۇپ چىققان، خۇددى، شىيئەلەر، ئەلى ئىنسانىنىڭ ياخشىسى دىگەندەك،باشقىلار ئەبۇ ھەنىيفە ئۈممىتىمنىڭ چىرىغى دىگەندەك.(بۇئىككى ھەدىس يالغان)

3. بەزىلەر، بولۇپمۇ دىنسىزلار، ئىسلام دىنىغا سۈيىقەست قىلىپ، يالغاندىن ھەدىس توقۇپ چىققان، ھەتتا، تەپسىرگىمۇ قەس قىلغان، لۇغەتمۇ شۇ. خۇددى (مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ) دىگەن سەھىھ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا لىكىن ئاللاھ خالىسا، دىگەندەك سۆزنى قىستۇرغاندەك، ئەقىدە، ئىبادەتتە نۇرغۇن بىدئەتنى پەيدا قىلىپ، ئىسلام دىنىغا زور زىيان (ئاپەت) سالىدۇ. بۇلار، ھەردائىم مەۋجۇد، يەھۇدى، ناسارالار ۋە دىنسىزلارغا قاراڭلار، ئۇلارنىڭ ھەرخىل پىتنە _ پاساد بىلەن ئىددىيىنى، ئەقىدىنى بۇزۇش، شەيتانلاشتۇرۇش ھەرىكىتىگە دىققەت!.

4. يەنە بەزىلەر پادىشاھ، خەلىپىگە ئۇستاز، ئالىملارغا يېقىن بولۇشنى كۆزلەپ، ھەدىس توقۇيدۇ، كەپتەر ۋەقەسىدەك.

5. بەزىلەر بولۇپمۇ تارىخچىلار، قىسسىچىلەر، ھېكايە توقۇپ پۇل ــ مال تېپىپ، كەسىپ قىلىدىغانلار، يالغاندىن توقۇپ چىقىدۇ.

6. بەزىلەر شۆھرەت، يۈز ــ ئابرۇينى دەپ ياكى مەنمەنلىك بىلەن بىلىمدارلىق قىلىپ توقۇيدۇ، يەنە بەزىلەر نادانلىقىدىن ھەدىسكە باشقا سۆزنى قىستۇرۇپ ئاڭلاپ، ھەدىس دەپ سۆزلەپ يازغۇزىدۇ، ياكى يېزىۋالىدۇ. بەزىلەر، ھاكىمىيەت دىنسىز بولۇپ، ئۇلاردىن قورقۇپ، يالغان ــ ياۋىداق ھەدىس، ئەپسانە، ھېكايىلەرنى توقۇپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئازغىنە مائاشقا سېتىلىپ، جان باقار كوچىغا كىرىۋېلىپ، يالغاننى توقۇيدۇ، بەزىلەر جىنغا ئىشىنىپ يالغانى توقۇيدۇ، بولۇپمۇ سوپىزىمدا يالغان ھەدىس، يالغان ھېكايە، ئەپسانىلەر ساماندەك كۆپ، ھەزەر قىلىڭ.

بەزى ئالىملار بىلىپ ــ بىلمەي سەۋەنلىكىدىن تەپسىر كىتابلىرىغىمۇ يالغان ھەدىس، يالغان ھېكايە، ئىسرائىلىيە توقۇلمىلىرىنى كىرگۈزۈپ سالغان، مەسىلەن: سۈلەيمان، ۋاھىدى، زەمەخشەرى كەبىشاپىدا، بەيزاۋى، شەۋكانىلاردەك، ئالىملار ئۇنى ھازىر ئېنىقلاپ، رۇسلاپ، توغرىلاپ بولدى.

ئەڭ خەتەرلىكى: دىنسىزلاردىنمۇ بەكىرەك زىيان سېلىۋاتقان كىشى مۇنبەر تۆپىدىكىلەر، دىنسىزنىڭ سۆزىنى كىشىلەر ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىسىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، نادان، تۈرلۈك مولللار مۇنبەر تۆپىدە، خۇتبىلىرىدە يالغان ھەدىسنى، ئەپسانە، ھېكايە، ئىسرائىلىيە توقۇلمىسىنى ئوقۇسا، كىشىلەر قوبۇل قىلىپ كەتتى، ئۇنى توسقان ھەققەتچىلەر ھەرخىل بۆھتان،

تۆھمەتكە قالدى. ئاللاھ ئەدىۋىنى بېرەر، يا ھىدايەت قىلار، ئامىن!!!

ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

**يالغان ھەدىسلەر مەۋجۇد بولغان كىتابلار؛** بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەندەك، مەسابىيھدىمۇ، زەئىپ ھەدىسلەر كۆپ بولۇپ، ھەتتا يالغانلىرىمۇ مەۋجۇد ئىكەن، ئۇندىن باشقا، دوررەتونناسھىين، تەنبىھۇلغافلىيىن، دەقائىقۇلئەخبار، رابغوزى يازان قىسسەسۇل ئەنبىيائ، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بىر قىسىم تەپسىر، جۇمىلىدىن كەلبىينىڭ تەپسىرى، سوپىزىملار تەپسىرى، كەششاپ ۋە باشقىلار.

ئىمام غەززالىنىڭ ئىھيائ دىگەن كىتابىدا زەئىپ ھەدىسلەر، ھەتتا ئەسلى يوق ھەدىسلەر مەۋجۇد، ئىبنى جەۋزى بۇ كىتابقا قارشى بىر كىتاب يازغان، يۇقىرىدا دىيىلگەن خوزائىينىڭ يالغان ھەدىسلىرى ئەربەئىون ۋەدئانىييەت يەنى 40 ھەدىس ئىكەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەسىيەتلىرى ناملىق ھەدىسلەر پۈتۈنلەي يالغان.

بۇ كىتابدا نۇرغۇن سۆزلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالغۇز ئەلىيغىلا ۋەسىيەت قىلغانمىش، بۇ يالغان،

ئىمام سۇيۇتى «لالەئي» دىگەن كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ، زەئىپ ۋە يالغان ھەدىسلەر بار كىتابدىن بىرسى ئىبنى

ئەبى ددونيانىڭ كىتابى، (ھازىرمۇ بازارلاردا نۇرغۇن كىتابلار بار،

www.uyghurkitap.com

سهپر توغرىسىدا، سىرلار توغرىسىدا، خەزىنىنەتۇلئەسرار، چۆش تەبىرلىرىدەك) زەئىپ ھەدىسلەر مەۋجۇد دەپ قارالغان كىتابلاردىن ئۇقەيلى يالغۇز قالغان ھەدىسلەر، ئىبنى ئەدىينىڭ خەتىيبۇلبەغدادىنىڭ، ئىبنى ئەساكىرنىڭ تارىخى، دەيلەمىينىڭ، مۇسنەدۇلپىردەۋس دىگەن كىتابى، ھاكىم مۇستەدرەك بۇنىڭ 1/4 زەئىپ 100 يالغان ھەدىس بار، بۇ زەھەبىينىڭ سۆزى.، ئىبنى جارۇدنىڭ كىتابى زەئىپ، بۇ دەلىل — ئىسپاتلار، ئۇسەيمىيننىڭ مۇستەلىھۇلھەدىسىدىن ئېلىندى. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا ئەلەي: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ھەدىسلىرى.

رەجەبنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى، خىزىرنىڭ ھاياتلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا كەلگەن دىگىنى پۈتۈنلەي يالغان دىگەن (ئۆزىنىڭ كىتابىدىن) ئۇ ئاندىن يالغان ھەدىسلەرگە مىسال قىلىپ، بىر نەچچە ھەدىسلەرنى كەلتۈرىدۇ، مەسىلەن: ئەرەبلەرنى ئۈچ ئىشدىن ياخشى كۆرسەڭلار بولىدۇ. بىرىنچى، مەن ئەرەب، ئىككىنچى، قۇرئان ئەرەب تىلىدا، ئۈچىنچى، جەننەت ئەھلىنىڭ تىلى ئەرەب تىلى دىگەن ھەدىس، يالغان. ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپى رەھمەت دىگەن ھەدىسمۇ يالغان. ھىلىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ياشايدىغاندەك تىجارەت قىل دىگەن ھەدىسمۇ يالغان. ھوببولۋەتەن مىنەلئىمان يەنى ۋەتەننى ياخشى كۆرۈش، ئىمان جۈملىسىدىن

دېگەن ھەدىس يالغان. مانا شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈپ، بۇلارنى يالغان دېگىنى،ئەللامە، ھەرىمەيىننىڭ ئۇستازى، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىيىن ئىدى. دەلىل ئىسپاتى تولۇق، ئۇنىڭ ھەدىس ئاتالغۇلىرى ناملىق ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتى كىتابىدىن يەنە مۇنداق سۆزلەر ئېلىندى، كىشىلەرنى ھەزەر قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەشھۇر ئىماملىرىمىزدىن ئابدۇرەھمان ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ (ۋاپاتى ھىجرىيە 597 «مەۋزۇئاتولكۇبرا» يەنى يالغان ھەدىسنىڭ ئەڭ چوڭ كىتابى ناملىق كىتابى.

ئىمام شەۋكانىنىڭ (ۋاپاتى 1250 _ يىلى ھىجرىيە

(يالغان ھەدىسلەردىكى يەنى توپلامنىڭ پايدىسى) ناملىق)

ئىبنى ئىراقىينىڭ (ۋاپاتى 963 _ يىلى ھىجرىيە)

(يالغان ھەدىسدىن پاك شەرئەتنى تازىلاش دېگەن ئەسرى قاتارلىق كىتابلاردا يالغان ھەدىسلەر توپلانغان دېگەن.

ئۇسەيمىيىننىڭ (ۋاپاتى 2001 _ يىلى مىلادىيە) دېيىشىچە، يالغان ھەدىسنى توقۇغۇچىلارنىڭ مەشھۇرى، خەلىپە ئەبۇ جەئپەر مەنسۇر دارغا ئاسقان مۇھەممەد ئىبنى سەئىد دېگەن كىشى بو لىدۇ. بۇ كىشى مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، لېكىن ئاللاھ خالىسا كېلىدۇ دېگەن ھەدىسنى توقىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان. ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، ئىسھاق ئىبنى نەجىيھولمولتى، مەئمون ئىبنى ئەھمەد ھەرۋى، مۇھەممەد ئىبنى

www.uyghurkitap.com

سائبە كەلبي، موغەيرەت ئبنى سەئيد كوپي، موقاتيل ئبنى سۇلايمان، ۋاقدى، ئبنى ئەبى يەھيا قاتارلىقلار كاززاپ، ئابدۇلكەريم ئبنى ئەبلئئۇەجائ دىگەن كىشنى (ئاباس خەلپىلىكىدىكى بىر خەلپە كالللىسنى ئالغان) ئۇسەيمىين بىز يۇقىريدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەش خىل سەۋەبنى سۆزلەيدۇ. مساللىرى كىتابىدا تەپسلى يېزىلغان. ئىخۋانۇسسەپا دىگەن كىتابىدىمۇ يالغان ھەدىسلەر بار ئىكەن. ئەبى نەستور رۇمىينىڭ، بەشەرنىڭ، نۇئەيىم ئبنى سالىمنىڭ، خەرراشنىڭ، ئەنەسدىن قىلغان ھەدىسلىرى، دىينارنىڭ ھەدىسلىرى، ئەبى ھەدبەتنىڭ مۇسنەدى، ئەنە سۇلبەسىرنىڭ، سەمئانۇلمەھدىينىڭ ھەدىسلىرى پۈتۈنلەي يالغاندۇر.

ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا شۇنداق دىگەنكى: ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھنىڭ نامىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر خاتىرلەنگەن، ئەمەلىيەتتە بۇلار مۇقىم ئىسپاتلانمىغان.

«خۇتبەتۇلۋەدائ ئەن ئەبى دەردائ» يەنى (ساھابە ئەبى دەردائىنىڭ خوشلىشش خۇتبىسى، نۇتۇقى) دىگەن كىتابىمۇ يالغاندۇر. بىز يۇقىريدا تىلغا ئالغان كاززاپلارنى ئۇسەيمىنىيىندىن باشقا ئبنى جەۋزىيمۇ بۇرۇنلا كىتابىدا ئۇلار كاززاپلار دىگەن.

ئىمام، مۇھەددىس نەسەئى مۇنداق دىگەن: مەشھۇر يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلار تۆت بولۇپ: 1 ـ ئبنى ئەبى يەھيا مەدىينىدە، 2 ـ ۋاقىدي باغداتتا، 3 ـ مۇقاتىل ئبنى سۇلايمان خاراساندا، 4 ـ مۇھەممەد ئبنى

سەئىيد (دارغا ئېسىلغان كىشى شۇ) شامدا.

دەيلىمىي مۇنداق دىگەن:

ئەبۇلپەزىلنىڭ ئورۇس دىگەن كىتابى، بەكمۇ ئاجىز بولۇپ، ئۇنىڭغا تايىنىشقا بولمايدۇ، ھەدىسلىرى مۇنكەر دىگەن.

ئىمام زەھەبىي مۇنداق دىگەن:

ھەدىسلىرى ھۆججەت قىلىنمايدىغان، ئەمەلمۇ قىلىنمايدىغان نۇرغۇن كازراپلار بار، ھەزەر قىلىڭلار.

بىز ئەمدى يۇقىرقىدەك كىتابلاردىن توپلانغان، يالغانلىقى ئىشەنچىلىك ھەققى يالغان ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشنى باشلايمىز.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىسنادي، راۋىيلىرى بىلەن كەلتۈرگەن بولسا، بىز بۇ يالغان ھەدىسلەرنى ئالىملارتەكشۈرۈپ بولغاچقا، يالغانلىقىغا ئىتتىپاققا كەلگەچكە يەنە تەكشۈرۈش ھاجەتسىز بولغاچقا، بۇ يالغان ھەدىسلەرنىڭ راۋىلىرىنى، ئىسنادىنى يازمايمىز. ئاز — تولا كىتاب ئىسمىنى سۆزلەپ قويىمىز خالاس. كىتابنىڭ ئەسلىمۇ شۇنداق ئىكەن، ئاللاھ ھەممىمىزنى ئەپۇ قىلسۇن، مەغپىرەت قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن بولغان بۇ ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن، ئامىن!!!

## ئىمان ،ئەقىدە ۋە تەۋھىد توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1 . شەكسىز ئىشەنچنىڭ ئۆزىلا پۈتۈنلەي ئىمان بولىدۇ دىگەن. بۇ

www.uyghurkitap.com

ھەدىسنى ئىمام سوغانى بىلەن ساخاۋى يالغان دىگەن. چۈنكى، بىز ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسلەردىن دەلىل ئېلىپ مۇنداق دەيمىز.

ئىمان دىگەن تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، قەلبىدە تەستىق قىلىپ، ئىشىنىش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتۇر.

2. زەيىل دىگەن كىتابتىكى «كىمكى ھەقىقىي مۆئمىن بولالمىسا، ئۇ ھەقىقى كاپىردۇر» دىگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، ئۇندىن باشقا مۇسۇلمان ياكى مۇناپىقلار مەۋجۇد.

3. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇلاپ توقۇلغان بىر يالغان ھەدىستە مۇنداق دىيىلىدۇ «كىمكى ئۆزىنى تونىسا، رەببىنى تونىغان بولىدۇ» شەيىخۇلئىسلام، ئىبنى تەيمىييە بۇ ھەدىس يالغان دىگەن. مۇھەممەد تاھىر، ئاپتۇرمۇ شۇنداق دىگەن.

سەۋەبى، بۇ يالغان ھەدىس سوپىزىمدىكى ۋە ناسارالاردىكى «ۋەھدەت» يەنى ئاللاھنىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىش نەزەرىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ _ دە! ئۇلار ئاندىن مەنسۇر ھەللاجىدەك ئەنەلھەق دەپ كاپىر بولىدۇ. بۇ كىشىنى باغداتتا ئالىملار ئىجمائىقا كېلىپ كاپىر، مۇشرىك دەپ دارغا ئاسقان، (ئىبنى كەسىرنىڭ بەدايەت ۋە نەھايەت ناملىق كىتابىدا بار)

4. مەن تونۇلماي قالغان كاكى ئىدىم، تونۇلۇشىمنى ياخشى كۆردۈم،

مەخلۇقاتلارنى ياراتتىم ــدە، ئۆزۈمنى ئۇلارغا تونۇتتۇم دىگەن، بۇ يالغان ھەدىس قۇددۇستۇر. بۇ ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇمۇللا يالغان دىگەن، دەل شۇنداق. سەۋەبى كاڭ دىگەن مەخلۇق ھەم مەخلۇق سۈپىتى، ھادىسي سۈپەت، ئاللاھقا ئىسپاتلانمايدۇ.

5. ۋەتەننى ياخشى كۆرۈش، ئىماننىڭ جۈملىسىدىن دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەللامە، مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىيىن يالغان دىگەن. چۈنكى، بۇ مىللەتچىلەر داۋاسىدۇر.

مۆئمىن دىگەن ئاللاھنىلا، ئاخىرەتنىلا مەخسەت قىلىدۇ، ۋەتەن، مىللەت، رەڭ، تىل، زىمىن، تۇققانلىق، قەبىلە، تەرەپبازلىق، مۆئمىنلەرنىڭ داۋاسى ئەمەس.

6. مۈشۈكنى ياخشى كۆرۈش، ئىماننىڭ جۈملىسىدىن دىگەن بۇ ھەدىسمۇ يالغان، سەۋەبىنى دىمىسەممۇ بىلىپ تۇرىسىلەر.

7. خۇلاسە دىگەن كىتابتىكى «كىمنىڭ قولىدا بىرەر ئەر ياكى ئايال كىشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ» دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن، چۈنكى، ئۇنداق كىشىمۇ مۇرتەد بولىدۇ، ياكى مۇناپىق بولۇش ئىھتىمالى بار. ھىچ بولمىغاندا، پەخرىگە سەۋەب بولىدۇ، بۇ ھەدىس ھىچ سەھىھ كىتابتا يوق.

8. ھەرقانداق دىنسىزلىقنىڭ ئەسلى سەۋەبى تەقدىرگە ئىنكار قىلىشتۇر دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى كاززاپ، شۇنداقلا دىنسىزلىقنىڭ

باش سەۋەبچىسى، ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەسلىكتۇر، يالغۇز تەقدىر مەسىلىسىلا ئەمەس، مەخسەت، ھەدىس يالغان.

9. ئاللاھ، قازايى _ قەدەرلىرىنى يورۇتۇشنى، ئىجرا قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئېلىۋېلىپ تۇرىدۇ، ئەقلىنى تارتىۋالىدۇ _دە، ئاندىن ئىجرا قىلىدۇ، بۇ ھەدىسمۇ يالغان، راۋىيسىمۇ كاززاپ، چۈنكى، ئاللاھ، ھەممىگە قادىردۇر. ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى، ھېچقانداق سەھىھ ياكى زەئىپ كىتابلاردىمۇ يوقتۇر، ئەگەر مەن بىرەر ھەدىسنىڭ يالغانلىق سەۋەبىنى سۆزلىمىسەم، ئۇ چاغدا، مەن تولۇق بىلمىگەن، ياكى ئالىملار دىمىگەن، ياكى راۋىيسى كاززاپ، ياكى ئەقىلغا، تەقۋا قەلبىگە زىت، خىلاپ ياكى ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ، زىت ياكى ھېچ بولمىغاندا، زەئىپ، ئاجىز ھەدىس، كىتابلىرىدىمۇ يوق بولىدۇ، ئەسلى يوق بولۇپ چىقىدۇ.

ئاگاھ بولۇڭكى، يالغان ھەدىسكە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دىمەيمىز. سۆزنىڭ مەنىسىدىن چۈشىنىۋېلىڭ.

10. ئاللاھنىڭ 300 ئەخلاقى بار، كىمكى شۇ 300 ئەخلاقدىن بىرەر ئەخلاق بىلەن ئاللاھقا ئۇچراشسا، جەننەتكە كىرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى سېخىيلىق دىگەندە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندە بىرەرسى بارمىدۇ؟ دىگەندە، سەندە ھەممىسى بار دىگەن، بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ، بەزىلەر يالغان دىگەن. بولۇپمۇ



www.uyghurkitap.com

ئاللاھنىڭ 117 شەرىئىتى بار، ئىسلام دىنى 313 شەرىئەت، ئىسلام دىنى 30000 شەرىئەت 30000 تەرىقەت 30000 ھەقىقەت دېگەن سۆزلەر قەتئىي يالغاندۇر. مەن بۇ يالغان سۆزلەرنى سوپىلاردىن كۆپ ئاڭلىدىم.

11. زەيىل دېگەن كىتابتىكى مەن رەببىمنى كۆچۈش كۈنىدە، مىنا تېغىدا ياخشى تۆگىنىڭ ئۈستىدە كۆردۈم دېگەن. بۇ ھەدىس يالغان، بۇ ھەدىسنى سوپىزىم ئەقىدىسىدىكى سوپىلار توقىغان، چۈنكى، بۇ سۆزلەردە سەۋق، يوڭ، جۇۋا دېگەن سۆزلەر بار. شۇنداقلا، شەيخ ئۇستازنى ۋاستە قىلىش، رەب دەپ بىلىش، بىرلىشىپ كېتىش نەزەرىيىلەر بار، بۇ ئەقىدىدە بىدئەت پەيدا قىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

12. ئاللاھ، دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈشنى ئىراده قىلسا، ئۆز زاتى بىلەن چۈشىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس كاززاپ، دەججالنىڭ يالغان ھەدىسىدۇر.

چۈنكى، بىز ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ سەلەپ، سالىھ، جۇمھۇر ئالىملار، ئاللاھ چۈشۈپ ــ چىقالايدۇ، كېلىپ كېتەلەيدۇ، بىز بىلەن بىللە دەيمىز، ئەمما، زاتى بىلەن دېگەن بۇ سۆزنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ دىمىگەن، شۇڭا بىزمۇ سۈكۈت قىلىپ دىمەيمىز. ئۆزگە لايىق رەۋىشتە شۇنداق بو لىدۇ، ئوخشىشى يوق، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۇقىرقى ھەدىس يالغاندۇر.

13. ئاللاھ بىرەر نەرسىنى يارىتىشنى ئىراده قىلسا، ئۇ نەرسىگە «كۇن» دەيدۇ ــ دە، كاف، نۇنغا يەتمەي تۇرۇپ يەنى كاف بىلەن نۇن

ئوتتۇرىدا يارىلىپ بولىدۇ دېگەن. بۇ ھەدىس شەكسىز يالغان، بىز شۇنداق بولۇشىغا، ئاللاھنىڭ قادىرلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمىز، ئەمما، ھەدىس يالغان. بۇ كۈنىنىڭ ۋە يارىلىشىنىڭ كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، سۆزىمۇ شۇ، كەلىسە _ كەلمەس سۆزلىمەڭ، بۇ ھەدىس ئەسلا يوق.

14. قەلەم شۇنداق دېگەنكى، ئەرشىنىڭ 3600 تۈۋرۈكى بار، ھەربىر تۈۋرۈك، دۇنيادەك 60000 ھەسسە كېلىدىغان قەۋەتتۇر، ھەربىر تۈۋرۈك ئاستىدا 60000 شەھەر بار، ھەربىر شەھەردە 6000 سەھرا، 6000 ئالەم بار، ئۇلار ئىنسى جىندەك 60000 ھەسسە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇنۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق، ئاللاھ ئىنسانلارنى، جىنلارنى ئادەم ۋە ئىبلىسنى ياراتقىنىنى ئۇلار ئۇقمايدۇ، ئاللاھ، ئۇلارغا تۆت خەلىپىلەرگە مەغپىرەت سوراشنى ئىلھام قىلغاندۇر دېگەن بۇ ھەدىس يالغان.

15. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، جىبرىئىلدىن كۈن قايرىلغاندىمۇ؟ دەپ سورىسا، جىبرىئىل ياق، ھەئە دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ نېمە دېگىنىڭ دېسە، ئۇ مەن ياق، ھەئە دېگىچە ئارىلىقدا كۈن 500 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ بولىدۇ، دېگەن، بۇ ھەدىس يالغان.

چۈنكى، بۇنىڭ ئەسلى يوق، ھېچقانداق كىتابدا يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە زاۋالنىڭ ئاز بولسىمۇ ۋاختى بار.

16. ئاللاھنىڭ بىر پەرىشتىسى بولۇپ، ئىككى كۆزىنىڭ، ئىككى

كىرپىك ئارىلىقىدا 500 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، دېگەن ھەدىس، پەرىشتە توغرىسىدا مۇبالىغە قىلىنغان ھەدىستۇر، يالغاندۇر، ئەسلى يوق.

17. شۇنداقلا، رابغۇزى، «قىسسەسۇلئەنبىيا»دا يازغان تۆپىراق ئېلىش مەسىلىسىدىكى ئۈچ پەرىشتە تۆپىراقنى ئېلىپ چىقالماسلىق، ئەزرائىل ئېلىپ چىققاچقا جاننى، روھنى ئېلىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش ھېكايىسى يالغان، چۈنكى، قۇرئاندا، پەرىشتىلەر نېمىگە بۇيرۇلسا، شۇنى ئىجرا قىلىدۇ، قىلچە ئاسىيلىق قىلمايدۇ دېگەن.

## مۆئمىننىڭ سۈپىتى ۋە پەزىلىتى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

18. ۋەجىيز دېگەن كىتابتىكى ھەرقانداق بىر بالا تۇغۇلسا، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۈرە تاغابۇننىڭ بېشىدىن بەش ئايەت يېزىلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، چۈنكى، سەھىھ ھەدىسلەردە نېمىنىڭ يېزىلىشى بار.

19. مەقاسىدىكى مۆئمىنگە ئۇنىڭ نەسەبىگە ئاساسەن ئىشەنچ قىلىنىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، چۈنكى، ئىسلام دىنى نەسەبنى داۋا قىلمايدۇ، سەھىھ ھەدىسلەردە نەسەبكە يۆلىنىشتىن توسقان، ئايەتتە، مۆئمىندىن كاپىر، كاپىردىن مۆئمىن چىقىرىش بار.

20. ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھەرقانداق مۆئمىننىڭ ھەرقانداق مۇناپىققا غەزەپ قىلىشقا، ھەرقانداق مۇناپىقنىڭ ھەرقانداق مۆئمىنگە غەزەپ قىلىشىغا

ئەھدە، مىساق ئالغان دىگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر. ئويلاپ بىقىڭ، مۇناپىقدىن شۇنداقمۇ ئەھدە ئالارمۇ؟

21. مۆئمىننىڭ چىقمى يەڭگىل، ئاسان بولىدۇ دىگەن، بۇ ھەدىس يالغاندۇر، ئىمام سوغانى يالغان دىگەن، بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىدا يالغان ھەدىس توقۇغۇچى مۇھەممەد ئىبنى سەھلە بار ئىكەن.

22. زەيل دىگەن كىتابتىكى كىمكى مۆئمىننى خۇرسەن قىلسا، ئاللاھنى خۇرسەن قىلغان بولىدۇ. كىمكى مۆئمىننى ئۇلۇغلىسا، ئاللاھنى ئۇلۇغلىغان بولىدۇ. كىمكى، مۆئمىننى ھۆرمەتلىسە ئاللاھنى ھۆرمەتلىگەن بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر، رۇشەن يالغان. چۈنكى، بۇمۇ سوپىزىملارنىڭ، ناسارالارنىڭ، ئاللاھنىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىش ۋەھدەت نەزەرىيىسىگە بارىدۇ، تەشبىيھ قىلىنغان، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق. بەلكى، ئۆزىنى خۇشال قىلىدۇرغۇچى، ئۆزىنى ئۇلۇغلاتقۇسى، ھۆرمەتلەتكۈسى كەلگەن، يالغانچى، كاززاپ دىگەندۇر.

23. مۆئمىن، نۇرلۇق، سىخىي بولىدۇ، مۇناپىق قارامتۇل، پەسكەش بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس، مەسابىيھنىڭ تۈنجى يالغان ھەدىسى، بۇ كىتاب ھازىر مىشكاتۇلمەسابىھ دەپ ئاتىلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭ، زەئىپ ئەمەس، يالغان داۋاتىمىز، زەئىپ ھەدىسلەر كۆچلۈنۈپ ھەسەن بولىدۇ، لىكىن يالغان ھەدىس ھەرگىز راست بولۇپ قالمايدۇ، ئىسلام دىنى رەڭ، بەزەن قىلىق بىلەن مۇناپىق دەپ ھۆكۈم قىلمايدۇ، بۇ دىگەن قەلبىدىكى ئەقىدە،

ئېتىقاد مەسىلىسى سەل قارىماڭ.

## پىرقە ـ پىرقىگە بۆلۈنۈش توغرىسىدا

24. 73 پەرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىش ھەدىسى، ھەسەن، سەھىھ، بۇ ھەم ئەمەلىيەت، ھەرقايسى مىللەت ۋە مەزھەپلەر دېگەن كىتابىدا بۇلارنى تەپسىلى يازغان، ئەمما، بۇ ھەدىسنى ئالىملار باشقا بىر مەزھەپ پارتىيىسىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەقىدە مەسىلىسىدە بىرەر مەزھەپ، بىرەر گۇرۇھ، بىرەر مىللەتنى قىستۇرسا، يالغان بولىدۇ. مەسىلەن: ھەدىس ئاخىرىغا ھالاك بولىدىغىنى خاۋارىج ياكى شىئە ياكى قەدىرىييە ياكى جەبرىييە ياكى دىنسىزلار دېگەندەك، گەرچە دىنسىزلار خاۋارىج ھالاك بولسىمۇ، ئۇلارنى ھەدىسكە تەپسىر شەرھى قىلىشقا بولسىمۇ، ھەدىس دىسە يالغان بولىدۇ. ئاشۇ بىر جۈملە سۆز بىلەن ھەدىس يالغان بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەپسىر شەرھى بىلەن ھەدىسنى ئوبدان ئايرىش لازىم. بۇ ھەدىسكە ئۇلاپ، نۇرغۇن ئەقىدە مەزھەپلەرنى كەلتۈرگەن ھەدىسلەر، يالغان، مەيلى ئۇلار مۇرجىئە ياكى زەيدىييە ياكى راۋاپىز بولسۇن، بۇنىڭ ئەكسىدىكى مۇنۇ ھەدىسمۇ يالغاندۇر. مېنىڭ ئۈممىتىم 71 پىرقە بولىدۇ، ھەممىسى جەننەتتە بولىدۇ، دىنسىزلاردىن ئىبارەت بىر پىرقىسى دوۋزاختا بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان، بولۇپمۇ تەقدىرنى ئىنكار قىلغانلاردېگەن سۆزنى قوشۇپ قويغىنى، مانا بۇ سەھىھ ھەدىسلەرنى مەلۇم بىرەر جۈملە، سۆز قوشۇپ قويۇش ياكى خاتا شەرھىيلەش بىلەن يالغان قىلىۋېتىشتۇر،

توغرىسى، راستى، سەھىھ بولغانلىرى ھامىنى شۇنداق بولىدۇ. گەرچە بۇلارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ يالغىنى ھامىنى يالغان.

## مەسابىيھنىڭ ئىككىنچى يالغان ھەدىسى

25. بۇ ئۈممەتنىڭ مەجۇسى، قەدرىيەلەر يەنى تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچىلار، ئۇلار ئۆلسە، جىنازىسىغا ھازىر بولماڭلار، كېسەل بولسا، يوقلىماڭلار، دېگىنى، يەنە بىرسى ئىككى سىنىپ كىشلەر بولۇپ، ئىسلامدا ئۇلارغا نېسىۋە يوق، بىرى قەدرىيەلەر يەنە بىرى مۇرجىئەلەر دىگەن. بۇلار ئىمان بولسىلا گۇناھى كەبىرمۇ تەسىر قىلمايدۇ دەيدىغانلار، گەرچە مەنىسى توغرىدەك قىلسىمۇ، بۇ يالغان ھەدىس، ئاشۇ پىرقىلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن توقۇپ چىقلغان. دىققەت قىلىڭ، ئويلانماي تۇرۇپ، تەكشۈرمەي تۇرۇپ ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتىدىن خەۋىرىڭىز يوق تۇرۇپ، مەشھۇر ئالىملىرىمىزنى سىز سەھىھ دەپ قاراپ كەلگەن ھەدىسنى يالغان دىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەيىبلەپ كەتمەڭ، ئۇلارمۇ ھەدىسنى يالغان دىيىشتىن قاتتىق قورقىدۇ، تولۇق دەلىل _ ئىسپات بولمىسا يالغان، راست، سەھىھ، زەئىيىپ دىمەيدۇ. سىزمۇ كۆرۈڭ، تەكشۈرۈڭ، بۇ مەجبۇرىيىتىڭىزدۇر.

يۇقىرقى مەجۇسى، قەدرىيە شۇلار دىگەن توغرىسىدا ئىمام سوغانى ھەدىس ئىككى سىنىپ بولۇپ، بىرسى يالغان، يەنە بىرسى شاھىد، گۇۋاھچىغا ئېرىشىدۇ دىگەن. يالغىنى يالغان. راستى بەرىبىر يالغانغا ئوخشاپ قالسىمۇ راست، سەھىھ بولىۋېرىدۇ، بۇ دىگەن ھەدىس تەتقىقاتى،

ئىسناد، مەتنە مەنبەلىرى تەكشۈرۈلىدۇ. راۋىيلىرى كاززاپ بولسا، يالغان بولۇۋېرىدۇ.

بۇخارى، مۇسلىمدەك كىتابلار سەھىھ بولىدۇ.

26. كىمكى، بىدئەت ئىگىسىگە ۋارقىراپ، قوپاللىق قىلسا، ئاللاھ، ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە ئىمان ۋە ئەمىنلىك تولدۇرىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، قۇرئاندا چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرە قىلىش بار. ھەدىستىمۇ شۇنداق قىلغان. بۇ ھەدىس يەنىلا زەيىل دېگەن كىتابدا بار. بىر راۋىيسى كاززاپ، بىزمۇ مەسىلىنى چىرايلىق ھەل قىلمىساق ئىش تېخىمۇ يوغىنايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ، كاپىر، دىنسىز ھاكىمىيەتكە تايانغان بىدئەتچى بولسا ،بىزئاجىزبولساق شۇنداق.

27. بىدئەتچىدىن بىرسى ئۆلسە، ئىسلام دىنى ئۈچۈن چوڭ بىر ئىشىك ئېچىلغان بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسمۇ گەرچە كىشىنى خۇشال قىلىسمۇ يالغان. چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ ئۈچ راۋىيسىدا مەسىلە بار، شۇنداقلا ئۇلار ئۆلمىسىمۇ ئىسلامنىڭ يولى، ئىشكى ئوچۇق، بۇنداق دېسەك، قارشى تەرەپ ئۇنداقتا، زۇڭتۇڭ، كاپىردىن بىرسى ئۆلسە، ئىسلام پۈتۈنلەي غەلىبە قىلامدۇ؟ دېسە، ياخشى بولمايدۇ. شۇنداقلا، بىدئەتچىنى يوقىتىدىغان بىدئەتنى تازىلايدىغان بىر ئۆلىمائ ئۆلسە، ئىشكى يېپىلىپ قالامدۇ؟ ياق ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ دىنى، بۇنىڭغا ئاللاھ ئىگە، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بىدئەت ئەمەلىيەتتە زالالەت، ئۇ دوۋزاختا، بۇ سەھىھ ھەدىستا بار.

28. ھەرقانداق بىدئەت، زالالەت لېكىن ئىبادەتتىكى بىدئەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا دېگەن بۇ ھەدىس قەبىھ يالغان. بۇ ھەدىسنى ھەيسەم دېگەن كاززاپ توقىغان، نەققاش ئىسمىلىك مۇتىھەم كىشىمۇ بار. بىدئەت دېگەن ئەقىدىدە، ئىبادەتتە بولماي نەدە بولىدۇ؟، ئەقىدە، ئىبادەتتىن باشقىسى تەرەققىيات، ۋاستە ۋەسىيلە بولىدۇ. بىدئەت، دەل ئەقىدە، ئىبادەتتە بولىدۇ.

29. ئىبنى ئەدى تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيملەر خاتىرلىگەن. كىمكى پاسىقنى ياكى بىدئەت ئىگىسىنى ھۆرمەتلىسە، ئۇلۇغلىسا، ئۇ ئىسلام دىنىنى يوقىتىشقا ياردەملەشكەن بولىدۇ، دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇلپەرەج ئىبنى جەۋزى زەئىپ ياكى يالغان دېگەن. چۈنكى، بەزىدە پاسىقلارنى بىدئەتچىلەرنى ھۆرمەتلەپ قويۇپ، ئىشنى ھەل قىلىمىز. ئاللاھ، ئىسلام دىنىغا پاسىقلار بىلەنمۇ ياردەم بېرىدۇ، دېگەن ھەدىس سەھىھ. شۇنداقلا ئۆلاردىن قورققاندا، ھەزەر قىلغاندا، تىل بىلەن دوستلۇق ئىزھار قىلىنىدۇ، (ئايەت) ئەمما، ھەدىس يالغان بولسىمۇ، ۋارىيلاردا مەسىلە بولسىمۇ، باشقا سەھىھ ھەدىسلەر، ئايەتلەر، بىدئەتچى پاسىقلارنى سۆكىدۇ.

30. ئاخىر زاماندا يىپزىلىقلارنىڭ قىبرى ئايالىلارنىڭ قەررىنى تۆگىتىپ قويىۇغلار دېگەن بۇ ھەدىسنى مەقاسىد دېگەن كىتابدا ئەسلى يوق دېگەن. ئىمام سوغانى يالغان دېگەن. بەزىلەر زەئىپ دېگەن بولسىمۇ، يالغان دېگەن ھۆكۈم توغرا، چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئىچىدە 200 يالغان

ھەدىسى بار ئىكەن.

31. مۇناپىق ئىككى كۆزىگە ئىگە بولالايدىغان بولۇپ، ئۇ خالىغان جايىدا، خالىغان چاغدا يىغلىيالايدۇ. بۇ ھەدىس زەئىپ بولۇپ، تەۋراتتا بار ئىكەن.

32. كىمكى ئىسلام دىنىمىزدا ئۆز كۆزقارىشى، رەئيي بويىچە سۆز قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىسھاقولمۇلتى يالغاندىن توقۇغان. چۈنكى، راۋيىدىن باشقا بىر مەسلە، مەقبۇل بولغان، ئىجتىھاد، ۋە تەپسىر قوبۇل قىلىنىدۇ.

## ئىلىم، ئالىم، ئالىمنىڭ ئابىد تۈرۈلك كىشى ئۈستىدىكى پەزىلىتى، ئۇستازنىڭ پەزىلىتى، ئىلمى باتىن توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

33. «ئىلىم گەرچە جۇڭگو دۆلىتىدەك يىراقتا بولسىمۇ، تەلەپ قىل» دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا يالغان دىگەن. بۇ ھەدىس ئىبنى ئەدى بىلەن بەيھەقىيدا بار بولۇپ، لەبزى مەشھۇر، ئىسنادى زەئىپ دىگەنلەرمۇ بار. ئىبنى ھەببان بۇ ھەدىس باتىل دىگەن، ئەسلى يوق ھەدىس، راۋىيسى ئارىسىدا ھەدىيسى ئىنكار قىلىنىدىغان كىشى بار، مۇنكەر ھىسابلىنىدۇ.

مەن يالغان دىگەنگە قوشۇلىمەن، چۈنكى، قۇرئان، ھەدىسنىڭ بۇ

توغرىسىدا يالغان سۆزگە ھاجىتى يوق.

34. لالەئى دىگەن كىتابىدا مەن ئىلىم بەرگەن ئالىملارنى ھاقارەتلىمەڭلار. چۈنكى، مەن ئىلىم بەرگەندە ئۇلارنى ھاقارەتلىمىگەن دىگەن بۇ ھەدىس، باتىل ھەدىس قۇددۇستۇر. بۇنى موللىلار توقىغان ئىكەن، ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتچى ئالىملار دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ھاقارەتلەندى، ھەتتا پەيغەمبەر، ساھابىلەر ئۆلتۈرۈلدى، بۇ دىگەن سىناق دۇنيا، سەھىھ ھەدىستە ئىمانى كۈچلۈك بولسا، سىناق قاتتىق.

35. كىمكى قېرىندىشىغا يەنى بىرەر بۇرادىرىگە ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت ئۆگىتىپ قويسا، ئۇ ئوقوغۇچىنى قۇل قىلالايدۇ، ئۇمۇ قۇلى بولۇپ كېتىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا يالغان دىگەن. ئالىملارمۇ قوشۇلغان.

چۈنكى، ئىسلام دىنىدا ئىلىمنى ئاللاھ يولىدا ئۆگىتىدۇ. بۇ دۇنيادا پايدا _ مەنپەئەت، نەپ ئالمايدۇ، ئايەت، ھەدىسلەردە ھەق ئېلىش چەكلىنىدۇ. ئىلىمنىڭ زايا كېتىشىدىن قورقسا، ئائىلىسى مۇھتاج بولۇپ قالسا، دىيىشىپ ھەق ئېلىپ ئوقۇتسا بولىدۇ دىگەن بار. بۇمۇ مۇشۇ ھەدىسنىڭ يالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

36. خۇلاسە دىگەن كىتابىدا، ئىمام سوغانى:

پەيغەمبەر دىگەن قۇماندان، فىقھشۇناسلار خوجايىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇش زىيادىلىق دىگەن بۇ ھەدىسنى يالغان دىگەن. شۇنداقلا،

ئىلىم دىگەن ئىككى، بىرى ئىلمۇلئەديان، يەنى دىنلار ئىلمى، يەنە بىرى ئىلمۇلئەبدان، تەن، جىسىم ئىلمى دىگەن. بۇ ھەدىسنىمۇ يالغان دىگەن. چۈنكى، بارلىق دىنىنىڭ ئىلمى ئەمەس، ئىسلام دىنىنى چىلىك تۇتۇش لازىم.

شۇنداقلا، پەيغەمبەرنى پادىشاھمۇ دىمەيدىغان تۇرسا، قوماندان، گېنىرال دىيىسە بولمايدۇ. ھەدىس بەربىر يالغاندۇر، كاززاپ بار.

37. زەيىل دىگەن كىتابدا مۇرسەل ھالدا ھۇزەيپىدىن ھەسەن خاتىرلەپ مۇنداق دىگەن. ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىلمى باتىن دىگەن نىمە؟ دەپ سوراپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن جىبرىئىلدىن سورىدىم، ئۇنىڭغا ئاللاھ دەپتۇكى، بۇ ئىلىم دىگەن بىر سىر بولۇپ، مەن تالىلىغان دوستلۇرۇم، ئەۋلىيالىرىمغا بېرىمەن، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بولىدۇ. بۇ سىر ئىلمىنى يېقىن پەرىشتىمۇ، پەيغەمبەرمۇ بىلمەيدۇ دىگەن، بۇ ھەدىسنى بۇخارى كىتابقا شەرھى يازغان ئالىم ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى يالغان دىگەن. چۈنكى، ھەسەن، ھۇزەيفىنى كۆرۈپمۇ باقمىغان دىگەن. بۇ ھەدىسنى سوپىلار بەك تولا سۆزلەيدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ يالغانىنى قوبۇل قىلىش ئادىتىگە ئۇيغۇن.

38. كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىقسا، پەرىشتىلەر قانىتى بىلەن قورشايدۇ، ئۇ كىشى ئۇچۇن ئاسمانلاردا، قۇشلار دېڭىزدا بولسا، بېلىقلار مەغپىرەت سورايدۇ. رەھمەت يوللايدۇ دىگەن ھەدىسنىڭ بىر راۋىيسى كاززاپ بولۇپ، مەلۇم مەخسەتلىك غەرەزدە دىگەن. بولۇپمۇ ھەدىسنىڭ

ئاخىرىدا مۇنداق يالغان سۆز بار، ئۇ كىشى ئاسماندىن 70 شەھىدنىڭ مەنزىلىگە ئېرىشىدۇ دېگەن بۇ ئوچۇقلا يالغان، ئىلىم دېگەن شەيتاندىمۇ بار، ئەگەر ئىلىم، نىيەت توغرا ساپ بولمىسا، قەلبىدە ئەقىدە، ئېتىقاد توغرا بولمىسا، ئەمەل قىلىنمىسا، قىلچىلىك مەنپەئەت قىلماي، بەلكى، زور دۈشمەن، بالايىئاپەت بولىدۇ. ھەدىستە كاززاپ راۋىي بار.

39. كىمكى، ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئىلىمدىن بىر باب ئۆگەنسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە 70 پەيغەمبەرنىڭ ئەجرىنى بېرىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىسمۇ يالغاندۇر. بۇ ھەدىسنى جارۇد ئىبنى يەزىيد دېگەن كاززاپ دېگەن. ئالىملار بۇ دېگەن ھەدىسدىن ھېچ نىمە ئەمەس، مەترۇك دېگەن ۋە باشقىلار.

40. جەننەت ئەھلىمۇ جەننەتتە يەنىلا ئۆلىمالارغا مۇھتاج بولىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، جەننەتتە مۇھتاجلىق يوق، مۇھتاجلىق پەقەت ئاللاھقىلا بولۇپ، ئۇلارغا خالىغىنى بار، بولۇپمۇ ئۇ جايدا ئىبادەت، سانائەت، تىبابەت دېگەنلەر يوق. بۇ ئايەت سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت، مۇخالىپتۇر. بۇنى ئىبنى جەۋزى،ۋە مىزان دېگەن كىتابدا ، ئىبنى كەسىرنىڭ ساۋاقدىشى، ئىبنى تەيمىييەنىڭ تالىپى، زەھەبى رەھمەھۇللا شۇنداق دېگەنكى بۇ ھەدىس ئوچۇقلا يالغاندۇر. بۇ پەقەت بىر قىسىم نادان، تۈرلۈك موللىلىلارنى خۇشال قىلىدۇ خالاس.

41. بىر سائەت ئىلىم ئېلىش، بىر سائەت تەپەككۇر، بىر كېچە



www.uyghurkitap.com

قىيامداتۇرغاندىن ياخشى، بىر كۈن ئىلىم ئېلىش، ئۈچ ئايلىق رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشىدىن ياخشى دېگەنلەر پۈتۈنلەي يالغان ھەدىس، بۇ ھەدىسنىڭ بىر راۋىيسى نۇھشەل، كاززاپ ئىكەن.

42. تالىپ، ئوقۇغۇچى، ئۇستاز، مۇئەللىم ئالدىدا ئولتۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت ئىشكىدىن 70 ئىشكنى ئاچىدۇ، ئۇ ئورنىدىن تۇرماي تۇرۇپلا ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە گۇناھىدىن پاك قوپىدۇ، ئۆگەنگەن ھەربىر ھەرپىنىڭ باراۋىرىگە 60 ئايلىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، ھەربىر ھەدىسنىڭ باراۋىرىگە بىر يىللىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ دېگەن. بۇ ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر.

ئىلىمغا مۇنداق يالغان سۆزلەر بىلەن قىزىقتۇرمىساقمۇ، شۇنچە كاتتا سەھىھ ھەدىسلەر كۇپايە بولىدۇ، شۇنچە كاتتا، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزمۇ سۈرە تاھادا ئىلىممنى زىيادە قىلسىلا دېيىشكەبۇيرۇلغان تۇرسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام، خىزىردىن يەنىلا ئىلىم ئالغان تۇرسا، ئەنە شۇنداق سىزمۇ جەننەتكە كىرىشكە، دوۋزاخدىن قۇتۇلۇشقا ئىلىمىڭىز يەتسىمۇ يەنىلا ئۆگىنىڭ.

43. ئىلىم مەجلىسىدە ئولتۇرساڭلار، يېقىن ئولتۇرۇڭلار، بىر — بىرىڭلارنىڭ ئارقىدا ئولتۇرماڭلار، جاھىلىيەت ئەھلىدەك، پىرقە — پىرقە بولۇپ، ئايرىم ھالدا ئولتۇرماڭلار دېگەن بۇ ھەدىس يالغان. مۇئەللا ئىبنى ھىلال دېگەن كاززاپ كىشىنىڭ يالغان ھەدىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق يالغان سۆزنى ھەرگىز قىلمايدۇ، چۈنكى، بۇ ھازىرقى خەلقئارالىق ئىلىم ئېلىشقا، بولۇپمۇ ئىنتېرنېت تورىدىن، تېلېفوندىن، ئالى مائارىپدىن ئىلىم ئېلىشقا زىتلا سۆز بولىدۇ، ھېچ ئاساسى يوق.

44. مۇئەللىم، كىچىك بالىلارغا ئادىللىق قىلمىسا، قىيامەت كۈنى زالىملار بىلەن بىرگە قوپۇرۇلىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇلمەھزەم دىگەن كاززاپ كىشى توقۇغان، ئادىللىققا بۇيرۇساقمۇ بۇنداق يالغان ھەدىسنى توقۇش ھارام بولىدۇ.

45. ئى ئاللاھ، قۇرئان يوقاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، مۇئەللىملەرگە مەغپىرەت قىل، دىن يوقىماسلىق ئۈچۈن ئۆلىمالارغا مەغپىرەت قىلىپ، ئۇلارنى ئەزىز قىل دىگەن ھەدىسمۇ يالغان، قۇرئاننى ئاللاھلا قوغدايدۇ، ئاللاھ ئىشەنچىلىك

46. ئى ئاللاھ مۇئەللىملەرگە مەغپىرەت قىلسىلا دەپ ئۈچ قېتىم دىگەن، ئاندىن ئۇلارغا كەسىپ، تىجارەتلىرىدە بەرىكەت بەرسىلە دىگەن بۇ دۇئا، ھەدىسى يالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى ئالىملارنى ئەمەل قىلىشقا دىننى تارقىتىشقا، خىزمەت قىلىشقا چاقىرىدۇ، ھەرگىز كەسىپ، تىجارەتكە ئالىملارنى چاقىرمايدۇ.

47. سىلەرنىڭ ئەڭ يامىنىڭلار كىچىك بالىلىرىڭلارنىڭ، مۇئەللىملىرى دىگەن يالغان ھەدىستۇر.

www.uyghurkitap.com

48. ئاللاھنىڭ تۆتىنچى قەۋەت ئاسماندا سانسىز پەرىشتىللىرى بولۇپ، سانىنى ئاللاھدىن باشقىسى زادى بىلمەيدۇ، ئۇلار كىچىك باللار بىلەن، مۇئەللىملەرگە مەغپىرەت سورايدۇ دىگەن يالغان ھەدىستۇر. باللار بالاغەتكە يەتكىچە گۇناھسىز تۇرسا، بۇ ھەدىس باتىل.

49. ئاللاھ، ئىلىم بىلەن ئەدەب بەرمىگەن كىشىنى، رەزىل خارلىغان بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى زەھەبي مىيزان دىگەن كىتابدا باتىل دىگەن.

ئاللاھ ئۆگەتكەن كىشىگە بېرىدۇ، سورىسا ئىجاۋەت قىلىدۇ.

50. كىم، ئۆلمالارنى زىيارەت قىلسا، خۇددى مېنى زىيارەت قىلغان بو لىدۇ، كىمكى ئۆلمالار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۋالسا، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولىدۇ. كىم ئالىملار بىلەن بىللە ئولتۇرسا، مەن بىلەن ئولتۇرغان بولىدۇ.

كىم مەن بىلەن بۇ دۇنيادا ئولتۇرغان بولسا، مەن ئۇ كىشى بىلەن قىيامەت كۈنى بىللە ئولتۇرىمەن دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئارىسىدا ھەيسە ئىسىملىك كاززاپ بار ئىكەن، بولۇپمۇ ئالىملار، ئۆلمالارنى مۇبالىغە قىلىپ كۆتۈرگەن. ئاللاھ، بەرمىسە، ھېچكىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قىيامەتتە بىللە بولالمايدۇ.

بۇ ھەدىستىن پۈتۈن مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولىدىغان ھۆكۈم چىقىپ قالىدۇ، چۈنكى، ئالىم، ئۆلمالار بىلەن زىيارەتتە، سۆھبەتتە بىللە ئولتۇرۇشتا بولمايدىغان بىرمۇ

مۇسۇلمان يوق، بۇ ئوچۇقلا يالغان ھەدىس بولۇپ، تورۇلۇك، نادان، جاھىل بىدئەتچىلەر سۆزىنى، ئۆزىنى ئىناۋەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سۆزلىگەنلىكى ئوچۇقلا تۇرىدۇ.

51. مۇسۇلمانلارغا پەرىز بىلەن سۈننەتنى بىلمەسلىك، نادان قېلىش، ھالال ئەمەس. ئۇنىدىن باشقىسنى بىلمەسلىك نادانلىق، ھالال دىگەن بۇ ھەدىس يالغان. مانا مۇشۇنداق يالغان ھەدىسلەر سەۋەبىدىن سوپىلاردەك بىدئەتچى چىقىپ، خۇراپىيلار كۆپىيىپ، مۇسۇلمانلار، ئىسلام دۆلەتلىرى تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان.

52. بىرسى مالىكدىن مۇنداق بىر يالغان ھەدىسنى توقۇپتۇ. مالىكدىن: مەن خەلىپە مەئمۇننىڭ ھوزۇرىغا كىردىم، ئورۇن توشۇپ كېتىپتۇ، پەقەت خەلىپە بىلەن ۋەزىر ئارىسىدا بىر ئورۇن بوش ئىكەن، مەن ئۇلارغا مۇنداق بىر ھەدىسنى ئوقۇپ شۇ ئورۇندا ئولتۇردۇم، ئورۇن، مەجلىس توشۇپ كېتىپ، ئىككى كىشى ئارىسى بوش، بىكار بولسا، دەل شۇ ئورۇن ئالىمنىڭ ئورنى بولىدۇ، بۇ ھەدىس يالغان، چۈنكى، مالىك، خەلىپە مەئمۇننىڭ زامانىغىچە ياشىمىغان، بۇنى سۆزلىگۈچى تارىخنى بىلمەيدىغان كازراپتۇر.

53. كىشىنىڭ بىر كەلىمە سۆز ئاڭلىشى بىر يىللىق ئىبادەتتىن ياخشى، ئىلمى مۇزاكىرىدە بىر سائەت ئولتۇرۇش، بىر قۇل ئازات قىلىشدىن ياخشى دىگەن. بۇ ھەدىس ئوروس دىگەن كىتابنىڭ يالغان

ھەدىسلىرىدىن بولۇپ، ئىسلام دىنى ئىلمىنى قىزىقتۇرۇشتا بۇنداق يالغان سۆزگە مۇھتاج ئەمەس. ئىلىم ئېلىش گۇناھقا كاپارەت دىگەن. سەھىھ ھەدىس بار، چۈنكى، جاپا _ مۇشەققەت، رىيازەت بار، سىناق بار.

54. ئى ئەلى، تۆمۈردىن ئىككى كەش كىيىپ، شۇ تۆمۈر كەش تىشىلىپ، ئۈپىراپ تۈگىگىچە ئىلىم تەلەپ قىل دىگەن ھەدىسمۇ يالغان، بۇنى ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللا يالغان دىگەن.

55. ئالىمنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرۇش مىڭ رەكئەت نامازدىن، 1000 كېسەل يوقلاشدىن، 1000 جىنازىغا ھازىر بولۇشدىن ياخشى دىگەن بۇ يالغان ھەدىسنى ئەبۇلپەرەج ئىبنى جەۋزى، مەۋزۇئات دىگەن كىتابىدا يالغان دىگەن، بولۇپمۇ قۇرئان، ئىلىمسىز پايدا بەرمەيدۇ، دىگەن سۆز يالغاندۇر.

56. كىم، ئاللاھدىن قورقسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ھەممە نەرسىنى قورقىتىدۇ، كىم ئاللاھدىن قورقمىسا، ئاللاھ ئۇنى ھەممە نەرسىدىن قورقىتىدۇ، دىگەن بۇ مۇنكەر ھەدىستۇر. بەلكى بۇ بىرەر ئالىمنىڭ سۆزىدۇر.

57. كىم، ئىلىم ئۆگەنمەيلا ئالىم بولۇشنى، ھىدايەت قىلىنمايلا يېتەكچىسىز ھىدايەت، توغرا يول تېپىشنى مەخسەت قىلسا، زاھىد بولسۇن دىگەن بۇ سۆزنى سوپىلار توقىغان بولۇپ، ھىچ جايدا يوق سۆزدۇر. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مەڭگۈ نادان، تۇرۇلۇك قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شافئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 40 كۈن سوپى بولغان كىشىنىڭ مەڭگۈ ئەقلى قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كەلمەيدۇ دېگەن.

58. شەيخ ئۇستاز، قەۋمى ئىچىدە ئۇممەت ئىچىدىكى پەيغەمبەرگە ئوخشاشتۇر دېگەن بۇ ھەدىس باتىل، يالغاندۇر.

59. ئۇممىتىمنىڭ ئۆلىمالىرى بەنى ئىسرائىلنىڭ، نەبى، پەيغەمبىرىدەك دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق. مۇئتەبەر، قاتارىغا ئالغۇدەك ھەدىس كىتابلاردا بۇ يوق، ئىمام مۇھەممەد تاھىرنىڭ سۆزى.

60. تەقۋا ئالىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز 4440 رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن ئارتۇق بولىدۇ دېگەن ھەدىس باتىل بولۇپ، شۇنداق كىشىنى ئىمام قىلسۇن، ئىزدىسۇن دېگەن مەخسەتتە توقۇلغان. دەيلىمىنىڭ تەقۋا ئالىمنىڭ ئارقىسىدا ناماز مەقبۇل دېگەن ھەدىسى بار. بۇنى بىز تەكشۈرمىدۇق، سۆز قىلىنمىغان. ئالىملار، ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى دېگەن ھەدىسنى ھەدىس ئالىملىرى بۇنى بىز تونۇمايمىز دېگەن. چۈنكى، قۇرئاندا، ئەۋلىيائ دېگەن تەقۋادارلاردۇر دېگەن بار.

61. تۆت نەرسە تۆت نەرسىگە تويمايدۇ، زېمىن يامغۇرغا، ئايال ئەرگە، كۆز قاراشقا، ئالىم ئىلىمغا تويمايدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنىڭ يوللىرىدا كاززاپ بار. ئىبنى جەۋزى بۇ ھەدىسنى يالغان ھەدىسلەر قاتارىغا تىزغان. ئەمەلىيەتتە راست ھەدىستە ئالىم ئىلىمغا، دۇنياپەرەس دۇنياغا تويمايدۇ دېگەن بار.

62. ئالىمنىڭ يۈزىگە قاراپ ئولتۇرۇش، ئاللاھتائالاغا 60 يىل

كېچىسى قىيامداتۇرۇپ، كۈندۈزى رامىزان بىلەن ئىبادەت قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر دېگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، پەيغەمبەر، ساھابىلارغىمۇ بۇنداق دېمىگەن تۇرسا.

63. كىشىلەردىن ئۈچ كىشىگە رەھىم قىلىڭلار. بىرى، خار قەۋىمنى ئەزىز قىلغان كىشى، ئىككىنچىسى، مۇھتاجغا مال بەرگەن كىشى، ئۈچىنچىسى، نادانلار ئارىسىدىكى ئالىم، بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى، ئىبنى جەۋزى يالغان دېگەن، چۈنكى، بۇ ئۈچ كىشى ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ رەھىم قىلىشىغا مۇھتاج ئەمەس، ئاللاھ، ئەزىز، باي، ئالىم قىلسا ئۇنى خار قىلغۇچى يوق.

64. ئىنسانلارنىڭ زاھىدراقى ئالىمنىڭ خوشنىسى دېگەن ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا (يەنى ھەدىس سۆزلىگۈچى، مۇھەددىس) مۇنزىر ئىبنى زەييا دېگەن كاززاپ بار ئىكەن.

65. ئىككى يۈزلىمىلىك، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، ساڭا بولمىسا ماڭا بولسا دەيدىغان ھەسەد ،الله يولىدا، ياكى ئىلىم ئېلىش يولىدا بولسا، ياخشى بولىۋېرىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئابدۇلغەفۇر دېگەن كىشى يالغاندىن توقۇپ چىققان ئىكەن، ئىسلام دىنىدا ھەسەد قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، پەقەت ئىلىم ئېلىشدا، مالنى ھەق يولغا ئىشلىتىشتە، ساڭىمۇ بولسا، ماڭىمۇ بولسىكەن دەپ ئارزۇ، ئۈمۈد قىلىپ ھەسەد قىلسا دۇرۇس.

66. كىمكى بىرەر ئالىمنى سەۋەبسىز، ھەقسىز خارلىسا، ئاللاھ ئۇنى

www.uyghurkitap.com

قىيامەت كۈنى بارلىق خەلق ئالدىدا خارلايدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى توغرىدەك قىلىسمۇ، ھەدىسنىڭ ئۆزى يالغاندۇر. چۈنكى، بۇ ھەدىس سەمئانۇلمەھدى دېگەن ئادەمنىڭ يالغان ھەدىسلىرىدىندۇر. جان باقار، كەسپخور موللاملارغا بۇ بەك ياقىدۇ.

## ئالىملارنىڭ يېزىقچىلىقى، كىتابلىرى، سىياسى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

67. ئالىملارنىڭ قەلىمىدىكى سىياھ، شېھىدنىڭ قېنىدىن ئەۋزەل، قىيامەت كۈنى ئالىمنىڭ سىياسى شېھىدنىڭ قېنىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېگەن ھەدىس قاتتىق زەئىپ، بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىدا راۋىيلار ئارىسىدا مۇھەممەد ئىبنى جەئپەر دېگەن كاززاپ كىشى بار ئىكەن. بۇ ھەدىس مەقاسىد دېگەن كىتابدا دوررەتوننناسىھىيندا بار.

68. زەيل دېگەن كىتابتىكى ئالىمنىڭ دۆۋەت ئىچىدىكى سىياسى 100 شېھىدنىڭ، ئاللاھ يولىدا قىلغان ئۇرۇشتا تەرلىگەن تەرلىرىدىنمۇ، ئاللاھقا سۆيۈملۈك، دوستراقتۇر دېگەن بۇ ھەدىس قەتئىي يالغاندۇر، ھېچ كىتابدا يوق.

79. كىمكى ئىلىمدىن بىر ۋاراق قالدۇرسا، بۇ ۋاراق قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئوتىدىن پەردە بولىدۇ. شۇ ۋاراقتا بار بولغان ھەربىر ھەرپىنىڭ باراۋىرىدە، مۇشۇ دۇنيادەك يەتتە ھەسسە كەلگىدەك شەھەرلەرنى جەننەتتە،

شۇ كىشى ئۈچۈن بەرپا قىلىنىدۇ. كىمكى 40 ھەدىس يېزىپ قالدۇرسا، ئۇ كىشىگە نۇرغۇن شېھىدلارنىڭ ئەجرى، ساۋابى بولىدۇ دېگەن بۇ خەۋەر باتىلدۇر. باشقىلار بۇ خەۋەرنى ئەبۇ ھۇرەيرەگە، ئىبنى سىرىينگە بوھتان قىلغاندۇر.

70. ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرەر ئىسىم پۈتۈلگەن، بىرەر كىتاب زېمىنغا تاشلىنىپ زايا كەتسە، ئاللاھ شۇئان 70000 پەرىشتە ئەۋەتىدۇ ـدە، ئۇلار ئۇ كىتابنى قوغدايدۇ، ھەتتا، ئاللاھ، ئەۋلىيالىرىدىن، دوستلىرىدىن، بىر ئەۋلىيانى ئەۋەتىدۇ، بۇ كىشى ئۇ كىتابنى كۆتۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنىڭ راۋىي خاتىرلىگۈچىلەر ئارىسىدا ئەھمەد ئىبنى نەسىر دېگەن دەججال باردۇر. شۇنداقلا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر نۇسخىدىن باشقا ھەممە قۇرئان نۇسخىسىنى كۆيدۈرگەن، مەتبەخانىدىكى قۇرئان ۋاراق پارچىلىرىنى ھازىرمۇ ئىسلام دۆلەتلىرى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ياكى سۇغا چىلاپ قويسا يوقاپ كېتىدۇ.

71. لالەئى دېگەن كىتابىدا، بىرەرسىڭلار كىتاب يازسا، بەلەغە يەنى يەتتى دېگەن سۆزنى يازمىسۇن، چۈنكى، بۇ شەيتاننىڭ ئىسمى، لېكىن ئۇ لىللاھ دەپ يازسۇن، يەنى ئاللاھ ئۈچۈن دەپ يازسۇن، دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى يۇقىرقى كىتابىدا يالغان دېگەن. چۈنكى، بەلەغە دېگەن سۆز قۇرئان، ھەدىستە، ساھابە، تابىئىنلار سۆزىدە، كىتابلىرىدا كەڭرىدۇر.

## ئەمەل قىلمىغان ئالىمنى، ھەسەتخورنى ياكى ئىلىمنى يوشۇرۇشنى، ۋائىزنى، مۇھەددىس ئايالنى، نادان، ئابىدنى ئەيىبلەش، خارلاش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

72. قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا قالىدىغان كىشى ئىلىمدا پايدا ـ مەنپەئەت بەرمىگەن ئالىمدۇر دېگەن بۇ ھەدىسنى تەبرانى بەيھەقى خاتىرلىگەن بولۇپ، زەئىپ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ.

73. سىلەر ھازىر ئەمەل، ئىلھام قىلىنىدىغان زاماندا كېيىنكىلەرگە بولسا، جېدەل، مۇنازىرە، ئىلھام قىلىنىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس ھېچقانداق كىتابدا يوق، كىشىلەر يوتىسىغا ئۆرۈپلا دەپ يۆرگەن گەپتۇر.

ئاگاھ بولۇڭكى، مۇشۇنداق سۆزنى، يالغان ھەدىسنى، ھەدىس دەپ ئاتاش باشقىلار شۇنداق ئاتىغاچقا، يالغان بولغاچقا، يالغان ھەدىسمۇ بولغاچقا، بىزمۇ، يالغان ھەدىس، بۇ ھەدىس يالغان، بۇ خەۋەر باتىل دېگەندەك ئاتالغۇنى ئىستېمال قىلدۇق، توغرا چۈشىنىڭ، ھەدىس دەپ ئاتىغانغا، يالغان، راست بولۇپ قالمايدۇ.

74. مەنتىق. لوگىكا ئىلمى بىرىلگەن كىشى ئەمەلدىن چەكلىنىپ قالىدۇ دېگەن بۇ سۆز يالغان ھەدىس بولۇپ، ھېچبىر كىتابدا يوق، بۇ مەنتىق، ئىلمى كالامغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دېيىلگەن سۆزدۇر، ئەمما، ئىبنى تەيمىييەدەك مەشھۇر ئالىملار مەنتىقنى، ئىلمى كالامنى ھارام دەپ چەكلەيدۇ.

ئۇنىڭ «مەنتىققە رەددىيە» دىگەن كىتابى بار.

75. سۆزنى ئاڭلاشتىن سۆز قىلىشىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئالىم، ئازغۇندۇر. پىتنە شۇنىڭدىن كېلىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار دىگەن.

76. ئۈممىتىمنى ھالاك قىلغۇچىلار پاسىق، پاجىر ئالىمدۇر، نادان، جاھىل ئابىدتۇر، يامانلارنىڭ يارانىراقى ئالىملار، ياخشىنىڭمۇ ياخشىراقى يەنىلا ئالىمدۇر دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئاساسى يوق، ئاخىرقى سۆزلەر دارمىيدا مۇرسەل ھالدا تېپىلىدۇ.

77. ئاللاھقا سېغىنىپ جۇببۇلھوزنى دىگەن دوۋزاخ ئىچىدىكى جايدىن پاناھ تىلەڭلار، جەھەننەممۇ بۇ جايدىن ھەر كۈنى 70 قېتىم پاناھ تىلەيدۇ، ئاللاھ بۇ جاينى رىياخور قارىلارغا تەييارلىغان دىگەن بۇ ھەدىس زەئىپ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ، سەھىھ ئەمەس، بەزىلەر بۇنى ھەدىس، مەترۇك دىگەن يەنى راۋىسى يالغانچى دەپ ئەيىبلىگەن.

78. ئىمام سۇيۇتىنىڭ يالغان ھەدىسلەر توپلانغان لالەئى دىگەن كىتابىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا پايدا _ زىيانىدا گۇۋاھلىق بېرىشى دۇرۇس. ۋەلاكىن ئالىملار ئۆزئارا بىر _ بىرىگە زىيان بولىدىغان ئىشلاردا گۇۋاھلىق بېرىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار قاتتىق ھەسەد قىلىشىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس ئەمەس، ئىسنادىدا پاسادلىق كۆپ، چۈنكى، ئەمەل قىلىدىغان تەقۋا ئالىملار ھەسەد قىلىشمايدۇ، گۇۋاھلىقنى ئادىل بېرىشى تۇرغان گەپ

www.uyghurkitap.com

دىيىلگەن.

79. كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، فىقھشۇناس ئالىملار ئۆزئارا ھەسە قىلىشىدۇ، خۇددى ھايۋانلاردەك قىزغىنىشىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ خاتىرلىگۈچىسى ئارىسىدا ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم دىگەن يالغانچى دەپ ئەيىپلەنگەن كىشى بار ئىكەن.

80. ئاخىر زاماندا بىر قىسىم ئالىملار مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار كىشىلەرنى ئاخىرەتكە قىزىقتۇرىدۇ، ئۆزلىرى قىزىقمايدۇ، كىشىلەرنى دۇنيادىن تەركى — دۇنيا، زاھىد قىلىشىقا ئۈندەيدۇ، ئۆزلىرى ئۇنداق زاھىد بولمايدۇ، باي كاتىباشلارنى كۆرسە ئىچىلىپ — يېيىلىپ، خۇشال بولىدۇ. پېقىرلارنى كۆرسە قاپىقىنى تۈرىۋالىدۇ، پادىشاھ، سۇلتانلار قېشىغا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدىن تۇسىدۇ، ئۆزلىرى بالدۇر بېرىۋالىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى زالىملاردۇر. دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىدا يالغانچىلىقتا مەشھۇر نام ئالغان نۇھ ئىبنى ئەبى مەريەم باردۇر. بىر قىسىم سۆزلەر ھازىر ئەمەلىيەتتە بار بولسىمۇ، ئۇ ئىشلارغا سەھىھ مۆجىزىلىك ھەدىسلەر، ئايەتلەر بار بولۇپ، بۇنداق يالغانچىغا مۇھتاج ئەمەسمىز.

81. قىيامەت كۈنى قاتتىق ھەسرەتتە قالىدىغان كىشى بولسا ئىلىم تەلەپ قىلىشى مۇمكىن بولغان، ئەمما، ئۆزى ئىلىم تەلەپ قىلمىغان كىشى. يەنە بىرسى بولسا، ئىلىم ئۆگەتكەن، ئەمما، ئۆزىنىڭ تالىپ ئوقۇغۇچىسىدىن دەرىجىدە تۆۋەن بولۇپ قالغان كىشى. بۇ ھەدىس ئىبنى ئەساكىرنىڭ

مۇنكەر ھەدىسىدۇر، قىيامەت كۈنى ھەممىسى ھەسرەتتە.

82. ئاخىر زاماندا ئالىملار ئىلمى مەجلىسدە ئولتۇرسا، بىر قىسىم ئايالالار مۇھەددىس سۈپىتىدە ھەددەسەنا ئەخبەرنا بىزگە پالانى مۇنداق ھەدىس سۆزلىگەن، خەۋەر قىلغان دەپ ئاشكارا بولىدۇ، ئۇلارنى كۆرسەتكۈلار ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلگۈلار دىگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا ئوت بىلەن جازالىمايدۇ، شۇنداقلا نۇرغۇن مۇھەددىس ئايال ئالىملار بار، ئىلىم چەكلەنمەيدۇ.

83. كىيىنكىنى بۇرۇن قىلىۋېتىدىغان بۇرۇنقىنى كىيىن قىلىدىغان ئارىلاشتۇرۇپ غەلىتە قىلىۋېتىدىغان قىسسە، تارىخچىلاردىن ھەزەر قىلىڭلار دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ بىر راۋىسى يالغانچى دەپ ئەيىپلەنگەن، يەنى يالغان ھەدىس توقۇغۇچى دەپ ئەيىبلەنگەن يۇسۇف ئىسمىلىك كىشى ئىكەن، باشقىلار بۇنى ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىگەن دەپ يالغان سۆزلىگەن.

## ھەدىسنى رىۋايەت قىلىش، خاتىرلەش، سۆزلەپ بېرىش، زەئىپ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش، گۇماننى ياخشى قىلىش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

84. مىنىڭ ئۇممىتىمدىن كىم 40 ھەدىس يادا ئالسا، قىيامەت كۈنى

ئاللاھقا فىقھى ئالىم بولۇپ ئۆچقۇشىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس زەيىل دىگەن كىتابدا بولۇپ، ئىسھاقۇلمۇلتىنىڭ باتىللىرىدىندۇر. بۇ ھەدىس سۈپىتىدە ئىسپاتلانمىغان، سەھىھ ئىسناد ئەسلا يوق، ھۆججەت ئەمەس.

85. سىلەر مەندىن بىرەر ھەدىس سۆزلەنسە، ھەققەتكە ئۇيغۇن مۇۋاپىق كەلسە، مەيلى مەن ئۇنى سۆزلىگەن بولاي ياكى سۆزلىمەي، تەسدىقلاپ ئىشىنىڭلار، قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىڭلار دىگەن بۇ ھەدىس قاتتىق مۇنكەر، راۋىسى ئىسمائىل ئىبنى يەھيا كاززاپ ئىكەن، مەترۇك دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

86. مەقاسىد، زەيىل دىگەن كىتابدىكى كىمكى بىر تاشقا بولسىمۇ ياخشى گۇمان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە شۇ تاش بىلەنمۇ پايدا _ مەنپەئەت بېرىدۇ، دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە يالغان دىگەن، ئىمام مۇھەممەد تاھىرنىڭ شەيخىمۇ يالغان دىگەن. بۇ ياخشى گۇمان قىلىش توغرىسىدا توقۇلغان ھەدىس، بىز بەزى خاتا مەسىلىلەرنى ياخشى گۇمان قىلىپ، توغرا چۈشىنىپ، خاتالاشمايلى، خاتا دىگەن خاتا!

87. مەن تەرەپتىن بىر ھەدىس سۆزلەنسە، ئۇنى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا دەڭلەپ كۆرۈڭلار، ئەگەر مۇۋاپىق، ئۇيغۇن كەلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر زىت، مۇخالىپ كەلسە، رەت قىلىڭلار دىگەن بۇ ھەدىسنى دىنسىزلار، ھەدىسنى ئىنكار قىلدۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن توقۇپ چىققان. چۈنكى، بۇ يالغان ھەدىس مۇنۇ سەھىھ ھەدىسكە زىت، مۇخالىپتۇر، ماڭا

قۇرئان كىتاب ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشى بىرلىدى دىگەن، بۇ قۇرئاننى سەھىھ ھەدىس بايان ۋە شەرھى، تەپسىر ئىزاھلاپ بىرىشنى كۆرسىتىدۇ، رەسۇلۇللاھمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ھالال _ ھارام قىلالايدۇ، نۇرغۇن ھالال _ ھارام، سەھىھ ھەدىس بىلەن مۇقىملانغان تۇرسا، قۇرئانغا مۇۋاپىقنى ئال، خىلاپىنى رەت قىل دىسە، نۇرغۇن سەھىھ، راست ھەدىسلەر يوققا چىقىدۇ، مانا بۇ دىنسىزلارنىڭ سۇيىقەستى، بۇ سۆزلەر

ئىمام خەتتابىينىڭ، سوغانىينىڭ سۆزىدۇر.

## ئەقىل ۋە نادانلىق توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

88. ئاللاھتائالا ئەقىلنى ياراتقان چاغدا، ئۇنىڭغا ئالدىڭنى قىل دىدى، ئۇ ئالدىنى قىلدى، ئارقاڭنى قىل دىدى، ئۇ ئارقىسنى قىلدى، ئاندىن ئاللاھ، ئىززىتىم بىلەن ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى مەن سەندىن ئۇلۇغ مەخلۇق ياراتمىدىم، سەن بىلەن بىرىمەن، سەن بىلەن ئالىمەن دىگەن، بۇ ھەدىسنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە ئەۋۋەل _ ئاخىر بارلىق ئالىملار ئىتتىپاققا كەلگەن، يەنە تىخى تۇنجى يارالغان مەخلۇق ئەقىل دىگەن ھەدىسمۇ يالغان. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە، تۇنجى مەخلۇق قەلەم دىگەن بار. بەزىلەر سۇ دىگەن، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئاللاھ خالىق، ئوخشىشى يوق، باشقا ھەممىسى مەخلۇق، ھادىسىدۇر.

89. ئىمام مۇھەممەد تاھىر ئەقىل توغرىسىدىكى نۇرغۇن ھەدىسلەر

www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلانمىغان قاتتىق زەئىپتۇر، مەسىلەن: ئىنسانلار ياخشىلىق يوللىرى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلاشسا، سەن ئەقلىڭ بىلەن يېقىنلاش دېگەنمەك .دەپ قاتتىق ھەزەر قىلىشنى تەكىتلىگەن.

.90 جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى نادان، غەبىيلار دېگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى ئاساسى يوق.

.91 زەيىل دېگەن كىتابدا ھارىس ئىبنى ئۇسامەت، داۋۇد ئىبنى موھبىردىن 30 نەچچە ھەدىسنى چىقارغان بولۇپ، ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى، ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى يالغان دېگەن، سۇلايمان ئىبنى ئەيسا، 20 نەچچە يالغان ھەدىسنى ئەقىل توغرىسىدا توقۇپ چىققان، مەسىلەن: ئاقىلنىڭ ئىككى رەكئەت نامىزى جاھىل، نادانىنىڭ 70 رەكئەت نامىزىدىن ئەۋزەل دېگەندەك.

.92 ئەقىل يوق كىشىدە دىن بولمايدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام مۇھەددىس نەسەئى باتىل، مۇنكەر دېگەن، بىز بۇ ئىماملارغا ئىشىنىمىز.

93ئەرنىڭ ئەقلىنى ساقلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا، ئۇزۇكىنىڭ نەقىشىگە، قوللانغان كىنايە ئىسمىغا قاراپ ئۆلچەڭلار دېگەن بۇ ھەدىسمۇ قىزىقارلىق يالغاندۇر.

## ھەقىقەتەن قەلب، يۈرەك ئاللاھنىڭ ئۆيى، ئەرۋاھلار قوشۇن دېگەن توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

94. زەيىل دىگەن كىتابدا، مىنى ئاسمان ــ زېمىن سىغدۇرالمايدۇ، بەلكى مۆئمىن بەندەمنىڭ قەلبى سىغدۇرالايدۇ، قەلب، يۈرەك دىگەن رەبنىڭ ئۆيى. دىگەن بۇ ئىككى ھەدىسنى ئىمام شەيخۇلئىسلام، ئىبنى تەيمىييە قەتئىي يالغان دىگەن، ئۇ، دىدىكى، بۇ ئىسرائىلىيە ھېكايىسى، يالغان سۆز، ئاللاھنى مەخلۇق بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئاللاھنىڭ زاتىنى بىرەر نەرسىگە ئوخشىتىش، ئاللاھنىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىش، ناسارالار ۋە سوپىزىم ئەقىدىسىدىكى شېرىك، كاپىرلىق دىگەن.

## چوڭ ــ كىچىك تەھارەت ئېلىش، جۇمئى، مسۋاك، مەسھى قىلىش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

95. ئېغىزغا مسۋاك سېلىش كىشىگە پاساھەتلىك سۆزلەشنى زىيادە قىلىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى رۇشەن يالغاندۇر دىگەن. مسۋاك بىلەن ئوقۇغان ناماز، مسۋاكسىز ئوقۇغان نامازدىن 70 چەندان ئارتۇق دىگەن، بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ، ئىسلام دىنىدا مسۋاك مەسىلىسىدە بۇنداق يالغان سۆزلەرنى قىلمىسىمۇ سەھىھ ھەدىسلەر بار.

96. تاھارەت بار تۇرۇپ ئۈستىگە يەنە تاھارەت ئالسا، نۇرۇن ئەلا نۇر، نۇر ئۈستىگە نۇر دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مەۋجۇد ئەمەس، بەزىلەر زەئىپ دىگەن، چۈنكى، كىمكى تاھارەت ئۈستىگە تاھارەت ئالسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىق يازىدۇ دەپ زەئىپ ھەدىس بار ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

97. دىن پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان دېگەن بۇ ھەدىس، ئىمام غەززالىنىڭ ئىھيائ دېگەن كىتابىدا بار بولۇپ، بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مەۋجۇد ئەمەس ئىكەن، چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە، ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان دېگەن بار.

98. يالغۇز شەخسى، تەھارەت ئالغاندىن مۇسۇلمانلار قوللىرىنىڭ بەرىكىتىنى ئىزدەپ، كۆپچىلىك تاھارەت ئالغان جايدا تاھارەت ئېلىش ئەۋزەل دېگەن، بۇ ھەدىسمۇ يالغان، چۈنكى، نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر جۈملىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلار يالغۇزمۇ تاھارەت ئالغان. شۇنداقلا، بۇنداق ھەدىس ھېچبىر ھەدىس كىتابلىرىدا يوق، نادانلار ئېغىزىدا بار.

99. گەردەنگە مەسھى قىلىشتا، خىيانەتتىن ئەمىن قىلىپ ساقلانغىلى بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللا بۇ ھەرگىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئەمەس، يالغاندۇر دېگەن.

100. كىمكى، تەھارەت ئېلىش ئۈچۈن بىرەر كىشىگە بىر ئۇرۇق سۇ تەييارلاپ بەرسە، خۇددى كاتتا بىر ئاتنى تەييارلاپ بەرگەندەك بولىدۇ، تەھارەت ئېلىش ئۈچۈن، ئۆيۈڭلارغا كىرگەن كىشىلەرنى ھۆرمەتلەڭلار .دېگەن بۇ ئىككى ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە يالغان ھەدىس دېگەن، چۈنكى، بۇ ئىشلارغا ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر كۇپايە، يالغانغا ھاجەت يوق.

101. كىمكى تەھارەت ئالغاندا، بىسمىللاھ دېسە، شۇ تاھارەت سۇنۇپ كەتكىچە ئىككى پەرىشتە ياخشىلىق، ساۋابلارنى يېزىپ پىرىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئارىسىدا مەشھۇر يالغانچى ئىبنى ئولۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسنى يېزىش ھالال ئەمەس، پەقەت مۇشۇنداق يالغان دىيىش دۇرۇستۇر.

102. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىسۋاك سىلىۋاتقاندا، كاپىرلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىشىنى بىلەۋاتىدۇ دەپ قورقۇپ، قېچىپ كەتكەن دىگەن بۇ سۆز ئۆتۈپ كەتكەن كازراپىنىڭ سۆزىدۇر، بۇنداق يالغان سۆزنى سۆزلىگۈچى ئەقلى يوق ساراڭدۇر، چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە كاپىرلار تاش ئېتىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىشلىرىنى تۆكىۋەتكىنى خاتىرلەنگەن.

103. يائاباھو رەيرە تاھارەت ئالغاندا، بىسمىللا، ئەلھەمدۇلىللاھ دىسەڭ تاھارىتىڭ سۇنۇپ كەتكىچە پەرىشتىلەر ياخشىلىق يېزىپ تۇرىدۇ دىگەن ھەدىس، مۇنكەر بولۇپ، تاھارەتنىڭ پەزىلىتىگە بۇنداق يالغان سۆزلىمىسەكمۇ ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر كۇپايە.

104. يا ئەنەس ماڭا يېقىن كەل، مەن ساڭا تاھارەت ئۆلچەملىرىنى ئۆگىتىپ قوياي دېدى، مەن يېقىن بولدۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى يۇغاندا بىسمىللا، ئەلھەمدۇلىللا، ۋەلاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى دېدى، ئىستىنجا قىلغاندا ئى ئاللاھ ئەۋرىتىمنى

هارامدىن ساقلىغىن، ئىشىمنى ئاسان قىلغىن دېدى، تاھارەت ئېلىشقا باشلاپ بۇرنىغا سۇ ئالغاندا، ئى ئالله ماڭا ھۆججەت ئاتا قىلسىلا، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ئاتا قىلسىلا دېدى، يۈزىنى يۇغاندا، ئى ئالله يۈزلەر ئاق ـ قارا بولىدىغان كۈندە يۈزۈمنى ئاق قىلسىلا دېدى، ئىككى بىلەكنى يۇغاندا بولسا، ئى ئالله، كىتابىمنى ئوڭ تەرىپىمدىن بەرسىلە دېدى، بېشىغا مەسھ قىلغاندا، ئى ئالله رەھمەتلىرى بىلەن بىزنى قۇتقازسىلا، ئازابلىرىدىن نېرى قىلسىلا دېدى، ئىككى پۇتىنى يۇغاندا بولسا، ئى ئالله، قەدەملىرىمنى قەدەملەر تېيىلىپ كېتىدىغان كۈندە سىرات ئۈستىدە مۇقىم قىلسىلا دېدى، ئاندىن ئى ئەنەس، ھەرقانداق بىر بەندە تاھارەت ئالغاندا بۇ سۆزلەرنى دېسە، ئاندىن ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن تامغان ھەربىر تامچە سۇدىن ئاللاھتائالا بىر پەرىشتە يارىتىدۇ، بۇ پەرىشتە، ئاللاھقا 70 تىل بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ ساۋابى ئاشۇ كىشىگە، قىيامەت كۈنىگىچە بولۇپ تۇرىدۇ دىگەن، بۇ ھەدىس توغرىسىدا ئالىملار مۇنداق دىگەن. مۇھەممەد تاھىر بۇ ھەدىسنى ئۇبادەت ئىبنى سۇھەيىب دىگەن كىشى يالغاندىن توقۇغان دېدى. بۇخارى بىلەن نەسەئى، بۇ ھەدىس مەترۇك يەنى خاتىرلىگۈچى، سۆزلىگۈچى يالغانچى دېدى، ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللا، بۇ ھەدىس باتىل، ئەسلى يوق دېدى، ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىس يالغان دىگەن. جۇمھۇر مۇھەددىس ئالىملار بۇ ھەدىسنى تەرك ئەتتى، يەھيا ئىبنى مەئىين، بۇ يالغان ھەدىس دېدى، ئىبنى ھەببان رەھمەھۇللا بۇ

كازراپلاردىن كەلگەن ھەدىس دېدى، مەخسىدى كازراپلار بۇ ھەدىسنى ئىشەنچىلىك، ئىئتىماتلىق كىشىلەرگە يۆلەپ بۆھتان قىلغان دىدى.

105. كىچىك تاھارەت بىر مۇد سۇدا، چوڭ تاھارەت بىر سا سۇدا بولىدۇ، مەندىن كېيىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىپ بۇ سۇنى ئاز كۆرىدۇ، ئۇلار سۈننىتىم ئەھلىگە خىلاپ، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى چىڭ تۇتسا، ئۇ مەن بىلەن بىللە دىگەن، بۇ ھەدىستە ئەنبەسەت دىگەن مەجرۇھ كىشى بار بولۇپ، ئالىملار ئۇنى ئەيىبلىگەن، سۆز قىلغاندۇر.

106. تەرەت قىلغان جايدىكى سۇدا، تاھارەت ئالماڭلار، چۈنكى، مۆئمىننىڭ تاھارەت سۈيى، قىيامەت كۈنى ياخشىلىق بىلەن بىللە، مىزاندا تارتىلىدۇ دىگەن، بۇ ھەدىس يالغان دىيىلگەن. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە، تەرەت قىلغان جايدىكى سۇدا تاھارەت ئېلىشدىن توسىغان، ئەمما، مىزان، جىلىڭ گېپى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سۇ نىجىس بولىدۇ.

107. مىسۋاك سالغاندا، ئى ئاللاھ، مىسۋاك سېلىشىمنى سىلىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن قىلسىلا، يۈزۈمنى نۇرلۇق قىلسىلا، چىشلىرىمنى ئاق قىلسىلا دەيتتى، دىگەن بۇ ھەدىسنىمۇ ھەدىس ئالىملىرى يالغان دىگەن. چۈنكى، بۇ ھەدىس سەھىھ ياكى زەئىپ كىتابلاردىمۇ مەۋجۇد ئەمەس، يالغان سۆز.

108. كىچىك تاھارەت سۈيدۈكتىن بىر قېتىم، چوڭ تەرەتتىن ئىككى قېتىم، جۇنۇپلىقدىن ئۈچ قېتىم ئېلىنىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى پايىد دىگەن كىشى سۆزلىگەن بولۇپ، ھەدىسلىرى مۇنكەردۇر، شۇنىڭدەك،

تەيەممۇمنمۇ ئىككى، ئۈچ قېتىم قىلىدىغانلار كازراپلاردۇر.

109. ئاسمان ــ زىمىن ئارىسىدا بىر شەيتان بولۇپ، ئۇنى ۋەلھان دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئادەم باللىرىدەك سەككىز ھەسسە كەلگىدەك قوشۇنلىرى بار، ئۇنىڭ خىنزەپ ئىسىملىك خەلىپىسى بار، ئۇ تاھارەتتە ئانداق ۋەسۋەسە قىلىدۇ، مانداق قىلىدۇ..... ۋاھاكازالار. ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس يالغان دىگەن. مۇھەممەد تاھىرمۇ قوشۇلغان، مەنمۇ شۇنداق.

110. ئېغىز ــ بۇرۇننى ئۈچ قېتىم چايقاش، جۇنۇپ ئۈچۈن پەرىزدۇر دىگەن ھەدىس يالغان، بۇ ئايەت ھەدىسكە زىتتۇر.

111. كىمكى، ھالال بولغان جىنسى مۇناسىۋەتتىن جۇنۇپ بولۇپ، غۇسلى ــ تاھارەت ئالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئاق گۆھەردىن 100 قەسىر بېرىدۇ، ھەربىر تامچە سۇنىڭ بەراۋىرىگە 1000 شېھىدنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس يالغان.

112. شۇنداقلا، كۆن نۇرى، ئاپتاپ بىلەن ئىسسىغان سۇدىن تاھارەت ئالماڭلار، ئۇ چاغدا ئاق كېسەل كېلىپ چىقىدۇ، دىگەن ھەدىس مەجھۇل، نامەلۇم بولۇپ، بۇ، كۆن نۇرىدا ئىسسىغان سۇ مەسىلىسىدە مۇقىم ئىسناد يوق دىگەن، ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنمايدۇ.

113. جۈمە كۈنى بىر جام سۇنى بىر دىنار يەنى 300 يۈەنگە سېتىۋېلىپ ياكى بىر كۈنلۈك ئوزۇق قۇۋۋىتىگە سېتىۋېلىپمۇ بولسا، غۇسلى قىلىپ، يۇيۇن دىگەن بۇ ھەدىس زەيىل دىگەن كىتابدا بولۇپ، بۇنى

ئىبراھىم ئىبنى ھەييان بۇختەرى دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسلىرى يالغاندۇر.

## سۇ مىقدارى، ھەيز، ھايۋان سۈيدۈكى، قان، زېمىننىڭ پاكلىقى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

114. سۇ 40 تولۇن بولسا، نىجىس بولمايدۇ دېگەن ھەدىستە، قاسىم ئىبنى ئابدۇللا ئۆمرى بولۇپ، بۇ ھەدىس مۇنكەر، مۇھەممەد تاھىر بۇ توغرىسىدا كەلگەن بارلىق ھەدىسلەر، شاز، يەنى سەھىھ ھەدىسلەرگە مۇخالىپ ئاللىلى بولمايدۇ دېگەن، بەزىلەر بۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى دېگەن.

115. ئاياللارنىڭ دىنىنىڭ يېرىمى يوق، چۈنكى ئۇ كۆپىنچە ناماز ئوقۇمايدۇ دېگەن، **يەنى ھەيز كۈنلىرى**، بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس باتىل دېگەن. ئىبنى جەۋزى، مەن بۇ ھەدىسنى تونىمايمەن دېگەن.

116. ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا ھۆججەت دەلىل قىلغان، زېمىننىڭ پاك بولۇشى ئۇنىڭ قۇرىشىدۇر دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوقتۇر. بەلكى، بۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى باقىرنىڭ سۆزىدۇر، سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىجىس چۈشكەن زېمىنغا سۇ تۆككىلى سالغان. نۇرغۇن نىجىسلار قۇرىسىمۇ يەنىلا نىجىس بولىدۇ.

117. زەيىل دىگەن كىتابتىكى زىمىن، خەتنە قىلىقسىز كىشىنىڭ سۈيدۈكىدىن 40 كۈن نىجىس تۇرىدۇ، دىگەن ھەدىس يالغان، چۈنكى بۇنىڭ راۋىيسى داۋۇد كاززاپتۇر.

118. سۈيۈتىينىڭ لالەئى دىگەن كىتابىدا، ئىشەك سۈيدۈكىگە كىرەك يوق، چاتاق يوق، ئۇ ۋە گۆشى يىيىلىدىغان ھەيۋان سۈيدۈكى پاك دىگەن، ھەدىس مەۋزۇئ يالغان دىگەن.

119. دەرھەم مىقدارى يەنى بىر تەڭگە، ياكى  باش بارماق قول تىمىقىنىڭ مىقدارى قان يۇيۇلىدۇ، ناماز شۇ قان بار ھالەتتە ئوقۇلۇپ قالسا، قايتا ئوقۇلىدۇ، دىگەن ھەدىسنى نۇھ دىگەن كاززاپ توقىغان، يالغان.

## ئەزان ۋە ئىككى كۆزنى سىلاش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

120. لالەئى دىگەن كىتابىدا، ئەزان كۆپ ئېيتىلغان شەھەردە مۆلدۈر ئاز ياغىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان دىگەن، بۇ يالغان ھەدىس، مەقاسىد دىگەن كىتابىدىمۇ بار.

121. ئەزان ئېيتىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمى چىققاندا بارماق قوللىرى بىلەن كۆزنى سىلاش، قۇررەتى ئەينى دەپ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولدۇم دىيىش، شۇنداق قىلسا، كۆزى كور بولمايدۇ، شاپائىتىم ئۇ كىشىگە ھالال بولىدۇ، بۇ دىگەن خىزىر، ئادەم ئەلەيھىسسالاملاردىن قالغان سۈننەت

دېگەن بۇ سۆزلەر دەيلىمىدا، رابغۇز يازغان قىسسەسۇلئەنبىيادا، ئىسرائىلىيە
ھېكايىلىرىدە بار بولۇپ، ھەرگىز سەھىھ ئەمەس، بۇنى ئەبۇلئابباس رەدداد
دېگەن سوپى دېگەنىكەن. بۇنى ھەدىس ئالىملىرى تونىمايدىغان نامەلۇم
كىشى دېگەنىكەن، بۇ بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ ھەدىسكىتابلىرىدا
خاتىرلەنمىگەن،باشقاكىتاپتا بولغان تەقدىردىمۇ بۇ شاز بولىدۇ ــ دە، ئەمەل
قىلىنمايدۇ.

122. مىشكاتۇلمەسابىيھتىكى ئەزان، تەكبىر ئارىسىنى يىگۈچى،
يىگۈلۈكدىن بىكار بولغۇچە ئارىلىقدا قىلغىن، ھاجەتمەن ھاجىتىنى ئادا
قىلىۋالسۇن دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئاپتور مۇسەننىپ زەئىپ دېگەن، ئەمما،
ئىمام قەزوينى يالغان دېگەن، مۇھەممەد تاھىر بۇنى قوللايدىغان، باشقا
سەھىھ ھەدىسلەر بار، ئەمما، راستى راست، يالغىنى ھامىنى راستقا ئوخشاپ
قالسىمۇ يالغان دېگەن.

123. ئەزاندا تىلغا ئېلىنىدىغان كىشىلىك ئالماش، ھانى يەنى زىمىر
«ھ»نى تەشتىت بىلەن ئوقۇۋېتىدىغان ئادەم، ئەزان توۋلىمىسۇن دېگەن
ھەدىس مۇنكەر بولۇپ، باشقا ئادەملەر سۆزىدۇر.

124. مۇئەززىننىڭ ساۋابى توغرىسىدىكى جابىردىن سۆزلەنگەن،
ئۇزۇن ھەدىس يالغان بولۇپ، باشقىلار بۇ كىشىگە تۆھمەت چاپلىغان.

125. تەكبىرنى تاق ئېيتقان كىشى بىزدىن ئەمەس دېگەن ھەدىس
قەتئىي يالغاندۇر، چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە تاق ئېيتىشمۇ بار.

126. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەزاننى ۋە تەكبىرنى ئوخشاشلا جۈپ ئېيتاتتى دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ھەببان باتىل دېگەن، باشقىلار مۇنكەر دېگەن. ئەمما، سەھىھ ھەدىستە جۈپ ۋە تاق تەكبىر ئېيتىش بار بولۇپ، ئۇ سەھىھ بولىۋېرىدۇ، لېكىن، ماۋۇ ھەدىس باتىل بولىدۇ.

127. ئەگەر پەرىشتىلەر زېمىنغا چۈشۈپ قالسا، ئەزان توۋلىغىلى چۈشەتتى، ھېچكىشى ئۇلاردىن بۇرۇن چىقىپ ئەزان توۋلىيالمايتتى، مۇئەززىننىڭ ئەجرى، ساۋابى بولسا، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن قانغا مىلىنىپ ياتقان، ئاللاھقا خالىغىنىنى ئارزۇ قىلىپ سورىيالايدىغان شېھىدنىڭ ساۋابى، ئەجرى بىلەن تەڭ دېگەن، بۇ ھەدىستە ئىسھاق ئىبنى ۋەھبى، ئۆمەر ئىبنى سەيەھ دېگەن كاززاپلار بار، بۇ ھەدىس يالغان.

128. كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ، ئەزان توۋلىغۇچىلارغا مەرھابا، نامازغا مەرھابا دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە (2000000 )2 مىليون ياخشىلىق يازىدۇ. ئىككى مىليون خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ، ئىككى مىليون دەرىجە ئۈستۈنگە كۆتۈرىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر. بۇنى ھىس، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەنمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

129. ئەزاننى ئۆيلىرىڭلاردىمۇ توۋلاڭلار، ئائىللىرىڭلارمۇ ئەزان توۋلىسۇن. چۈنكى، ئۇ شەيتاننى قاچۇرىدۇ، رىزىقنى كۆپەيتىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس يالغان. چۈنكى، بۇنى نۇھشەل كاززاپ دېگەن. شۇنداقلا، ئەزاننى

دۇنيا رىزقى ئۈچۈن توۋلىمايدۇ، ئاياللار ئاشكارا ئەزال توۋلىمايدۇ. ئۆيىدىمۇ شۇنداق،بۇ، ئوچۇقلا يالغان سۆزدۇر.

130. مۇئەززىن ئەزان توۋلاشقا باشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بېشىغا قولىنى قويىدۇ، ھەتتا ئۇ بىكار بولغۇچە شۇنداق، ئۇنىڭ ئاۋازى يەتكەن جاينىڭ، نەرسىنىڭ مىقدارى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى سەبەھ، زەيدۇلئەما دېگەنلەر كاززاپ، شۇنىڭدەك ئەزان توۋلانسا زىرائەتكە ئالا چۈشمەيدۇ، ئەزاننى تولا كىشلەر ئالمىشىپ توۋلىسا، ئالا چۈشىدۇ دېگەنلەر، يالغانچىلارنىڭ سۆزىدۇر.

131. راستچىل نىيەت بىلەن بىر يىل ئەزان توۋلىغان كىشى قىيامەت كۈنى جەننەت ئىشىكى ئالدىدا قويۇرۇلىدۇ، خالىغان كىشىگە شاپائەت قىلىدىلىدۇ. بۇ يالغان ھەدىس، ئەسلا يوق، چۈنكى، شاپائەت ئاللاھ خالىسا، شاپائەتكە شۇ كىشى لايىق بولسا دۇرۇس ۋە باشقىلار.

## مەسجىدنىڭ پەزىلىتى ئۈنىڭغا چىراغ ئېسىش، دۇنيا سۆزى قىلماسلىق ئۈنى تازىلاش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

132. مەسجىدگە خوشنا تۇرغان كىشىگە شۇ مەسجىدكە كىرىپ ناماز

ئوقۇمسا، ناماز يوق دېگەن ھەدىسنى ئىمام سۇغانى يالغان دېگەن، مۇختەسەر دېگەن كىتابدا زەئىپ دېگەن، مەقاسىددىمۇ ئىسنادى زەئىپ دېگەن، بەزىلەر بۇنى دېيىش ھالال ئەمەس دېگەن، ئەلۋەتتە، مەسجىدكە چىقىش، مەسجىد پەزىلگە بۇ يالغان سۆزدىن باشقا نۇرغۇن ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر بار، شۇلار كۇپايە.

133. كىمكى، مەسجىددە دۇنيا گېپىنى قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ 40 يىللىق ئەمەللىرىنى كۆيدۈرۈپ بىكار قىلىۋېتىدۇ دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام سۇغانى يالغان دېگەن، مۇھەممەد تاھىرمۇ قوشۇلغان، ئەلۋەتتە بىزمۇ نەچچە ملىيون ھەدىس كىتابلىرىدىن بۇ ھەدىسنى كۆرمىدۇق، ئەلۋەتتە، يالغان ھەدىس كىتابلىرىدا كۆردۇق. شۇنىڭدەك، مەسجىددە سۆز قىلىش، ياخشىلىقنى ئوت، ئوتۇننى يېگەندەك يەپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئاساسى يوق، ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس.

134. مەسجىد بەلغەمنى تولا تۈكۈرسە قاتلىنىپ تارىيىپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان.

135. ھەر كېچىسى بىر تۇۋۇلغۇچى، ئى قەبرە ئەھلى كىملەرنى سېغىنىپ ئارزۇ قىلىسىلەر؟ دەپ سورىسا، ئۇلار، مەسجىد ئەھلىنى دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇ ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، پەقەت كاززاپ تىلىدا بار.

136. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە مەسجىد سېلىشنى مەخسەت قىلغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئىگىزلىكىنى

يەتتە گەز سال، زىننەت، نەقىش بولمىسۇن دېگەن، بۇ ھەدىس ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس، ئەگەر بۇ ھەدىس بولغان بولسا، ساھابىلار، تابىئىنلار ئەمەل قىلاتتى.

137. ئۈممىتىمنىڭ راھىبلىقى، مەسجىددە ئولتۇرۇش دېگەن بۇ ھەدىس يوق، يالغان سۆزدۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا زاھىدلىق بولسىمۇ، راھىبلىق، سوپىلىق يوقتۇر، بۇلار بىدئەتتۇر.

138. كىمكى بىرەر مەسجىدكە چىراغ يورۇتۇپ قويسا، شۇ چىراغ نۇرى مەسجىددىلا بولىدىكەن، پەرىشتىلەر ھەتتا ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر شۇ كىشىگە مەغپىرەت، ئەپۇ سورايدۇ دېگەن ھەدىس، قاتتىق زەئىپ بولۇپ، مەسجىد ياسىغۇچى، چىراغ يورۇتقۇچى بۇنىڭغا يۆلىنىۋالمىسۇن.

139. كىم بىر مەسجىدكە چىراغ، پانۇس ئاسسا، ئۇ كىشىگە 70000 پەرىشتە رەھمەت يوللايدۇ، دۇئا قىلىدۇ، كىم بىرەر بورا سېلىپ قويسا، شۇ بورا چىرىپ تۈگىگىچە 70000 پەرىشتە مەغپىرەت سورايدۇ، رەھمەت تىلەيدۇ دېگەن، بۇ ھەدىسمۇ يالغان، چۈنكى، بۇ جايدىمۇ ئۆمەر ئىبنى سەباھ دېگەن كاززاپ بار.

140. ھەرقانداق بىر كىشى مەسجىدگە تۈكۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، مەسجىد خۇددى تېرە ئوتتا قورۇلغاندەك قورۇلۇپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇ تۈكۈرۈكنى يۇتۇۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن 72 كېسەلنى چىقىرىۋېتىدۇ،

1000 ياخشىلىق يازىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس يالغان. چۈنكى، راۋىي ئىبنى ئۇلۋان كاززاپ، ئابان مەترۇكدۇر.

141. كىم، ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە يوپۇق يېپىپ قويسا، ئۇ 400 ھەج قىلغان بولىدۇ، 400 قۇل ئازات قىلغان بولىدۇ، 400 قېتىم غازات قىلغان بولىدۇ دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ سەلمەت دېگەن ئادەم ئىشەنچلىك، ئادىل كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىپ شۇلاردىن سۆزلىگەن، بۇ يالغان.

142. مەسجىدكە پەيشەمبە كۈنى زىننەت بېرىپ تازىلاڭلار، بۇ كۈندە ھەرقانداق بىر كىشى مەسجىددىن كۆزىنىڭ چاپىقى چاغلىق نەرسىنى ئېچىقىۋەتسە، تازىلىسا، ئۇ بىر قۇل ئازات قىلغاندەك بولىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، يەنىلا ئىبنى ئۇلۋان دېگەن كاززاپ توقۇغان.

143. قىيامەت كۈنى بارچە زېمىن يوقاپ كېتىپ، پەقەت مەسجىدلەر بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، بىرلىشىپ قېلىپ قالىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنىمۇ ئەسرەم دېگەن كاززاپ توقۇپ چىققان.

**ناماز ۋە نامازنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ گۇناھى، نامازنى قورقۇپ ئوقۇش، بىرىنچى سەپ، ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ رەپىئولىيەدىن قىلىش، بىر رەكئەت ناماز، قاتارلىق مەسىلىلەردىكى يالغان ھەدىسلەر**

144. زەيىل دېگەن كىتابتىكى كىم نامازنى تەرك ئېتىپ، ئۇقۇمىغۇچىغا بىر لوقما تائام بىلەن ياردەم بەرسە، ئۇ كىشى بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بەرگەن بولىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن چىرايلىقچە دەۋەت قىلىدۇ، تائامنى يېمىسىمۇ يېدۈرىدۇ، كاپىر خوشنا بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىپ، دىنغا چاقىرىدۇ، ئەگەر بارلىق ياخشىلىق، ياخشى ئەخلاق كار قىلمىسا، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسى بولسىمۇ مەيدان ئايرىيدۇ، لېكىن بۇنداق يالغان سۆزلەرنى دېمىسىمۇ ئايەت، سەھىھ ھەدىسلار بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

145. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسەللەم بىر رەكئەتلا تاق نامازدىن توسىغان دېگەن ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋى خۇلاسە دېگەن كىتابىدا مۇرسەل، زەئىپ دېگەن.

146. كۈندۈزنىڭ نامىزى كاچا ناماز دېگەن بۇ ھەدىس باتىل بولۇپ، ئەسلى ئاساسى يوق. شۇنداقلا، بامدات سۈننىتىنى ئۆيدە ئوقۇپ، مەسجىدكە چىققۇچە گەپ ـ سۆز قىلماسلىق، ھەتتا سالامۇ قايتۇرماسلىق دېگەنلەر، ئاندىن مەسجىدگە كىرىپلا ناماز ئوقۇماي موككىدە ئولتۇرۇشلار، كازراپلارنىڭ سۆزى ۋە ئىشىدۇر.

147. كىمكى سۈبھىنى ئاقارتىپ ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە نۇر بېرىدۇ، قەبرىنى نۇرلۇق قىلىۋېتىدۇ، نامىزى مەقبۇل بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى كازراپلار دېگەن.

148. چۈشلۈك سايە، پىيئى زاۋال بىر بىرىم گەزدىن ئىككى گەزگىچە يەتسە، پىشىم ئوقۇڭلار دىگەن بۇ سۆز باتىل، پىشىم ۋاختى كۈن قايرىلىپلا كىرىدۇ، بۇ سەھىھ.

149. نامازغا تۇرساڭلار، ئايىغىڭلارنى سىلىۋېتىڭلار دىگەن بۇ ھەدىسنى پولو ھەدىسنى توقۇغان كاززاپ مۇھەممەد ئىبنى ھەججاج توقۇپ چىققان، ئاياغ پاكىز بولسا، سالمىسىمۇ بولىدۇ، سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياغ بىلەن ناماز ئوقۇغان، نىجاسەت بولسا سىلىۋەتكەن.

150. پولو ھەدىسى بولسا، مۇنداق يۇقىرقى كاززاپ ئىبنى ھەججاج، پولو ساتالماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پولو يىيىشنى بۇيرۇپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توققۇز خىتۇنغا قادىر بولۇپتۇ دىگەن، ئاندىن كىشىلەر پولوسىنى كۆپلەپ سېتىۋالغان، مانا بۇ تىجارەت، مال ــ دۇنيانى دەپ كاززاپلىق قىلىپ، يالغان ھەدىس توقۇغانلار، بۇ ئوچۇق بۆھتان.

151. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا، شۇنداق ئۇزۇن سەجدە قىلاتتىكى، باشقىلار جىنى چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، روھ، جانسىز جەسەتمىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ قالاتتى دىگەن. بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، باتىل، گەرچە رۇكۇ، سەجدىنى ئۇزۇن قىلغان سەھىھ ھەدىس بولسىمۇ.

152. مۇختەسەر دىگەن ھەدىس كىتابىدىكى مىنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەربىر ئىككى ئادەم نامازغا تۇرسا، رۇكۇ، سەجدىلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ نامىزى ئارىسى ئاسمان _ زېمىن پەرىقلىنىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر، ھېچبىر مۆئتەبەر ھەدىس كىتابلىرىدا يوق.

153. دەللالنىڭ، نامىزى بېشىدىن ئۆرلىمەيدۇ، يەنى قوبۇل بولمايدۇ دىگەن بۇ ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، بۇ سۆز، دەللالىقتا قارىشى تۇرۇش ئۈچۈن دىيىلگەن.

154. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا، يېنىدا بىرەر ئادەم بولۇپ قالسا، ناھايىتى يەڭگىل تېز ئوقۇپ ئاندىن ھاجىتىنىڭ بارمۇ؟ دەپ سورايتتى، ئۇ كىشى ھاجىتىنى ئادا قىلىپ قايتقاندىن كېيىن يەنە نامازغا تۇراتتى، دىگەن بۇ ھەدىسمۇ مەۋجۇد ئەمەس.

155. زەيىل دىگەن كىتابتىكى كىشىلەرنىڭ كىيىمنى ئېلىۋالغان ئوغرى، ئوغرى ئەمەس، بەلكى، ناماز ئوغرىسى ئوغرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قۇش، توخۇ، دان تەرگەندەك، ئىتتىك، توك _ توك ناماز ئوقۇيدۇ، ئاللاھ بۇ كىشىنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ دىگەن بۇ ھەدىس يالغان. چۈنكى، شەرتلىرى تولۇق ئورۇندالسا، يەڭگىل، تېز بولۇپ قالسىمۇ قوبۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يالغان ھەدىستە ئېنىق ئوغرىنى ئوغرى ئەمەس، دەۋەتكەن. ئىسلام دىنى قىممەتلىك تونلارغا ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەن.

156. ئەگەر كىشىلەر بىرىنچى سەپتىكى، ئەزاندىكى سەپەر ۋاختىدا

قەۋمگە خىزمەت قىلىشتىكى پەزىلەت ساۋابلارنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە چەك تاشلىشاتتى دىگەن بۇ ھەدىس ئىسھاق مولتىنىڭ باتىللىرىدىندۇر. باتىل ھامىنى باتىل بولىۋېرىدۇ. گەرچە سەھىھ ھەدىسلەردە بۇ ئىشلارغا ساۋاب بار دىيىلسىمۇ، يالغان باتىللار راست سەھىگە ئوخشاش بولۇپ قالسىمۇ ھامىنى يالغان، باتىل.

157. كىم بىر پەرىزنى ئادا قىلسىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىلىدە ئىجاۋەت بولىدىغان بىر دۇئا بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس ئىبنى ئەھمەدنىڭ يالغان باتىللىرىدىندۇر.

158. جامائەت بىلەن بىر پەرىز نامازنى ئادا قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى خۇددى كۈزدە دەرەختىن قۇلاق، غازاڭ تۆلۈگەندەك، تۆكۈلىدۇ. بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلسا، 50 ھەج قىلغان بولىدۇ، تېخى بۇ ھەج ئادەم ئاتا بىلەن بىللە قىلغاندەك بولارمىش، بۇ روتنىينىڭ يالغان ھەدىسلىرىدۇر.

159. كىم بىرەر نامازنى ئوقۇپ، مۆئمىن ئەر _ ئاياللارغا دۇئا قىلمىسا، ئۇ ناماز چولاق، ناقىس بولۇپ قالىدۇ، دىگەن بۇ ھەدىسنى نۇھ، ئىبنى زەكۋان توقۇغان، سۈۋەيد دىگەن ھەدىسى مەترۇك كىشىمۇ بار.

160. ئەسبەغ ئىبنى خەلىيل، غازى ئىبنى قەيستىن ئۇسەلمەت ئىبنى ۋەنداندىن ئۇ ئىبنى شىھابدىن، رەبىئە ئىبنى فەيسەمدىن، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇددىن مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەيدۇ. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ



www.uyghurkitap.com

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا 12 يىل ناماز ئوقۇدۇم، كۆپىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا بەش يىل ناماز ئوقۇدۇم، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قولىنى كۆتۈرمىگەن، پەقەت تۇنجى باشلاش تەكبىردە قولىنى كۆتۈرگەن، بۇ ھەدىسنى ئەسبەغ تەرەببازلىقىدىن دەپ سالغان، ئۇ ھەدىس ئىلمىغا ئالىم ئەمەس، فىقھىنى يادا ئالغان كىشى، بارلىق كىشىلەر بۇ ھەدىسنىڭ يالغانلىقىغا ئىتتىپاققا كەلدى. چۈنكى، سەلمەت زۇھەيرىدىن، رەبىيئەئىبنى خەيشەمدىن ھېچنېمىنى رىۋايەت قىلالمىغان، ھەم كۆرۈپمۇ باقمىغان. ئەڭ كۈچلۈك دەلىل، بارلىق ئالىملارنىڭ شەرقەن ۋە غەربەن ئەۋۋەل _ ئاخىر ھەممىسىنىڭ ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجمائ قىلىشى بىلەن ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگىچە ياشىمىغان، بۇ سەھىھ سۆز، زەھەبى رەھمەھۇللا مىزان دېگەن كىتابىدا بۇ ھەدىس يالغان دېگەن. ئىمام سۇيۇتى لالەئى دېگەن كىتابىدا يالغان دېگەن.

نەۋەۋى رەھمەھۇللا ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ يالغانلىقىغا ئىتتىپاققا كەلدى دېگەن.

شۇنداقلا، نامازدا ئىككى قولىنى رۇكۇدا كۆتۈرسە ئۇ كىشىگە ناماز يوق دېگەن ھەدىسلەر شەكسىز يالغان بولۇپ، رۇكۇدا ئاندىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولۇپ، يەنە بىر ئىككى رەكئەت نامازغا

تۇرغاندا، قولىنى كۆتۈرۈش رەفئىولىيەدەيىن ھەدىسى سەھىھ، مۇتتەفەقۇن ئەلەي، مۇتىۋاتىردۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللانىڭ يۇقىرقى يالغان ھەدىستىن باشقا ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلتۈرگەن بىر ھەدىسى بار بولۇپ، بۇ خەۋەر ۋاھىدى بولىدۇ. خەۋەر ۋاھىد، مۇتىۋارىغا تەڭ بولمىغاچقا، ئەبۇ ھەنىيفەدىن باشقا ئۈچ مەزھەپ ئالىملىرى شافىئى، مالىكى، ھەمبەلى رەھمەھۇللالار قولىنى كۆتۈرىدۇ. بۇ مەسىلىنى مۇسنەد ئەبۇ ھەنىيفە، ۋە باشقا سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدىن، شۇنداقلا تۆت مەزھەپ بىرلا تەڭ سۆزلىنىدىغان، ئابدۇرەھمان جەزەرىينىڭ فىقھى كىتابىدىن، فىقھۇلئىسلام ۋە ئەدىللەتوھودىن ھەل قىلىڭ، لېكىن يۇقىرقى ھەدىس يالغان.

## ئىمامەتچىلىك ۋە ئۇنىڭ پەزلى، تەكبىردىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇماسلىق توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

161. كىمكى تەقۋا ئالىم ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، خۇددى پەيغەمبەر ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغاندەك بولىدۇ. دىگەن بۇ ھەدىستە ئىمام مۇھەممەد تاھىر توختالمىغان بولغاچقا مەنمۇ بىر نەرسە دىيەلمىدىم، ئەمما بۇ ھەدىس مۇشۇ يالغان ھەدىسلەر توپلانمىسىغا كىرىپ قاپتۇ، بۇ نىمە ئىش ئەمدى؟ پاسىق، بىدئەتچى مۇناپىقلار ئارقىسىدا ئوقۇغان نامازدىن ئەلۋەتتە تەقۋا، ھەقىقەتچى ئالىم ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز ياخشى،

www.uyghurkitap.com

بۇنى بىلىسىلەر.

162. لالەئى دىگەن كىتابدا، كىمكى بامدات نامىزىنى 40 كۈن بىر رەكئەتنىمۇ قولدىن بەرمەي جامائەت بىلەن ئوقۇيالىسا، جەننەتنى كۆزى بىلەن كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلمەيدۇ دىگەن ھەدىسنى يالغان دىگەن، چۈنكى، جەننەت ئۈچۈن بىرلا ئەمەل ئەمەس، بەلكى ئۇنىۋېرسال ئەمەللەر لازىم بولىدۇ. بۇ ھەدىس سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا زادى يوق، يالغان.

163. جامائەتكە يۈزى چىرايلىق كىشى ئىمام بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، كۈلۈپ كەتتىم مانا ھازىر سىزمۇ ھەيران بولۇپ كۈلىۋاتىسىز.

164. زەيىل دىگەن كىتابدا سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان ناماز دۇرۇس ئەمەس، لېكىن ئىمام ئارقىسىدا ئوقىمىسىمۇ ئادا تاپىدۇ دىگەن ھەدىس مەترۇك يەنى راۋىيسىدا يالغانچى بار ئىكەن.

165. تەكبىر ئوقۇلغاندا، پەرىزدىن باشقا ناماز يوق، لېكىن، بامدات بولۇپ قالسا، ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇسا بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى بەيھەقى رەھمەھۇللا ھەدىسنىڭ باش تەرىپى سەھىھ بولۇپ، ئاخىرىنىڭ يەنى ئىككى رەكئەت بامدات سۈننىتى دىگەن يېرى ئەسلى يوق، يالغان دىگەن.بۇ ھەدىستە ھەججاج، ئىبنى نەسىر، ئەبباد ئىبنى كەسىردەك زەئىپ كىشىلەر بار.

**نەپلە ناماز توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر**

**تەسبىھ نامىزى**

166. مشكاتۇلمەسابىيھدىكى تەسبىھ نامىزى يەنى سۇبھانەللا ۋەلھەمدۇلىللاھ، ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر دىگەن تەسبىھنى 300 قېتىم ئوقۇيدىغان، تۆت رەكئەت ناماز، ھەر جۈمئە ياكى ئايدا ياكى يىلدا ياكى ئۆمرىدە بىر قېتىم ئوقۇيدىغان ناماز توغرىسىدا ئەبۇلپەرەج يالغان دىگەن. ئەھمەدئىبنى ھەمبەل بىلەن يەھيا ئىبنى مەئىين بۇنىڭ ئەسلى يوق دىگەن، ئىبنى جەۋزى يالغان ھەدىسلەر قاتارىدا تىزغان، بەزىلەر بۇ ھەدىس ھەسەن دىگەن، يالغان دىگەنلەرنى ئەيىبلىگەن. مۇھەممەد تاھىر مانا بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئەڭ راست، توغرا، مۆتىدىل تۇرۇپ، ھەق گەپ قىلغاندا، بۇ ھەدىس زەئىپ، بارلىق يوللىرى زەئىپ دىگەن. توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. قاتتىق زەئىپ بولمىسا ئىسلام دىنىغا زىيان سالمىسا، بىدئەت بولمىسا، پەزىلەت ئەمەللىرىدە زەئىپ ھەدىسكە ئەمەل قىلسا بولىدۇ، بۇخىل ھەدىس، كۆزقاراش، رەئىيدىن ياخشى دىگەنلەرمۇ بار، لېكىن، ئەقىيدىگە دەلىل قىلىنمايدۇ، ھەم مۇقىم ئىسپاتلانمايدۇ،شۇئەنىقكى بۇنامازنى رەسۇلۇللاھ دىمىگەن دەيمىز.

## ھەپتىلىك ناماز

167. مۇختەسەر دىگەن كىتابدا، ھەپتىلىك نەپلە، ۋىردە ۋەزىپە،

نامازلار توغرىسىدا ھېچ بىر ھەدىس ياكى ئەسەر، سەھىھ ئەمەس دېگەن.
جۈمئە كۈنى 12 رەكئەت نامازنى سۈرە ئىخلاسنى 10 مەررىدىن ئوقۇپ، ئوقۇيدىغان ناماز توغرىسىدىكى ھەدىس باتىل، ئەسلى يوق، شۇنداقلا، 10 رەكئەت نامازنى ھەربىر رەكئەتكە سۈرە ئىخلاسنى، سۈرە فەلەق، ناسنى ئوقۇپ، ئوقۇيدىغان ناماز باتىلدۇر.

168. شۇنىڭدەك ئىككى رەكئەت نامازنى سۈرە زىلزالنى 15 قېتىم قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدىغان ناماز توغرىسىدىكى خەۋەرلەر پۈتۈنلەي باتىل، بەزىسى تېخى 50 قېتىم دەيدۇ، ھەممىسى مۇنكەر، باتىل.

169. جۈمئە كۈنىدىكى ئىككى رەكئەت، تۆت، سەككىز، 12 رەكئەت دېگەن نامازلارنىڭ قىلچە ئاساسى، ئەسلى يوق، جۈمئە دېگەن سۈرە ئىخلاسنى 50 قېتىم ئوقۇپ، تۆت رەكئەت ئوقۇلۇشى كېرەك دېگەن بۇ سوز بىدئەتچى، ئازغۇننىڭ يالغان سۆزىدۇر.

170. كىمكى، جۈمە كۈنى ئىككى رەكئەت نامازنى سۈرە زىلزالنى 15 قېتىم ئوقۇپ ئوقۇسا، ئازابى قەبرىدىن قىيامەت قورقۇنچىدىن ئەمىن، خاتىرجەم بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى لالەئى دېگەن كىتابدا سۇيۇتى مۇنكەر دېگەن.

171. جۈمئە نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت نامازنى تۇنجى رەكئەتكە ئايەتۇلكۇرسىنى بىر، سۈرە فەلەقنى 25 قېتىم ئوقۇپ، ئىككىنجى رەكئەتكە سۈرە ئىخلاسنى بىر، سۈرە ناسنى 25 قېتىم قىرائەت قىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغان كىشى، چۈشىدە رەببىنى (ئاللاھ)نى كۆرمەي ھەرگىز ئۆلۈپ كەتمەيدۇ دېگەن بۇ ھەدىس شەكسىز يالغان!

172. جۈمئە كۈنى تۆت رەكئەت نامازنى ھەربىر رەكئەتكە سۈرە ئىخلاسنى 100 قېتىمدىن ئوقۇپ ئادا قىلسا، جۈمئەنىڭ ھەققىنى خۇددى ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەر، ئەرشنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغاندەك، ئادا قىلغان بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان. بۇنى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد توقۇغان.

173. شەنبە كۈنىدىكى ئايەتۇلكۇرسىنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدىغان ناماز، تۆت رەكئەت ناماز، سۈرە كافىرۇننى ئوقۇيدىغان تۆت رەكئەت ناماز، 12 رەكئەت ناماز ھەدىسى، سۈرە ئىخلاسنى 50 قېتىم قىرائەت قىلىدىغان تۆت رەكئەت ناماز، ئامانە ررەسۇل يەنى سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرقى ئايەتنى قىرائەت قىلىدىغان تۆت رەكئەت ناماز ھەممىسى يالغان، ئالىملار بىردەك يالغان دېگەن.

174. دۈشەنبە كۈنىدىكى ئامەنە ررەسۇلنى چاھار قۇل سەلاسە قۇللارنى قىرائەت قىلىدىغان ناماز ھەدىسى يالغاندۇر.

175. دۈشەمبە كۈنىدىكى تۆت رەكئەت نامازنى سۈرە ئىخلاسنى، بىرىنچى رەكئەتكە 10، ئىككىنچى رەكئەتكە 20، ئۈچىنچى رەكئەتكە 30، تۆتىنچى رەكئەتكە 40 قېتىم قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدىغان ھاجەت نامىزى يالغان. مۇنكەر ھەدىستۇر.

176. پەيشەمبە كۈنىدىكى ئايەتۇلكۇرسىنى، سۈرە ئىخلاسنى، سۈرە فەلەق، سۈرە ناسنى قىرائەت قىلىپ ئاتا ــ ئانىسىغا مەغپىرەت سوراش ھەدىسى يالغان، مۇنكەردۇر.

خۇلاسە كالام شۇكى، بۇ ھەپتىلىك ئىبادەت ناماز توغرىسىدا بىز يۇقىرىدا دىگەندەك سەھىھ بىرمۇ ھەدىس يوق، ھەممىسى يالغان ياكى زەئىپ بولۇپ، بىز پەقەت قۇرئان سەھىھ، ئىشەنچىلىك ھەدىسلەرگە تايىنىمىز. چەكلەنگەن ۋاقىتتىن باشقا چاغدا ئۇنى بۇنى شەرىت قىلىۋالماي قانداق نەپلى ناماز ئوقۇسا بولىدۇ، لېكىن بۇ نەپلە سۈننەتلەرنى چوقۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ئاياللىرى ياكى ساھابە، تابىئىنلار قىلغان بولۇشى لازىم. چۈنكى، دىننى، ساۋابىنى، پەزىلەت، مەرتىبىنى ئۇلار سىز بىزدىن بەكىرەك چۈشىنىدۇ، ھەم ئەمەل قىلغانىراق بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ ئۈلگىمىز، مەسىلەن: مەسجىدكە كىرگەن ھامان ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش بۇ سۈننەت.

177. ئاشۇرا كۈنى يەنى مۇھەررەم ئاينىڭ 10 ــ كۈنى پىشىن نامىزىدىن كېيىن، ئايەتۇلكۇرسى، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناسلارنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدىغان 40 رەكئەت ناماز ھەدىسى يالغان بولۇپ، بۇ ئاشۇرا كۈنىدىكى كۆپىنچە بىدئەتلەرنى راۋاپىز مەزھىپى توقۇپ چىققان كاززاپلىقتۇر.

178. ئاشۇ كۈنى سۈرە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە ئىخلاسنى 50 قېتىم

ئوقۇيدىغان ناماز ھەدىسى يالغان.

179. رەجەپ ئاينىڭ تۇنجى كېچىسى (ئۇيغۇرلار دۇئا ئاي دەپ ئاتايدۇ)، سۈرە ئىخلاس بىلەن 20 رەكئەت ناماز ئوقۇش يالغان ھەدىس.

180. رەجەپ ئېيىدىكى بىرەر كۈندە رامىزان بىلەن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش، باشتا ئايەتۇلكۇرسىنى 100 قېتىم ئاخىرىغا سۈرە ئىخلاسنى 100 قېتىم ئوقۇش ھەدىسى پەقەتلا يالغاندۇر.

181. رەجەپ ئېيىنىڭ 14 ـ كېچىسى، تۈنەش، سۈرە ئىخلاسنى 20 قېتىم، سۈرە فەلەق، سۈرە ناسنى ئۈچ قېتىم ئوقۇيدىغان ناماز يەنى 14 رەكئەت ناماز توغرىسىدىكى ھەدىس يالغان.

182. رەجەپنىڭ 27 ـ كېچىسىدىكى ناماز ھەدىسىمۇ ئەبۇ مۇسا دىينىينىڭ قاتتىق مۇنكەر ھەدىسىدۇر.

183. رەغائىيب كېچىسى دىگەن بىر قىزىقتۇرۇش، تەرغىپ قىلىش نامىزى، ئىبادەتلىرى بار ئىكەن، بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدا يوق، باشقا مىللەت، باشقا مۇسۇلمانلاردا بولغان بىدئەت بولسىمۇ، ئالىملار مەخسۇس توختالغاچقا، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يېزىپ قويدۇم، بۇ ئىسىم بىلەن كەلگەن كېچىدىكى تۈنەش، نامازلار پۈتۈنلەي يالغان، بىدئەت زالالەتكەن، شۇ كېچە شامدىن 12 رەكئەت ناماز بارمىش، بەزىلەر بۇنى جۈمئە كۈنى قىلارمىش، ئالىملار بۇنداق جۈمئە كۈنگە خاسلاپ بىدئەت ئىشنى قىلماڭلار دەپ بىدئەتتىن توسۇپ كەلگەن ئىكەن، بۇ بىدئەتكە

ئاساس سالغۇچىغا ئاللاھنىڭ لەنىتىنى سوراپ كەلگەن، بۇ بىدئەت ھىجرىيە 184 _ يىلدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بارلىق ئالىملار بۇنى يالغان، بىدئەت، زالالەت دەپ ئىلان قىلغان. ئەمما، بىر قىسىم مەزھەپلەر قىلىپ كەلمەكتە.

## كىشىلەر بارات دەپ ئاتايدىغان شەئباننىڭ يەنى رامىزان ئېيىنىڭ ئالدىدىكى ئاينىڭ 15ى توغرىسىدا، شۇ كۈنى ئوت قالاپ تۈنەش، ئەر _ ئاياللار يىغىلىش ۋە باشقا مۇنكەر، بىدئەت توغرىسىدىكى، رامىزان ئاخىرلاشقان كېچە، ئارپات كېچىسى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

### شەئبان توغرىسىدا

184. شەئباننىڭ يېرىمىدا يەنى 15 ـ كېچىدىكى ناماز ھەدىسى باتىل.

185. شەئباننىڭ يەنى بارات ياكى ھوشور ئىيى دىۋالىدىغان ئاينىڭ 15 _ كېچىسى ئوقۇيدىغان 100 رەكئەت ناماز، ھەربىر رەكئەتكە سۈرە ئىخلاس 10 قېتىم ئوقۇلىدىغان بۇ نامازنىڭ ھەدىسى يالغاندۇر، ھەدىسلىرى نامەلۇم، مەھال يەنى مۇمكىن ئەمەستۇر.

186. بۇ كېچىدىكى سۈرە ئىخلاسنى 30 قېتىم ئوقۇيدىغان 12 رەكئەت نامازمۇ يالغان.

www.uyghurkitap.com

بۇ كۈندىكى، بۇ كېچىدىكى ناماز ئىبادەتلەر يالغان ياكى زەئىپ، مەسىلەن: ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان تىرمىزى خاتىرىلىگەن بىر ھەدىستە، مۇشۇ ئاينىڭ 15دە رەبتائالا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ، كەلىب قەبىلىسىنىڭ قويلىرىنىڭ يۇڭ، تۈكلىرى بارابىرىدە كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ. دوۋزاخدىن قۇتقۇزىدۇ دىگەن بار بولۇپ، تىرمىزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى بۇ ھەدىستە ئىككى قېتىم ئۈزۈكلۈك بار، ئىسنادى ئۈزۈلۈك ھەدىس، مۇنقەتىئ دىگەن، بۇ زەئىپ ھەدىس بولۇپ، ئالىملار قاتتىق زەئىپ بولمىسا ئىتىقاد، ئەقىدە مەسىلىسىدە بولمىسا، پەزىلەت ئەمەللەردە ئەمەل قىلسا بولىدۇ دىگەن بولسىمۇ، بۇ ئەمەللەرگە ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى، يەرامىكە دىگەن مەزھەپ كىشىلىرى مۇسۇلمان بولۇشىدىن بۇرۇن ئوتقا چوقۇناتتى، كېيىن ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ، بۇ خىل ئىشلارنى كۆرۈپ ئوت قالاپ ھەرخىل مۇنكەر، بىدئەت ئىشلارنى قىلىپ كەتكەن، بۇنداق خىلمۇ خىل ئۆرپ ــ ئادەت، ھەرخىل بىدئەتلەرنى پەيدا قىلغان بولغاچقا، قەتئىي چەكلەپ كەلدى، زەئىپكىمۇ ئەمەل قىلمىدى، زەئىپ ھەدىس يالغان ھەدىس سەۋەبىدىن بىدئەت بولسا، ياكى بىرەر بىدئەت مۇنكەر ئىشلار قوللانسا، ئېتراپ قىلىنسا، زەئىپكە قەتئىي ئەمەل قىلماسلىق.

## ئىككى ھېيت ۋە ئەراپات كۈنى توغرىسىدا

187. روزا ھېيت نامىزىدىن كېيىن 12 رەكئەت ناماز ئوقۇش، قۇربان ھېيت نامىزىدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇش، توغرىسىدىكى

سۆزلەرنىڭ قىلچە ئاساسى، ئەسلى مەنبەسى يوق بولۇپ، سەھىھ ھەدىسلەردە دەل ئەكسىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن قەتئىي ناماز ئوقۇمىغان.

188. روزا ھېيت كېچىسى سۈرە ئىخلاسنى 10 قېتىمدىن ئوقۇپ ئوقۇيدىغان 100 رەكئەت ناماز ھەدىسى يالغاندۇر.

189. روزا ھېيت نامىزىدىن كېيىن سۈرە ئەئلا، سۈرە شەمس، سۈرە زۇھا، سۈرە ئىخلاسنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدىغان تۆت رەكئەت ناماز ھەدىسى يالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىسنادىدا ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەددەك ھەدىسنى سۆزلەش، ھالال بولمىغان كاززاپ باردۇر.

190. قۇربانلىق كېچىسى سۈرە فاتىھە، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناسلارنى ھەربىرىنى 15 قېتىمدىن قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت ناماز ھەدىسى يالغان، راۋىيسى كاززاپتۇر.

191. ئەتە قۇرئان ھېيت بولىدۇ دەيدىغان ئەراپات كۈنى، پىشىن نامىزىدىن كېيىن، تۆت رەكئەت نامىزىنى سۈرە ئىخلاسنى 50 قېتىم قىرائەت قىلىپ ئوقۇش، سۈرە فاتىھەنى بىسمىللانى ئۈچ قېتىم دەپ سۈرە كافىرۇننى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ، سۈرە ئىخلاسنى بىسمىللا بىلەن بىرگە 100 قېتىم ئوقۇپ ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت نامازلار پۈتۈنلەي يالغانچى كاززاپنىڭ ئىشىدۇر.

192. كىم ھېيت كېچىسى ئالتە رەكئەت نامازنى ئوقۇسا، دوۋزاخقا لايىق بولغان بارلىق ئەھلى بەيتىگە شاپائەت قىلالايدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان

بولۇپ، بۇنى ئىسمائىل كاززاپ توقۇپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## سۈننەت نامازلار، ۋىتىر، تەھەججۇد، ئىشراق نامىزى، زوھا، ئىستىخار، ئۆيگە كىرىش نامازلىرى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

### ئىشراق

193. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن كۈن چىققىچە ئىتكاپ قىلىپ، ئاندىن تۆت رەكئەت نامازنى بىرىنچى رەكئەتكە ئايەتۇلكۇرسىنى، ئىككىنچى رەكئەتكە سۈرە ئىخلاسنى، ئۈچىنچى رەكئەتكە سۈرە شەمسىنى، تۆتىنچى رەكئەتكە سۈرە تارىق، ئايەتۇلكۇرسىنى 3 قېتىم، سۈرە ئىخلاسنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ ئادا قىلسا، ئانداق، مانداق دىگەن ھەدىس يالغان. بۇنى نوھ ئىبنى ئەبى مەريەم دىگەن مەشھۇر يالغانچى كازراپ توقۇپ چىققان.

194. بامداتنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ ئاندىن كۈن چىققىچە ئاللاھنى ئەسلەپ ئولتۇرسا، كۈن چىققاندا ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئانداق، مانداق نەرسە بېرىدۇ دىگەن ھەدىسنى بەزىلەر، زەئىپ قاتتىق زەئىپ دىگەن بولسىمۇ، بۇ ھەدىسنى«سىقە» ئىشەنچىلىك، ئىتماتلىق كىشىدىن كازراپلار تۆھمەت چاپلاپ سۆزلىشۋەتكەن. ئەمما، مەسجىددە كۈن چىققىچە زىكرى بىلەن ئولتۇرۇش دۇرۇس بولسىمۇ، دىنىي خىزمەت قىلىش لازىم، سوپىلارنى دورىماي خىزمەت

قىلىنىدۇ.

195. شامدىن كېيىن سۈرە فاتىھەنى، سۈرە ئىخلاسنى 15 قېتىم ئوقۇپ، ئوقۇيدىغان ئىككى رەكئەت ناماز ۋە ساۋابى ئاندىن، ماندىن دىگەن ھەدىس يالغان، بۇنى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى يالغان دىگەن، ئەمما بۇنداق سۈرە ئىخلاسنى 15 ياكى باشقا شەرت قويماي خالىسانە ئاللاھ رازىلىقىدا شامدىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇش دۇرۇس، تىرمىزىيدا بۇ توغرىسىدا زەئىپ ۋە غەرىيپ يەنى راۋىيسى باشتىن ئاخىرى بىرلا بولغان ھەدىس بار، ئەمما، سۈرە ئىخلاس، سانى، ساۋابى، شەرت يوق.

196. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن سۈرە ئىخلاسنى 20 قېتىم ئوقۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ھەدىسى يالغان. چۈنكى، ئەبۇ سۇلايمان كاززاپ باردۇر.

197. كىمكى پېشىن نامىزىدىن بۇرۇنقى تۆت رەكئەت سۈننەتنى دائىم ئوقۇمىسا، ئۇنىڭغا شاپائىتىم يەتمەيدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋى ئەسلى يوق، ئاساسى يوق، دىگەن، تۆت رەكئەت سۈننەت ناماز بار، لېكىن بۇ ھەدىس يالغان.

198. كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ۋىتىر نامازنى ئوقۇش، شەيتاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ، روزا تۇتقاندا زوھۇرلۇق يېيىش، رەھماننى رازى قىلىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەبان ئىبنى جەئپەر بەسرىلىك كىشى يالغاندىن توقۇغان بولۇپ، بۇ كىشى، ئەبۇ ھەنىيفە سۆزلەپ باقمىغان

300دىن ئارتۇق ھەدىسنى ئەبۇ ھەنىيفەگە تۆھمەت چاپلاپ يالغاندىن توقۇپ سۆزلىگەن، بۇ سۆزنى ئىمام سۇيۇتى لالەئى دېگەن كىتابىدا يازغان.

199. كېچە قاراڭغۇسىدا چاھارقۇلنى يەنى قۇل دېگەن سۆز بىلەن باشلىنىدىغان سۈرە ئىخلاسلارنى ئوقۇپ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش ھەدىسى يالغان.

200. كېچىدە نامازنى كۆپ ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈزى نۇرلىنىپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن. باشقىلارنىڭ سۆزىنى ھەدىس دەپ يېزىۋالغان ئىكەن.

201. مۆئمىننىڭ ئۇلۇغلۇقى كېچىسى قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئىززىتى بولسا، كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇش بىلەن بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن، بۇ، ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەرگە زىتتۇر.

202. شامدىن كېيىن 20 رەكئەت نامازنى ھەربىر رەكئەتكە سۈرە ئىخلاسنى 40 قېتىمدىن قىرائەت قىلىپ ئوقۇش توغرىسىدىكى ھەدىس سەھىھ ئەمەس.

203. زوھا نامىزىنى ئۈزمەي ئوقۇغان كىشى، يېشىل نۇر ئىچىدە نۇردىن بولغان دېڭىز ئىچىدە بولىدۇ، ھەتتا، رەببىنى كۆرگەنگە قەدەر دېگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، جىننىڭ قەستىگە ئۇچراپ كەتكەن، جىنكەشلەر دېگەن بولۇشى مۇمكىن، بىر قىسىم ئەخمەقلەر ئىبلىسنىڭ ئەرشىگە دېڭىزنىغا بارىدۇ ــ دە، مەن ئەرشىگە چىقتىم دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە،

سەھەر ھەدىستە ئىككى رەكئەت زوھا نامىزى خاتىرلەنگەن، لېكىن ئانداق مۇنداق ساۋابلار، جازا، ئازابلار سۆزلەنمىگەن.

204. كىم زوھا نامىزىنى جۈمئە كۈنى تۆت رەكئەت ئوقۇسا، ھەربىر رەكئەتكە سۈرە فاتىھەنى تۆت، چاھار قۇلنى 10 قېتىم ئوقۇسا مانداق، ئانداق ساۋابلار بار، ئۇ كىشى تۇغماس بولسا، ئاللاھ سالىھ بالا ئاتا قىلىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر.

205. كىم زوھا نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە بىر مىليون ياخشىلىق يازىدۇ دېگەن ھەدىسنى نۇھ ئىبنى ئەبى مەريەم دېگەن كاززاپ توقۇغان.

206. شۇنىڭدەك ئىككى رەكئەت زوھا نامىزىغا 200 ياخشىلىق 200 دەرىجە، 200 يامانلىق ئۆچۈش، بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت بولۇشلار يالغاندۇر. ئىبنى ھەجەر بۇ كاززاپىنىڭ سۆزى دېگەن.

## ھاجەت نامىزى توغرىسىدا

207. ھاجەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن رامىزان تۇتۇپ، سەدىقە قىلىپ، ئاندىن جۈمئە كۈنى جامە مەسجىدىدە 12 رەكئەت نامازنى، ئانداق، مانداق سۈرىلەرنى ئوقۇپ ئوقۇش توغرىسىدىكى ھەدىس قەتئىي يالغاندۇر، بۇنىڭدا ئەبان ئىبنى ئەياس بولۇپ، ھەدىسلىرى مەترۇك ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىسىدا ھاكىم مۇستەدرەكتىمۇ يالغان ھەدىس بولۇپ، ئۇنىڭ راۋىيسى ھەدىس سۆزلىگۈچى ئەمرۇبنى ھارۇن دېگەن كاززاپ

www.uyghurkitap.com

ئىكەن، ئىككى سەجدە ئارىسىدا سۈرە فاتىھەنى، ئايەتۇلكۇرسىنى، مانچە ئوقۇيدۇ دىگەندەك يالغان ھەدىسلەر بار ئىكەن.

208. بۇ توغرىسىدا خەلق ئارىسىدىمۇ ھاجەتنى ھەرخىل ئادا قىلىشلار، سىھرى كىتابلارغا ئىشىنىش، ئەپسانە رىۋايەت، ھەرخىل ئۆرپ ـ ئادەت، ھەرخىل مىللەت، دىن، مەزھەپ، ئەقىدىلىرىگە ئىشىنىشلەر كۆپ بولۇپ، ھەممىسى خۇراپات، بىدئەت، يالغان، ئەپسانە سۆزلەردۇر. ھاجەتنى بىر ئاللاھ ئۆزى ئادا قىلىدۇ. بىز يا كەسىپ، تىجارەت بىلەن كېسەل بولسا، داۋالاش بىلەن ئۇنداق ئامالدا ساقايمىسا، كىتابەت يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، ئايەت، ھەدىستە كۆرسەتكەندەك ئوقۇش، داۋالاش بىلەن ھاجەتنى ئاداقىلىمىز، ئىبادەتنى بۇ دۇنيانى بىرەر ھاجەتنى دەپ قىلىپ كەتمەيمىز. بىر ئاللاھ، ئاخىرەت، ئاللاھنىڭ جامالى، جەننەت ئۈچۈن قىلىمىز، ساقايمىساق، تەقدىر ئاللاھنىڭ پۈتكىنى شۇ ئىكەن دەيمىز. قالايمىقان ھاجەتنى مەخلۇققا تاشلاپ، شىرىك كەلتۈرمەيمىز، بىدئەتچى خۇراپىيلاشمايمىز. قۇرئان، سەھىھ ھەدىس ھېساب، باشقىسى بىكار، چۆرىۋەت ياناساقايمىساڭ ﷲ دەپلا ئۆل.

## تۆۋبە نامىزى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشىدە كۆرۈش، قۇرئان يادىلاش، قەرزنى تۆلەش، بالىلارنى، ماللارنى ساقلاش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

209. دۈشەنبە كۈنى، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، 12 رەكئەت نامازنى سۈرە كافىرۇننى بىر، سۈرە ئىخلاسنى 10 قېتىم ئوقۇپ، تۆت رەكئەتنى ئوقۇپ ئاندىن سەجدىدە تۇرۇپ ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئولتۇرۇپ مەغپىرەت سورايدۇ، 100 قېتىم ئىستىغفار ئوقۇيدۇ، شۇ كۈنى رامىزان تۇتىدۇ. ئېتاردىن كېيىن يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ، بۇ نامازغا سۈرە ئىخلاسنى 15 قېتىمدىن ئوقۇيدۇ، ئاندىن دۇئا قىلىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتى تەپسىر جەلالىيىننىڭ، دۇررۇلمەنسۇرنىڭ، جامئۇسسەغىير دېگەن ھەدىس كىتابىنىڭ، ئەسبابۇننوزۇلولئايەت دېگەن كىتابلارنىڭ ئاپتورى مۇسەننىپى مۇھەددىس ئالىم، قەتئىي يالغان دېگەن، بىز بۇ كىشىگە ئىشىنىمىز.

210. شۇنىڭدەك، جۈمئە كۈنى كېچىسى سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ھەر رەكئەتكە سۈرە ئىخلاسنى 25 ئوقۇسا، سالامدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە 1000 قېتىم دۇرۇت ئوقۇسا، گەرچە ئۇ 200 يىللىق نامازنى تەرك ئەتسىمۇ گۇناھلىرى كاپارەت قىلىنىدۇ. شۇ كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشىدە كۆرىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇنى راست دەپ سۆزلىگۈچىمۇ

ئىماندىن ئاجراپ كاپىر بولغۇدەك.

211. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشىدە كۆرۈش توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئارىسىدا ئىبنى ئۇككاش دىگەن كاززاپ بار ئىكەن، ھەرگىز ئىشەنمەڭ.

212. قۇرئاننى يادىلاش توغرىسىدا ئى ئەلى، جۈمئە كۈنى كېچىسى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، بىرىنچى رەكئەتكە سۈرە ياسىننى، ئىككىنچى رەكئەتكە ھام مىم دوخاننى، ئۈچىنچى رەكئەتكە الم سەجدىنى، تۆتىنچى رەكئەتكە سۈرە مۈلۈك، تەبارەكنى ئوقۇ، ئاندىن ئانداق قىل، مانداق قىل، مۇنداق دۇئا قىل دىگەن ھەدىسنى دارقۇتنى خاتىرلىگەن بولۇپ، سەھىھى ئەمەس، مەترۇك، يەنى راۋىيسىدا كاززاپ بار، مەجرۇھ كىشى بار، ئىشەنچ يوق.

213. ئى ئىبنى ئاباس، ماڭا جىبرىئىل ئۆگىتىپ قويغان بىر ئىلىمنى ساڭا ھەدىيە قىلمايمۇ، ئۇ بولسىمۇ سەن قەغەزگە سۈرە فاتىھەنى، سۈرە ئىخلاسنى، سۈرە ياسىن، سۈرە ۋاقىئە، سۈرە جۈمئەت، سۈرە مۈلۈكلەرنى يازغىن، ئاندىن ئۈستىگە زەمزەم سۈيىنى قويغىن، قەلەم سىيارىنىڭ زەئپىران بولسۇن، زەمزەم تاپالمىساڭ ئاسمان سۈيى، قار، يامغۇر قويۇپ، سەھەردە ئىچىپ بەرگىن، شىكەر، ھەسەل ۋاھاكازالارنى قوشۇپ ئىچ، ئىچىپ بولۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، ھەربىر رەكئەتكە سۈرە ئىخلاسنى 100 قېتىمدىن ئوقۇغىن، ئاندىن رەمىزان تۇت، شۇنىڭ بىلەن

سەن مۇرەتتەپ قارى بولۇپ كېتسەن، قۇرئان ساڭا پۈتۈنلەي يادا بولۇپ كېتىدۇ، شەرتى شۇكى بۇ 60 ياشتىن تۆۋەن كىشىلەرگە مەنسۇپ دىگەن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىز بۇ ئىشنى پايدىلىق تاپتۇق دىگەن. بۇ ھەدىس رۇشەن يالغان بولۇپ، باشقا كاززاپلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يالغاننى توقۇغان، ھەممە كىشىلەر، ساھابىلەر، تابىئىنلار، كېيىنكىلەر قۇرئاننى قىينىلىپ يادا ئالغانتۇرسا.

ئوقۇمىسا، ئىلىم نەدىن كېلىپ قالىدۇ. ئىسلام دىنى بۇنداق خۇراپىي، بىدئەت سۆزگە پىسەنت قىلماي، ياخشى ئوقۇشنى، تىرىشىشنى بۇيرۇيدۇ، بۇنداق يالغان سۆزلەر قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىسلەرگە زىتتۇر.

ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر دىمىدە قىلىش، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلەر بۇيرۇغاندەك ئەمەس، ئۆزى خالاپ، ياكى يالغان سۆزگە ئىشىنىپ ھەرخىل ئىشلار بىلەن دىمىدە قىلىش، قەغەزگە، خىمىرغا، يېمەكلىكلەرگە خەت يېزىپ ئۇلتۇرۇش، تۇمار يېزىش قاتارلىق خۇراپىي بىدئەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ، ھەممىسى يالغان، بىدئەت، خۇراپاتلىق، پەقەت قۇرئان ھەدىس، ساھابىلەر، تابىئىنلار ئىجماسى ھېساب، باشقىسىنى چۆرىۋەت، ئەمەل قىلما، ئىشەنمە، سەن ئاللاھقا ئىشەن، ئىسلام دىنىغا ئىشەن.

214. ئاتا ـ ئانىسىنى، باللىرىنى، ماللىرنى، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن سۈرە ئىخلاس بىلەن 20 رەكئەت ناماز ئوقۇش قەتئىي يالغان.

215. ماڭا جىبرىئىل شۇنداق ئۆگەتتىكى كىمنىڭ قەرزى بولۇپ قالسا، كۈن قايرىلغاندا، تاھارەت ئېلىپ، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ھەربىر رەكئەتكە سۈرە فاتىھەنى، سۈرە ئىخلاسنى، ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇسۇن، سالام بەرگەندىن كېيىن ئاللاھۇممە مالىكەلمۇلىك دىگەن ئايەتنى بىغەير ھېساب دىگەن يەرگىچە ئوقۇسۇن، ئىككى ئالەملىك رەھىم قىلغۇچى، قەرزىمنى تۆلىگەنتىپ قويسىلا دەپ توۋلاپ دۇئا قىلسۇن، ۋاھاكازالار ھەممىسى يالغان. بۇنى نەبىيت ئىبنى شەرىيت دىگەن كاززاپ توقۇغان، بىز مۇسۇلمانلار قەرزنى ئىشلەپ، پۇل تېپىپ تۆلىگىتىمىز، ئاللاھ بەرسە تۆلىگىتىمىز. بولمىسا قەرز تۇرىۋېرىدۇ. بۇنداق خۇراپات، ئەپسانە، يالغان سۆزگە ئىشەنمەيمىز.

مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ باي بولۇش ئۈچۈن كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن، تىجارەتلىرى ئوبدان ئاقسۇن ئۈچۈن دۇكانلىرىغا كۆپلەپ خېرىدار كىرسۇن ئۈچۈن، ئېتىبزلاردىن مول ــ ھوسۇل، كۆپلەپ چىقسۇن ئۈچۈن، سەپەردە ئەمىن بولۇش ئۈچۈن، كېسەل بولماسلىق ئۈچۈن، جىندىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇ ئۈچۈن باخشىلىق ئۈچۈن، ئىش قىلىپ، ساناپ تۈگەتكىلى بولماس ئىشلار ئۈچۈن ھەرخىل ئەپسانە، ھېكايە خۇراپات، بىدئەت، يالغان ئىشلارنى قىلغىنىنى، ئۆزىنى گوللاپ ئاۋارە قىلغىنىنى كۆردۈم. ئەمەلىيەتتە قىلچە پايدىسى يوق، بەلكى، بىدئەتنى قىلغانغا، يالغانغا ئىشەنگەنگە، يامانغا ئاساس سالغانغا،



كىتاب نۇر بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جازاسىنى تارتقىنىنى كۆردۇم. ياكى ئاخىرەتتە تارتىدۇ، ئاللاھ بىزلەرنى بۇنداق يالغان ئەپسانە خۇراپات بىدئەتلەردىن ساقلىسۇن ئامىن!!!

## بىر قىسىم سەجدىلەر ۋە ۋىتىر نامىزىدىن كېيىنكى سەجدە توغرىسىدا

216. بەزى رىساللەردە ئەبۇ سەئىدنىڭ تەتىممەت دېگەن كىتابىدا بىر قىسىم كىشىلەر نامازدىن كېيىن سەجدە قىلىش ئادىتى بولۇپ، دۇئا قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئەسلى يوق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ساھابىلەردىن بىرەر خەۋەر، ئەسەر يوق، بۇ ئوچۇقلا بىدئەت دېگەن، سۆزى خاتىرلەنگەن.

ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاھۇ بۇ سەجدىنىڭ ئاساسى يوق، ئەسلى ھەم يوق دېگەن، خۇلاسە بۇنداق سەجدە بىدئەتتۇر.

217. ۋىتىر نامىزىدىن كېيىنكى سەجدە قىلىش يەنى ناماز ئەمەس، پەقەت سەجدە قىلىش ھەدىسى يالغان بولۇپ بىدئەتتۇر.

## مەخپى ۋە جەھرى زىكرى ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى، كىلمە تەۋھىد بارماقتا تەسبىھ ئېيتىش، زىكرى بىلەن ئولتۇرۇش، ئېيتار زىكرىسى، بازارلارغا بارغاندا دېگەندەك توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

218. ئىمام سۇيۇتى لالەئى دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر قىسسىنى يازىدۇ، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل بىلەن يەھيا ئىبنى مەئىين

www.uyghurkitap.com

رەھمەھۇللا رەساپە مەسجىدىدە ناماز ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا جامائەت ئالدىدا بىر تارىخچى، قىسسە سۆزلەشكە باشلايدۇ، ئۇ سۆزىنى ماڭا ئەھمەد بىلەن يەھيا ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپتىكەن، ھەرقانداق بىر كىشى لائىلاھە ئىللەللا دىسە، ئاللاھ ھەربىر كەلىمىسىدىن بىر قۇش يارىتىدۇ، ئۇ قۇشنىڭ تۇمشۇقى ئالتۇن دىگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، مۇشۇنداق يالغان ئەپسانىدىن 20 ۋاراق ئوقۇپتۇ، ئەھمەد يەھياغا يەھيا بولسا، ئەھمەدكە قارىشىپ قاپتۇ، ئەھمەد رەھمەھۇللا يەھياغا سەن راست شۇنداق ھەدىس سۆزلىگەنمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، يەھيا رەھمەھۇللا ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ سۆزلەرنى بۈگۈن ئاڭلىدىم، ھەيرانمەن دەپتۇ. ئۇ كىشى قىسسىدىن بىكار بولغاندا، كىشلەردىن نىسۋە ئېلىپ بولغاندا يەنە بىرەرمىكى دەپ قاراپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا يەھيا بۇياققا كەل دەپ قولىدىن تارتىپتۇ. ئۇ كىشى ماڭا سوۋغا ھەدىيە بىرەرمىكى دەپ ئىتتىك كەپتۇ. ئاندىن يەھيا ئۇنىڭغا ساڭا بۇ ھەدىسنى كىم سۆزلەپ بەردى دەپ سوراپتۇ؟ ئۇ كىشى ماڭا ئەھمەد بىلەن يەھيا سۆزلەپ بەردى دەپتۇ، ئاندىن مانا مەن يەھيا ئىبنى مەئىين ماۋۇ بولسا ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل، بىز بۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ باقمىدۇق، بۇ ئوچۇقلا بۆھتان، تۆھمەت، يالغان سۆز بولدى دەپتۇ. ئۇ كىشى سەنمۇ يەھيامىدىڭ، بۇمۇ ئەھمەدمىدى؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇلار ھەئە شۇنداق دىسە، ئۇ كىشى مەن ئۇزۇندىن بىرى يەھيا ئەخمەق ئادەم دەپ ئاڭلىغان، مانا

بۇگۈن مۇشۇ سائەتتە ئىشەندىم دەپتۇ. يەھيا ئۇنىڭغا قانداق ئىشىنىپ قالدىڭ دېسە، ئۇ سەندەك يەھيادىن بۇنداق ئەھمەددىن دىگەن بۇ دۇنيادا كۆپ، يالغۇز سىلەر بارمىدىڭلار؟ دەپتۇ. مەن دىگەن سىلەردىن باشقا 17 يەھيا ۋە ئەھمەددىن كىتاب يازغان، يالغۇز سىلەرلا مۇھەددىس ئالىم ئەمەس، سىلەردەك كىشىلەردىن دانا، ئالىمراق كىشىلەرمۇ بار دەپ بۇ ئىككى مۇھەددىس ئۆلىمائ، ئۇستازلارنى مەسخىرە ۋە زاڭلىق قىلىپ ئورنىدىن قوپۇپ كېتىپتۇ. ئەھمەد رەھمەھۇللا، يۈزىنى يېڭىدە يېپىۋېلىپ، ئۇنى قويىۋەت، ئۇ كەتسۇن دەپ بىز بۇ يەردىن ئاستا كېتىۋالايلى، دەپ كېتىپ قاپتۇ. مانا بۇ ئوچۇقلا يالغانى، بۆھتاننى توقۇپ، باشقا ئادىل تەقۋا كىشىلەردىن يالغان سۆزلەش بولۇپ، تېخى تەپ تارتماي ئالدىدىمۇ سۆزلەپ يۈرسە، نومۇسمۇ قىلمىسا، يەنە قانچىلىغان كازراپ، يالغانچىلار باردۇر ھە!!! خۇلاسە، مانا بۇ زىكرى توغرىسىدىكى يالغانچىلىق.

219. مىنىڭ زىكرىم ماڭا دۇئا قىلىشدىن مەشغۇل قىلىپ قويغان كىشىگە، دۇئادا سورىغۇچىلارغا بەرگىنىمدىن ئەۋزەلرەكىنى بېرىمەن دىگەن ھەدىسنى ئالىملار يالغان دىگەن، جۇملىدىن ئىبنى جەۋزى يالغان دىگەن. باشقا ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ شاھىدى بار بولۇپ يالغان دىسەك بولمايدۇ دىگەن. مۇشۇنداق ئىختىلاپ قىلىندى، ئەمما، بەزى بىر ھەدىس مۇشۇنداق كىتابلارغا كىرىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن سەھىيلىكى يوقايدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ زىكرى دىگەن زىكرى. دۇئاغا ئايرىم يوليورۇق بار بولۇپ، ھەربىر جاي،

ماكان، زامان، ۋاقىتلاردا ئوقۇشقا لايىق دۇئالار بار. بۇ دۇئالارغا سوپىلاردەك ھەممىسىگە ئاللاھلا دەپ زىكرى ئېيقىلى بولمايدۇ، دۇئاغا دۇئا قىلىش لازىم، زىكرىگە زىكرى، بىرىسى بىرىنىڭ ئورنىنى قەتئىي باسالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار جۈملىدىن ئىمام نەۋەۋى سالىھلار باغچىسىدىن باشقا مەخسۇس زاھىدلارغا ئەزكار نەۋەۋى دىگەن زىكرىلەر ۋە دۇئالار توپلىمىنى يازغان، ھازىر ئالىملار ھىسنولمۇسلىم دىگەن دۇئالار توپلىمىنى يازدى، ھەتتا تەرجىمىمۇ قىلىندى، شۇڭا، دۇئا ئايرىم ئىبادەت دىمەكچى.

220. لائىلاھە ئىللەللا مىنىڭ كەلىمەم، كىمكى ئۇنى دىسە، جەننىتىمگە كىرگۈزىمەن، مەن جەننەتكە كىرگۈزگەن كىشى ئەمىن بولىدۇ، قۇرئان مىنىڭ كالامىم، ئۇ مەندىن چىقتى دىگەن بۇ ھەدىس يالغا ھەدىس قۇددۇستۇر، دىمەك، ھەدىس قۇددۇسنىڭمۇ يەنى ئاللاھ مۇنداق دىدى دىگەن ھەدىسنىڭمۇ يالغىنى بار ئىكەن. ئىنسانلار خۇددى يەھۇدى، ناسارالاردەك ئۆز ئېتىقاد ئەقدىسى بويىچە سۆزلەرنى دەپلا، ئاندىن ئاللاھ مۇنداق دىگەن، بۇ دىگەن ئاللاھنىڭ سۆزى، كىتابۇللادا مۇنداق دەپ بار دەپ نومۇس قىلماي، قىلچە ئاللاھدىن قورقماي، يالغاننى توقۇدى، توغرا، قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى، لېكىن، مەندىن چىقتى دىگەن سۆز بۆھتان بولۇپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىسىدا سۆز قىلمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شۇئار كەلىمىسىنى دەپلا قويسا ئىش پۈتمەيدۇ، بۇ دەسلەپكى 13 يىللىق ھۆكۈم ئىدى، ئاندىن نۇرغۇن پەرزلەر چۈشتى، ئىسلام دىنى بەش نەرسە

ئۆستىگە قۇرۇلدى، ئىمان بولسا، 70 نەچچە شاخ بولدى.

221. كىم بازارغا كىرگەندە سۇبھانالل ۋەلھەمدۇلىللا ۋەلا ئىلاھە ئىللەللا ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇنى بىيەدىھىلخەير ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير دىگەن يەرگىچە دىسە ئۇ كىشىگە ئاللاھ ياراتقان بارلىق مەخلۇقاتلار سانىنىڭ بارابىرىدە قىيامەت كۈنىگىچە ساۋاب بولۇپ تۇرىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد توقۇغان، يالغان ھەدىستۇر، ئىشەنمىسىڭىز تەكشۈرۈڭ.

222. پادىشاھلار ، زىكرىدىكى پەزىلەتنى، كارامەتنى بىلسە، پادىشاھلىقنى تاشلاپ زاكىر بولۇۋالاتتى، تىجارەتچىلەر بىلسە، تىجارىتىنى تاشلايتتى، ئەگەر بىر تەسبىھنىڭ ساۋابى پۈتۈن زىمىن ئەھلىگە تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بۇ دۇنيادەك ئون ھەسسە مۇكاپات تىگەتتى دىگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇنى ئەبۇ داۋۇد نەفئى دىگەن كاززاپ توقۇغان، ئۇ سوپى ئوخشايدۇ.

223. شاھادەت كەلىمىسىنىڭ ئۇلۇغ ۋە قاتتىقلىقىدىن ئىككى لەۋ بىر ـ بىرىگە تېگىشمەيدۇ، سۆزىڭلارنىڭ باش ئاخىرىدا تەۋھىد كەلىمىسىنى كۆپ سۆزلەڭلار دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىدا قاراڭغۇلۇق كۆپ بولۇپ، تۆت دانە كاززاپ بار ئىكەن.

224. كىم لائىلاھە ئىللەللانى سوزۇپ دىسە، ئۇنىڭ 4000 گۇناھى كەبرىسى يوققا چىقىدۇ دىگەن، بۇ يالغان ھەدىسنى نۇئەيم كاززاپ

توقۇغان، ھەدىسنى ئىسناد، راۋى، خاتىرلىگۈچى، سۆزلىگۈچى، مەتنە، مەنىسىگە قاراپ تەكشۈرۈلىدۇ.

225. زىكرى دىگەن، ئاللاھ تەرەپىدىن كەلگەن، شۈكرى ئاللاھقا، شۈكرىنى ئادا قىلىڭلار دىگەن يالغان ھەدىسنى نەبىيت ئىبنى شەرىت كاززاپ توقۇغان.

226. ئىبراھىم تەيمىيغا خىزر ئەلەيھىسسالام زىكرى ئۆگىتىپ قويغىنى يالغان بولۇپ، قەتئىي ئاساسى يوق. چۈنكى، خىزىرنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلەشكىنى، كۆرەشكىنى ھەتتا ئۇنىڭ ھاياتلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر قەتئىي سەھىھ ئەمەس، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا بۇ توغرىسىدىكى ھەدىسلەر پۈتۈنلەي يالغان دىگەن. ئىبنى جەۋزىمۇ شۇنداق، بۇ نۇرغۇن خۇراپات، بىدئەتچىلەر، كاززاپلار ئىغزىدىلا بار بولۇپ، قىلچە ئاساسى يوق، سىز بۇ توغرىسىدا ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىنى ئوقۇڭ، ئاللاھ خالىسا، بىز بۇ توغرىسىدا يەنە توختىلىمىز.

## دۇئا، ئۇنىڭ قوبۇل بولۇشى، قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىش، غائىپ كىشلەرگە دۇئا قىلىپ قويۇش، زالىمغا قارشى دۇئا، قۇرئاننى يادىلاش دۇئاسى، مەسجىدكە بېرىش، دەرەخ تىكىش، ئۆمۈر ئۇزۇن بولۇش، رىزقى كەڭرى بولۇش، جىنازىنى كۆرگەندە ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

227. ئەگەر بىرەر مۇسۇلمان، قەبرىندىشى يوق غائىپ تۇرسىمۇ دۇئاسىدا ئەسلىسە، ئاللاھ بەندەم بەندەمگە كۆيۈنۈشاتىدۇدەپ، كۆيىنىدۇ دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، ھېچ كىتابىدا مەۋجۇد ئەمەس.

228. ئۆزى ئۈچۈن ئىجاۋەت بولمايدىغان دۇئا، قەبرىندىشىغا غائىبىدىن قىلسا، ئىجاۋەت بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنىڭمۇ ئاساسى يوق، مەۋجۇد ئەمەس.

229. ئاللاھ بىر بەندىگە دۇئانىڭ ئىشكىنى ئاچقان ئىكەن، شۇ دۇئانى ئىلھام قىلغان ئىكەن، ھەرگىز ئىجاۋەتنىڭ ئىشكىنى تاقمايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاك، ھۆرمەتلىك زات دىگەن ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى لالەئى دىگەن كىتابىدا ئەسلى يوق دىگەن، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، ئۇ سېنى سىنايدۇ.

230. مەن ئاللاھدىن بىر دوسنىڭ يەنە بىر دوستىنىڭ زەرىرىگە قىلغان دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلماسلىقىنى سورىدۇم دىگەن ھەدىس يالغان. ھەقىقى تەقۋا مۇسۇلمان دوست ئۇنداق دۇئا قىلمايدۇ.

231. ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئىككىنچى كىشى، ئۇ ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرالمىسا، بىرىنچى كىشى ئۇ كىشىنىڭ قارشىسىغا دۇئا قىلسا، ئىجاۋەت بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەققى بار دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇ ھەدىسنى جەئپەر ئىبنى ئابدۇلۋاھىد، نەسىر ئىبنى قۇدەيد دىگەنلەر مەلۇم سەۋەبدىن توقۇغان.

232. زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ سانى، زالىملاردىن كۆپ بولسىلا دۇئاسى، زالىملارغا قارشى ئىجاۋەت بولىدۇ. ئەگەر زالىملارنىڭ سانى مەزلۇملاردىن كۆپ بولۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ زالىملارغا قارشى دۇئاسى ئىجاۋەت بولمايدۇ دىگەن بۇ يالغان ھەدىسنى ئىبراھىم كاززاپ توقۇغان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە قۇرئاندا، نۇھ ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارنىڭ دۇئاسى ئاز بولسىمۇ ئىجاۋەت بولغان، ئەۋۋەلدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوستلىرى بىلەن ئاز ئىدى، ئىجاۋەت بولدى.

233. كىم قۇرئاننى ئاللاھ تەرىپىدىن ياخشى يادىلاشنى ئىرادە قىلسا، مۇنۇ دۇئانى پاكىز قاچىغا ھەسەل بىلەن يېزىپ زىمزەن تەگمىگەن يامغۇر سۈيى بىلەن چايقاپ ئىچسە ئاللاھ خالىسا ئۇ كىشى قۇرئاننى ئۇزۇنغا قالماي يادىلاپ بولىدۇ.، ئۇ دۇئا بولسا، ئى ئاللاھ مەن سىلىدىن سورايمەن، سىلى سورالغۇچى سىلىدەك سورالغۇچى يوق، مۇھەممەد ھەبىيبۇللا، رەسۇلۇللاھ، ئىبراھىم خەلىيلۇللا، مۇسا كەلىيمۇللا، ئەيسا روھۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەملارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ئىبراھىمنىڭ سوھوپى، مۇسانىڭ تەۋراتى، داۋۇدنىڭ زەبۇرى، ئىيسانىڭ ئىنجىلى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەملەرنىڭ قۇرئانى ۋە قۇرئاننىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى، سىلى قىلغان ھەربىر ۋەھى ئىلھاملارنى شەپى كەلتۈرۈپ، سىلى ئادا قىلغان ھەق، بەرگەن مۇكاپات، قىلغان ھىدايەت ۋاھاكازالار بىلەن مۇبارەك ئىسىملىرى بىلەن..... بۇ توغرىسىدىكى دۇئالار كۆپ ئىكەن، دىمەك، مانا مۇشۇ

يالغان ھەدىس بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى ساباھ، مۇسا ئىبنى ئىبراھىم، ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھارۇن دەججال، كاززاپلار، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۆھمەت چاپلاپ، يالغاننى توقۇپ، يالغان سۆزلىگەن.

ئەنە شۇنىڭدەك نۇرغۇن كىشلەر، ئايەت ھەدىس ھەرخىل دۇئالارنى قاچىلارغا، تاۋاقلارغا يېزىپ چايقاپ ئىچىدۇ، يا ئۆچۈرىدۇ، ئۆز كۆڭلىدە كىسەل داۋالايدۇ، يا تۇغۇتنى ئاسان قىلىدۇ، يا قەرزنى تۆلىگىتىدۇ يا كۆز تەگمەيدۇ يا ئوغرىنى تاپماقچى، يا ساقلانماقچى، يا جىندىن ساقلانماقچى، مانا بۇلارمۇ يالغانچى كاززاپ، ئاللاھقا، ئىسلام دىنىغا يالغاننى، تۆھمەت چاپلىغۇچى، ھاقارەت قىلغۇچىلار، خۇراپات، بىدئەتنى پەيدا قىلغۇچىلار بولۇپ، بىز ئۇلاردىن بىزار، ئۇلار كەسىپدار، بىز پەقەت ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، قۇرئان، ھەدىس، ساھابىلەر، تابىئىنلار، ئىجمائ بىلەن يول تۇتىمىز، ئەلۋەتتە، توغرىسى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ _دە!

234. يازەلجەلالى ۋەلئىكرام بىلەن دۇئادا چىلىك تۇرۇڭلار دىگەن ھەدىس يالغان، چۈنكى، ئىسىم ئەزەم زادى مەخپىيدۇر، شۇنداقلا بۇ ھىچبىر ھەدىس كىتابىدا يوق، پەقەت شۇنداق كاززاپلار كىتابىدا بار ئىكەن.

235. زەيىل دىگەن كىتابدا كىم تەھارەتنى كامىل ئالسا، ئۆيىدىن مەسجىدكە ماڭسا، ئاندىن مىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇ مىنى ھىدايەت قىلىدۇ دىگەن ئايەتنى ئوقۇسا، دۇئاسى، ھەربىر لەۋزىمۇ ئىجاۋەت بولىدۇ دىگەن بۇ سۆز ھەدىس تۈگۈل ھىچنىمە

ئەمەس. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە مەسجىدكە ماڭغاندا قىلىدىغان دۇئالار تەپسىلى رۇشەن باردۇر.

236. لەيس ئىبنى ئەبى سەلىيمدىن مەۋقۇپ ھالدا مۇنداق سۆز دېيىلگەن، كىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىدىن 40 كىشىگە ئىسىملىرىنى، ئۇلارنىڭ دادىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى مەغپىرەت قىلىپ، ھېسابسىز جەننەتكە كىرگۈزۈۋېتىدۇ دېگەن بۇ سۆزى ئىشەنچىلىك ئەمەس، ئىسناد ئۈزۈك، قاتتىق زەئىپ، ئاجىز، ھۆججەت، ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ.

237. كىم بىر جىنازىنى كۆرۈپ، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ راس دېگەنىكەن، مانا بۇ، بىزگە ئاللاھ ۋەدە قىلغان رەسۇلۇللاھمۇ، ۋەدە قىلغان ئىش شۇدۇر، بىزگە ئىمان ۋە تىنىچلىق ئاتا قىلسىلا دېسە، شۇ كۈندىن باشلاپ، تا قىيامەت كۈنىگىچە ھەركۈنى 20 ياخشىلىق يېزىلىپ تۇرىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، (كازراپ توقۇپ چىققان) سەھىھ ھەدىسكە زىت، مۇخالىپتۇر.

238. كىمكى ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشنى، رىزقى كەڭرى بولۇشنى، دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى، يامان ئۆلۈمدىن ساقلىنىشنى ياخشى كۆرسە، ئەتىگەن، ئاخشىمى مۇنۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دېسۇن، سۇبھانەللا مىلئۇلمىزان ۋە مۇنتەھەلئىلىم، ۋە مەبلەغورىزا، ۋەزىينەتۇلئەرشى لائىلاھە ئىللەللاھ، شۇنىڭدەك ۋەللاھۇ ئەكبەر شۇنىڭدەك بۇ يالغان ھەدىسنى

ھەدىسلىرى مەترۇك ھېسابلىنىدىغان ئەمرۇ ئىبنى ھۇسەيىن كازراپ توقۇغان.

239. دۇئانىڭ ئەۋزەلرەكى، ئى ئاللاھ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىگە ئومۇمەن رەھمەت قىلسىلا دېيىشتۇر دېگەن بۇ ھەدىسنى نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەرنى توقىغۇچى راۋىيلار ئوخشاشلابىردەك دېگەن بولۇپ، مەنىسى مەتنىسگە قاراپ باشقىلار راسىمكى دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەمما، بۇ يالغان ھەدىس.

240. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئى ئاللاھ، مەخلۇقلارغا ھاجەتمەن قىلىپ قويمىغىن دېگەندە، سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق دېمىگىن، لېكىن ئى ئاللاھ مەخلۇقاتلىرىڭنىڭ يامانلىرىغا ھاجەتمەن قىلىپ قويمىغىن دېگىن، ئۇلارنەرسە بېرىلسە مۆئمىن بولىدۇ، بېرىلمىسە ئەيىبلەيدۇ، ھەرقانداق كىشى ئىنسانلارغا ھاجىتى چۈشىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس يالغان، ئەسلى ھاجەت بىر ئاللاھقىلا بولىدۇ، بولۇپمۇ دۇئادا.

241. كىم چارشەنبە كۈنى دەرەخ تىكىپ، ئاندىن سۇبھانەللا بائىسۇ لۋارىس دېسە ئۇ كىشى، شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ دېگەن بۇ ھەدىس، ئابباس ئىبنى بەككارنىڭ باتىللىرىدىندۇر.

242. سائادەتمەن بولۇشقا تېگىشلىك كىشىمۇ دۇئا بىلەن، شەقى بولۇشقا تېگىشلىك كىشىمۇ دۇئا بىلەن بولىدۇ، دېگەن بۇ، ھەدىسنى ئىبنى تەيمىيە يالغان دېگەن، بۇنى ھەممە ئىشنى تەقدىرگە ئارتىپ قويىدىغان

دۇئا پايدا قىلمايدۇ دەيدىغان كىشىلەر دىگەن بولۇشى مۇمكىن.

243. ئۇممىتىمنىڭ ئاجىزلىرىنىڭ دۇئاسىنى غەنىيمەت بىلىڭلار، ئۇلارنىڭ دۇئاسى سىلەرگە ئىجاۋەت بولغىنى بىلەن ئۆزلىرى ئۇچۇن ئىجاۋەت بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاجىز دىگەن، بۇ ھەدىسنى ھىشام كاززاپ توقۇغان. دۇئا دىگەن يا شۇ زامان ھەممىگە ئىجاۋەت بولىدۇ، يا زىيان كۆتۈرۈلىدۇ. يا ئاخىرەتكە قالدۇرۇلىدۇ، يا ئەۋلادلىرىغا خالاس.

244. نامازنىڭ ئارقىسىدا قولىنى كۆتۈرۈپ، ئىبراھىم، ئىسھاق، جىبرئىل، مىكائىل، ئىسراپىلنىڭ ئىلاھى دىگەندەك دۇئالار توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ راۋىيسى مۇتىھەم يەنى يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن. دۇئا بولسىمۇ قولىنى كۆتۈرۈشكە سەھىھ ھەدىس يوق.

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئالىرى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

245. ئى ئالىلاھ، پادىچىلار بىلەن پادىنى ئىسلاھ قىلسىلا، ئۇلار بولسا، قەلب بىلەن ئەزالار دىگەن بۇ ھەدىس مەۋجۇد ئەمەستۇر.

246. ئى ئاللاھ، ئىچىمنى تىشىمدىن ياخشى قىلغۇەتسىلە، تىشىمنى بولسا، سالىھ، يارامىلىق قىلسىلا دىگەن بۇ ھەدىسمۇ ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىچى، تىشى ئوخشاش ئىدى.

247. ئى ئاللاھ، مىنى مىسكىن ياشاتسىلا، مىسكىن ھالدا جىنىمنى

ئالسىلا، مىسكىنلەر جامائىتى ئىچىدە تېرىلدۇرسىلە دېگەن بۇ ھەدىسنى بۇخارى رەھمەھۇللا ئىنكار قىلغان، ئىبنى ھەببان ئىككىلىنىپ قالغان. ئەبۇلپەرەج ئىبنى جەۋزى يالغان دېگەن، قەزۋىنى بۇ مەسابىيھنىڭ يالغان ھەدىسى دېگەن، بەزىلەر بىر راۋىيسى مەترۇك دېگەن، بەزىلەر سەھىھ دېگەن، يەنە بەزىلەر سەھىھ ئەمەس، يالغانمۇ ئەمەس، كۈچلۈكمۇ ئەمەس، زەئىپ دېگەن، بىز ئەمدى بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ قويدۇق.

248. ئى ئاللاھ، رىزقىمنى، يېشىم چوڭ بولۇپ كەتكەندە، ئۆمرۈم ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا كەڭرى قىلىپ بەرسىلە، دېگەن بۇ، دۇئانىڭ ھەدىسىدا ئىككى ئادەم مەترۇك، يەنى راۋىيسى يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

249. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئەرگە، ئاللاھ بۇ بالا بىلەن ساڭا پايدا _ مەنپەئەت بەرگەي، ئەگەر مەن بارەكەللا، يەنى ئاللاھ بۇ بالىدا ساڭا بەرىكەت بەرگەي، دېگەن بولسام، سەن بۇ بالاڭنى يوقىتىپ قوياتتىڭ دېگەن، بۇ ھەدىسنى نەببىت كاززاپ توقۇغان، چۈنكى، بۇ ،سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت، مۇخالىپتۇر.

## زاكات، ئۈنى ئالىملارغا بېرىش، زىبۇ _ زىننەت زاكىتى، ئۆشرە _ زاكات يىغقۇچى، باجگىر توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

250. ھەربىر نەرسىگە زاكات كېلىدۇ، ئۆيلەرنىڭ زاكىتى زىياپەتخانا،

مىھمانخانا دىگەن بۇ ھەدىس مۇنكەر دىيىلدۇ. ئەھمەد ئىبنى ئوسمان ۋە شەيخى يالغان دىدى. بۇ زەيىل دىگەن كىتابتا بار.

www.uyghurkitap.com

## سائىللىق توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

254. ياخشىلىقنى يۈزى، گۈزەل كىشىلەردىن ئىزدەڭلار دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنكار قىلىپ، نۇرغۇن يۈزى سەت كىشىلەرمۇ ھاجەتنى ئادا قىلىدۇ دىگەن، بۇ ھەدىسنى ئالىملار يالغان دىمىسىمۇ زەئىپ دىگەن، بىز بۇ كىتابقا پۈتۈنلەي يالغان ھەدىسنى يازغان، بىر قىسىم قاتتىق زەئىپ ھەدىسلەرنى مۇناسىۋەت جەھەتتىن يېزىپ سالدۇق، توغرا چۈشىنىڭ.

255. پەزلىنى، مالنى رەھىمدىل كىشىلەردىن سوراڭلار، سىلەر ئۇلارنىڭ جاپالىق مۇشىددە ياشايسىلەر، قەلبى قاتتىق كىشىلەردىن سورىماڭلار دىگەن. بۇ دىۋانە سائىللىق توغرىسىدىكى ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن، راۋىيسى مەشھۇر يالغانچى ئىكەن، ئىمام سۇيۇتىمۇ يالغان دىگەن.

256. سائىللار يالغان سۆزلىمىسىلا، ئۇلارنى قۇرۇق قول قايتۇرغانلار، پاك، ئۇلۇغ بولالمايدۇ، دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دىگەن.

257. مەقاسىد، لالەئى، مۇختەسەر دىگەن كىتابلاردا سورىغۇچى

سائىل، راست سۆزلىگەن بولسىلا ئۇنى قايتۇرغان كىشى نىجات تاپالمايدۇ دىگەن، بۇ ھەدىسنى سەھىھ ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، بۇ، سۆزنى دىدى دىگىلى بولمايدۇ دىگەن، ئىبنى مەدىينىي ئۇنىڭ ئەسلى يوق دىگەن.

258. گەرچە سائىل ئات ئۈستىدە كەلسىمۇ بىرىڭلار دىگەن بۇ ھەدىس مەسابىيھنىڭ يالغان ھەدىسى، شۇنداقلا بەيزاۋىدىمۇ بار بولۇپ، ئىمام قوزۋىينىي يالغان دىگەن. ئەلۋەتتە، ئايەتتە، سۈرە زوھادا، سائىلنى قوروق قول قايتۇرماسلىق بار، سەھىھ ھەدىسلەردە بار، شۇلار كۇپايە، ئەمما مۇنداق يالغان ھەدىسلەر ئاشۇ سەھىھ ھەدىسدىكى پىيقىر، مىسكىن، سائىل قاتارلىقلارنىڭ مال _ دۇنياسىنى مىقدارلىغان ھەدىسلەرگە زىت، مۇخالىپ بولۇپ، شۇڭلاشقا يالغان بولىدۇ. شۇنداقلا ئىسلام دىنىغا، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت، مۇخالىپ بولۇشىدىن سىرت، ئىسنادى، كىلىش، مەنبە يولىرى تەكشۈرۈلۈپ يالغان بولىدۇ.

259. كىم بىر ئاچ كىشىنى تويغۇزۇشقا قادىر تۇرۇپ قايتۇرۇۋەتسە، ئانداق، مانداق بولىدۇ دىگەن بۇ روتىنانىڭ يالغان ھەدىسلىرىدۇر.

260. ئىنسانلاردىن نەرسە سوراش، پاھىشە قاتارىدىن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق پاھىشە بولماس دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق بولۇپ، مەۋجۇد ئەمەس.

261. ئەگەر سائىل ئىشىك تۈۋىدە تۇرسا، ئۇنىڭ گىپىي تۈگىگىچە

www.uyghurkitap.com

قويۇڭلار، نەرسە بولسا بېرىڭلار، نەرسە بولمىسا ئاللاھ بەرگە ۋە ساڭا رىزىق بەرسۇن دەڭلار، بەرىكەت بېرىلسۇن دىمەڭلار، ئۇنىڭغا سومۇ، بولسا دەڭلەپ بېقىڭلار دىگەن، بۇ ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان كازراپ توقۇغان.

262. قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى قېنى؟ دەپ تووۋلىسا، مەسجىددىكى يەنى مەسجىدكە كىرىۋېلىپ جۈمەئە كۈنلىرى، سورايدىغان سائىللار دەس تۇرۇپ، مانا بىز دەيدۇ دىگەن بۇ ھەدىس يالغان، ئەمما ئۇنداق يۈزى قېلىنلىق قىلىپ سوراۋېرىش چەكلىنىدۇ، بولۇپمۇ پۇلى بار كىشى.

263. سائىلنى نەرسە بېرىش بىلەن ئۈچ قېتىم قايتۇرساڭ، ئاندىن ئۇ يەنە كەلسە، ئۇنىڭغا ۋارقىرىساڭ، كايىساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوق دىگەن بۇ ھەدىسنى ئالىملار مۇنكەر دىگەن، بۇنى ۋەھبى ئىبنى زەمئەت دىگەن كىشى يالغاندىن توقۇغانىكەن، ئايەتتە ھەققى سائىل كەلسىلا مۇتلەق قۇرۇق قول قايتۇرما دىدى، قېتىم سانى يوق.

264. كىشىلەرنىڭ ئىبغىزلىرىدا ئىبقىپ يۈرگەن ئەۋلىيالار، سائىل، دىۋانە سۈرەتتە كېلىدۇ، ئۆزىنى شۇنداق پەردىلەيدۇ دىگەن سۆزلەرنىڭ قىلچە ئاساسى يوق، چۈنكى، بۇ ئىسلام دىنىغا زىت، مۇخالىپ، ئۇلار قادىر بولسا، بۇنداق چەكلەنگەن ئىشنى قىلمايدۇ، قادىر تۇرۇپ ئاللاھنىڭ غەيرىدىن سورىمايدۇ، ئەمما مەدىكار، ئىشلەمچى سۈرەتتە بولۇشى مۇمكىن.

ئۇندىن باشقا نۇرغۇن يالغان سۆزلەر بار، ھەرخىل كىتابلاردا

مەۋجۇددۇر، دىققەت قىلىڭ، خۇددى ئاشىق، سادىق، مەجنۇن، ساراڭ دىگەندەك توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، بىز پەقەت قۇرئان، ھەدىسلا دەيمىز خالاس.

## سېخىيلىق، ئېھسان، بايلىق، ئەتىگەندە سەدىقە قىلىش، ئامبارچىنىڭ سەدىقىسى، بېخىللىقنى ئەيىبلەش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

265. سېخىيلىق جەننەتتىن بىر توپ دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شېخىغا ئېسىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، بېخىللىق، دوۋزاخدىن بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تال شېخىغا ئېسىلغان كىشىنى يۆتىلەپ دوۋزاخقا تاشلايدۇ دىگەن بۇ ھەدىس جامائەت ئۈچۈن بولۇپ، مىشكاتۇلمەسابىيھدا بار، ئالىملار زەئىپ دىگەن بولسىمۇ راۋىيسىدا كاززاپ بولغاچقا، ئىمام جالالۇددىن، سۇيۇتى، ئىبنى جەۋزىيلەر يالغان دىگەن.

266. سېخىينىڭ گۇناھىدىن ئۆتىۋېتىڭلار، ئۇ ھەرقاچان يىقىلىپ چۈشسە، ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن يۆلەيدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەۋزى يالغان ھەدىسلەر قاتارىدا مەۋزۇئات دىگەن كىتابىدا يازغان، ئىمام سۇيۇتى لالەئىدا يالغان دەپ يازغان، ئىسنادىدا نۇرغۇن نامەلۇم راۋىيلار بار، نەببىت كاززاپ بار. ئەگەر سىز ھەدىس تەتقىق قىلىشنى بىلسىڭىز، ئىسلام دىنى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن غەم يىسىڭىز بۇ ئالىملارنى ئەيىبلىمەيسىز.

267. ئاللاھ بىر بەندىسىگە ياخشىلىق ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت

خەزىنچىسىدىن بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ ـــدە، ئۇ پەرىشتە ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى سېخىي بولۇپ كېتىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى ئەشئەس توقۇغان، ھەدىسلىرى مۇنكەردۇر، بۇ دېگەن سىناق دۇنيا، ئىنسان ئۆز ئىختىيارى بىلەن يا ياخشى، سېخىي يا يامان بېخىل بولىدۇ.

268. ئاللاھ شۇنداق دەيدۇ، (مەن بۇ سۆزنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم) سېخى مەندىن، مەن سېخىدىن،مەن سېخىدىن قەبرە ئازابىنى قىيامەت قاتتىقچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىمەن، ئۇ زىمىن يۈزىدە مەن ئۇنىڭدىن رازى بولغان ھالدا ماڭىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس ئورۇس دېگەن كىتابنىڭ يالغان ھەدىسلىرىدىندۇر، مۇنكەردۇر، بۇ ئوچۇقلا ئەقىيدىگە خىلاپتۇر.

269. خۇلاسە دېگەن كىتابدا، جەننەت سېخىيلار جايىدۇر، دېگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر. يالغان دېگەن كىشى ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا، ئىبنى جەۋزى، ئىسلام دىنى، قۇرئان كىتاب، ھەدىس، سۈننەت سېخىيلىقنى بۇيرۇسىمۇ، ئىسناد، راۋى، مەتنە مەنا جەھەتتىكى يالغانچىلىقلاردىن بىھاجەتتۇر.

270. سېخىي، ئاللاھقا يېقىن، كىشىلەرگە جەننەتكە يېقىن دوۋزاخدىن يىراق، بېخىل بولسا، ئاللاھدىن يىراق كىشىلەردىن جەننەتتىدىن يىراق، دوۋزاخقا يېقىن، بۇ ھەدىسنى كۆپىنچە ئالىملار زەئىپ دېگەن، بۇ ھەدىسمۇ مۇشكاتۇلمەسابىھدا بولۇپ، دارىتقۇنى بۇ ھەدىسنىڭ

يوللىرى ئىسپاتلاتمىغان دىگەن، ئىمام سۇيۇتى، ئەسلى يوق دىگەن. سەئىدولۋەرراق بۇ، ھەدىستىن ھىچنىمە ئەمەس دىگەن، ئىمام ساخاۋى ئەسلى ئاساسى يوق دىگەن، راۋىيسىدا مەجھۇل نامەلۇم كىشىلەر بار، ھەتتا، كاززاپلار بار ئىكەن، گەرچە بۇ مەنىسى توغرىدەك قىلىسمۇ، بىر قىسىم سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا بولسىمۇ، زەئىپ ياكى يالغان بولغان ئىكەن، ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىدى ، دەپ ئېتىقاد قىلىش خاتا.

ئالىملار بىردەك يالغان ھەدىس، زادى يالغان، ئۇ دىگەن بۆھتان، تۆھمەت، جىنايىتى ئېغىر، ھەتتا، زەئىپ ھەدىسنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، دىگەن دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز، ئىسپاتلىمايمىز دەپ قارايدۇ، ھەدىس تەتقىقاتىغا قاراڭ.

271. ئاللاھ گەرچە ئارپا، قوناق چاغلىق نەرسىگە بولغان سېخىيلىقنى، كەڭ قورساقلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، يىلان چاغلىق نەرسىنى ئۆلتۈرۈشتىمۇ بولغان باتۇرلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى، ئىمام سۇيۇتى يالغان دىگەن.

272. پېقىرلار بايلارنىڭ قول ياغلىقى، لۆڭگىسى بولۇپ، بايلار بۇ لۆڭگە ئارقىلىق گۇناھلىرىنى سۈرتۈپ يوق قىلىدۇ، دىگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر، ئىسلام دىنى پېقىرلارنى ئۇنچە كەمسىتمەيدۇ، ئەزەلدىن ھەققە پەيغەمبەرلەرگە، پېقىرلار ئەگەشكەن.

www.uyghurkitap.com

273. سەدىقىنى ئەتىگەندە بېرىڭلار، بالالار ئۇنى بېسىپ ئۆتەلمەيدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى مەنبەسى يوق، خۇددى ھازىر كىشىلەر قارا بېسىپ قالسا، يامان چۈش كۆرۈپ قالسا، سەدىقە قىلغانىنىڭ ئاساسى بولمىغاندەك.

274. كىم خەلقلەرگە ئىشەنچنى شەكسىز باغلىيالىسا، سوۋغا، ئېھسانىنى كاتتا بېرىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن، بىز شەكسىز ئىشەنچنى ئاللاھقىلا باغلايمىز.

275. سېخىينىڭ تامقى شىپا، داۋادۇر، بېخىلنىڭ تامقى كېسەل، دەرت — ئەلەمدۇر، دېگەن ھەدىسنى ئالىملار مۇنكەر دېدى، ئىمام زەھەبى يالغان دېدى، ئىبنى ئەدى باتىل دېگەن، ئىسنادىدا نامەلۇم ئىسپاتلانماس كىشىلەر بار ئىكەن.

276. مۆئمىننىڭ قورقۇنچاق، بېخىل بولۇشى لايىق ئەمەس دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مەۋجۇد ئەمەس، مۆئمىندىمۇ قورقۇپ قالىدىغان ھېچ بولمىغاندا ئېھتىيات، ھەزەر قىلىدىغان ئىشلار بولىدۇ.

277. ئاللاھ، ئۆمۈر بويى بېخىل ئۆتۈپ ئۆلەر ئالدىدا سېخىيلىشىپ كەتكەن كىشىنى ئۆچ كۆرىدۇ دېگەن ھەدىس پەقەت فىردەۋىس دېگەن كىتابىدا ئىسنادسىز، راۋىسىز ھالدا كەلگەندىن باشقا ھېچ جايدا مەۋجۇد ئەمەستۇر.

278. ئاللاھ، بېخىل بىلەن ئاچكۆزنى جەننەتكە كىرگۈزمەسلىككە قەسەم

قىلدى، ئاچكۆز زالىمغا قارىغاندا، ئۆزرە قوياليدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، زەيىل دىگەن كىتابدا كەلگەن.

279. كىشلەرگە خىيمىرتۇرۇچىنى، ئىچىتقۇنى بەرمىسە، پىقىر بولىدۇ، تۇزنى بەرمىسە كىسەل بولىدۇ، سۇ بەرمىسە پەسكەش بولىدۇ، ئوتنى بەرمىسە مۇناپىق بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى سۇلەيمان ئىبنى ئەمرۇ، داۋۇد نە بىيت دىگەن كازراپلار توقۇغان.

280. ئەگەر يەھۇدىيلارنىڭ بىرەر ھاجىتى بولسىمۇ ئۇنى ئەبۇ جەھىلدىن سورىسا، ھاجەتنى راۋا قىلاتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىدا 100 قېتىمدەك بارغان دىگەن بۇ ھەدىس، روتىنانىڭ يالغان سۆزىدۇر، پاسىق، بىدئەتچىنى ماختىسا ئاللاھ، غەزەپ قىلىدىغان تۇرسا، بۇنداق دەپ دۈشمىنىنى ماختىسا، كاپىرنى ماختىسا ئاللاھ چوقۇم غەزەپ قىلىدۇ.

## ھەدى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

281. ھەدىينىڭ ياخشىسى ھاجەتكە مۇۋاپىق بولغىنى، ھاجەتلەرنى ھەلقىلغۇچى، ئاچقۇچ ھەدىيدۇر دىگەن بۇ ھەدىسنى دارىقۇتنى باتىل دىگەن، چۈنكى، بۇنىڭ ئىسناد، راۋىيسى ئارىسىدا ئۆمەر ئىبنى خالىد كازراپ بار ئىكەن. ھەدىي توغرىسىدا كەلگەن كۆپ ھەدىسلەر سەھىھ ئەمەسكەن.

## قەرىز توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

282. ئىپپەتلىك ھالدا ئىككى قېتىم قەرىز سوراش، بىر قېتىملىق

سەدىقىدىن ياخشى دېگەن، بۇ ھەدىس زەئىپتۇر.

283. كىم مېنىڭ ئۈممىتىمگە قەرزنى سۆيلەپ قاتتىق قوللۇق قىلسا، ئاللاھ، ئۇ كىشىگە قەبرىسى ئىچىدە قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، چۈنكى، بۇنىڭ ئىسنادىدا تايىكانى بار بولۇپ، ئۇنىڭ شەيخى ئۇستازى كاززاپ ئىكەن.

## مۆئمىننى تويغۇزۇش، توي تامىقى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

284. كىم، بىر مۆئمىنگە تويغۇچە تائام بەرسە، ياكى قانغۇچە سۇ بەرسە، ئاللاھ بۇ كىشىنى دوۋزاخدىن يەتتە خەندەك مىقدارى يىراق قىلىدۇ، ھەربىر خەندەك ئارىلىقى، 500 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس مۇنكەر، يالغاندۇر. ئىبنى ھەببان يالغا دېگەن، سۇيۇتىمۇ شۇنداق دېگەن، ھاكىم، مۇستەدرەك دېگەن كىتابىدا، سەھىھ دېگەن بولسا، ئىمام زەھبى بۇكىتابنى باھالاشتا، بۇ، مۇنكەر ھەدىس دېگەن.

285. ئاچ قالغان قورساقنى تويغۇزۇشدىن ئەۋزەل ئەمەل يوق. دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن، ئىمام مۇھەممەد تاھىر بۇ ھەدىسنىڭ تىرمىزىيدا، ئىبنى ماجەدە شاھىدى بار دېگەن، ئەلۋەتتە، ئەۋزەل ئەمەللەر تۈرلىرى كۆپتۇر.

286. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، كەئبىنى بىناقىلغاندا، ھەربىر رۇكنىسىدە 1000 رەكئەتتىن ناماز ئوقۇدى، ئاندىن ئاللاھ، ۋەھى قىلىپ يا

ئىبراھىم، گوياكى سەن بىر ئاچ كىشىنى تويغۇزغاندەك، ياكى بىر يالىڭاچ قالغان كىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ياپقاندەك بولدۇڭ، دىمەك، شۇ ناماز، مۇشۇ ئەمەلگەتەڭ دىمەكچى، بۇ ھەدىسنى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە يالغان دىگەن، مۇھەممەد تاھىر ئاپتورمۇ شۇنداق، ئىبنى تەيمىيە دىگەندەك دىگەن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا كىم بىر ئاچ كىشىنى تائام بېرىپ تويغۇزسا، يالىڭاچ كىشىگە كىيىم بەرسە، مەن ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەت بىلەن كېپىل دىگەن. بۇ ھەدىسمۇ يالغان دىگەن، بۇ توغرىسىدىمۇ ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر كۇپايە قىلسۇن.

287. كىم مۇتتەقى كىشىنىڭ ئۆيىدىن تاماق يىسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قەلبىنى، قورسىقىنى 40 يىللىق ھارامدىن پاكلاپ تازىلىۋېتىدۇ، يەنە تېخى 40 يىللىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ دىگەن، بۇ ھەدىس ئەبى ھودبەت دىگەن كاززاپنىڭ يالغان سۆزىدۇر.

288. كىم، قېرىندىشىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرۇشقا ياردەملەشسە، ئۇ كىشىگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ، كىم مۆئمىن قېرىندىشىنىڭ سىرىنى ساقلىسا، ئاللاھ خۇرسەن بولىدۇ دىگەن، بۇ ھەدىس تەبرانىيدا بار بولۇپ، باتىلدۇر، ئەسلى يوق، ئىبنى جەۋزى يالغان دىگەن.

289. كىم، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ، تائامدىكى شەھۋىتىنى قاندۇرسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخ ئوتىغا ھارام قىلىدۇ دىگەن ھەدىس مۇنكەر، مەترۇكدۇر.

290. كىم قىرىندىشى ئىشتىها قىلغان نەرسىنى لەززەتلىك قىلىپ بەرسە، لەززەت ئاتا قىلسا، ئۇنىڭغا بىر مىليون ياخشىلىق يېزىلىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەھمەد رەھمەھۇللا باتىل دېگەن شۇنداق، باتىلدۇر.

291. كىم بىرەر قەۋمنىڭ جايىغا چۈشسە، ئۇ كىشى شۇ قەۋمنىڭ رۇخستى بىلەن رامىزان تۇتسۇن، رۇخسەتسىز رامىزان تۇتمىسۇن دېگەن، بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن. ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنىدا ئىككى ھېيتتىن باشقا كۈنلەردە رامىزان تۇتۇش چەكلەنمەيدۇ، رامىزاندىن توسىغان ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈلۈك، ھېچ بولمىغاندا سەۋەبى بار، ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئالىملار پۈتۈن ھەدىسنى توپلاپ، بىردەك ئىتتىپاققا كېلىپ دېگەنكى ئىككى ھېيت كۈنى، قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىن ئۈچ كۈن، مانا شۇ 5كۈندىن باشقا پۈتۈن ۋاقىتتا رامىزان تۇتسا بولىدۇ دېگەن.

292. كىم چاقىرىلمىغان دوسقانىغا بارسا، ئۆيگە كىرسە، ئۇ ھارامنى يېگەن بولىدۇ، پاسىق ھالدا ماڭىدۇ دېگەن، بۇ، ھەدىس زەئىپ بولۇپ، قاتتىق زەئىت، ئەبۇ داۋۇتتىكى چاقىرىلماستىن كىرىسە ئوغرى بولۇپ كىرىدۇ دېگەن ھەدىسمۇ، بۇنىڭدەك قاتتىق زەئىپ بولمىسىمۇ، يەنىلا زەئىپتۇر.

## ھۆرمەتلىك كىشىلەرگە ئېھسان قىلىش، ئېھسان قىلغۇچىنى ياخشى كۆرۈش، ھاجەتتىن چىقىش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

293. قەلىب دېگەن، ياخشىلىق قىلغان كىشىنى ياخشى كۆرۈشكە،

يامانلىق قىلغان كىشىنى ئۈچ كۆرۈشكە يارىتىلغان دېگەن بۇ ھەدىس باتىلدۇر، مۆئمىن قەلبى بۇنداق پايدىنى كۆزلەپ، زىياندىن قاچىدىغان پەسكەش ئەمەس، ئۇ ئىمانىنى، ئېتىقادىنى، تەقۋالىقنى ئاساس قىلىدۇ.

294. ئاللاھقا قەلبىدىن ئۇلۇغ ئىبادەت قىلىدىغان نەرسە يوق دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇھەممەد تاھىر مەن بۇ ھەدىسنى مەرپۇئ دەپ تونىمايمەن دېگەن، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى دەپ قارىمايمەن دېگەن بولىدۇ.

295. ياخشىلىق دېگەن يۈز ــ ئابرۇي بار، ئىسىل نەسەبلىك، دىنى بار كىشىلەرنىڭ نەزىدە بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس ئىمام سوغانىنىڭ نەزىدە يالغان، چۈنكى، يەھىيا ئىسمىلىك كاززاپ بار.

بىز يۇقىرىدا دېگەن يۈز ــ ئابرۇي، نەسەب، ھەسەپ، تىل، مىللەت، مەزھەپ، رەڭلەر ئىسلام دىنىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدۇ.

296. كىم، بىرەر ھۆرمەتلىك كىشىگە، ياخشىلىقنى ئامانەت قويالىسا، بۇ، ئۇ كىشىنى قۇل قىلغان بولىدۇ، بىرەر پەسكەشكە ياخشىلىق قىلسا، ئاداۋەتنى يۇغان بولىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس يەنىلا زەيىل دېگەن كىتابدا بولۇپ، ئىسنادى نامەلۇم.

297. ياخشىلىقنى، ياخشىلىق ئەھلىگە قىلىڭلار، ئەگەر ياخشىلىق ئەھلى تېپىلمىسا، سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشىلىق ئەھلى بولىسىلەر، دېگەن بۇ ھەدىس، ئابدۇللا ئىبنى ئەھمەدنىڭ يالغانلىرىدىندۇر.

www.uyghurkitap.com

298. سەن ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ يامانلىقىدىن ھەزەر قىل دېگەن بۇ ھەدىس بولماستىن بەلكى، سەلەپ ئالىملارنىڭ پەسكەش كىشىلەرگە قارىتىپ دېگەن سۆزىدۇر، قۇرئانغا، سەھىھ ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلسە، ئال.

299. قىيامەت كۈنى، ئاللاھ، بەندىلىرىنى ئالدىدا توختۇتۇپ خۇددى ئۇلارنىڭ مال ــ مۈلكىدىن سوراققا تارتقاندەك يۈز ــ ئابرۇيىدىنمۇ سوراققا تارتىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مۇنكەردۇر.

300. كىم بىرەر ھاجەتمەنگە ياردەم بەرسە، ئاللاھ، ئۇ كىشىگە 73 مەغپىرەت يازىدۇ، 72سى قىيامەتتە دەرىجە بولىدۇ، بىرسى بولسا، بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتى بولىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، زەيىپ دېگەن ئاپەت دېگەن.

301. قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە ماڭغانلىق، 10 يىل ئېتىكاپدا ئولتۇرغاندىن ياخشى دېگەن ھەدىس، زەئىپ.

302. ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۆئمىننىڭ قەلبىگە خۇشاللىق كىرگۈزۈش دېگەن بۇ ھەدىسمۇ زەئىپ.

303. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېمىگەن كىشى، مۇسۇلمان ئەمەس دېگەن بۇ ھەدىسمۇ زەئىپ بولۇپ، بۇ ھەدىسكە تايىنىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەن، مۇسۇلمان مۆئمىنلەرنى، سەن مۇسۇلمان ئەمەس، دېگىلى بولمايدۇ.

304. مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن، يەتتە ئەۋلاد، يەتتە ئەجدادلىرىغا ئاللاھ ياخشى مۇكاپات بېرىدۇ دېگەن ھەدىسنى خەتىيبۇلبەغدادى باتىل دېگەن.

305. مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن، خىزمەت قىلغان كىشىنىڭ ئىلگىرى ــ ئاخىرى پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان.

306. ھاجەتمەننىڭ قولىنى تۇتقان كىشىنىڭ، قولىنى ئاللاھ تۇتىدۇ، دېگەن بۇ ھەدىسنى زەھەبى رەھمەھۇللا مىيزان دېگەن كىتابىدا يالغان دېگەن.

307. قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ماڭغان كىشىنىڭ، ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن، ئاللاھ، 70 ياخشىلىق يازىدۇ، 70 گۇناھىنى، خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ، ئەگەر ئۇ ھاجەت، شۇ، كىشىنىڭ قولىدا ئادا قىلىنسا، بۇ كىشى ئانىسىدىن تۇغما ھالدا ھېسابسىز جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس، يالغان بولۇپ، ھازىرقىدەك كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ــ بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىغانىنى بەزى كاززاپ ئالىم، كۆرۈپ توقۇپ قويغان.

مانا بۇ ياخشىلىقنى، ئاللاھ رازىلىقنى، كۆزلەپ يالغان ھەدىس توقۇشتۇر.

308. كىم، بىرەر ئەما كىشىنى 40 كۈن، بىر رىۋايەتتە 40 قەدەم يۆتىلەپ قويسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى ئالىملار زەئىپ، دەپ، قەلبى ئەما نادانلارنى يولغا سېلىپ قويسا دەپ چۈشەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا، ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا بۇ شەكسىز يالغان ھەدىس، يوللىرى نامەلۇم، ئىسنادىدا كاززاپ بار دېگەن.

## رامىزاننىڭ پەزىلىتى، ھەر كۈندىكى ئازادكەردىلەر، ئىپتار قىلىش، شەك كۈنى رامىزان تۇتۇش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

309. خۇلاسە دېگەن كىتابتىكى رامىزان تۇتساڭلار سالامەت بولىسىلەر دېگەن ھەدىسنى، ئالىملار زەئىپ دېسە، ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن، بۇ، ئىمام سوغانى ھىجرىيە 577 _ يىلى، سوغان شەھرىدە تۇغۇلغان، مۇھەددىس، لوغەتشۇناس، فىقھى ئالىم، ئۇ، باغدات قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردىن ئىلىم ئالغان، نۇرغۇن كىتاب يېزىپ قالدۇرغان، باغدادا 650 _ يىلى ۋاپات تاپقان، ئۆزى بولسا، مەككىدە دەپنە قىلىنغان، خەلىپە ئۇمەر رەزىيەﷲ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادىدۇر .

310. رامىزان تۇتقۇچىنىڭ، ھەر بىر، تۈكىمۇ تەسبىھ ئېيتىدۇ، قىيامەت كۈنى رامىزان تۇتقان ئەر _ ئاياللارغا ئالتۇندىن بىر داستىخان سېلىنىدۇ دېگەن بۇ يالغان ھەدىسنى ئەبۇ ئەسمەر دېگەن كاززاپ توقۇغان.

311. ئۈچ كىشى يىمەك ئىچمەكتىن سوراققا تارتىلمايدۇ، روزىدار ۋە سەھەرلىك يىگۈچى ۋە يىدۈرگۈچى، ئىپار قىلدۇرغۇچى، مېھماننى زىيابەت بىلەن

كۆتتۇۋالغۇچى. ئۈچ كىشىنىڭ يامان ئەخلاقىغىمۇ تاپا قىلىنمايدۇ، كىيسەل، رامىزان تۇتقۇچى، ئادىل ئىمام، بۇنى مۇشاجىئ دىگەن كىشى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىگەن دەپ يالغاننى توقۇغان.

312. ئەگەر بىر كىشى، نەپلى ھالەتتە بىر كۈن رامىزان تۇتسا، پەرزەن ئۇنىڭغا زىمىن تولغۇدەك ئالتۇن مۇكاپات قىلىنىپ بېرىلسە، يەنىلا بۇ مۇكاپات قىيامەت كۈنىدە بېرىلىدىغان مۇكاپاتقا ھەرگىز تەڭ ئەمەس دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىككى كاززاپ توقۇغان، ئۇلار بۇنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۆھمەت قىلىپ، شۇ كىشى دىگەن دەپ يالغان سۆزلىگەن.

313. رامىزاننىڭ 30 كۈن پەرىز قىلىنىشىدىكى سىر شۇكى، ئادەم ئاتا يىگەن دەرەخ ئىچىدە 30 كۈن قېلىپ قالغان، بۇ ھەدىس مۇنكەر يەنى راۋىيسى پاسىق، غەلەت كۆپ.

314. رامىزان دىمەڭلار، ئۇ، ئاللاھىنىڭ ئىسمى، لېكىن رامىزان ئىيى دەڭلار دىگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر.

315. ئاللاھ، رامىزاننىڭ ھەركۈنى بىر مىليون دوۋزاخ ئەھلىنى ئازات قىلىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس ھەرگىز ئىسپاتلانمىغان، مۇقىم ئەمەس.

316. رامىزاننىڭ ھەر كۈنى، 600 مىڭ دوۋزاخ ۋاجىپ بولۇپ كەتكەن كىشى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇلىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان، باتىل ئەسلى يوق دىگەن، يەنى بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىدى دىگىلى بولمايدۇ. ئەسلى مەنبەسى يوق دىگەن بولىدۇ.

317. جۇمئە كۈنى سالامەت قالسا، قالغان كۈنلەر سالامەت قالىدۇ، رامىزان سالامەت قالسا، پۈتۈن بىر يىل سالامەت قالىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى كاززاپلار توقۇغان، ئاللاھ، قۇرئاندا قەدىر كېچىسىنى شۇ ئاينى سالامەت دېگەن، قەدىر كېچىسى رامىزان ئېيىدا بولىدۇ.

318.. كىمكى ھالال خورمىدا ئېپتار قىلسا، نامىزىغا يەنە 400 ناماز زىيادە قىلىنىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، بۇنى مۇسى كاززاپ توقۇغان.

319. كىم ئۆزرىسىز، ئىللەتسىز رامىزان كۈنلىرىدە ئېپتار قىلىپ، نەرسە يېۋەتسە، ئۇ بىر ئاي رامىزان تۇتسۇن دېگەن بۇ يالغان سۆز، ئايەتتىكى، سەھىھ ھەدىستىكى 60 كۈن، روزا تۇتىدىغا  ھۆكۈمگە زىت، مۇخالىپتۇر.

320. زەيىل دېگەن كىتابدا، بىر ساھابە رامىزان تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاسماندىن چۈشكەن مۆلدۈرنى يەپتۇ، يېنىدىكىلەر نېمە ئۈچۈن روزاڭنى بۇزىۋېتىسەن دېسە، ئۇ بۇ دېگەن تاماق ئەمەس، ئاسماندىن چۈشكەن بەرىكەت دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، دېگەن بۇ ھەدىسمۇ يالغان بولۇپ، ئوچۇقلا ئايەت، ھەدىسكە زىتتۇر، ئۈنىڭ ئۈستىگە بارچە دەريالار سۇيى، شۇنىڭدەك مۆلدۈر، يامغۇردىن ھاسىل بولغان، ئۇنى يېسە خۇددى شۇ سۇلارنى ئىچكەندەك رامىزان بۇزۇلىدۇ.

321. نېمە ئۈچۈن رامىزان دەپ ئاتالغىنىنى بىلەمسىلەر؟ چۈنكى، ئۇ گۇناھلارنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىدۇ، بۇ ئايدا ئۈچ كۈن بولۇپ، كىمدىن بۇ ئۈچ



www.uyghurkitap.com

كۈن ئۆتۈپ كەتسە، بارلىق ياخشىلىق ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ 19 ـ، 21 ـ، 27 ـ كېچىلەر دەپتۇ، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلار قەدىر كېچىسىدىن باشقا كېچىلەرمۇ؟ دەپ سورىسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دەپتۇ، رامىزان ئېيىدا مەغپىرەت قىلىنمىغان كىشىگە قايسى ئايدا مەغپىرەت قىلىنسۇن؟ دەپتۇ. دېگەن بۇ ھەدىسنى زەيياد دېگەن كازراپ توقۇغان.

(رامىزان توغرىسىدا، دوررەتوننىاسىھىندا يالغان ھەدىس كۆپ) بۇلۇپمۇ، ھەربىر كېچىنىڭ پەزىلىتى تۇغرىسىدا.

322. شەك كۈنى رامىزان تۇتقان كىشى ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسىي بولغان بولىدۇ دېگەن بۇ سۆز ھەدىس بولماستىن، ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى ئىكەن، بۇنى سۆزلەپ قويۇش، بۇ يالغان دېگەنلىك ئەمەس، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇنىڭ سۆزىدىن باشقا سۆز قوبۇل قىلىنىدۇ ھەم رەت قىلىنىدۇ دېگەننى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

323. كېچە ــ كۈندۈز ئاق تۇرىدىغان ئۈچ كۈندە، يەنى ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ، 16لىرى، تۇنجى كۈنىنىڭ رامىزانى 3000 يىللىق ئىبادەتكە، ئىككىنچى كۈنىنىڭ رامىزانى 10000 يىللىق ئىبادەتكە، 3 ــ كۈنىنىڭ 13000 يىللىق ئىبادەتكە تەڭ دېگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر.

www.uyghurkitap.com

**ھەجنىڭ پەزىلىتى، بەيتۇللانىڭ شاپائىتى، ھەرەمدە ئۆلۈش پەزىلىتى، ھەجنى تەرىك ئەتكۈچىلەر، ئەجىر ئېلىش، ھەجەر ئەسۋەد، زەمزەم، ھاجىلارنى ئۇلۇغلاش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر**

324. ھەج دىگەن، جىھاد شۇ، دىگەن مۇتلەق ھەدىسنى ئىمام سوغانى يەنى يۇقىرقى ئىشەنچىلىك ئالىم يالغان دىگەن، ئەمەلىيەتتە سەھىھ ھەدىستە ھەج ئاياللار جىھادى دىگەن بار.

325. ئاللاھ، بەندىسىگە رازى بولماي تۇرۇپ ھەجنى ئاسان قىلىپ بەرمەيدۇ، رازى بولغاندا ئاندىن ھەجنى راۋان قىلىپ بىرىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس ھەرگىز سەھىھ ئەمەس، ئۇنداق بولغانىكەن بۇ زەئىپ، يا يالغان بولىدۇ.

326. كىم، بەيتۇللادا يەتتە كۈن سەۋرە قىلسا، يامغۇردا يەتتە تاۋاب قىلسا، ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئاندىن زەمزەم سۈيىدىن بىر ئىچسە، بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا ئەسلى يوق، يەنى كېلىش مەنبەسى يوق دىگەن. ئەمما، ھالالدىن تاپقان مالدا دۇرۇس يول بىلەن ھەج قىلسا، ھەج قوبۇل بولسا، ئاندىن تۇغما گۇناھىدىن خالاس بولىدۇ، دىگەن سەھىھ ھەدىس باردۇر.

327. كىم، بەيتۇللانى خالى ھالدا، يالاڭباش، يەتتە تاۋاب قىلسا، بىر قۇل ئازات قىلغان بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھاتەم مۇنكەر دىگەن،

يەنى راۋىيسى پاسىق، غەلەت كۆپ.

328. ئاللاھ، ھەر يىلى بەيتۇللانى 600000 كىشىنى ھەج قىلدۇرۇشقا ۋەدە قىلدى، ئەگەر ئۇلاردىن كاملاپ قالسا، پەرىشتىلەر بىلەن تولۇقلايدۇ، ئۇلارنى، كەئبە قىيامەت كۈنى، يوپۇقلىرىغا ئېسىلدۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ دېگەن، ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

329. كىم، ھەرەم، مەدىنىدە ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئەمىن ھالدا قوپىدۇ، شاپائىتىم ۋاجىپ بولىدۇ، ھېساب، ئازاپ بولمايدۇ، ھېساب ئېلىنمايدۇ، دېگەن ھەدىسلەر يالغان، مەترۇك، يەنى راۋىيسى كاززاپ دەپ ئەيىبلەنگەن تەئىنە باردۇر.

لېكىن سەھىھ ھەدىستە بۇ ئىككى جاينىڭ پەزىلىتى، ئالاھىدە باب قىلىپ يېزىلغان، ھەتتا كىتاب تۈزۈلگەن، بۇ ھەق، راست، لېكىن، يالغان ھەدىس يەنىلا يالغان.

330. زاد، راھىلە يەنى ئوزۇق ــ تۈلۈك بىلەن يول ئەمىنلىكىگە ئېرىشكەن، ئاندىن ھەج قىلمىغان كىشى ئۆلۈپ كەتسە، يەھۇدى ياكى ناسارا ئۆلىدۇ، يەنى ئۇ دىنسىز بولۇپ كېتىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس توغرىسىدا ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن، لېكىن، ئالىملار بۇنى خاتا ھۆكۈم قىلىپ سالغان، ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن، يالغان ئەمەس، زەئىپ دېگەن، چۈنكى، ھەدىس ئىسنادىدا راۋىيسى ئارىسىدا نامەلۇم كىشى بار،

مەن بىلمەيمەن توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

331. كىم ھەج قىلىشتىن بۇرۇن توي قىلسا، ئۇ گۇناھ مەئسىيەت بىلەن باشلىغان بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى يالغانچى كاززاپلار توقۇغان.

332. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەج قىلغان كىشى خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆز بالىسىنى ئېمىتىپ يەنىلا پىرئەۋنىدىن سۈت ھەققى ئالغان دېگەن ھەدىس يالغان. بۇنى، ھەجنى ئەمەس، تىجارەتنى مەخسەت قىلغانلار توقۇغان، بۇنداق يالغان سۆز قىلمىسىمۇ ئىسلام دىنىدا ھەجگە دەخلى ــ تەرۇز يەتكۈزمەي، جايىدا ھەج قىلالىسا تىجارەتنى بىللە قىلىپ كەلسە دۇرۇس، لېكىن نىيەت ساپ، ھەجگە بولۇشى لازىم، تىجارەت قوشۇمچە بولىدۇ.

333. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەجگە چاقىرغاندا، بىر قېتىم لەببەي دېگەنلەر بىر قېتىم ھەج قىلالايدۇ، ئىككى دېگەنلەر ئىككى، كۆپ دېگەنلەر كۆپ ھەج قىلالايدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇنى مۇھەممەد ئىبنى ئەشئەس توقۇغان، ھەدىسلىرى پۈتۈنلەي مۇنكەردۇر.

334. سىلەر، ئېھرام باغلىغاندا دۇئا قىلىپ ئامىن دەڭلار، مېنى مەغپىرەت قىلسىلا دەپ ئامىن دەڭلار، ھەر قېتىم شۇنداق، بىرەر ھايۋانغىمۇ لەنەت ئېيتمەڭلار، ئىنسانلارغىمۇ شۇنداق. چۈنكى، دۇئا ئىجابەت بولۇپ كېتىدۇ، كىم دۇئاسىنى بارلىق مۆئمىن ئەر ــ ئاياللارغا ئاممەتەن قىلسا، دۇئاسى ئىجاۋەت بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىسمائىل كاززاپ، ئىبنى

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىدى دەپ يالغاننى توقۇغان، ئۇندىن باشقا ئىككى كىشى مەجرۇھ، يەنى ئەيىبلەنگەن.

335. كىم، ئىسلامدىكى ھەجنى قىلسا، قەبرەمنى زىيارەت قىلسا، ماڭا بەيتۇلمۇقەددەستە تۇرۇپ دۇرۇت، دۇئايى ــ سالام يوللىسا، بىر قېتىم ئۇرۇش قىلسا، ئۇنىڭدىن ئاللاھ بارلىق پەرىزلەردىن ھېساب، سوراق قىلمايدۇ دىگەن. بۇ ھەدىس باتىل، بۇنىڭ ئاپىتى بەدرى دىگەن كىشىدۇر.

336. كىم، ئۆيدىن ھەجنى نىيەت قىلىپ چىقسا، ئاللاھنىڭ قوغدىشىدا بولىدۇ، ئەگەر يولدا ئۆلۈپ كەتسە، بارلىق گۇناھى مەغپىرەت بولىدۇ، بۇ يولدا خىراجەت قىلغان بىر دەرھەم، 40 ملىيون دەرھەمنىڭ ئورنىدا بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى رەھمەھۇللا يالغان دىگەن.

337. ئىنسانلار ھەجدىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، ئۆملەپمۇ بولسا كېلەتتى دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ ھالى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، بىر راۋىيسى كۆپ خاتالىشىدىغان كىشى ئىكەن.

338. كىم پەرىز ھەجنى ئادا قىلالىسا، ئۇ كىشى كونا ــ يېڭى بارلىق قەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ دىگەن بۇ يالغان ھەدىسنى ئىبنى ۋەھبى ۋەھبى دىگەن كاززاپ توقۇغان.

339. كىم، ھەج قىلىپ كەلگەن، ياكى ھەجگە ماڭغان كىشىگە بىر نەچچە قەدەم ئەگەشسە، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشسە، چىرايلىقچە خوشلاشسا، ئۇ

كىشى تېخى ئايرىلماي تۇرۇپ، ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ دېگەن بۇ يالغان ھەدىسنى بورىقى دېگەن كاززاپ توقۇغان.

340. ھېچبىر پەيغەمبەر، ياكى ساھابە، ياكى تابىئىن، ئالىم ياكى مەشھۇر ئىماملارنى، ياكى ھازىرقى مەشھۇر ئالىملارنى، ئۆمۈر ھاجىم، ھەسەن بەسرى ھاجىم، ئالبانى ھاجىم، بىن باز ھاجىم، ئۇسەيمىن ھاجىم، تەنتاۋى ھاجىم، سەييىد قۇتۇپ ھاجىم دەپ ئاتىمايمىز، لېكىن، بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار بۇ مەسىلىدە ئاجايىپ خۇراپات، بىدئەتچى ھېسابلىنىمىز.

341. زەيىل دېگەن كىتابىدا كىم تەھارەتنى ياخشى ئېلىپ، ساپا مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا ماڭسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ھەربىر قەدىمىگە 70000 دەرىجە يازىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنىمۇ كاززاپلار توقۇغان، گەرچە ھەج، كەئبە، تاۋاپ، ھەجەر ئەسۋەت قاتارلىق مەسىلىلەردە ئايەت، ھەدىسلەر ئېنىق بولسىمۇ، پەزىلىتىنى بىلدۈرسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ھەددىدىن ئېشىپ، ماختاش، مۇبالىغە قىلىش، ھېسسىياتىغا بېرىلىش بىلەن يالغاننى توقۇپ كەتكەن، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان، بىز پەقەت ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

342. ھەر قېتىم روكنى ياماني قېشىغا كەلسەم، جىبرىئىل شۇ جايدا ئۆرە تۇرۇقلۇق، ئۇ ماڭا يا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى سۆيگىن، ئى ئاللاھ، كىبىردىن، يوقسىزلىقدىن، ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن دېگىن، ئىككى ئالەملىك خارلىق مەرتىبىسىدىن پاناھ تىلىگىن،

بۇ ئىككى مەرتىبە ئارىسىدا بىر كۆل بولۇپ، بۇ جايدا 70000 پەرىشتە بار دىگەن، بۇ يالغان ھەدىسنى نوھشەل كاززاپ توقۇغان.

343. زەمزەم سۈيى بىلەن جەھەننەم ئوتى، بىر قورساقتا بىرلەشمەيدۇ، يەنى زەمزەم سۈيىنى ئىچكەن قورساق، دوۋزاخقا كىرمەيمىش، بۇ يالغاننى مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان دىگەن كاززاپ توقۇغان، ئۇ، نۇرغۇن زەمزەم سۈيىنى ئىچكەن كاپىر، دىنسىزلارنىڭ ئىسلام دىنىغا دۈشمەن بولۇپ، كاللىسى ئېلىنىپ دوۋزاخقا كىرگىنىنى بىلمىسە كېرەك.

344. ئابدۇلمۇتەللىپ، زەمزەم قۇدۇقىنى كولىغاندا، بىر ئالتۇن تاختا چىقىپتۇ، تۆت تەرەپتە تۆت خىل خەت يېزىقلىق ئىكەن دىگەن بۇ سىرلىق ھەدىسنى ئىبنى ھەببان يالغان دىگەن.

345. مەن بۇ ئالەمنى خاراپ، ۋەيران قىلىشنى ئىرادە قىلسام، ئالدى بىلەن ئۆز بەيتىم بەيتۇللادىن باشلايمەن، ئاندىن ئارقا _ ئارقىدىن بارلىق دۇنيانى خاراپ، ۋەيران قىلدۇرىمەن دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مەككە _ مەدىنە، بەيتۇلمۇقەددەس ئامان قالىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر بار، ئەلۋەتتە ئۇلارمۇ خاراب بولىدۇ.

## مەدىنە پەزىلىتى ۋە زىيارەت، خەلىلنى زىيارەت قىلىش، سەخرە تاش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

346. قادىر تۇرۇپ مېنى زىيارەت قىلىشقا بەدەل تۆلىمىگەن كىشى، ماڭا قوپاللىق قىلغان بولىدۇ ئۇنىڭغا ئۆزرە يوق دىگەن بۇ ھەدىسنى ۋە شۇنداقلا كىم مېنى زىيارەت قىلسا مەن شاپائەت قىلىمەن دىگەن ھەدىسنى ئالىملار زەئىپ دىگەن بولسا، ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا يالغان دىگەن.

347. تۆگىنىڭ نۇقتىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، مېنى زىيارەت قىلغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ دىگەن، بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، يوللىرى زەئىپ.

348. كىم مىنى ۋە ئىبراھىم خېلىل دادىمىزنى بىر يىل ئىچىدە تەڭلا زىيارەت قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋى، ئىبنى تەيمىييە يالغان دىگەن.

349. كىم ھەج قىلىپ مېنى زىيارەت قىلمىسا، ماڭا قاتتىق قوللۇق، قوپاللىق قىلغان بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى، ئىبنى جەۋزى يالغان دىگەن.

350. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرس قۇدۇقىغا سۈق دەپ تۈكۈرۈپ قويغان دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

351. بەيتۇلمۇقەددەستىكى سەخرە تاش، خورما ئۈستىدە ئۇ خورما بولسا، جەننەت ئۆستەڭلىرىدىن بىر ئۆستەڭ ئۈستىدە، شۇ خورما ئاستىدا فىرئەۋىن ئايالى ئاسىيە مۆئمىن، مەريەم بار بولۇپ، ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ مارجانلىرىنى تىزىققا ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ دىگەن بۇ سۆز روشەن يالغان.

## قۇرئان توغرىسىدا ۋە قۇرئان مەسىلىلىرىدىكى نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

352. مىشكاتۇلماسابىھدىكى ئىككى ھەدىس، بىرى، كىمنى قۇرئان تىلاۋىتى، مىنى ئەسلەشدىن، ماڭا دۇئا قىلىپ سوراشدىن مەشغۇل قىلىۋالغان بولسا، مەن ئۇ، كىشىگە سورىغۇچىلارغا بەرگىنىمدىن ئەۋزەلرەكىنى بېرىمەن دىگەن ھەدىس، ئىككىنچى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان بىر سۆز، بۇندىن كېيىن پىتنە چىقىدۇ، چىقىش ئۇرنى قۇرئان كىتاب، ئۇنىڭدا سىلەرنىڭ سىلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ خەۋىرى بار، ئاراڭلارغا ھۆكۈم قىلىش بار. ئۇ ھەق ــ ناھەقنى ئايرىغۇچى، چاخچاق ئەمەس، زالىمنى دەپ ئۇنى تەرىك ئەتكەن كىشىنى ئاللاھ ھالاك قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىدا ھىدايەت، يول تەلەپ قىلغاننى ئاللاھ ئازدۇرىدۇ. ئۇ، ئاللاھنىڭ كۈچلۈك ئارغامچىسى دىگەن بۇ ھەدىس ھەر ئىككىلىسى يالغاندۇر. چۈنكى، تۇنجى ھەدىستە قۇرئان ئوقۇغان كىشى زاكىر بولماي قالىدۇ، قۇرئاندا روشەن، ئوچۇقلا قۇرئاننى زىكرى دىگەن تۇرسا، قانداقمۇ قۇرئان زىكرىدىن مەشغۇل قىلىدۇ، قۇرئاننىڭ ئۆزى زىكرىدۇر.

ئىككىنچى ھەدىستە بولسا، قۇرئان كىتاب، ئاللاھنىڭ كىتابى، ئاللاھنىڭ سۆزىنى پىتنە ئورنى قىلىپ قويغان بۇ خاتا، پىتنە دىگەن ئۇنى خاتا چۈشەنگۈچىدە قۇرئان، ئاللاھنىڭ سۆزى، كالامى، ئوخشىشى يوق، ھىدايەت، شىپا تۇرسا، زىددىيەت، ئىختىلاپ يوق تۇرسا، دىمەك بۇ ئىككى

www.uyghurkitap.com

ھەدىس، ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسكە زىت، مۇخالىپ بولۇپ، قەتئىي يالغاندۇر، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

253. كىم قۇرئاندىن باشقا نەرسە بىلەن شىپالىق ئىزدىسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق ئاتا قىلمايدۇ، دىگەن بۇ ھەدىس يالغان. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە، نۇرغۇن نەرسىدە شىپا بار دىدى، قۇرئاندا بولسا، ھەسەلدە شىپا بار دىدى، كىسەللا بولسا، شىپاسى، داۋاسى باردۇر، ئەمەلىيەتتىمۇ تۇرسا ئەنە.

354. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ئۆزىنى باي سانىمىغان كىشىنى ئاللاھ باي، بىھاجەت قىلمايدۇ، دىگەن بۇ ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

355. قۇرئاننى مەخلۇق دىگەن كىشى، ئۇ، ئاللاھنىڭ كالامى دىمىگەن كىشى كاپىردۇر دىگەن بۇ سۆز ھەدىس ئەمەس. ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەرنىڭ سۆزىدۇر، بىز، قۇرئان، ئاللاھنىڭ كالامى، سۆزى، قۇرئان ئاللاھنىڭ ئىلمى بىلەن چۈشتى، قۇرئاندا ئاللاھنىڭ ئىسىم ــ سۈپەتلىرى بار، ئۇنى تەپسىر قىلىپ يازسا، تۈگەپ كەتمەيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھادىسە، مەخلۇق ئەمەس.

356. يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاننى تەھارەتسىز تۇتساق بولامدۇ؟ دىگەندە، ھەئە دەپ جاۋاب بەردى دىگەن ھەدىس يالغاندۇر، بۇ مەسىلىنى فىقھى مەسىلىلەردىن كۆرۈلۈڭ.كىچىك تاھارەتسىزتۇتسا، ئەۋزەلنى تەرىك ئەتكەن بولۇدۇ.

357. كىم قۇرئاننى ئۆگىنىپ يادا ئالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، دوۋزاخ ۋاجىپ بولۇپ كەتكەن ئائىلىدىكى كىشىلەردىن 10 كىشىگە شاپائەت قىلالايدۇ دىگەن ھەدىسنىڭ ئىسپاتى يوق، سابىت ئەمەستۇر.

358. قۇرئاننىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئۇنى ئىچىدە ساقلاپ، يادا ئالغان كىشى ئۇلۇغلۇققا ئەڭ لايىق دىگەن ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى ئارىسىدا كاززاپ بار، ئەمەلىيەتتە سەھى ھەدىستە ھەتتا ئايەتتە قۇرئان پەزىلىتى، ساۋابى، شاپائىتى سۆزلىنىدۇ. بىزگە شۇ راست، ھەق، توغرا سۆزلەر كۇپايە.

359. قۇرئان ئىچىدە بار كىشلەر قۇرئان ئىززىتىدىن ئۇلۇغ، ئەزىز، راستچىل بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى ۋەھبى ئىبنى ۋەھبى توقۇغان يالغاندۇر. مۇسنەد ئەھمەدتە كۆپىنچە مۇناپىقلار، قارىيلاردۇر دىگەن ھەدىسمۇ بار، مەن كۆرگەن.

بۇخارىيدا قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇناپىق...دەپ سۆز بار.

360. قۇرئاننى ھۆرمەتلەڭلار، ئۇنى تاش چالمىغا يازماڭلار، لىكىن، ئۇنى ئۆچۈرگىلى بولىدىغان نەرسىگە يىزىڭلار، قۇرئاننى تۈكۈرۈك بىلەن ئۆچۈرمەڭلار، سۇ بىلەن ئۆچۈرۈڭلار دىگەن ھەدىسنى ھەكەم دىگەن كاززاپ ئۆز نەپسىدىن توقۇغان، يالغان. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە قۇرئان نىپىز تاشقا، خورما قوۋزىقىغا يىزىلغان. شۇنداقلا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىر نۇسخىدىن باشقا نۇسقىلارنى كۆيدۈرگەن، سۇدا ئۆچۈرمىگەن،

ھەدىس راست بولغان بولسا، ئۇلار ئەمەل قىلاتتى.

361. قۇرئان ئوقىغۇچى قارى ئوتتا كۆيدۈرۈلمەيدۇ دېگەن ھەدىس، كاززاپلار سۆزى بولۇپ، رىياخور قارى، بالدۇر دوۋزاخقا چۈشىدۇ، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك سەھىھ ھەدىستە قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇناپىقلارمۇ باردۇر.

362. سىلەر قۇرئاننى خەتمە قىلىپ تامام قىلغاندا، ئى ئاللاھ، قەبرەمدە مېنى ئەمىن قىلسىلا دەڭلار دېگەن بۇ يالغان ھەدىسنىمۇ ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللا جۇۋەيبارى دېگەن مەشھۇر كازراپ توقۇپ چىققان.

363. بىرەر بەندە، قۇرئاننى بىر تامام قىلسا، 60000 پەرىشتە ئۇنىڭغا رەھمەت يوللايدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى سەمئان ئەبۇ سەئىيدىلئەدىۋى دېگەن كازراپلار توقۇپ چىققان.

364. ھەي ئىبنى ئابباس، قۇرئان ئوقۇساڭ دائىمۇ ــ دانە ئوقۇغىن، ئۇنى رۇشەن بايان قىلىپ بەرگىن، ئۇنى شېئىردەك ئوقىمىغىن، چېچىۋەتمىگىن، ئاجائىبلىرىدا توختالغىن، ئۇنىڭ بىلەن قەلبلەرنى ھەرىكەتلەندۈر، سىلەرنىڭ غېمىڭلار، ئەس ــ يادىڭلار سۈرە ئاخىرى بولمىسۇن دېگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، توپتوغرا تۆت كازراپ بار ئىكەن، بۇنى سۆزلىگۈچى، راۋىسى كازراپ بولسا، ھەدىس ئەلۋەتتە يالغان.

365. كۆزۈم ئاغرىپ، جىبرىئىلغا شىكايەت قىلسام، ئۇ ماڭا، قۇرئانغا دائىم قاراپ بەرگىن دېدى، دېگەن بۇ ھەدىس مۇنكەر، راۋىسى پاسىق. گەرچە قۇرئان شىپا بولسىمۇ، بىز ئۇنى خالىسانە ھالدا ئاللاھ ئۈچۈنلا،

ئاخىرەت، ساۋاب دەپ ئوقۇيمىز.

366. قۇرئاننى يادا ئالغۇچىنىڭ پەزىلىتى، خۇددى خالىق ئاللاھنىڭ مەخلۇقلار ئۈستىدىكى پەزىلىتىدەك ئارتۇق بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى بۇخارى كىتابىنىڭ شەرھىسى، پەتھولبارىئىنى يازغان مۇھەددىس ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى يالغان دېگەن، مەن بۇ كىشىگە ئىشىنىمەن.

367. قۇرئاننى يادا ئالغانلار ئەۋلىيالار يەنى ئاللاھنىڭ دوستلىرى شۇ، ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلغان كىشى ئاللاھقا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ، ئۇلارنى دوست تۇتقان كىشى ئاللاھنى دوست تۇقان بولىدۇ دېگەن خەۋەر باتىلدۇر.

368. قۇرئان، بەش ئايەتتىن چۈشكەن، كىم ئۇنى بەش ئايەتتىن يادا ئالسا، ئۇنتۇپ قالمايدۇ، سۈرە ئەنئام بولسا، بىراقلا چۈشكەن بولۇپ، بۇ سۈرە چۈشكەندە ھەر ئاسماندىن 70000 پەرىشتە ئەگىشىۋالغان، بۇ ھەرقانداق كېسەلگە ئوقۇلسا شىپا تاپىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام زەھەبى رەھمەھۇللا مىزان دېگەن كىتابىدا يالغان دېگەن.

369. كىم بىرەر كېچىدە، سۈرە ئەلىف لام مىم تەنزىلنى، ياسىننى، ئىنفىتارنى ، سۈرە مۈلۈكنى ئوقۇسا، بۇلار ئۇ كىشىگە نۇر بولىدۇ. شەيتاندىن، شېرىكتىن مۇھاپىزەتچى بولىدۇ، ئۇ كىشى ئوچۇن قىيامەت كۈنى نۇرغۇن دەرىجىلەر كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن، بۇ يالغان ھەدىسنى ھەكەم دېگەن كاززاپ توقۇپ چىققان.

370. كىم سۈرە ۋاقىئەنى ھەر كېچىسى ئوقۇپ بەرسە، ئۇنىڭغا مەڭگۈ

www.uyghurkitap.com

ئاپەت، پېقىرلىق يەتمەيدۇ، كىم لا ئۇقسمۇنى ھەر كېچىسى ئوقۇپ بەرسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھقا يۈزى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق ئۇچقۇشىدۇ دىگەن بۇ يالغان ھەدىسنى ئەھمەد يەمامىي توقۇغان.

371. كىم سۈرە ۋاقىئەنى ئۆگىنىپ ئوقۇسا، غاپىللار قاتارىدىن يېزىلمايدۇ، ئۇ ۋە ئەھلى، پېقىر بولمايدۇ، كىم ۋەلفەجىرنى ئوقۇسا، مەغپىرەت قىلىنىدۇ، دىگەن بۇ ھەدىس مەتروۈك يەنى راۋىيسى كاززاپ دەپ ئەيىبلەنگەن.

372. كىم سۈرە كەھپىنى جۈمئە كېچىسى ئوقۇپ بەرسە، ئۇنىڭغا ئوقۇغان جايدىن مەككىگىچە ئارىلىقدا شۇنداق زور نۇر بېرىلىدۇ، 10 كۈنلۈك مەغپىرەت قىلىنىدۇ، 70000 پەرىشتە تاڭ ئاتقىچە رەھمەت يوللايدۇ، ئاق كېسەلدىن، ساراڭلىقدىن، جوزام، تېرە كېسىلىدىن، دەججال پىتنىسىدىن ساقلىنىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىسمائىل كاززاپ يالغاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىدى دەپ توقۇغاندۇر.

373. كىم ئايەتۇلكۇرسىنى زەئىپران بىلەن ئوڭ قولىدا، سول ئالقىنىغا يېزىپ، تىلىدا يالاپ بەرسە، مەڭگۈ ئۇنتماس بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ئىبنى خالىد جۇۋەيبارى دىگەن كاززاپ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىدى دەپ يالغاننى توقۇغان.

374. كىم ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇپ بەرسە، ئۇنىڭ جېنىنى پەقەت ئاللاھلا ئالىدۇ، دىگەن بۇ ھەدىسنى تەقىييۇددىن سىبكى، مۇنكەر، بۇ

خۇددى يالغانغا ئوخشاپ كېتىدىكەن دىگەن.

375. كىم، ئايەتۇلكۇرسىنى تەھارەت ئېلىپ بولۇپ ئارقىدىنلا ئوقۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا 40 يىللىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، 40 دەرىجە ئۈستۈن كۆتۈرىدۇ، 40 ھۆر ئايالنى ئېلىپ بېرىدۇ دىگەن بۇ يالغان ھەدىسنى مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان دىگەن كاززاپ توقۇپ چىققان.

376. سۈرە ياسىننى ئوقۇڭلار، ئۇنىڭدا 10 بەرىكەت بار، دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد يالغان دىگەن، ئەھمەد رەھمەھۇللاھۇ شۇنداق دىگەن.

377. مەن ئۈممىتىمگە ھەر كېچىسى سۈرە ياسىننى ئوقۇشنى پەرز قىلدىم، ئۇنى ھەر كېچىسى ئوقۇپ تۇرغان كىشى، ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس راۋىيسىدا سەئىد دىگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشىمۇ ئەيىبلەنگەن مەقبۇل ئەمەس.

378. كىم، شەھىدەﷲ.... دىگەن ئايەتنى ئىنىنەددىن ئىندەللاھىلئىسلام، دىگەن يەرگىچە ئۇخلىغان چاغدا ئوقۇسا، ئاللاھ شۇ سۆزدىن 70000 پەرىشتە يارىتىدۇ، بۇ پەرىشتىلەر شۇ كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت سورايدۇ دىگەن، يالغان ھەدىسنى مۇجاشىئ ئىبنى ئۆمەر كاززاپ توقۇغان.

379. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىق چىشى ئاغرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسە، سەن شۇ چىشىڭنىڭ ئۈستىگە بىگىز بارمىقىڭنى قويۇپ تۇرۇپ، قۇرئاننى ئوقۇغىن،

ئاندىن خورما يىگىن دېگەن، ئاندىن شۇنداق قىلسا ساقايغان، دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ھەجەر يالغان دېگەن، ئىسنادىدا يەنى ھەدىسنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇتاشقان، يۆلەنگەن يوللىرىدا مەشھۇر ئىككى كاززاپ بار ئىكەن.

380. سۈرە ھەشىردىكى، بىز قۇرئاننى چۈشۈردۇق دېگەن ئايەتنى قولىنى بېشىغا قويۇپ تۇرۇپ ئوقۇسا، ئۆلۈمدىن باشقا بارلىق كېسەللەرگە شىپا، داۋا بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام زەھەبى رەھمەھۇللا باتىل دېگەن.

381. ھەربىر نەرسە ئۈچۈن نەسەب، نىسبەت بار، مېنىڭ نەسەب، نىسبىتىم سۈرە ئىخلاس دېگەن بۇ ھەدىسنى مۇجاشىئ دېگەن كاززاپ يالغاندىن توقۇغان، ئۇ يەنە بۇ سۈرىنى ئوقۇسا 1000 چەندان ساۋاب بار دېگەن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۆھمەت چاپلىغان.

382. مۇئەللىم كىچىك باللارغا **بسم الله الرحمن الرحيم** نى دېسە، ئاندىن باللار بۇنى ئوقۇسا، ئاللاھ، شۇ مۇئەللىم ۋە شۇ باللارنىڭ ئاتا – ئانىسى ئۈچۈن، دوۋزاخدىن قۇتۇلۇشنى پۈتىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، كاززاپلار توقۇغان.

383. سۈرە فاتىھە، نىيمنى مەخسەت قىلىپ ئوقۇسا شۇنىڭ ئۈچۈن بولىدۇ، داۋانىڭ ياخشىسى قۇرئان دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مەنبەسى يوق.

384. سۈرە ياسىننى نىيمنى مەخسەت قىلىپ ئوقۇسا، شۇنىڭ ئۈچۈن



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭمۇ ئەسلى يوق.

385. لەقەد جائەكوم رەسولون دېگەن ئايەتنى، كىم ئالالاھدىن قورقسا، ئالالاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى قىلىپ بېرىدۇ دېگەن ئايەتنى، ئوقۇپ بېرىش، مۇھىم سىرلارنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەبدۇر، قورقۇنۇشلۇق ئىشلاردا ئۇنى ئوقۇسا، زەرەر يەتمەيدۇ دېگەن ھەدىس، يالغان بولۇپ، ئىسمائىل كاززاپ دېگەن.

386. كىم سۈرە فەتھىنى يەنى ئىننا فەتەھنالەكەفەتھەن... دېگەن سۈرىنى ئوقۇسا، خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەككىنى بىللە فەتھى قىلىپ ،ئىشغال قىلغاندەك بولىدۇ،دېگەن بۇ ھەدىس بارلىق ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقا كېلىشى بىلەن قەتئىي يالغاندۇر.

387. زابانىي پەرىشەتىلەر قىيامەت كۈنى بۇتقا چوقۇنغان كاپىرلادىنمۇ، قۇرئاننى يادا ئالغان، پاسىق، قارىلارنى جازالاشقا بەكىرەك ئالدىرايدۇ، يەنى كاپىرلارنى قويۇپ، ئالدى بىلەن پاسىق قارىينى جازالايدۇ دېگەن ھەدىس مۇنكەردۇر.

388. كېچىسى قىيامدا تۇرغاندا، قۇرئان تىلاۋىتىدە ئاۋازىڭنى يۇقىرى كۆتەرگىن، شۇنداق قىلساڭ، شەيتان قاچىدۇ، خوشنىلار ئويغىنىدۇ، رەھمان رازى بولىدۇ دېگەن ھەدىس ئەبۇ ھەدبەتنىڭ يالغانلىرىدىندۇر.

389. قۇرئاننىڭ بىر ئايىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىن ياخشى دېگەن ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە يالغان دېگەن، بۇنداق سۆزنى دېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

390. بىز بۇ توغرىسىدا سۆزنى خۇلاسىلىساق بولىدۇ، ئاخىرىدا بىز تەپسىر سۈئىلەبى ۋاھىدى، تەپسىر كەششاپ يەنى زەمەخشەرى بەيزاۋى قاتارلىق تەپسىرشۇناس ئالىملارمۇ، ساقلىنالماي قېلىپ، تەپسىرلىرىگە كىرگۈزۈپ سالغان، خەتەرلىك بىر يالغان ھەدىسنى يازىمىز، بۇ ھەدىس ئۇبەي ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن خاتىرلەنگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشى بۇ بوھتان، تۆھمەتتىن خالىي پاكتۇر. باشقىلار يالغاننى چاپلىغاندۇر.

ئۇ ھەدىس بولسا، ھەربىر سۈرىنىڭ ئايرىم ــ ئايرىم پەزىلىتى توغرىسىدا سۆزلەنگەن. مەسىلەن: كىم سۈرە تەببەت يەدانى ئوقۇسا، ئەبۇلەھەب بىلەن بىر جايدا يەنى دوۋزاختا بولمايدۇ دېگەندەك 114 سۈرىگە 114 پەزىلەت، ساۋاب، مۇكاپاتلار سۆزلەنگەن، بەيزاۋىدا بار، كۆرۈڭ. بۇ ھەدىسلەرنى ئەبۇ ئەسمەت، نۇھ ئىبنى، ئەبى مەريەم دېگەن كىشى يالغاندىن توقۇغان بولۇپ، ھەقىقەتچى ئالىملار بۇ كىشىگە، سەن، بۇ ھەدىسنى، قەيەردىن تاپتىڭ؟ دەپ سورىسا، ئۇ كىشى مەن بارلىق كىشىلەرنىڭ، قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈپ، ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ فىقھىسىغا، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقنىڭ غازات تارىخىغا، دۇم چۈشكىنىنى كۆرۈپ، كىشىلەرنى قۇرئانغا يۈزلەنسۇن، دەپ ساۋاب ئۈمۈد قىلىپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن يالغاندىن توقۇپ قويغان، دەپ ئۆزى ئىقرار قىلغاندۇر، شۇنىڭ بىلەن

نۇرغۇن مۇپەسسىرلەر ۋە باشقا كىشىلەر خاتالىشىپ ئازغاندۇر، بۇ ئېغىر جىنايەت، گۇناھ مەئسىيەتتۇر.

## تەپسىر توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

391. قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتا ئەلۋەتتە قۇرئان بىلەن، ھەدىس بىلەن، ئەسەر بىلەن، مەقبۇل بولغان، توغرا، ھەق كۆزقاراش بىلەن، مۆجىزىلىك ئىلمى تەتقىقات بىلەن، تەپسىر قىلىش لازىم، ئەڭ ئىشەنچىلىك، توغرا تەپسىر، ھەدىستۇر، ئاندىن ساھابىلار، تابىئىنلار تەپسىرى، ئاندىن ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا، مۇھەممەد ئىبنى جەرىيرنىڭ تەپسىر تەبىرىنى كۆپ ماختىغان، شەيخ ئىبنى تەيمىييەنىڭ شاگىرتى بولغان ئىبنى كەسىرنىڭ قۇرئان تەپسىرى، ئاندىن ئىمام سۇيۇتىينىڭ دۇررۇلمەنسۇر دىگەن تەپسىرمۇ ئىشەنچىلىك، ھازىرقى زاماندىكى تەپسىر فىزىلال قۇرئان، تەنتاۋىنىڭ جەۋاھىرى، تەپسىر مۇنىيرلارمۇ خېلى ئىشەنچىلىك، ئەمما، ئەقىدە مەسىلىدە دىققەت قىلىش لازىم، بىز ھەرگىز ئاللاھ ۋە رەسۇل دىگەنگە سەلەپ، سالىھ ئەقىدىسىگە، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىگە خىلاپلىق قىلمايمىز، ئەكسىچە ئېتىقاد قىلساق، قەتئىي بولمايدۇ، بۇ مۇھىم ئىش بولۇپ، ئەقىدە بولمىغان، يەنى توغرا، ھەق، ئەقىدە، ئىمان، تەۋھىد بولمىغان كىشى شەيتانغا ئەل بولۇپ كېتىدۇ، قاتتىق دىققەت

www.uyghurkitap.com

قىلىڭ.

بىز ئەمدى يالغان ھەدىس، يالغان ئەسەر، خاتا كۆزقاراش، خاتا ئەقىدىدىكى بىدئەت، خۇراپىي تەپسىرشۇناسلارنى ۋە تەپسىرلەرنى يازىمىز، دىققەت!

سىز ھەزەر قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تەپسىرلەردىن تەپسىر كەلبى، بۇ تەپسىر توغرىسىدا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا مۇنداق دىگەن، بۇ تەپسىر باشتىن ــ ئاخىرى يالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشمۇ ھالال ئەمەس دىگەن، مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيماننىڭ تەپسىرىمۇ شۇنداق، بىز بۇ كاززاپنى يۇقىرىدا كۆپ سۆزلىگەن، نۇرغۇن خۇراپىي بىدئەتچى تەپسىرشۇناسلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئەقىدىسىنى بىدئەتلىرىنى تەپسىرلىرىگە كىرگۈزۈۋەتكەن، بىدئەتلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئابدۇراھمان ئىبنى كەيسان جۇبائى، رومانى، زەمەخشەرى قاتارلىقلار، زەمەخشەرى تەپسىر كەششاپىدا نۇرغۇن بىدئەتلەرنى ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىگە زىت، خىلاپ ھالدا مۇئتەزىل تەرەپتە سۆزلىگەن بولۇپ، زور خاتالىق سادىر قىلغان، ھەزەر قىلىڭ، ئۇنىڭ گىراماتىكا، بالاغەت، ئىستىلىستىكا، مەنتىق ئىلمىغا ماھىر بولۇشى تەپسىرنىڭ توغرىلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ.

ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتى مۇنداق دىگەن، سوپىزىم ئەقىدىسىدىكى سوپىلارنىڭ سىرلىق سۆزلىرى، ھەرگىز تەپسىر بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ باتىننى داۋا قىلىش خۇراپات، بىدئەت خالاس، قۇرئانغا، سەھىھ ھەدىسكە ئۇيغۇن،

مۇۋاپىق كەلمىسە، ئۇنى نىرى چۆرىۋەت، ھەرگىز ئەگەشمە، ئەبۇ ئابدۇرەھمان سەلمانىنىڭ «ھەقائىقۇتتەپسىر» ئىسىملىك تەپسىرى ھەرگىز تەپسىر ئەمەس. كىمكى بۇ سوپىنىڭ تەپسىرنى تەپسىر دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ شەكسىز كاپىر بولىدۇ، چۈنكى، ئەقىدىدە مەسلە بار دىگەن. بۇ سۆزلەرنى ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللانىڭ ئۇسۇل تەپسىر دىگەن كىتابىدا ئۇچرىتىسىز. بارلىق ئالىملار ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى، ئۆز پىتى تۇرىدۇ، شۇ ھەقىقەت، بىز ئۇنى ھەرخىل تەئۋىيل قىلىپ، خاتا چۈشەنمەي، خۇددى ساھابىلار، تابىئىنلاردەك چۈشىنەيلى، باتىنى مەنا بېرىش ئۇنۋانى بىلەن ھەرخىل چۈشىنىۋېلىش، دىنسىزلىق بولىدۇ دىگەن.

خۇددى مەھمۇد ئىبنى ھەمزە كورمانى «كىتابۇلئەجائىب »دا ھەرخىل مۇنكەر سۆزلەرنى قىلغاندەك، ئۇ سۆزلەرنى تىلغا ئېلىشمۇ ھالال ئەمەس، ھەرگىز ئۇ سۆزگە تايىنىشقا بولمايدۇ.

مەسلەن: بۇ كازىزاپ **حم عسق** يەنى ھام مىم، ئەيىن، سىن، قافنى مۇنداق تەپسىر قىلغان

ح چوڭ ھە بولسا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇرۇشىشى،(ھەرىب) مىم بولسا، مەرۋانىيەنىڭ خەلىپە بولۇشى، ئەيىن بولسا ئاباسىيەلەرنىڭ خەلىپە بولۇشى، سىن بولسا، سوپىيانىييەلەرنى، قاف بولسا ئىمام مەھدىيغا ئىقتىدا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ دىگەن.

www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا ئۇ (ئى ئاللاھ، بىزنى، بىزنىڭ تاقىتىمىز، كۈچ _ قۇدرىتىمىز، يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىسىلا دېگەن، سۈرە بەقەرىنىڭ ئاخىرقى بۇ ئايەتنى ئىشق _ مۇھەببەت شۇ، بىز ئىشق مۇھەببەتكە تاقىتىمىز يوق دەپ تەپسىرلىگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى تەيمىييە، ئۇسۇل تەپسىردا خۇددى سەھىھ ھەدىسلەرگە كەسكىن ھالدا سەھىھ دەپ ھۆكۈم قىلالىغاندەك، يالغان ھەدىسلەرگىمۇ كەسكىن ھۆكۈم قىلالايمىز. نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەرنى، نۇرغۇن كاززاپلار، نۇرغۇن غەرەزدە توقۇپ چىققان، ھەتتا سۈئلەبى ۋاھىدى، زەمەخشەرى، كەششاپ قاتارلىقلاردا بۇ يالغانچىلىقلار مەۋجۇدتۇر، تەپسىر بەغۋى گەرچە سۈئلەبىدىن قىسقارتىلغان بولسىمۇ، يالغان بىدئەت، خۇراپىيلىقدىن خالىيدۇر،دېگەن.

ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا نۇرغۇن مىساللاردا ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى، كازراپلىقىنى سۆزلىگەن، مەخسەتكە كەلسەك، تەپسىرنى قانداق يېزىش، قانداق تەپسىرنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش مەسىلىسى مۇھىم، مەسىلە بولۇپ، مەن بارلىق ئوقۇتقۇچى ئوقوغۇچىلارنىڭ بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، مۇھىم ئىشلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى ھەقىقى ساپ، توغرا، ھەق، ئىشەنچىلىك تەپسىرلەرنى ئوقۇپ، ئوقۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئاللاھ مۇرادىمىزغا يەتكۈزسۇن، ئامىن!!!

392. بىز ئەمدى يالغان، خاتا ئەقىدە، بىدئەت بىلەن قىلىنغان تەپسىرنى باشلايمىز، مۇختەسەر دېگەن كىتابدا سۈرە فەلەقتىكى **غاسىق** نى زىكرى بىلەن، ۋەقەبنى دەخەل، يەنى كىرگەن، دەپ تەپسىر قىلىش باتىل ئەسلى يوقتۇر.

393. كىم قۇرئاننى ئۆز رەئيي، كۆز قارىشى بىلەن تەپسىر قىلىپ توغرا قىلسىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق بىر خاتالىق بولىدۇكى، ئەگەر ئۇ خاتالىقنى ئاسمان ــ زېمىن ئەھلىگە تەقسىم قىلسا، يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ خاتا قىلغان بولسا، دوۋزاختا كىرىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى مەشھۇر كاززاپ ئەبۇ ئەسمەت يالغاندىن توقۇپ چىققان، ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا ئۇسۇل تەپسىرىدە رەئيي كۆزقاراش، بەش شەرتكە ئۇيغۇن كەلسە، مەقبۇل رەئيي بولۇپ، قوبۇل قىلىنىدۇ دېگەن.

ئاللاھ، ئەقىل، ئىلىم، ھەقىقەت بەرسە ھەممە قوبۇل قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ قۇرئان، ھەدىستىن تاپالمىسا، رەئىيگە، ئىجتىھادقا قۇشۇلغان.

394. كىم قۇرئاننى ئۆز كۆزقارىشى، رەئيي بىلەن تەپسىر قىلماقچى بولسا، تەھارەت ئۈستىدە بولسىمۇ، يەنە بىر قېتىم تەھارەت ئېلىۋەتسۇن دېگەن بۇ يالغان ھەدىسنى دائىم يالغان ھەدىس توقۇغۇچى ئۇسمان كاززاپ توقۇپ چىققان.

395. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەر ئاقىرىپ كېتىدۇ، نۇرغۇن يۈزلەر

قارىداپ كېتىدۇ دېگەن ئايەتنى يۈزى ئاقلار ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە شۇلار، يۈزى قارىلار بولسا، ھاۋايى ــ ھەۋەس، بىدئەت ئەھلى، دەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەپسىر قىلىپ بەردى دېيىش خاتا، يالغاندۇر، ئەمما ئالىملار شۇنداق تەپسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

396. ئاللاھ ئىككى دېڭىز ئەۋەتتى، ھەر ئىككىلى دېڭىزدىن گۆھەر، مارجان چىقىدۇ دېگەن سۈرە ئەررەھماندىكى ئايەتنى، ئىككى دېڭىز، ئەلى بىلەن پاتىمە، گۆھەر، مارجان بولسا، ھۈسەيىن بىلەن ھەسەن، دەپ تەپسىر قىلىش، شىئەلەر بىلەن ئىمامىييەلەر ئىشىدۇر، بۇ باتىل.

396. قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى ئىماملىرى بىلەن چاقىرىمىز، دېگەن ئايەتنى ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئىمام بىلەن چاقىرىمىز، قۇرئان كىتابى، پەيغەمبەر سۈننىتى بىلەن چاقىرىمىز دېگەن بولىدۇ دەپ خاتا تەپسىر قىلغىنى داۋۇد كاززاپتۇر.

397. يەر يۈزىدە دەرەخلەر بولىدىكەن، قۇلاق، مىۋە بولىدىكەن، ئۇنىڭغا **بسم الله الرحمن الرحيم** يېزىقلىق بولىدۇ، بۇ، پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ قۇلىقى، مىۋىسى دەپ يېزىلغان بولىدۇ. بۇنىڭغا قۇرئان ئايىتىدىكى ھەربىر قۇلاق، يول ـ قۇرۇق قۇلاق بولىدىكەن، لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلگۈلۈك دېگەن ئايەت دەلىل بولالايدۇ دەپ تەپسىر قىلىشنى زەھەبى رەھمەھۇللا مىيزان دېگەن كىتابىدا يالغان، باتىلدۇر، قۇلاقلارنىڭ چۈشىشى لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلگەن بولىسمۇ، بۇنداق چۈشۈنۈش، ئايەتنى ئۆز

مەنىسىدىن بۇرمىلىغانلىق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلار، تابىئىنلار چۈشەنگەندەك چۈشەنمەي، ئازغان بولىدۇ دېگەن.

398. سۈرە بەقەرنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۇلار مۆئمىنلەرگە ئۇچقاشسا، بىزمۇ مۆئمىن ئىدۇق دەيدۇ، ئەگەر باشلىقلىرى قېشىغا بارسا، بىز سىلەر بىلەن بىللە، بىز ئۇلارنى ئالداپ قويدۇق دېگەن 13 ئايەتنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي قاتارلىق مۇناپىقلار توغرىسىدا چۈشكەن دەپ، سەۋەبىنى سۆزلەپ، تەپسىر قىلىشنى ئىبنى ھەجەر، يالغان دېگەن، چۈنكى ئۇنى بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن، كەلبى ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەرۋان دېگەن كاززاپلار دېگەنىكەن، ئايەت، يەھۇدى، ناسارا، ئەرەب، ئەجەم ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

399. مەسجىدلەردە سەجدەگاھدا، زىينەتىڭلارنى تۇتۇڭلار دېگەن ئايەتنى ئايىقىڭلار بىلەن ناماز ئوقۇڭلار دېگەن بولىدۇ دەپ تەپسىر قىلغىنى ئىبنى جەۋزىيىييە دېگەن كاززاپ ئىكەن، ئەنە شۇنىڭدەك ھەرخىل، ھەرىياڭزا خاتا ئەقىدە، بىدئەت، خۇراپات، سىرلىقلارشۇتۇرۇپ تەپسىر قىلىشلار كۆپ بولۇپ، ھەزەر قىلىش دېمەكچىمىز.

400. ئاخىرىدا سوپىلارنىڭ خاتا تەپسىرىدىن بىرنى كەلتۈرۈپ بۇ بابنى ئاخىرلاشتۇرىمەن، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ياخشىلىق يوللىرى بىلەن يېقىنلىق ئىزدەڭلار دېگەن ۋەسىيلىنى، ئۇلار بۇ دېگەن ۋاستە يوللىرى دەپ شەيخ ئۇستازلىرىنى، ئەۋلىيالارنى ياكى نامدىكى ئەۋلىيالارنى ياكى مازايى ـ ماشايىخ، قەبرىلەرنى ۋاستە قىلىدۇ،

ئاللاھ بىلەن ئىبادەت ئوتتۇرىدا ۋاستە قىلىنىشنى، ئازغان. ئىسلام دىنى، قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىس، بۇ قىلمىشنى شېرىك، ئېغىر جىنايەت دەپ سانايدۇ.

ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدا بىردىنبىر ۋاستە، ئىبادەت، تائەت، ياخشىلىق خالاس.

ئاللاھ بىلەن ئىبادەت ئارىسىدا قەتئىي ۋاستە يوق، ئالاقىلاشتۇرغۇچى يوق، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە ئاڭلاپ تۇرىدۇ، كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىز ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىپ، ئىبادەت قىلساقلا بولىدۇ.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى، ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكى، پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ 30 كىشىنىڭ چىقىشى قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر**

401. خۇلاسە دېگەن كىتابىدا« لەۋلاكە لەما خەلەقتۇلئەپلاكە» يەنى سەن بولمىغان بولساڭ، پەلەكلەرنى، بۇ ئالەمنى ياراتمايتتىم، دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن، شۇنداق، بۇ ھېچبىر ھەدىس كىتابىدا يوق، يالغاندۇر.

402. مەن پەيغەمبەر بولغان چاغدا ئادەم ئاتا، روھ بىلەن جەسەد ياكى سۇ بىلەن لاي ئارىلىقىدا ئىدى دېگەن ھەدىسنى ئالىملار زەئىپ دېسە، ئىمام سوغا بۇ يالغان. چۈنكى، بۇ ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسكە زىتتۇر،

ئايەتتە بولسا، ئاخىر زاماندا ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ھەدىستە بولسا، مېنىڭ بىشارىتىم، ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى، ئىيسانىڭ بىشارىتى، ئانامنىڭ چۈشى دېگەن، بۇنى تەپسىر ئىبنى كەسىردە كۆرۈڭ. ئىبنى تەيمىييەمۇ يالغان دېگەن.

403. مەن، ئاللاھنىڭ نۇرى دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنى مەن تونىمايمەن دېگەن، ئەلۋەتتە، بىزمۇ بۇنى تونىمايمىز، ئاللاھ بىلىدۇ.

404. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەت يازىدىغان، كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولۇپ، ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن دېگەن، بۇ سۆزنى تەبرانى مۇنكەر دېگەن، بۇ قۇرئان ئايىتىگە زىت، مۇخالىپ ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

405. قۇرئاندىكى ئىسمىم مۇھەممەد، ئىنجىلدا بولسا، ئەھمەد، تەۋراتتا بولسا، ئەھيد، چۈنكى، مەن ئۈممىتىمنى بىر چەتكە ئايرىۋالىمەن، ئەرەبلەرنى چىن قەلبىڭلاردىن ياخشى كۆرۈڭلار دېگەن ھەدىسنى ئىسھاق كاززاپ توقۇغان.

406. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن ئىككى ئاي بۇرۇن، ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ ئىككى ئاي ئۆزلەتتە ئىبادەت قىلغان، ھەتتا، چىرىپ كەتكەن تۇلۇندەك بولۇپ قالغان دېگەن بۇ ھەدىس مەترۇك. چۈنكى، ئىسنادىدا مۇھەممەد ئىبنى ھەججاج بار بولۇپ، بۇ كىشى

ئەيىبلەنگەن.

407. مەئرىپەت مېلىمىنىڭ ئاساسى، ئەقىل بولسا، دىنىم، مۇھەببەت ئاساسىم، ئىشتىياق كارۋىنىم ، زىكرى خاتىرجەملىكىم، ئىشەنچ كانىم، غەم ــ قايغۇ، رەپىيقەم، ئىلىم قۇرالىم، سەۋرە رىدايىم، رازىلىق بايلىقىم، پېقىرلىق پەخرىم، زاھىدلىق كەسپىم، راستچىللىق شاپائەتچىم، تائەت كۇپايەم، جىھاد ئەخلاقىم، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى نامىزىمدا،دىگەن بۇ ھەدىسنى قازى ئىياز تىلغا ئالغان بولۇپ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد ئەمەستۇر.

408. دادامغا، تاغام ئەبۇ تالىپقا، ئىملدەش قېرىندىشىم ئىبنى سەئىدىيىەگە، شاپائەت قىلدىم، ئۇلار قىيامەت كۈنى كىشلەر تىرىلگەندە توپا ــ چاڭ بولۇپ كېتىدىغان بولدى دىگەن ھەدىسنى خەتىيب، باتىل دىگەن.

409. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتا ــ ئانىسى تىرىلىپ، ئىمان كەلتۈرگەن، ھەدىسنى، قاتتىق مۇنكەر دىگەن، بەزىلەر زەئىپ دىگەن، بۇ ئەمەلىيەتتە سەھىھ ھەدىسكە زىت، مۇخالىپ، ئىبنى كەسىر بەدايەتتە بۇ توغرىلىق توختىلىپ، ئۇلار مۇشرىك قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنغان، بۇ توغرىسىدا مۇسنەد ئەھمەد بىلەن مۇسلىمدا سەھىھ ھەدىس بار دىگەن.

مۇسنەد ئەھمەد بىلەن مۇسلىمدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنى ئاللاھدىن سورىسا،

بەرگەن. ئەمما، مەغپىرەت تىلەشنى سورىسا بەرمەي چەكلەپ، ئايەت چۈشكەن، ھەتتا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا مەغپىرەت سورىغىنىنى ۋەدە قىلغاندىن شۇنداق بولغان، كېيىن ئۇمۇ چەكلەنگەن، داددىسىدىن بىزار بولغان دەپ چۈشەنچە بەرگەن. يەنە بىر ھەدىستە بىر ئەر يا رەسۇلۇللاھ، دادام قەيەردە بولىدۇ؟ دىسە، دوۋزاختا دەپ جاۋاب بەرگەن، ئۇ ئەر، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭغاندا، مىنىڭ دادامۇ دوۋزاختا بولىدۇ دىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەر كىشى مۇسۇلمان بولغان دىيىلگەن.

ئاللاھ ھەممىگە قادىر، بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايەت، سەھىھ ھەدىسكىمۇ ئىشىنىمىز، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بىز بىلمەيمىز، بۇ مەسىلە بىزگە يۈتلىشىپ قالمايدۇ، ئىبادەت قىلىشىڭىزەيلى.

410. مەن مۇشۇ تامنىڭ ئارقىسىدىكىنى بىلمەيمەن دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىسىدىكى ناماز ئوقۇۋاتقانلارنى كۆرۈپ تۇرۇشنى دىگەن، ئاللاھ بىلدۈرسە، جەننەت، دوۋزاخ، ھەتتا يەئجۇج ــ مەئجۇج، دەججال، قىيامەت ئالامەتلىرىنى بىلدى، بىلدۈرمىسە، غەيبىنى بىلمەيدۇ.

411. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىگىز بارمىقى، ئوتتۇر بارمىقىدىن ئۇزۇنراقتى دىگەن بۇ سۆز خۇددى ئۇ زاتنىڭ سايىسى چۈشمەيتتى دىگەنگە ئوخشاش خاتا كۆز قاراشتۇر.

412. مەن ئادىل پادىشاھنىڭ زامانىدا تۇغۇلدۇم دىگەن ھەدىس،

يالغان ئەسلى يوق. چۈنكى، ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ساماۋى كىتاب، توغرا دىن بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان كىشىنى ئادىل دەپ سۈپەتلەش خاتادۇر.

413. مەندىن كېيىن 30 كاززاپ چىقىپ ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ.بىلىڭلاركى مەندىن كېيىن پەيغەمبەر چىقمايدۇ، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق، لېكىن ئاللاھ خالىسا بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى دارغا ئېسىلغان شامىلىق مۇھەممەد ئىبنى سەئىيد توقۇپ چىققان، ئەمەلىيەتتە سەھىھ ھەدىستە مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق دەپلا توختايدۇ، ئاخىرقى سۆزلەر يوق، شۇنداقلا، 30 كىشى چىقىپ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىش ھەدىستە سۆزلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ نەچچىسى چىققان، ئۆلتۈرۈلگەن، تېخى تۈتى ئايال ئىدى، ھەممىسى كاززاپ، دەججال، بارلىق مۇسۇلمانلار، ئالىملار، ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەر ئەۋەتىلمەيدۇ دەپ ئىتتىپاققا كەلگەن، ئۇ زات بولسا، بۇرۇنقى پەيغەمبەر، چىققان بولمايدۇ، ئاسماندىن چۈشكەن، قايتىپ كەلگەن ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر پەيغەمبەر چىقمايدۇ، بۇ رۇشەن مۆجىزە.

## پەيغەمبەر ئىسمىلىرى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

414. ھەرقانداق بىر قەۋم ئىچىدە مۇھەممەد ئىسىملىك ئادەم بولسا، مەسلىھەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلسا، ئۇلارغا بەرىكەت بېرىلىدۇ، بولمىسا بەرىكەت يوق دېگەن بۇ ھەدىسنى ھېچكىشى يادا ئالمىغان، دېمەك يوق.



www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە، مۇھەممەد ئىسلىك كاپىر، دىنسىز، ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، يالغان چاپلىغان، يالغان ھەدىسنى سۆزلىگەن كىشىلەرنى كۆپ كۆردۇق.

415. ئايالىڭنىڭ قورسىقىغا قولۇڭنى قويۇپ، تۇغۇلماقچى بولغان بالاڭغا مۇھەممەد دېگەن ئىسمنى قويساڭ، ئاللاھ ساڭا ئوغۇل بېرىدۇ دېگەن ھەدىس، ھەرگىز سەھىھ ئەمەس، سەھىھ ھەدىستە بالا تۇغۇلۇپ، ئاندىن يەتتە كۈنلۈك بولغاندا ئىسىم قويۇپ، ئەقىقىسىنى قىلىدۇ دېگەن بار.

416. ھەرقانداق بىر ئۆيدە پەيغەمبەر ئىسمى بولسا، ئاللاھ، بۇ ئائىلىگە بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، پەرىشتە ئۇلارنى شۇ ئىسمىنىڭ بەركاتىدىن ئۇلۇغلاپ، پاكلاپ تۇرىدۇ دېگەن، ھەدىسمۇ سەھىھ ئەمەس.

417. تائامنىڭ بەرىكىتى شۇ تائامغا بىرەر، پەيغەمبەر ئىسمى قويۇلغان كىشىنىڭ قاتنىششىدا بولىدۇ دېگەن ھەدىس باتىل.

418. كىمگە ئۈچ، تۆت بالا تۇغۇلۇپ، مېنىڭ ئىسمىمنى قويمىسا، ئۇ ماڭا قوپاللىق قىلغان بولىدۇ دېگەن ھەدىس، مۇنكەر، يەنى راۋىيسى پاسىق، مەترۇك بولسا، يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگىنىنى دەيدۇ.

419. ھەرقانداق دوسقانغا ئەھمەد، مۇھەممەد ئىسىملىك كىشى قاتناشسا، شۇ جاي ئىككى قېتىم پاكلىنىدۇ، ئۇلۇغلىنىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ئەھمەد يالغاندىن توقىغان، چۈنكى، ئىسمى ئەھمەدنىڭ ئوغلى،

ئىكەن.

420. جىبرىئىل شۇنداق دىگەنكى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا سالام يوللاندى، كىمگە سىنىڭ ئىسمىڭ بىلەن مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويۇلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخ ئوتىدا ئازاپلىماسلىققا قەسەم قىلدى دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇنى نەبىيت كاززاپ توقىغان.

## دۇرت، دۇئايى _ سالام توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

421. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قېتىم دۇرۇت يوللاش، نۇرغۇن قۇللارنى ئازاد قىلىشىدىن ياخشى دىگەن، بۇ ھەدىس يالغان، يالغاندىن توقۇلغان، بۇنداق يالغان سۆزنى قىلمىساقمۇ، ئاللاھ، ئايەتتە ئوچۇق بۇيرىدى، سەھىھ ھەدىستا بۇيرۇلدۇق، پەزىلىتى، ساۋابى ئېنىق باردۇر.

422. ھەرقانداق ئەمەلگە دۇرۇت، دۇئايى _ سالام ئارىلاشسا، قەتئىي قايتۇرۇلماي قوبۇل بولىدۇ دىگەن ھەدىس، قاتتىق زەئىپ بولۇپ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ.

423. كىم ھەر كۈنى سالاتۇللا ئەلا ئادەم يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئادەم ئاتىغا بولسۇن دەپ ئۈچ قېتىم دەپ بەرسە، بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت بولۇپ، جەننەتتە ئادەم ئاتا بىلەن بىللە بولىدۇ دىگەن ھەدىس مەترۇك، مۇنكەر بولۇپ، ئوروس دىگەن كىتابنىڭ ھەدىسلىرىدۇر. مۇشۇنداق

كىتابلاردا نۇرغۇن يالغان بىدئەت دۇرۇتلار باردۇر.

424. كىم ماڭا ھەر جۈمئە كۈنى 40 دۇرۇت ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭ 40 يىللىق گۇناھىنى يۇيىۋېتىدۇ، ھېچ بولمىغاندا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتقان كىشىنىڭ 80 يىللىق گۇناھىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ دېگەن يالغان ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى رىزام دېگەن كاززاپ توقىغان.

425. كىم قىزىل گۈلنى پۇراپ، ماڭا دۇرۇت يوللىمىسا، ئۇ ماڭا قوپاللىق قىلغان بولىدۇ، قەلبى قاتتىقلىق قىلغان بولىدۇ دېگەن ھەدىس باتىل، يالغان، بۇنى قەيس ئىبنى تەمىم توقۇغان.

426. لالەئى دېگەن كىتابىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت يوللاش، كىتابىدا يېزىش توغرىسىدا نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەر توپلانغان بولۇپ، بىر كۇرۇپ بېقىڭ، دىققەت قىلىڭ، بىز دۇرۇت، دۇئا يوللىماڭ دېمەكچى ئەمەس، پەقەت ئاللاھ ۋە رەسۇل دېگەندەك يوللاڭ، بىدئەتتىن ساقلىنىڭ دېمەكچى.

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنىڭ پەزىلىتى، ھەر 100 يىلدا دىنىنىڭ يېڭىلىنىشى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

427. ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپى رەھمەتتۇر دېگەن ھەدىسنى زاھھاك مۇنىقەتىئ (تۇتاشقان يولى ئۈزۈك) رىۋايەت قىلغان. ئىراقى مۇرسەل زەئىپ دېگەن، ھەدىس ئىماملىرى ئەسلى يوق دېگەن. مۇھەممەد ئىبنى سالىھ،

www.uyghurkitap.com

ئۇسەيمىين يالغان دېگەن.

428. مەسابىيھنىڭ ئىككى ھەدىسى؛ بىرسى ئۇممىتىم ئىچىدە بىر تائىپە كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەرپا قىلىدۇ، ئۇلارنى خارلىغان، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغانلار، ئۇلارغا، ئاللاھنىڭ ئەمرى قىيامەت كەلگەنگە قەدەر، زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار شۇ ھەق ئۈستىدە بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى، يەنە بىرى ئۈممىتىمنىڭ ئوخشىشى يامغۇرغا ئوخشايدۇ، زىرائەتكە يامغۇرنىڭ ئەۋۋىلى پايدا قىلدىمۇ؟ ياكى ئاخىرى پايدا قىلدىمۇ بىلگىلى بولمىغاندەك دېگەن بۇ ئىككى ھەدىسنى يالغان دېگەن، چۈنكى، كاپىرلار، دىنسىزلار، ھەقىقەتچىلەرگە زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزۈپ كەلدى، ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلەر، نۇرغۇن پەيغەمبەر، ساھابىلار، تابىئىنلار، نۇرغۇن ھەقىقەتچىلەر دائىم شېھىد بولماقتا، ئۆلتۈرۈلمەكتە، تۈرمىلەرگە كىرمەكتە، زەرەر يەتكۈزۈلمەيدۇ دېگىنى ئەمىلىلەشمىدى، بۇ يالغان سۆزنى ھەرگىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمەيدۇ.

ئىككىنچىسىنىڭ سەۋەبى بولسا، سەھىھ ھەدىستە،ھەتتا ئايەتتە ساھابىلارنى، تابىئىنلارنى سەلەپ سالىھلارنى ماختىغان، يىل، ئاي ئۆتكەنسېرى زامان يامانلىشىدۇ، قىيامەت ئەڭ يامان، ناچار كىشىلەر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ دېگەن. باش ئاخىر ئوخشاش ئەمەس، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئالىملار ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى، راۋىسىنى، مەتنە، مەنىسىنى تەكشۈرۈپ، تولۇق دەلىل ــ ئىسپات بىلەن يالغان دېگەن. ئۆپكىگىرنى

بىسۇبىلىپ، ئالدىرماي تەكشۈرۈپ بېقىڭ.

## ساھابىلار پەزىلىتى، ئۈۋەيس دېگەن كىشى توغرىسىدا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كۆڭنى ياندۇرۇپ بېرىش، ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىلى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

429. ساھابىلىرىمنى تىللاش كەچۈرۈلمەس گۇناھدۇر دېگەن ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا يالغان دېگەن، چۈنكى، بۇ گۇناھى كەبىير بولسىمۇ، تۆۋبە قىلسا، شېرىك ھالدا قالمىسا ئاللاھ تۆۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ، گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ، شېرىك، كۇپرى ئۈستىدە ئۆلسە، كەچۈرمەيدۇ، مۇشرىك، كاپىر، مۇناپىقلارمۇ تۆۋبە قىلىپ، ھەقنى تونۇپ، ئىسلامغا كىرىسە، ئاللاھ قوبۇل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە، يۇقىرقى گۇناھىمۇ شۇنداق ئەپۇ قىلىنىدۇ.

430. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار مەندىن كېيىن خەلىپە بولىدۇ دېگەن ھەدىسلەر يالغان، چۈنكى، بۇنداق ھەدىس بولسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خەلىپىلىك ئىشىنى، ئالتە كىشى ئارىسىغا مەسلىھەتكە تاشلاپ قويۇپ كەتمەيتتى، شۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلاتتى، شۇنداقلا ئەبۇ بەكرىنى خەلىپە سايلىغاندا ئىشلار ئاسان بولاتتى، ئىختىلاپ بولمايتتى.

431. «مەن شەتىمە سىددىق فەئىننەھۇ زەندىيق، مەن شەتىمە ئۇمەر

www.uyghurkitap.com

فەمەئۇاھۇسەقەر، مەن شەتىمە ئوسمان خەسمەھۇررەھمان، مەن شەتىمە ئەلى خەسمەھۇنەبى» يەنى كىم سىددىقنى تىللىسا، ئەيبلىسە، دىنىسىز بولىدۇ، كىم ئۆمەرنى تىللىسا، سەقەر دىگەن دوۋزاخقا كىرىدۇ، كىم ئوسماننى تىللىسا رەھمانتائالا داۋالىشىدۇ، كىم ئەلىنى تىللىسا، نەبىي پەيغەمبەر داۋالىشىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، كىشلەرنى بۇ جىنايەتتىن ياندۇرۇش، توسۇش ئۇچۇن دىيىلگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى تىللىسا، گۇناھى كەبىر بولىدىغانغا ئايەت، ھەدىسلەر بار.

432. ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنى تىللاش كەچۈرگىسىز گۇناھدۇر دىگەن سۆز ئىبان دىگەن كاززاپنىڭ سۆزى بولۇپ، يالغاندىن توقۇغان، ئەمما، بۇ ئىش بىز دىگەندەك گۇناھى كەبىرە بولىدۇ.

433. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، جەننەتكە، ئۆمەر، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن بۇرۇن كىرىدۇ، مەن بولسام، مۇئاۋىي بىلەن ھېساب كىتاب قىلىشىپ قالىمەن دىگەن بۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىيىش ئۇچىغا چىققان كاززاپلىق، بۇيالغان ھەدىستۇر.

434. راۋاپىزلارنى سۆككەن ئۇزۇن بىر ھەدىس يالغان بولۇپ، گەرچە بۇ ئەقىدىدىكى كىشلەر ئازغۇن، بىدئەتچى بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ توغرىسىدا،ئىسمىنى تىلغائېلىپ سۆز قىلمىغان، بولۇپمۇ ئوچۇق سۆزلىمىگەن.

435. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن سۆزلىشەتتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، قارا زەڭگىدەك ئوتتۇرىدا قالاتتى دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە يالغان، بۇنى ئۆمەرگە قارشى كىشىلەر توقۇغان، دېگەن.

436. ئاللاھ مېنىڭ قەلبىمگە تۆككەن، قۇيغان ھەرقانداق نەرسىنى، ئىلمىنى ئەبۇ بەكرىنىڭ قەلبىگە تۆكتۈم، قۇيۇۋەتتىم دېگەن ھەدىس يالغاندۇر، چۈنكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاران 100 نەچچە ھەدىس سۆزلىگەن.

437. ئاللاھ، قىيامەت كۈنى ئىنسانلارغا ئومۇمەن ئاشكارا بولسا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خاسلا ئاشكارا بولىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

438. ئەگەر مەن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلمىگەن بولسام، ئۆمەر ئەۋەتىلەتتى دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، راۋىيسىدا كاززاپ بار، ھەدىسى مەترۇك، ئەمما، بۇ مەنىدە تىرمىزىيدا ھەدىس بار بولۇپ، لەۋزى ئوخشاشمايدۇ، تىرمىزى، ئۇ ھەدىسنى ھەسەن دېگەن.

439. جىبرىئىل شۇنداق دېگەنكى، ئىسلام دىنى ئۆمەرنىڭ ئۆلۈمىگە يىغلايدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى جەۋزى يالغان دېگەن، ئەمەلىيەتتە بولسا، ھەممىمىز يىغلايمىز، لېكىن، ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىمىگەچكە راۋىيسى كاززاپ بولغاچقا، ھەدىس يالغان بولۇۋېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە راستى راست بولۇۋېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

440. ھەق، ئۆمەر بىلەن بىللە، ئۆمەر جەننەتنىڭ چىرىغى دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يەنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بۇ ئالىم يالغان دېگەن.

441. ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ خەلىلى بار، مېنىڭ خەلىلىم ئوسمان دېگەن بۇ ھەدىس مۇلتى دېگەن كىشىنىڭ باتىللىرىدىندۇر.

442. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسماننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، سەن مېنىڭ دۇنيا ــ ئاخىرەتتىكى دوستۇم دېگەن ھەدىس مەترۇك بولۇپ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ.

443. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەننەتتە بۇراق بىلەن ئۇياقدىن ــ بۇياققا ئۇچۇپ يۈرىيدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام زەھەبى يالغان دېگەن، ئەمما، بىز 11 ساھابىنى تۆت خەلىپىنى جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىس بار.

444. مەسجىدىدىكى بارلىق ئىشىكلەرنى ئېتىۋېتىڭلار، لېكىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىكى قالسۇن دېگەن ھەدىسنى راۋاپىزلار يالغاندىن توقۇپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئالماشتۇرىۋەتكەن.

445. يا ئەلى، بۇ مەسجىددە مەن بىلەن سەندىن باشقا كىشىنىڭ جۇنۇپ يۈرۈشىگە رۇخسەت يوق دېگەن بۇ ھەدىسنى خۇلاسە دېگەن كىتابدا يالغان دېگەن.

446. ئى ئاللاھ، ماڭا ئەڭ ياخشى مەخلۇقىڭنى كەلتۈرۈپ بەرگىن

دېگەندە، ئەلىنى كەلتۈرگەن دېگەن ھەدىسنى مەن ئىلىمنىڭ شەھىرى، ئەلى بولسا، ئىشىكى دېگەننى ئىبنى جەۋزى يالغان ھەدىس دېگەن، زەھەبىيمۇ شۇنداق دېگەن.

447. مەن ھېچكىشى ئىبادەت قىلىشىدىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يەتتە يىل ئىبادەت قىلغان دېگەن بۇ سۆزنى شىيئەلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۆھمەت قىلىپ، ئۇ شۇنداق دېگەن دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئەبۇ بەكرى چوڭلاردىن، ئەلى كىچىكلەردىن، خەدىچە ئاياللاردىن، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قۇللاردىن تۇنجى مۇسۇلمان ئىدى.

448. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇچىقىدا ئىدى، ئۇ ئەسىر ئوقۇيالمىغان بولۇپ، كۈن كىرىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويغۇنۇپ ئى ئاللاھ، ئۇ سېنىڭ ئەلچەڭنىڭ ئىتائىتىدە شۇنداق قىلغان بولسا، كۈننى قايتۇرۇپ بەرسەڭ، ئۇ نامىزنى ئوقۇۋالسا دېگەن ئىدى، كۈننى قايتۇرۇپ بەردى، ئاندىن نامىزنى ئوقۇۋالدى دېگەن ھەدىس يالغان مۇنكەردۇر.

449. 47 ئادەم ئېچىشتىن ئاجىز كەلگەن خەيبەر قورغىنىنىڭ ئىشىكىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يالغۇز ئېچىۋەتكەن دېگەن ھەدىس مۇنكەر بولۇپ، بۇنى شىيئە، ئىمامىييەلەر توقۇغان.

450. ھەۋزى كەۋسەرىمگە تۇنجى بولۇپ كېلىدىغان كىشى تۇنجى

مۇسۇلمان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولىدۇ دىگەن، ھەدىسنى مۇئاۋىييە زەئىپرانى دىگەن كاززاپ توقۇغان، سەبىيپ ئىبنى مۇھەممەد ئەگەشكەن كاززاپ.

451. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ دىگەن ھەدىس مەترۇك.

452. مىئراجدا مەن ئەلىنى ئەرشنىڭ تۈۋرۈكى يىنىدا كۆردۈم، شەھادەت كەلىمىسى بىلەن مۇنداق سۆز يىزىقلىق تۇرىدۇ، مەن ئەلى بىلەن نۇسرەت، ياردەم ئاتا قىلىپ كۈچلەندۈرىمەن، بۇ ھەدىس باتىل.

453. ئى ئەلى، سەن مۇسۇلمانلار خوجىسى، مۇتتەقىيلەر ئىمامى، نۇرلۇق قاشقىلىق قوشۇننىڭ قۇماندانى دىگەن ھەدىس، ئىبنى ئەھمەدنىڭ يالغان ھەدىسى.

454. جىبرىئىل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىنىڭ ۋەسىيىتىڭنى ئاللاھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلىشنى بۇيرىدى دىگەن ھەدىس يالغان، بۇنداق ھەدىس بولسا، ئالدى بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىيپە بولاتتى، ساھابىلەر ئەمەل قىلاتتى.

455. ئى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ساڭا، ئەھلىڭلارغا، ئەۋلادلىرىڭلارغا ئەگەشكۈچىگە، ئۇلارنى ياخشى كۆرگۈچىلەرگە، بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلدى دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇنى داۋۇد كاززاپ

توقۇغان.

456. مىنىڭ ئەھلى بەيتىم يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ، قايسىغا ئەگىشىپ ئىقتىدا قىلساڭلار ھىدايەت تاپىسىلەر دېگەن يالغان ھەدىسنى كاززاپ نەببىت توقۇغان، ئەلى ۋە ئەھلى بەيت توغرىسىدا نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەر بولۇپ، بۇلارنى سىز شىيئە، راۋاپىز، ئىمامىيە كىتابلىرىدا كۆپ كۆرىسىز.

457. ئادەم ئاتا تۆۋبە قىلغاندا، قىلغان كەلىمە سۆزلەر بولسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پاتىمە، ھەسەنلەرنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدە مېنى كەچۈرگىن دېگەن، شۇنىڭ بىلەن تۆۋبىسى قوبۇل بولغان دېگەن ھەدىسنى ھۇسەيىن ئىبنى ھەسەن توقۇغان بولۇپ، ئىككى خاتالىق بۇ سۆزدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بىرسى، ئاللاھدا ھېچ كىشىنىڭ ھەققى يوق، ئىسلام دىنىدا بۇنداق دۇئا يوق، ئىككىنچى، بۇ ۋاستىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنى ئىسلام دىنى شېرىك دەپ سانايدۇ.

458. ئاللاھ مۇنداق دەپ ۋەھى قىلغان، زەكەرىيا ئوغلى يەھيانىڭ ئۆلىمى ئۈچۈن 70000 كىشىنىڭ جېنىنى ئالغانمەن، نەۋرەڭ ھۇسەيىننىڭ ئۆلىمى ئۈچۈن 70 مىليون كىشىنىڭ جېنىنى ئالىمەن، بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ.

459. ھۇسەيىن، ھىجرىيە 60 ــ يىلى ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق دېمىگەن.

460. مەن بىر دەرەخ، پاتىمە بىلەن ئەلى شاخ، ھەسەن، ھۇسەن

قوۋلاق بولىدۇ، بۇ دەرەخ جەننەت ئەدنىدە بولىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان، بۇنى ئەبباد ئىبنى يەئقۇپ دىگەن راپىز توقۇغان، ئايەت، سەھىھ ھەدىس ئالدىدا بۇ سۆز لازىم ئەمەس.

461. مەن ئاسمانغا ئۆرلىگەن كېچىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا جەننەتتىن بىر بىيە ئەكىلىپ بەردى، بۇ بىينى خەدىچە، پاتىمەنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويدى، مەن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى سىغىنسام پاتىمەنىڭ بويىننى پۇرايتتىم دىگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى پاتىمە بارلىق ئالىملار ئىجماسى بىلەن مىئراجدىن يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسمانغا چىقىشدىن بۇرۇنلا تۇغۇلغان، بۇ ھەدىس تارىخقا زىتتۇر. بۇلارنىڭ پەزىلىتى، دەرىجىسى، جەننەت ئەھلى بولۇشى، ئايەت ھەدىسلەردە ئىسپاتلانغان، يالغان سۆز قىلمىساقمۇ شۇلار كۇپايە.

462. ئەگەر بالام ئىبراھىم ياشىغان بولسا، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر بولاتتى دىگەن ھەدىس باتىل، چۈنكى، بۇ ئايەتكە زىتتۇر، مۇخالىپ كېلىپ قالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سەن ئاخىرقى پەيغەمبەر، سەھىھ ھەدىستىمۇ مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ دىگەن، ئۇنداق بولغانىكەن ئۇ ياشىغان، ھايات قالغان بولسىمۇ پەيغەمبەر بولمايتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزدىن پاكتۇر.

463. دىنىڭلارنىڭ يېرىمىنى قىزىل تەنلىكلەردىن ئېلىڭلار دىگەن ھەدىسنىڭ ئىسنادى يوقتۇر، ئارىلىقتىكى كىشىلەر يوق.

464. ئائىشە ئانىمىزدىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغا، مىنى قانداقراق ياخشى كۆرىلا دىسەم، ماڭا، خۇددى ئارغامچا چىگىكىدەك دەپ جاۋاب بەردى، مەن پات ـ پات چىگىك قانداقراق دەپ سوراپ قوياتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا، شۇ پېتى، ئۆز ھالىتىدە دەيتتى دىگەن ھەدىس باتىل بولۇپ،بۇتۇغرىسىدا سەھىھ ھەدىس كۆپايە.

465. ھەربىر قەۋمنىڭ بىر فىرئەۋنى بولىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ فىرئەۋنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سوپىيان دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى كىشىلەر توقۇپ چىققان.

466. ئىشەنچىلىك مەخلۇق يەتتە، 1 ـ لەۋھۇلمەھپۇز، 2 ـ قەلەم، 3 ـ ئىسراپىل، 4 ـ مىكائىل، 5 ـ جىبرائىل، 6 ـ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، 7 ـ مۇئاۋىي دىگەن ھەدىس يالغاندۇر، چۈنكى، تۆت خەلىپە ھەتتا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار قىلىپ قالدى، شۇنداقلا بۇنداق دىيىشنىڭ نىمە ھاجىتى.

467. قىيامەت كۈنى تۈنجى بولۇپ داۋاغا چۈشىدىغانلار ئەلى بىلەن مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار دىگەن ھەدىس يالغان.

468. شۇنداق، يا ئاباس، ھىجرىيە 135 ـ يىلغا يەتكەندە خەلىپىلىك سىنىڭ ئەۋلادىڭغا تىگىدۇ، ئۇلاردىن سىپاھ، مەنسۇر ئىسىملىك كىشىلەر چىقىدۇ، ئىمام مەھدىيمۇ شۇلاردىن چىقىدۇ دىگەن ھەدىس

باتىلدۇر.

469. مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى جازالاش ياكى ماختاش توغرىسىدىكى نۇرغۇن ھەدىسلەر باتىل، يالغان.

470. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىننى شىن ئوقۇۋېتەتتى، بىلالنىڭ شىن ئوقۇشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىن دۇر دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق.

471. سۇھەيىپ نىمە دىگەن ياخشى بەندە، ئەگەر ئۇ، ئاللاھدىن قورقمىغان بولسا، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماپتۇ دىگەن بۇ مەشھۇر ھەدىس، يەنى گىراماتىكا، ئۇسۇلۇ لھەدىس ئالىملىرىنىڭ تىلىدا مەشھۇر،لىكىن ھەدىس ئىسنادسىزدۇر. يەنى ۋارىيسى يوق، يولى يوق.

472. ئۇۋەيس دىگەن تابىئىن توغرىسىدا سەھىھ ھەدىسمۇ بار، شۇنداقلا نۇرغۇن يالغان زەئىپ، باتىل ھەدىسمۇ بار دىققەت قىلارسىز.

## ساھابىلىق داۋاسى قىلغان يالغانچىلار توغرىسىدا

473. زەيىل دىگەن كىتابىتىكى ھىندى پادىشاھى سىر باتىك 725 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلىق خەۋىرى باتىل بولۇپ، ئىمام زەھەبى رەھمەھۇللا بۇ ئويئوچۇق، رۇشەن يالغان دىگەن. يەنە تىخى سىرباتىك مەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەككىدە

بىرقېتىم، مەدىنىدە بىر قېتىم كۆردۈم دىگەن داۋىسى شەكسىز باتىلدۇر. چۈنكى،بۇ ھىجرىيە 333 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆمرى ساھابىلىقتا يەتمىگەن، ھەسەن بەسرى تابىئىن ئالىمدىن 200 يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن. جابىر ئىبنى ئابدۇللا يەمامى دىگەن كاززاپ مەن تۇغۇلغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئاپارسا ماڭا دۇئا قىلىپ قويۇپتىكەن دەپ ساھابىلىق داۋاسى قىلغان بۇ يالغاندۇر.

يەنە تېخى جۇبەيىر ئىسىملىك بىر قېرى ھىجرىيە 573 ـ يىلى يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇنيادىن كېتىپ 562 يىل كېيىنمۇ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەن، خەندەك كولاشقا قاتناشقان دەپ يالغان سۆزلىگەن.

ھىندى زىمىندىكى رەتنى ئىسىملىك بىر كاززاپ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇنيادىن كېتىپ 600 يىل كېيىن ساھابىلىق داۋاسى قىلغان، نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى ئالدىغان، بەلكىم ئۇ جىننى كۆرگەن ئوخشايدۇ، بۇ كاززاپ رەتنى ھىجرىيە 632 ـ يىلى ئۆلگەن.

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دىگەن: مەن رەتنى دىگەن كاززاپنىڭ كىتابىنى تەكشۈرسەم، مۇنداق بىر بۆھتان تۇرىدۇ، جۇڭگو (سىين) دۆلىتىدىكى قەشقەر دىگەن جايدىكى شەيىخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرەھمان دىگەن كىشىگە باشقىلار رەتنىدىن ھەدىس سۆزلەپ بېرىپتۇ، رەتنى رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇرسا، شامال چىقىپ دەرەخلەرنىڭ قۇلىقى تۆكۈلۈپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روتىنىغا كىم پەرىز نامازنى ئوقۇسا، گۇناھلىرى شۇ قۇلاقدەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ دەپتىمىش، سۇبھاناللا بۇ ئوپئوچۇق بوھتاندۇر. كاززاپنىڭ ساھابىلىق داۋاسىدۇر، سۆزلىگىنى يالغان ھەدىستۇر.

ھىجرىيە 707 ـ يىللىرى قەشقەرلىك بۇ نادان سوپى، يەنە مۇنداق دەپ جۆيلۈپ يۈرۈپتۇ، ماگا باشقىلار روتىنىدىن يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسىدىن شۇنداق ھەدىس سۆزلىدىكى، كىم ئىككى قېشىنى ھەر كېچىسى ماگا دۇرۇت يوللىغاچ تاراپ بەرسە، ھەرگىز كۆزى كور بولمايدۇ، باتىنىي ئەمەلدىن زەررىچىلىكى، زاھىرى ئەمەلنىڭ تاغدەك چوڭىدىنمۇ ياخشىدۇر دېگەندەك نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بوھتان قىلىپ سۆزلىۋەتكەن.

روتنى دېگەن بۇ كاززاپ يەنە مۇنداق دېگەن: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن پاتىمەنىڭ توي كېچىسىدىكى زىياپەتكە قاتناشقان، بەزىلەر ساز بىلەن ناخشا ئوقۇغان ئىدى، تەسىرلىنىپ كېتىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتۇق، ئەتىسى بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەلۇم قىلساق، ئىنكار قىلمىغان، دۇئا قىلغان دېگەن، مانا بۇ رۇشەن بوھتان، يالغاندۇر، سۇبھاناللا كىشىلەر نېمانچە نادان، نېمانچە ئەخمەقتۇ ھە!!!

ئىمام زەھەبى رەھمەھۇللا مۇنداق دېگەن: روتنى كاززاپ، بوھتانچى،



www.uyghurkitap.com

ئازغۇن ئىنسان، ياكى شەيتان ياكى جىن شۇ ئىنسان سۈرىتىدە كىشىلەرنى ئازدۇرغان، بۇ بەدبەخ 300دىن ئارتۇق يالغان ھەدىسلەرنى مەيدانغا چىقىرىۋەتكەن، بىز يۇقىرىدا روتىنىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلاركى، ئەڭ ئاخىرقى ساھابە ئەبۇ تۇپەيىل، ئامىر ئىبنى ۋائىلە بولۇپ، بۇ كىشى مەككىدە ھىجرىيە 102 _ يىلى ۋاپات بولغان، مانا بۇ زېمىن يۈزىدىكى ساھابىنىڭ ئاخىرقىسى، ئاندىن كېيىن بىرەر كىشى ساھابىلىق داۋاسى قىلسا، ھىجرىيە 102 _ يىلدىن كېيىن، ھايات تۇرۇپ مەن ساھابە، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەن دېسە ئۇ شەكسىز يالغان سۆزلىگەن، بۆھتانچى بولىدۇ.

سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن، ھازىر بار بولغان، يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق كىشى 100 يىلدىن كېيىن بىرسىمۇ قالماي يوقىلىدۇ دىگەن مانا بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئالىملار تەكشۈرسە راستىنلا بىرمۇ ساھابە قالماي دەل شۇ يىلى ئۆلۈپ تۈگىگەن.

ھەتتا، نۇرغۇن ئالىملار بۇ ھەدىس بىلەن مۇنۇ ئايەتنى دەلىلەپ خىزىرمۇ ئۆلۈپ كەتكەن دىگەن (بىز سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئىنسانغا مەڭگۈ ياشاشنى قىلمىدۇق) دىگەن ئايەت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇسەيمىن، خىزىر ھايات دىگەن ھەدىسلەر يالغان دىگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللاھۇ شۇنداق دىگەن، ئىبنى كەسىرمۇ بەدايەت

دېگەن تارىخ كىتابىدا شۇنداق دېگەن، ئەمما بىر قىسىم ئالىملار زەئىپ ياكى يالغان ھەدىسلەر بىلەن خىزىر ھازىرمۇ ھايات دەپ قارايدۇ، ئەمما، كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتى يوق.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بۇنداق روتنىيدەك كاززاپلار كۆپ چىققان بولۇپ، ئۇلار يالغان سۆزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە دۇئا ئالغانلىقىدىن باشلايدۇ، ھەممىسى يالغان، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز، قۇرئان بىلەن سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىمىز، بىزگە يالغان سۆزنىڭ، خۇراپات، بىدئەتنىڭ كېرىكى يوق.

## پەيغەمبەرلەر ۋە خىزىر، ئىلياس توغرىسىدا، شۇنداقلا جەننەتتىكى ساقلى بار كىشى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

474. لالەئى دېگەن كىتابىدا، ئىمام سۇيۇتى مۇنداق بىر باتىل، يالغان ھەدىسنى يازغان، ئۇ بولسىمۇ، سۇلەيماننىڭ ئۈزۈكىدە لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا دېگەن كەلىمە يېزىقلىق دېگەن يالغان ھەدىستۇر. چۈنكى، ھېچ بىر جايدا بۇ سۆز جۈپ بىللە كەلمەيدۇ، ئەشھەدۇ دېگەن شاھادەت كەلىمىسى بار. لېكىن، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا دېگەن بۇ سۆز بىرلا، جۈپ، بىللە كەلمەيدۇ. قۇراشتۇرسا بىر ـ بىرى بىلەن مۇرەككەپ قىلسا، ئاندىن تېپىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار بۇ،جۈپ سۆزنى بىدئەت دېگەن، نۇرغۇن ئالىملار رۇخسەت قىلغاندۇر،

توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ،مۇسلىمدابۇ،جۈپ سۆزگەباب باردۇر بۇ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

475. ئەگەر ھامىلدار ئايال، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى كۆرسە، ھۇشىدىن كېتىپ، بويىدىن ئاجراپ كېتەتتى دېگەن ھەدىس يالغاندۇر. گەرچە چىرايلىق، گۈزەل بولسىمۇ، بۇ ھەدىس يالغان، بىزگە يەنىلا ئايەت، سەھىھ ھەدىس كۇپايە.

476. خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كۆرۈشكىنى توغرىسىدىكى، ۋاپاتىدا كەلگەن ھەدىسلەر يالغان بولۇپ، راۋىيسى كاززاپ ئىكەن.

بىز يۇقىرىدا دېگەندەك ئۇسەيمىيىن قاتارلىق ئالىملار بۇ توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى يالغان دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوپىلارنىڭ خىزىرنى كۆرگەن سۆزلىرىمۇ يالغان، ئۇنداق بولمايدىكەن، دەلىل _ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرسۇن، دەلىل يوق، ھەرقانداق بىر سۆز رەت قىلىنىدۇ.

477. خىزىر بىلەن ئىلياس ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى بەيتۇلمۇقەددەستە كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ. ھەج قىلغاندا مەككىدە كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ. خىزىر، دېڭىز بويىدا بولۇپ مەڭگۈ ھايات قىلىش بېرىلگەن. دېگەن ھەدىسلەر مۇنكەر، راۋىيسى كاززاپ، يالغاندۇر.

شۇنىڭدەك خىزىرنىڭ ھاياتلىقىنى ئىنكار قىلماقچى بولغان كىشىلەرمۇ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈر دېگەندەك يالغان ھەدىس توقۇپ مۇنداق

دىگەن، ئاللاھ، خىزىر قىرىندىشىمغا رەھمەت قىلسۇنكى، ئەگەر ئۇ ھايات بولغان بولسا، مېنى زىيارەت قىلغان بولاتتى دىگەن، بۇ ھەدىسمۇ يالغاندۇر.

478. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەننەتتىمۇ ساقىلى باردۇر دىگەن ھەدىس، سەھىھ ئەمەس، ئەمما، ئايەتتە جەننەت ئەھلى ئۇچۇن خالىغىنى بار دىيىلگەن، ئەگەر ئۇلار شۇنى خالىسا بولىدۇ، بولمىسا بولمايدۇ.

479. شۇنىڭدەك مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىندىكىگىچە ساقىلى بولىدۇ دىگەن ھەدىس سابىت ئەمەس. ھەدىس ئالىملىرى بىز بۇ ھەدىسنى تونىمايمىز دىگەن، سەھىھ ھەدىستە جەننەت ئەھلى ساقال – بۇرۇتى، تۈكلىرى يوق، خالىسا چاچ، بۇرۇت بولىدۇ دىگەن، چاچ بولسىمۇ بۇرۇت بولماسلىق مۇمكىن. توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ،«جورد» دىگەن تۈكسىز دىگەن مەنىدە بولىدۇ. مۇرد ساقالسىز دىگەن بولىدۇ بۇ ئىككى سۆز جەننەتىيلەرنىڭ سۈپىتى.

480. ئۈزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈلگەن ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر، بۇنى ئەبى ھەپسە ئەبدى دىگەن كاززاپ توقۇغان، ئاللاھ قۇرئاندا بۇ پەيغەمبەرنى سۆزلەپ بەرگەن، دەپتەردە بولمىسا سۆزلىمەيتتى.

481. بىر بۆرە يەئقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇتتۇرىدىن ئۆتىدۇ، ئاندىن يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام بۆرىدىن سەن مېنىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بالامنى

يىدىڭمۇ دەپ سوراپتۇ. بۇ بۆرە، مەن بالاڭنى قانداق يەي؟ پەيغەمبەرلەر گۆشى بارلىق يىرتقۇچ هايۋان ۋە قۇشلارغا هارام قىلىنغان تۇرسا دەپتۇ دىگەن بۇ هەدىس، نەبىيت دىگەن كاززاپنىڭ يالغان سۆزىدۇر. شۇنداقلا بۇنداق ئەھۋاللارنى پەيغەمبەرلەر تارىخىغا، تارىخچىلار كۆپ ئالغاندۇر، جۈملىدىن رابغۇزى يازغان قىسسەسۇلئەنبىيا ۋە باشقا كىتابلار، تارىخ كىتابنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، ئىبنى كەسىرنىڭ بەدايەت ۋە نەهايەتنى شۇنداقلا ئىشەنچلىك كىتابلارنى كۆرۈڭ.

لېكىن سىز، مانا مۇشۇنىڭدەك بىر قىسىم يالغان بۆهتانلاردىن يىراق تۇرۇڭ. مەسىلەن: نۇرغۇن كىشىلەر يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تۆهمەت چاپلاپ، ئىشتان بېغىنىڭ 6/7سىنى يېشىپ بولغان، دادىسىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ يېنىپ قالغان دىگەندەك بۆهتانىنى توقۇغاندۇر، ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر تۇگۈل هازىرمۇ نۇرغۇن تەقۋادار مۇسۇلمانلار نى نى پاهىشىخانىلارغا بارمايدۇ، ئۆزىنى ئاياللاردىن توسالايدۇ، ئازمايدۇ، شۇنداق تۇرۇپ، بۇ پەيغەمبەر قانداق ئىزىپ قالسۇن؟

تەپسىر سەپۋەتۇتتاپاسىردا 10 دەلىل بىلەن بۇ بۆهتاننى، يالغاننى رەت قىلغان، فىزىلال قۇرئانمۇ شۇنداق، شۇنىڭدەك، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان تۆهمەت بۆهتانىنىمۇ رەت قىلىمىز. ئۇلار تىخى بىر پەيغەمبەرگە باشقىلارنى بارسا كەلمەس جەڭگە ئەۋەتىپ، خوتۇنىنى نىكاهلاپ ئېلىۋالغان دەپ بۆهتان چاپلىغان، خەلىپە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ، كىمكى داۋۇد

ئەلەيهسسالامغا يەھۇدىيلاردەك بۇنداق بۆھتاننى چاپلىسا، 160 دەررە ئۇرىمەن دىگەن. چۈنكى، بۇ جىنايەت ئاددى كىشلەرنىڭكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بۆھتانغا 160 قاچما ئۇرۇلىدۇ.

شۇنىڭدەك نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرگە تۆھمەت، بۆھتان چاپلىغاندۇر. ھەممىسى بۆھتان، خۇراپات، يالغاندۇر، بۇ توغرىسىدا ئايەت، سەھىھ ھەدىسىدىن باشقىسى يالغان، ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈشمۇ ھارام. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستا، كىم ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرسە، بۇ قىلمىش، يالغانچىلىقتا كۇپايە دىگەن بار. يالغانچىنىڭ يالغان سۆزنى توشۇپ يۈرگەن، دەپ يۈرگەن كىشىمۇ ئوخشاشلا كاززاپ يالغانچى ھىسابلىنىدۇ. بىزمۇ بۇنداق يالغان تۆھمەت، بۆھتانلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، سۈكۈت قىلمايلى، رەددىيە بىرەيلى، ئۇنداق قىلمىساق باشقىلار بۇ سۆزلەر راست ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ قالىدۇ.

گەرچە پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە ئاقىلغۇچى ئادۋۇكات كىرەك بولمىسىمۇ ئۇلار بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇلگىمىز، پەيغەمبەرلىرمىز، ئەجدادىمىز بولغاچقا بۇ بۆھتاننى رەت قىلايلى.

## پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

482. مۆئمىنگە 160 پەرىشتە مۇئەككەل بولۇپ، ئۇلار دائىم قوغداپ تۇرىدۇ دىگەن ھەدىس زەئىپ، ئەمەلىيەتتە ئايەت، ھەدىسلەردە پەرىشتە،

مۇئەككەل دىيىلىدۇ، لېكىن سانى ئېنىق ئەمەس.

483. جىبرىئىل قېشىمغا كەلسىلا، جەبباراللهدىن قورقۇپ، تىترەپ تۇرىدۇ دىگەن ھەدىس، مەۋجۇد ئەمەس. ئايەتتە بولسا، پەرىشتىلەر ئالّلاھدىن قورقىدۇ دەپ بار، ئەمما، تىترەش تىلغا ئېلىنمايدۇ.

484. ئۆلۈكلەرنى يۆتكەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بار دىگەن ھەدىستە ئالىملار توختالمىغان بولۇپ، سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا يوق بولغان ئىكەن، زەئىپ بولىدۇ.

485. ھاروت ـ ماروت بىلەن زۆھرەنىڭ قىسسىسى مۇسنەد ئەھمەتتە بار بولۇپ، ئۇندىن باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ بار بولۇپ، زەئىپ ئىكەن. بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى زەئىپتۇر، لېكىن تارىخدا سۆزلەنگەن، ئاللاھ ئالىمدۇر.

486. ئاسمان ئەھلىنىڭ مۇئەززىنى جىبرىئىل، ئىمامى بولسا، مىيكائىل دىگەن ھەدىس مۇنكەردۇر، بۇ توغرىلىق سەھىھ ھەدىس يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرىشتىلەرنى بىز ئىنسانلارغا ئوخشاتساق بولمايدۇ، روھى، مەنىۋى، نۇرانى مەخلۇق، ماددىي، جىسماني مەخلۇققا ئوخشاشمايدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

487. بىر پەرىشتە بولۇپ، جىسمىنىڭ يېرىمى قار ـــ مۇز، يېرىمى ئوتتۇر، ئۇ، ئى ئاللاھ، ئوت بىلەن مۇز، سۇنى بىرلەشتۈرگەندەك ،ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرغىن دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، ئابدۇلمۇئمىن دىگەن كاززاپ توقۇغان، كىشلەرنى مۇشۇنداق يالغان

ھەدىسلەرمۇ بىرلەشتۈرەلمىگەن.

ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئەمدى بىز ئايەت ۋە سەھىھ، راسىت ھەدىس بىلەن بىرلەشتۈرەيلى.

488. شەيتان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار جايدا قۇيرۇقىنى ئارقىسىغا سىلىپ يەتتە تال تۇخۇمنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن يەتتە بالىسىنى چىقىرىپ، ھەربىر بالىسىنى بىردىن ئازدۇرۇش پەنلىرىگە مەسئۇل قىلىپ قويغان ھەدىس، ئۆزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن مۇنكەر يالغاندۇر، بۇ توغرىسىدىمۇ يەنىلا سەھىھ ھەدىسىدىن باشقىسى ئىتىبارغا ئېلىنمايدۇ.بۇلۇپمۇ جىسىم سۈپتى.

د489. بەندە نامازغا تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەتتە شەيتان بىللە تۇرۇپ ئازدۇرىدۇ دىگەن ھەدىس باتىل، يالغاندۇر، ئەمما، سەھىھ ھەدىستە سانى يوق، شەيتان ۋەسۋەسە قىلىشى تىلغا ئېلىنىدۇ.

490. شەيتانىنىڭ نەۋرىسى ھامەت ئىبنى ھەيىم ئىبنى لاقىيس ئىبنى ئىبلىس جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن ھەدىس مەترۇك، راۋىيسى كاززاپ دەپ ئەيىبلەنگەن. ئەمما، بۇ قىسسە، تارىخ بەدايەت دىگەن كىتابدا سۆزلىنىدۇ، مەنمۇ ھەيران قالدىم، ئاللاھ ئالىم.

## تۆت ئىمام توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

491. ئۈممىتىمنىڭ چىرىقى، ئەبۇ ھەنىيفە دىگەن ھەدىسنى ئىمام

سوغانى، ئۇسەيمىيىن قاتارلىق ئالىملار يالغان دېگەن.

492. قۇرەيىش ئالىمى، پۈتۈن يەر يۈزىگە ئىلىمنى تولدۇرىدۇ، بۇنىڭدىن مەخسەت مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى دېگەن ھەدىسمۇ يالغان.

493. ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ 16 ياشتا ھەج قىلغاچ ئابدۇللا ئىبنى ھارىس دېگەن ساھابىدىن ھەدىس ئاڭلىشى يالغان، چۈنكى، بۇ ساھابىنىڭ مىسىردا ئۆلۈپ كەتكەن يىلى ئەبۇ ھەدىيفەنىڭ ئالتە ياشلىق ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. دارقۇتنى دېگەن مۇھەددىس ئالىم، ئەبۇ ھەنىيفە ساھابىلارنى كۆرمىگەن، پەقەت ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئەمما، ھەدىس ئاڭلاپ باقمىغان دېگەن.

مۇسنەد ئەبى ھەنىيفەمۇ تالىپلىرى تەرىپىدىن توپلانغان ئۆزى يازمىغان.

494. مەزھەپپەرەس، نادان، جاھىل كىشىلەر مۇنداق بىر يالغان ھەدىسنى توقۇپ چىققان، مىنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، بۇ ئۇممىتىمگە ئىبلىسدىنمۇ زەرەرلىكرەك، ئەبۇ ھەنىيفە ئىسىملىك كىشى، ئۇممىتىمنىڭ چىرىقى دېگەن بۇ ھەدىس شەكسىز باتىل، يالغاندۇر. ھەنىيفىيەلەر ئىچىدىكى خۇراپىي، نادانلار توقۇغان.

495. شافىئى رەھمەھۇللاھ بىلەن ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ شەيبان دىگەن جايدا كۆرۈشكەنلىكى، كىشلەر تىلىدا مەشھۇر بولۇپ، بۇنى ئىبنى تەيمىييە يالغان، باتىل دىگەن، شۇنداقلا، شافىئى رەھمەھۇللا بىلەن ئەبۇ يۇسۇف رەشىيدىنىڭ قېشىدا كۆرۈشكەن دىگەن سۆزىمۇ باتىلدۇر. ئەنە شۇنداق مەزھەببازىق سەۋەبىدىن ئىختىلاپلىشىپ، نۇرغۇن يالغان ھەدىس، يالغان خەۋەر، ئەسەر توقۇلغان بولۇپ، ھەممىسى يالغاندۇر. ئەمما، بۇ تەقۋا تۆت ئىماملارنىڭ تۆھپىسى، خىزمىتى، ئىلمى بىزگە مەلۇم، بۇ ئەمەلىيەت ئۇلاردا، خىزمەت قىلىشىدا، جىنايەت، گۇناھ يوق، جىنايەت سىز ـ بىزدە.

## ئەرەبلەرنى ماختاپ ئەجەملەرنى سۆكۈش، تىل، رەڭ، مىللەت توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

496. مەن ئەرەب، قۇرئان ئەرەبچە، جەننەت تىلى ئەرەبچە بولغانلىقىدىن ئەرەبلەرنى ياخشى كۆرۈڭلار دىگەن ھەدىسنى ئالىملار زەئىپ دىسە، ئۇسەيمىن يالغان دىگەندۇر.

497. جەننەت ئەھلىنىڭ سۆزلىرى، ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزى، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بەرگەندە، تۇرغانلارنىڭ سۆزلىرى ئەرەب تىلى بىلەن بولىدۇ دىگەن ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر. بۇنى ئىمام سۇيۇتى لالەئىدا يالغان دىگەندۇر.

498. ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى ئەرەب، ئەرەبنىڭ ياخشىسى قۇرەيش،

قۇرەيشنىڭ ياخشىسى ھاشىم جەمەتىنىڭ بالىلىرى، ئەجەملەرنىڭ يەنى ئەرەبدىن باشقىلارنىڭ ياخشىسى پارس، سودانىنىڭ ياخشى نوبەت، سەبغەنىڭ ياخشىسى سىرىق تەنلىكلەر، بوياشنىڭ ياخشىسى خىنە، دىگەن بۇ ھەدىس مەترۇك. چۈنكى،راۋىيسىدا ئەنبەسەت دىگەن كىشى بار.

499. ئاللاھنىڭ زىمىندىكى قوشۇنى خاراسان ئەھلى دىگەن ھەدىس شاز، يەنى بۇ سەھىھ ھەدىسكە شۇنداقلا ئايەتكە زىت، مۇخالىپتۇر.

500. ئاللاھقا سۆزلەرنىڭ ئۆچرەكى پارس تىلى، شەيتاننىڭ سۆزى خوزىيە تىلى، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ تىلى بۇخارا تىلى، جەننەت ئەھلىنىڭ تىلى ئەرەب تىلى دىگەن ھەدىس يالغاندۇر. بۇ يالغان ھەدىس ئارقىلىق ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە، باشقا تىللارنى تاشلىۋىتىشكە چاقىرغان، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىغا، مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولسىلا، ئىنگىلىز تىلى، لاتىن تىلى، خەنزۇ تىلى، روس، گىرمان تىللىرىنى ئۆگىنىش ياخشى ئىشتۇر، ھازىرقى ئەقىدىدە ئەللامە ھىساپلىنىدىغان ئۈسەيمىين قاتارلىق ئالىملارمۇ 8ـ10 خىل تىلدا كىتابلار يازدى، تەپسىر قىلدى، «ھارۇن يەھياكۆم» بولسا، 30 نەچچە خىل تىلدا ئىسلام دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، مەن شۇ تور بىتىنى دىمەكچى.

501. ئاللاھ رازى بولغان چاغدا، ۋەھىنى ئەرەب تىلى بىلەن غەزەپ قىلغان چاغدا بولسا، پارس تىلى بىلەن چۈشۈرىدۇ دىگەن ھەدىس باتىل، ئەسلى يوق.

www.uyghurkitap.com

502. كىم پارىس تىلى بىلەن سۆزلىسە، چۈپەيلىشىدۇ، ئىنسانپەرۋەرلىكى يوقاپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، راۋىيسى ئۆمەر كازراپكەن، سەھىھ ھەدىستە سەلمان پارىس مەدھىيلىنىدۇ.

503. كىم قارا تەنلىك بىرەر ھەبشىينى ئۆيىگە كىرگۈزسە ئاللاھ ئۇ ئۆيگە رىزىق كىرگۈزىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىنتىپاقلىششى مەخسەتتە توقۇغان، ئەمەلىيەتتە بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، ئايەت، ھەدىسلەر ئىماننى، تەقۋالىقنى ئاساس قىلىدۇ، تىل، رەڭ، مىللەت، مەزھەپ، قەبىلە، پارتىيە، گورۇھلار يوق نەرسە، ھەممىسى بىر ئادەم باللىرى، مۇسۇلمان مۆئمىن بولسا، تەقۋادار بولسا، شۇ ھېساب بىزنىڭ ھازىر ھەر مىللەت ھەرخىل تىل، ھەرخىل رەڭدە مۇسۇلمان مۆئمىن دوستلىرىمىز بار.

504. قارا تەنلىكلەر قورساق ئۇچۈن، جىنسى ئوچۇق ياشىدۇ، قورسىقى ئاچسا ئوغۇرلۇق قىلىدۇ، قورسىقى تويسا زىنا قىلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە پادىشاھ ناجاشى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار قارا تەنلىكتۇر.

505. ھىندىلار بىلەن يەھۇدىيلاردىن ھەزەر قىلىڭلار دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، ئۇلار ياخشى مۇسۇلمان، تەقۋا، ئىشەنچلىك بولسا، ھەزەر قىلمايمىز. ئەگەر ئۇلار دىنىسىز كاپىر، مۇناپىق بولسا، خۇددى باشقا دىنسىزلاردىن ھەزەر قىلغاندەكلا، ھەزەر قىلىمىز، ئىمان ئاساستۇر.

## ۋاقىت، كۆڭۈللەرنىڭ پەرزلىتى، سۈرمە تارتىش، رىزىق كەڭرى بولۇش، شۇم كۆڭۈللەر توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

506. جۈمەنى ئوقۇش، مىسكىنلەرنىڭ ھەج قىلىشىدۇر دېگەن ھەدىس زەئىپ، راۋىيىدا مۇقاتىل بار ئىكەن.

507. توخۇ بولسا، پېقىر ئۈممەتتىمنىڭ قويىدۇر، جۈمەئە بولسا، ھەج قىلىشىدۇر دېگەن ھەدىس، باتىل، ئەسلى يوق، بۇ سۆزنى يەنىلا ئىما سۇيۇتى لالەئىيدا دېگەن.

508. كىم جۈمەئە كۈنى روزا تۇتسا، كېسەلنى يوقلىسا، مىسكىنگە تاماق بەرسە، جىنازىغا ئەگەشسە، ئۇ كىشىگە 40 يىلغىچە گۇناھ، مەئسىيەت يېقىن كەلمەيدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، لېكىن، يۇقىرقى ئىش، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەملى.

509. مۆئمىن دېگەن ئىھرامدا تۇرغاندەك بولىدۇ، جۈمەئە نامىزىنى ئوقۇسا ئىھرامدىن چىقىدۇ، جۈمەئە ئوقۇغان، مەسجىدتە ئىمام بىلەن ئەسىر نامىزىنىمۇ بىللە ئوقۇپ يانسا، بىر ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلغان بولىدۇ. جۈمەئەگە دېگەن پەيشەنبە كۈنى تەييارلىق قىلىش لازىم دېگەن ھەدىسمۇ يالغاندۇر، زەيىل دېگەن كىتابىدا بار، بەزى ئالىملار مەترۇك دېگەن يەنى راۋىيىسى كاززاپ.

509. جۈمەئە كۈنى بولسا، بارلىق قۇشلار، ھايۋانلار بىر ــ بىرىگە ئەزان تۇۋلىشىپ بۇ جۈمەئە كۈنىدۇر، سىلەرگە سالامەت بولدى دەپ كېتىدۇ

دىگەن ھەدىس مۇنكەر بولۇپ راۋىيدا ھەدىسلىرى مۇنكەر بولىدىغان، ئىبنى ئەشئەس بار، ئەمما، سەھىھ ھەدىستە قىيامەت جۈمئە كۈنى قۇرۇلىدۇ. ھەممە ھايۋانلار قۇشلار بۇ كۈنى قورقىشىدۇ، كۈن سالامەت چىقسا، خۇشال بولىدىغىنى باردۇر.

511. سەيشەنبە شۇم كۈن، پەيشەنبە بولسا، ئادەم جەننەتتىن قوغلانغان، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قۇدۇققا تاشلانغان، پالانى كۈن فىرئەۋن تۇغۇلغان، پالانى كۈن غەلىبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولغان، پالانى كۈن تاش ياغقان دىگەندەك يالغان سۆزلەرنى كىشلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق دىگەن دەپلا بۆھتان چاپلاپ، تۆھمەت قىلغاندۇر.

512. شەنبە بولسا، ھىيلە ـ مىكىرنىڭ كۈنى، يەكشەنبە بولسا، دەرەخ تىكىشنىڭ، بىنا سېلىشنىڭ كۈنى، دۈشەنبە سەپەر كۈنى، رىزىق تەلەپ قىلىش كۈنى، سەيشەنبە ئازاب كۈن، شۇم كۈن، چارشەنبە بولسا، بېرىشكە، ئېلىشقا بولمايدۇ، پەيشەنبە بولسا، ھاجەتنى سوراش كۈنى، سۇلتان قېشىغا كىرىش كۈنى، جۈمئە دىگەن خۇتبە، نىكاھ قىلىش كۈنى دىگەنلەر پۈتۈنلەي يالغاندۇر.

513. ئەگەر بىرسى شەنبە كۈنى سەپەر قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ دىگەن بۇ سۆزنى يەھۇدىيلار توقۇپ چىققان، چۈنكى، ئۇلار بۇ كۈندە ئارام ئالىدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ.

514. چارشەنبە كۈنى شۇم كۈن، بۇ كۈندە تىرە كېسىلى، ئاق

كىسەل، ۋابا چۈشكەن دىگەن يالغان سۆزدۇر، بىز مۇسۇلمانلار بۇنداق ئەپسانە، يالغان سۆزلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، قۇرئاندا سەھىھ ھەدىستە بولسا، شەكسىز ئىشىنىمىز.

515. رەجەپ ئىيىدا ئىستىخفارنى كۆپ ئېيتىڭلار، بۇ ئايدا ئاللاھ دوۋزاخدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى قۇتقۇزىدۇ دىگەن ھەدىس تولۇگۈل ھېچنېمە ئەمەس. ئىستىخفارنى بىز دائىم ھەركۈنى ئوقۇپ تۇرىمىز.

516. رەجەبنىڭ ئاخىرقى ئۈچ كۈنىدە كىم رامىزان تۇتسا، كېچىسى قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭغا 100 يىل رامىزان تۇتقانىنىڭ، كېچىسى بولسا، قىيامدا تۇرغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ دىگەن ھەدىس يالغاندۇر. بۇنى داۋۇد كاززاپ توقۇغان.

517. رەجەپنىڭ پەزىلىتى دۇئانىڭ ئىجاۋەت بولۇشى، بۇ كۈنلەردە رامىزان تۇتسا، قىيامدا تۇرسا، سىراتتىن تەكبىر ئوقۇپ، ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ دىگەننى، ئىسمائىل كاززاپ توقۇغان.

518. رەجەب توغرىسىدىكى رامىزان، قىيام، ناماز توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى لالەئى دىگەن كىتابىدا ئىمام جالالۇددىن، سۇيۇتى يالغان دىگەن، بەزىسىنى مۇنكەر، مەترۇك دىگەن.

519. شۇنىڭدەك شەئبان توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن پەزىلەت، رامىزان تۇتۇش ھەدىسلىرى بولۇپ، بۇنىڭمۇ ئەسلى يوق ئىكەن، تەكشۈرۈپ، بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ بولسا، ئەمەل قىلىڭ.

www.uyghurkitap.com

520. شەئبان ئېيىدا رامىزان كىرىشتىن بۇرۇن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن بىدئەتلەرنى، خۇراپات، ئاجايىپ _ غارايىپ ئىشلارنى مۇنكەر قىلىقلارنى قىلىشنى بولسا يازمىدىم.

چۈنكى، بىزنىڭ نادان خەلق، گەرچە يالغان، بىدئەت، بۇ خۇراپاتلىق، ھەتتا بۇ دىگەن شىرىك ئىش دىسمۇ يەنىلا جاھىللىق قىلىپ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاڭلىسىلا ئەمەل قىلىپ كېتىدۇ، سۇبھاناللا!!!

521. لالەئى دىگەن كىتابىدا سۈيۈتى مۇنداق دىگەن، ئاشۇرا كۈنىدىكى رامىزاننىڭ پەزىلىتى بولسا، ئاللاھتائالا ئاسمان _ زېمىننى شۇ كۈندە ياراتقان، قەلەمنىمۇ شۇ كۈندە ياراتقان، لەۋھۇلمەھپۇز، جىبرىئىل بارلىق پەرىشتىلەر، ئادەمنىمۇ شۇ كۈندە ياراتقان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇ كۈندە تۇغۇلغان، شۇ كۈنى ئوتتىن قۇتۇلغان، فىرئەۋنىمۇ شۇ كۈنى غەرىق قىلىنغان، سۇلايمانغا پادىشاھلىق شۇ كۈنى بېرىلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ شۇ كۈنى تۇغۇلغان، قىيامەت كۈنىمۇ شۇ كۈنى يۈز بېرىدۇ دىگەندەك سۆزلەرنىڭ ھەممىسى يالغان، بۇ ئايەت، سەھىھ ھەدىسكە زىت، مۇخالىپتۇر، سەھىھ ھەدىستە جۈمئە كۈنى سۆزلىنىدۇ.

522. ئاشۇرا كۈنىدە يەنى مۇھەررەمنىڭ 10 _ كۈنى، ئائىلىسىگە رىزىقنى كەڭرى، مول قىلىپ بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ رىزقىنى بىر يىل پۈتۈنلەي كەڭرى قىلىپ بېرىدۇ دىگەن ھەدىسنى بەيھەقى قاتارلىق ئالىملار زەئىپ دىگەن. ئەمما، ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا يالغان دىگەن راۋىيسى

نامەلۇمكەن.

523. ئاشۇ كۈنى ئىسمەد دىگەن تاشتا سۈرمە تارتسا، كۆزى مەڭگۈ كور بولمايدۇ دىگەن ھەدىسنى ھاكىم مۇنكەر دىگەن ئىبنى جەۋزى، ئىمام سوغانى يالغان دىگەن، بۇ راستلا يالغاندۇر.

524. سەرەد دىگەن قۇش، يەنى قۇشقاچ ئوۋلايدىغان قۇش ، ئاشۇرا كۈنى، رامىزان تۇتقان دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس.

525. كىم مۇھەررەم يەنى 1 ـ ئاينىڭ تۇنجى توققۇزىدا رامىزان تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ھاۋادا بىر گۈمبەز قىلىپ بېرىدۇ. كەڭلىكى بىر كۋادرات مىيىل كېلىدۇ يەنى (1609 كۋۋادرات مېتىر) تۆت ئىشىكى بار دىگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر، مەخسەت، ئاخىرەت تۇرسا.

526. كىم زۇلھەججىنىڭ ئاخىرقى كۈنى، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى، بۇ ئىككى كۈندە رامىزان تۇتسا، ئۆتۈپ كەتكەن يىلنى رامىزان بىلەن ئۇزۇتۇپ، يېڭى يىلنى، رامىزان بىلەن كۈتىۋالغان بولىدۇ ـدە، ئاللاھ بۇ كىشىنىڭ 50 يىللىق گۇناھىنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ. كاپارەت قىلىپ بېرىدۇ دىگەن، ھەدىس يالغان بولۇپ، راۋىيسىدا ئىككى كاززاپ بار.

527. زەيىل دىگەن كىتابدا، ئاشۇرا كۈنىدە رامىزان تۇتقان كىشىنى ئىپتارلاتقان كىشى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارلىق ئۈممەتلىرىنى ئىپتارلاتقان بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس يالغان، ھەببى ئىبنى

ھەبىيب توقىغان.

528. ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى يىغلىغان كىشى، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى بىلەن بىللە قوپۇرۇلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇ كاززاپ روتنىينىڭ سۆزى. شۇنداقلا بۇكۈندىكى ھەرخىل ھادىسىلەر يالغان.

529. ئەراپات كۈنىدىكى رامىزان 60 يىللىق رامىزانغا تەڭ دېگەن يالغان ھەدىس.

530. زۇلھەججىنىڭ ئەۋۋەلكى كېچىسى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ كۈنى رامىزان تۇتسا، 60 يىللىق كاپارەت بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى سەملى دېگەن كاززاپ توقىغان، 60 يىللىق گۇناھىغا كاپارەت دېگەنمۇ بار.

531. زۇلھەججىنىڭ 10 كۈنى يەنى قۇربانلىق قىلىدىغان مۇشۇ 10 كۈننىڭ بىرىنچى كۈنىدىكى رامىزان 100 يىللىق رامىزانغا، ئىككىنچى كۈننىڭ 200 يىلغا تەڭ، 8 _ كۈننىڭ بولسا 1000 يىللىق رامىزانغا، 9 _ كۈنى، يەنى ئەراپات كۈنى 2000 يىللىققا تەڭ دېگەن ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەررەم دېگەن كاززاپ يالغاندىن توقىغان.

532. ئاشۇ 10 كۈننىڭ 8 _ كۈنى، تەۋرىيەت كۈنى، رامىزان تۇتسا، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋابىغا، 9 _ كۈنى رامىزان تۇتسا، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، قۇربانلىق كۈنى ناماز ئوقىغۇچە يېمەي

_ ئىچمەي تۇرۇپ نامازدىن كېيىن يىسە بۇ كىشى مۇشۇ 30 كۈن ئىچىدە ئۆلسە شېھىد بولىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، ھەمماد ئىبنى ئۆمەر توقىغان، ئەمما ئىسلام دىنىدا بۇ 10 كۈندە رامىزان تۇتۇش، ھەتتا ئەتە ھېيت بولىدۇ دىگەن،9_كۈنى، ئەراپات كۈنىمۇ رامىزان تۇتۇش، مۇستەھەپ، ساۋابى كاتتا، لېكىن يۇقىرقىدەك يالغان سۆزگە ئىشەنمەڭ.

533. دىنىسىز مۇشرىكلار بايرام قىلغان، نورۇز بايرىمى كۈنى ئۇلارنىڭ خىلاپىنى قىلىپ،سىلەر روزا تۇتۇڭلار، بۇ بىر كۈنلۈك روزا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىككى يىللىق روزىغا تەڭ دىگەن ھەدىس يالغان.

گەرچە ئۇ ئەقىدىمىزگە ئۇيغۇن كەلسىمۇ يالغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بايرىمى بىزگە بايرام ئەمەس.

## ياخشى زىمىن ۋە شەھەرلەر پەزىلىتى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

534. ھەيرەت دىگەن زىمىن، جەننەت باغلىرىدىن بىر باغدۇر، مىسىر بولسا، ئاللاھنىڭ يەرشارىدىكى خەزىنىسىدۇر دىگەن بۇ ھەدىس ئوچۇقلا يالغاندۇر.

535. قاتتىق قوللۇق، قەلبى قاتتىقلىق، زۇلۇم، تاجاۋۇز شامدا، يەنى سۈرىيىدە بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى نەبىيت كاززاپ توقىغان بولۇپ، ھەدىس مەترۇكتۇر.

536. جەننەتنىڭ ئىككى ئىشىكى ئابادان، قوزۋەيىن دىگەن ئىككى

جايغا ئۇچۇقتۇر، چۈنكى، مۇھەممە ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسەللەمگە ئاببادان، ئەيسا ئەلەيھسسالامغا قورۋەيىن دىگەن ئىككى جاي تۈنجى بولۇپ، ئىمان كەلتۈرگەن، بۇ ھەدىس ئەنبەسەتنىڭ يالغانلىرىدىندۇر.

537. ئەگەر ئالاھتائالا مەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەۋەتمەسلىككە قەسەم قىلمىغان بولسا، قورۋەيىندىن 1000 پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولاتتى دىگەن بۇ ھەدىسنى ئەبان، قاسىم، ئەمرۇبنى سىباھ دىگەنلەر يالغاندىن توقۇغان، ئۇلار بۇ جاينى كۆپ ماختىغان.

538. كىم رىي دىگەن جايدا بىر كېچە يېتىپ، قىيامدا تۇرسا، ئەتىگىنى روزا تۇتۇپ قوپسا، بۇ ئىبادىتى باشقا جايدىكى 1000 كۈن كېچىسى قىيامداتۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتۇشدىن ياخشىراق، خاراسانىنىڭ ياخشى جايى نىيساپور، ئاندىن بەلخە دىگەن، بۇ ھەدىس مۇنكەردۇر. چۈنكى، راۋىيسى پاسىقتۇر.

539. كىم بىرەر چىركاۋغا ياكى مەجۇسى ياكى بۇددا دىنىدىكى بىرەر ئىبادەتخانىغا كىرىپ، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، بىز پەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز دىسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر يېزىلىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىلدە سىددىق بولىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، ئەمرۇئىبنى سەباھ يالغاندىن توقۇپ چىققان.

540. يەھۇد، ناسارالار بايراملىرىغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئاللاھنىڭ غەزىپى شۇلارغا چۈشىدۇ دىگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇنى ئەھمەد

ئىبنى ئىبراھىم دىگەن كازراپ توقۇپ چىققان، گەرچە بىز ئۆلارنىڭ ھېيت – بايراملىرىغا قاتناشمىساقمۇ ھەدىس يالغان.

541. كىشىلەر توپلىشىپ ئولىشىۋالغانلىكى زىمىن شۇ كىشىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، ئاللاھ ئالىمدۇر.

## غازات قىلىش ۋە قىلىچ ئېسىش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

542. غازىيلار قىلىچنى بوينىدا كۆتۈرۈپلا يۈرسە، پەرىشتىلەر رەھمەت يوللاپ تۇرىدۇ دىگەن سەھىھ ئەمەس، سەھىھ ھەدىستە نۇرغۇن پەزىلەتلەر سۆزلەنگەن شۇ كۇپايە.

543. قىلىچ ئېسىپ تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز قىلىچ ئاسماي تۇرۇپ ئوقۇغان نامازدىن 100 ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ دىگەن ھەدىس يالغاندۇر.

544. ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمنى ۋالى قىلىش بىلەن ھۆرمەتلىدى دىگەن ھەدىسىنىڭ ئەسلى يوق.

545. بەدىر، ئوھۇد، خەندەك، ھۇنەيىن كۈنلىرى ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى جەننىتى دىگەن ھەدىس يالغاندۇر. گەرچە بەدرىنىڭ پەزىلىتى ئالاھىدە بولسىمۇ بۇ ھەدىس يالغان.

546. ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا، ئۈچ خىل كىتابنىڭ ئەسلى يوق، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن ئەمەس، بىرسى

www.uyghurkitap.com

جەڭ، ئۇرۇشلار تارىخى، ئىككىنچى، پىتنە ئۇرۇشى، ئۈچىنچى، تەپسىر، خەتىيپ دىگەن مۇھەددىس ئالىم بۇ سۆزنى مۇنداق چۈشەندۈردى، بۇ دىگەنلىك ئالاھىدە مەخسۇس كىتاب قىلىپ، باب پەسلە قىلىپ سۆزلىمىگەن دىمەكچى، ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىسىم ئايەتنى تەپسىر قىلىپ بەرگەن.

جەڭنامىنىڭ مەشھۇرراقى مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقنىڭ كىتابى، ئۇمۇ ئانچە — مۇنچە يەھۇدىدىن ئېلىپ قوياتتى، ئىمام شافىئى رەھمەھۇللا ۋاقىدى دىگەن كىشىنىڭ كىتابى، ساپلا يالغاندۇر دىگەن. مۇسى ئىبنى ئەقبەنىڭ جەڭنامىسى خېلى بولىدىكەن، ئىبنى كەسىرنىڭ تارىخى بەدايەتمۇ شۇنداق.

547. ئاللاھ مىنى تىجارەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنى يوق، ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە پېقىرلىق بىلەن جىھاد دىگەن ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى تەمىم ۋە غەنىم دىگەن ئىككى كاززاپ يالغاندىن توقۇغان، ئەبان كاززاپمۇبىللە بار.

548. خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىزچىقىپ ،جەڭدىن قاچماي، يانماي، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشقان، قۇل بەرىبىر دوۋزاخقا كىرىدۇ دىگەن ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى ھەمىد كاززاپ توقۇغان.

549. بىر تۆگىنى ساغقان ۋاقىتچىلىك جەڭ قىلغان كىشىنى ئاللاھ ،دوۋزاخدىن ئازات قىلماي تۇرۇپ، ئۆز مەنزىلىگە قايتۇرۇشىدىن ھايا قىلىدۇ

دېگەن ھەدىس، يالغان بولۇپ، سەۋەبى سەھىھ ھەدىستە نۇرغۇن جەڭ قىلغان نۇرغۇن كاپىرلارنى ئۆلتۈرگەن بىر كىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، دوۋزاخقا كىرىپ كېتىدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ ئىسلام دىنىغا پاسىق كىشىلەر بىلەنمۇ ياردەم بېرىدۇ دېگەن، شۇنداقلا نۇرغۇن جەڭ قىلىپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان كىشى ئىچىدىنمۇ مۇناپىق چىقىپ قالىدۇ.

550. كىم بىر غازىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويسا، ياكى ئەھلىنىڭ خېتىنى شۇ غازىغا ئاپىرىپ بەرسە، بىر قۇل ئازاد قىلغان بولىدۇ ـ دە، ئۇ كىشى دوۋزاخدىن قۇتۇلىدۇ دېگەن ھەدىس مۇنكەردۇر.

551. غازى ئەھلى بىلەن خوشلاشقاندا يىغلاپ بەرسە، ئەھلى باللىرىمۇ يىغلاپ بەرسە، شۇ جاي ۋە تام بىللە يىغلايدۇ. ئۇلار يىغلىغاندىن كېيىن ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ دېگەن ھەدىسنى ئەھمەد رەھمەھۇللا يالغان دېگەن.

552. ھىجرىيە 170 _ يىللىرى سەن تاپىدىغان جەڭ تەييارلىقى ئەڭ ئەۋزەلدۇر دېگەن، بۇ ھەدىسنى دارىقۇتنى رەھمەھۇللا مۇنكەر دېگەن.

553. ئاللاھ يولىدا قىلىنغان ئۇرۇشتىكى بىر قەدەم، بىر يىللىق ئىبادەتكە تەڭ، كىم ئاللاھ يولىدا بىر جەڭ ئېتى سوۋغا قىلسا، ئۇ خۇددى فىرئەۋنىن، ھامانغا قارشى مۇسا، ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىپ، جەڭ قىلغاندەك بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر.

554. كىم، ئاللاھ يولىدا جەڭگە ئات توقۇپ، تەييارلىق قىلسا، ئۇ كىشى ئۆلچۈن ئاللاھقا مىڭ يىل ئىبادەت قىلغان 1000 ئەرنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ دېگەن ھەدىس مەترۇك، راۋىيسى كاززاپ.

555. كىم، ئاللاھ يولىدا رامىزان ئېيىدا بىر كۈن جەڭ قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن 600000 ھەجدىن 600000 يىللىق ئىبادەتتىن ياخشىراق دېگەن ھەدىسنى ئەبباد ئىبنى كەسىير، ئەبان دېگەن كاززاپلار توقىغان.

556. دوۋزاخ ئوتىدىن قورققان ئادەم دېڭىز ساھىلىدا 40 كۈن جەڭ قىلسۇن دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، بەلكىم بۇ شۇ چاغدىكى قوماندانىنىڭ سۆزىدۇر.

## سەپەر قىلىش پەزىلىتى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

558. دېڭىز ھەرىكەتلەنگەندە دولقۇنلىغاندا سەپەر قىلماڭلار دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن. بولۇپمۇ يۇقىرقى ئاي توغرىسىدىكىنى.

559. غېرىپنىڭ  ئۆلۈمى شېھىدلىقتۇر، يەنى مۇساپىر، غېرىپ، ناتونۇش كىشىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتتا ئۆلۈشى شېھىدلىقتۇر دېگەن ھەدىس سەھىھ بولماستىن مەترۇكتۇر.

560. كىم دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ قارىسا، ھەربىر تامچە سۇنىڭ باراۋىرىدە بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ دېگەن بۇ سۆز ھەدىس تۈگۈل ھېچنېمە

ئەمەس.

560. كىم دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ تەكبىر ئېيتسا، بۇ تەكبىر قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مىزانىغا ئاسمان ــ زېمىن ئېغىرلىقىدا بىر تاش بولۇپ چۈشىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى نەخئى يالغان دېگەن.

562. ئەگەر ئىنسانلار مۇساپىرلىقنىڭ پەزىلىتىنى بىلسە، ئەلۋەتتە سەپەر ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزاتتى. چۈنكى، ئاللاھ، غېرىپ، مۇساپىرغا ھەر كۈنى ئىككى قېتىم قارايدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ئابدۇلبەررى ئەسلى يوق دېگەن، زەھەبى رەھمەھۇللا مىيزاندا يالغان دېگەن. يەنىلا بۇ يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا تۇرۇپتۇمانا.

563. كىم ھەجنى مەخسەت قىلسا، پەيشەنبە كۈنى سەپەرگە ئاتلانسۇن، ئۆيدىن چىققاندا سۈرە ئالئىمراننىڭ ئاخىرىنى، ئايەتۇلكۇرسىنى، سۈرە قەدىرنى، سۈرە فاتىھەنى ئوقسۇن، چۈنكى، بۇلاردا ئىككى ئالەملىك ھاجەتنى ئادا قىلىش باردۇر، دېگەن ھەدىس، ئابدۇللا ئىبنى ئەھمەد رەھمەھۇللانىڭ باتىل نۇسخىسىدىن.

564. كىم مەككىگە ماڭغان يولدا ھەمراھلىرىغا نان، تاماق بەرسە، ئۇ ھەمراھلىرىدىن جەننەتكە 2000 يىل بۇرۇن كىرىدۇ دېگەن ھەدىسنى مۇجاشىئ، مەيسەرەت دېگەن ئىككى كاززاپ توقۇپ چىققان.

## قىرىلىق پەزىلىتى، كىچىك باللار، يېتىم، مەجنۇن قاتارلىقلار

## توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

565. ئىمىۋاتقان باللار، رۇكۇ قىلىۋاتقان قېرى شەيخلەر، ئوتلاۋاتقان ھايۋانلار بولمىغان بولسا، ئۈستۈڭلارغا قاتتىق ئازاب ياغاتتى دېگەن ھەدىس زەئىپ، گۇناھلار كۆپىيىپ، زۇلۇم قىلىنسا، نەپسى شەھۋەتكە بېرىلسە، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىۋېرىدۇ.

566. كىم، ئىسلامدا 60 ياشقا كىرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا ھارام قىلىۋېتىدۇ، ئۇ ئۈمىد ئەھلى بولىدۇ، دېگەن ھەدىس باتىلدۇر. ئۆلۈشكە بىر كۈن ياكى بىر سائەت قېلىپ مۇرتەد ياكى مۇناپىق بولۇپ كەتسە دوۋزاخقا كىرىۋېرىدۇ.

567. قەلەم، ئۈچ كىشىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، يەنى گۇناھىنى يازمايدۇ، بىرى كىچىك بالا، ئىھتىلام بولمىغۇچە ئىھتىلام بولمىسا 18 ياشقا كىرمىگۈچە، يەنە بىرى ئۇيقۇدىكى ئادەم، ھەتتا ئويغانمىغۇچە، ئۈچىنچىسى بولسا، مەجنۇن، بۇ ساقايمىغۇچە گۇناھى يېزىلمايدۇ دېگەندە ئۇلار يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەجنۇن دېگەن كىم؟ دېسە ، ياشلىقنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم، مانا مۇشۇ ئادەم ھۇشىنى تاپمىغۇچە گۇناھى يېزىلمايدۇ دېگەن بۇھەدىس شەكسىز يالغاندۇر. بولۇپمۇ ئاخىرى، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، كىمنىڭ گۇناھىنى يازار؟ ھەممىسى قېرىغاندا تۆۋە قىلىۋالىدۇ.

568. ئادەم بالىسى مۇسۇلمانلا بولسا، 40 ياشقىچە گۇناھى يېزىلمايدۇ

دىگەن بۇ ھەدىس شەكسىز يالغان بولۇپ، گەرچە مەن بۇنى يالغان دەپ يېزىۋاتقان بولساممۇ، خەتىرىدىن قورقىۋاتىمەن، ئېسىڭىزدە بولسۇن بۇ يالغان ھەدىس!!!

569. جەننەتتە پەرىھ يەنى خۇشاللىق دىگەن بىر ھويلا بولۇپ، بۇ جايغا مەخسۇس كىچىك باللارنى خۇشال قىلىپ، كۆلدۈرگەن كىشلەر كىرىدۇ دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، شۇنىڭدەك يېتىم يىغلىسا، يېشى رەھماننىڭ ئالقىنىغا چۈشىدۇ، بۇنى كىم يىغلاتتى دەپ تىۋۋلاپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ يېشىنى، يىغىسىنى كىم توختاتسا، ئۇنىڭغا جەننەتنى بېرىمەن دەيدۇ دىگەن ھەدىسنى خەتىيبولبەغدادى قاتتىق مۇنكەر دىگەن.

570. ئىسلام دىنىدا 40 يىل ياشىغان كىشىدىن ھەرخىل بالالارنى كۆتۈرىۋېتىدۇ، يېشى 50گە يەتسە ھېسابىنى ئاسان قىلىدۇ. 60 ياشقا يەتسە، تۆۋبىنى رىزق قىلىپ بېرىدۇ، 70گە يەتسە، ئالللاھ ياخشى كۆرىدۇ، 80گە يەتسە، ياخشىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، يامانلىقىدىن ئۆتۈۋېتىدۇ، 90 ياشقا يەتسە، بارلىق گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، زەئىپ.

## نىكاھنىڭ پەزىلىتى، توي قىلغان كىشىنىڭ نامىزى، داپ چېلىش، ھۆرنى ئېلىش، توي قىلماسلىق، دىدەك، چۆرىلەر، جىما پەزىلىتى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

www.uyghurkitap.com

571. كەمبەغەللىكدىن قورقۇپ خوتۇن ئالمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس دىگەن ھەدىس زەئىپ.

572. ياخشى ئايال دىنىغا نىمە دىگەن ياخشى ياردەمچى دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مەۋجۇد ئەمەس، لېكىن سەھىھ ھەدىستە سالىھ، ياخشى ئايالنى ماختىغان جايلار تېپىلىدۇ، ھەتتا ئايەتمۇ باردۇر.

573. ماڭا دۇنيارىڭلاردىن خۇشپۇراق نەرسە بىلەن ئاياللار ياخشى كۆرسىتىلدى دىگەن ھەدىسنى ئوقەيلى، بۇ ھېچبىر ھەدىس كىتابىدا يوق، دېۋىتىپ، ئاندىن نەسەئىيدا بولغاچقا زەئىپ دىگەندۇر.

574. سىلەرنىڭ يامىنىڭلار تۇل ئۆتكىنىڭلار، ئۆمرىمدىن بىر كۈن قالسىمۇ ئاللاھقا خوتۇن ئېلىپ ئۇچقاشقان بولاتتىم دىگەن ھەدىسلەر مەترۇك، زەئىپ، مۇزتەرىيپ ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ.

574. سىلەرنىڭ يامىنىڭلار تۇل ئۆتكىنىڭلار، ئەھلى، ئايالى بار كىشىنىڭ نامىزى، ئەھلى، ئايالى يوق تۇلنىڭ نامىزىدىن 70 چەندان ئارتۇقتۇر دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى لالەئىيدا يالغان دىگەن.

ئەلۋەتتە، بۇ توي، نىكاھ مەسىلىسىدە ھەر ئىككى تەرەپ يەنى زاھىدلار بىلەن ئۇلارغا قارشى تويغا ئامراقلار ھەر ئىككىلىسى يالغان ھەدىس توقۇپ چىققان، ئىسلام دىنى قاتتىق قوللۇقمۇ قىلمايدۇ، يۇمشاقمۇ ئەمەس، مۇتىدىل، ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ، بۇنداق يالغان سۆزلەر ئەمەس، ئايەت، ھەدىس، ئىجمائ، قىياس بىلەن مەسىلىنى بىر تەرەپ

قىلىدۇ. ئالىملار ئەينى چاغدىلا بۇ مەسىلىنى ئايرىپ تويي قىلىش قىلماسلىقتا ئەركىنلىك، ئىختىيارلىق بەرگەن، ھەتتا ئەبۇ ھەنىيفەدىن باشقا ئۈچ مەزھەپ ئالىملىرى ئايەت، سەھىھ ھەدىسنىڭ دەلىللىگە، ساھابە، تابىئىنلار يولىغا قاراپ تويدىن ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد قىلىش ئەۋزەل دېگەن.

مەشھۇر ئالىم شەيخۇلئىسلام، ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا، ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تويي قىلمىغان پەيلاسوپ فارابىيمۇ بار، تابىئىنلاردىن ھەسەن بەسرى، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، رابىئە بەسرى، ئەدۋىييەلەر بار، ئائىشە ئانىمىز بىلەن بۆھتان، تۆھمەت قىلىنغان ساھابىدەك ساھابىلەرمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە ھەقدىن، ئىلىم، ئىبادەتتىن، جىھاددىن توسۇپ قويسا، مانا بۇ پىتنە، مانا بۇ دۈشمەن بولىدۇ.

بۇ توغرىسىدا ئىمام غەززالى مۆئتىدىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ، گەرچە ئۇ سوپى، زاھىدلارغا مايىل بولسىمۇ، زىيان پايدىسىنى سۆزلەپ، زىيان بولسا، پايدا بولمىسا تويي قىلما، ئىلىم، ئىبادەتتە ئۆت، پايدا بولۇپ، زىيان بولمىسا تويي قىل، ئىككىسى تەڭلىشىپ قالسا، قەلبىڭگە قاراپ بىر ئىش قىل دېگەن.

توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بۇ خىل زاھىدلىق 1000دەن بىرسىگە بولىدۇ. ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى.

576. ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بىز ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يالغان

www.uyghurkitap.com

ھەدىسلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. مەسىلەن: زاھىد بولماقچى بولغانلار ھىجرىيە 200 _ يىلدىن كېيىن ئاندىن تويسىزلىق ھالال بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى توقۇغان، ئەمەلىيەتتە بۇنداق يالغاننى توقۇش ھاجەتسىز، ئۆز ۋاختىدىمۇ ھارام ئەمەس ئىدى، دېمەك، توي سۈننەت، قىلسا مۇكاپات بار، قىلالمىسا، خالىمىسا گۇناھ يوق، فىقھى كىتابلاردا نىكاھنى خالىمىغان، ياقتۇرمىغان كىشىگە بولۇپمۇ ئايال كىشىگە توي قىلىش مەكرۇھ دېيىلگەن. تۆت مەزھەپ فىقھىسى دېگەن، ئابدۇرەھمان جەزەرىينىڭ كىتابىنى كۆرۈپ بېقىڭ. بولۇپمۇ شافىئىيە رەھمەھۇللانىڭ كىتابىنى.

577. توي قىلغان كىشىنىڭ ئىككى رەكئەت نامىزى تول كىشىنىڭ نامىزىدىن 70 رەكئەت ياكى 82 رەكئەت ئەۋزەل دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى مۇنكەر دېگەن، راۋىيسى مۇجاشىئ ئىكەن.

578. سىلەرنىڭ يامىنىڭلار تول ئۆتكىنىڭلار دېگەن بۇ ھەدىسنى خالىد ئىبنى ئىسمائىل كاززاپ، يالغاندىن توقىغانىكەن. بۇ ھەدىسنىڭ ئىككى يولى بولۇپ، بىرى يالغان، بىرى مەترۇك، مۇنكەردۇر.

579. زەيل دېگەن كىتابدا ئى ھۇزەيفە، ئۇممىتىمنىڭ ئەۋۋەلكى ياخشىلىرى توي قىلغانلار، كېيىنكى ياخشىلىرى بولسا، توي قىلمىغانلاردۇر، مەن ئۇممىتىمگە ھىجرىيە 181 _ يىلى كەلگەندە تويسىز تول ئۆتۈشنى ھالال قىلىپ بەردىم دېگەن يالغان ھەدىسنى بەلۋا كاززاپ توقىغان.

580. تويسىز، تۇل ئۆتكەن كىشى دوۋزاخ كۆرپىسى بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا يالغان دېگەن، مۇھەممەد تاھىرمۇ شۇنداق دېگەن.

581. كىم ئىككى كىشىنىڭ تويى ئۈچۈن ئوتتۇردا مېڭىپ ئەپلەشتۈرسە، ھەربىر قەدىمىگە، سۆزىگە بىر يىللىق ئىبادەت، كېچىسى قىيامدا، كۈندۈزى روزىدا تۇرغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئەگەر ئىككى كىشىنى ئايرىۋەتسە، جەھەننەمنىڭ تاشلىرىدىن 1000 تاش بىلەن بېشىغا ئۇرۇلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان.

582. ھىيلە _ مىكىر، نىكاھدا دۇرۇس بولىدۇ دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، قاتتىق زەئىپ.

583. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشەگە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاتا _ ئانىسىنىڭ ئالدىدا تۇرسىمۇ تازا قارىۋېتىپ كۆزىنى قىسىپ قويغان دېگەن ھەدىسنى قاسىم دېگەن كاززاپ يالغاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۆھمەت چاپلاپ توقۇغان.

584. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توي قىلغاندا ساھابىلار بېشىغا ئەجۋەت خورمىسىنى چاچقان دېگەن ھەدىس باتىل.

585. توي قىلغانلارنىڭ بېشىغا ئۇنى، بۇنى چېچىش، ئۇسۇل توغرىسىدىكى ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇ يەھۇدى، ناسارالار ئەقدىسى، ئۆرپ _ ئادىتىدۇر، سەھىھ ھەدىستە داپقا رۇخسەت قىلىنغان.

586. يېڭىدىن تويى قىلغان كىشىنىڭ پۈتىنى يۇيۇپ قويۇش، رەھمەت، بەرىكەت تىلەپ ئىشىكىدىن سۇ قۇيۇپ بېرىش، تۇغماس بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن سۈت، سىركا، ئالمىدىن بىر ھەپتىگىچە چەكلەش قاتارلىقلار كاززاپلار سۆزىدۇر، بۇنى ھەدىس، ھەتتا يالغان ھەدىس دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

587. تويى قىلغانلارنى ئۇتتىن ئاتلىتىش، مەجۇسىيلار ئۆرپ — ئادىتى، نىكاھدا تۇز يېدۈرۈش، سىگانلار ئادىتى، ئىسلام دىنىدا بىدئەتتۇر، بۇنداق بىدئەتنى ئاللاھ خالىسا كىتابنىڭ ئاخىرىدا تەپسىلى يازىمىز.

588. ئېرىگە ياسانسا، بالىسىنى ئېمىتسە، چىرايلىقچە ئايرىسا، ئاياللىنى سېغىنسا، قۇچاقلاپ دوس قىلسا، مۇناسىۋەت قىلسا، سوغۇق كېچىلەردىمۇ يۇيۇنسا، ئۇنداق، مۇنداق ساۋاب دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

589. سىلەرنىڭ بىرىڭلار جىنسى مۇناسىۋەت قىلىۋاتقاندا ئەۋرەتكە قارىمىسۇن، بۇ كورلىقنى كەلتۈرىدۇ، تولا گەپ قىلمىسۇن بۇ گاچا قىلىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىس يالغاندۇر، ئايەتتە خالىغانچە دېگەن بار.

590. كىم جىنسى مۇناسىۋەتتە كۆپ گەپ قىلسا، بالىسى گاچا تۇغۇلىدۇ، ئەۋرەتكە قارىسا بالىسى كور بولىدۇ، ئاياللىنى سۆيسە يا ئېرىنى سۆيسە، بالىسى گاچا بولۇپ تۇغۇلىدۇ، گاس بولىدۇ، سۇغا قاراۋەرسە ئەقلى كېتىدۇ، جوزام تېرە كېسىلى بىلەن مۇگداشقاندا نەيزە مىقدارى ئارىلىق قالدۇرسۇن دېگەن ھەدىس رۇشەن يالغاندۇر.



www.uyghurkitap.com

591. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا جىمائ، جىنسى مۇناسىۋەت توغرىسىدا نەسىھەت، ۋەسىيەت قىلىشى توغرىسىدىكى ھەدىس ئىسھاقولمۇلتى دىگەن كاززاپ توقۇپ چىققان يالغان سۆزدۇر. سەھىھ ھەدىستە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەزىي توغرىسىدىمۇ مەسىلە سورالماي باشقا بىر ساھابىگە سورىغۇزغان تۇرسا.

592. ئەر _ ئاياللىنىڭ ھەر بىر قېتىملىق جىنسى مۇناسىۋىتى ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ، ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد قىلىنغان باللىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، يالغاندۇر.

593. نەسلىنى ئۇبدان تاللاڭلار، ئېسىل نەسەبلىك ئاياللارنى تاللاپ ئېلىڭلار دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، زەئىپ.

594. ئاللاھقا، پاك، گۇناھسىز ئۇچقىششنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى ھۆرلەرنى ئالسۇن دىگەن ھەدىسنىڭ ئىسناد يوللىرىدا كاززاپلار بار، ۋەجىيز دىگەن كىتابدا بۇ كاززاپ سۆزى دىيىلگەن.

595. ئىبنى ماجەنىڭ يالغان ھەدىسى؛ ئەنەسدىن چىقارغان. كىم خوتۇن ئالماقچى بولسا، خۇددى يۇزىدىن سورىغاندەك چىچى توغرىسىدىمۇ سوراپ باقسۇن، چاچ ئىككى گۈزەللىكنىڭ بىرسىدۇر دىگەن بۇ ھەدىسنى ئالىملار يالغان دىگەن، ئىسلام دىنىدا ئىمانى، تەقۋالىقى، ئەخلاقى يارىسا، تاز بولسىمۇ ئېلىۋىرىدۇ، ھەقىقى گۈزەللىك ئاخىرەتتە.

596. ھۆر ئاياللار ئۆينىڭ ئىسلاھاتى، قول، دىدەك، چۆرە ئاياللار

ئۆينىڭ ھالاكىتى دېگەن ھەدىس مەتروُك، راۋىسى كاززاپ.

597. ئەخمەق ئاياللارنى ئالماڭلار، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش بالادۇر، باللىرى بولسا، زايادۇر دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

598. يىقىن توُغقان ئاياللارنى ئالماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ئارىلىقتىكى سىلە ــ رەھىم، يىقىنلىق ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىسنى ھاكىم يالغان دېگەن، ئىسلام دىنىدا ھاللىرىنى ئالىدۇ، ھاراملىرىنى ئالمايدۇ خالاس.

599. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىنىڭ ئىچىدىكى سەت ئاياللارنىڭ رىزقىنىڭ كەڭرى، مول بولۇشى ئۈچۈن، دۇئا قىلغاندۇر دېگەن يالغان ھەدىسدۇر.

600. چىرايلىق ئايالى يوق كىشى جوُھەينە قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرىنى ئالسۇن دېگەن ھەدىس يالغان.

601. ئەجەملەرنىڭ يەنى غەيرى ئەرەبلەرنىڭ قىزلىرىنى ئېلىڭلار، ئۇلارنىڭ رەھمىدە بەرىكەت بار دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن.

## ئاياللار توغرىسىدا ئۇلارنى ئەدەپلەش، ئۇلارغا مەسلىھەت سېلىش، چىرايلىق ئۆتۈش، ئەر ــ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ــ جىدەل توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

602. كىم ئايالنىڭ يامان ئەخلاقىغا سەۋرى قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، كىم ئېرىنىڭ يامان ئەخلاقىغا سەۋرە قىلسا، ئاسىيەنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى مەنبەسى يوق، يالغان بولۇشى مۇمكىن.

603. ئەگەر سىلەرنى ھايۋىنىڭلار، ياكى باللىرىڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار خاپا قىلسا، ئەخلاقى يامانلاشسا، قۇلىقىغا ئەزان تووۇلۇڭلار دېگەن ھەدىس زەئىپ.

604. ئايالغا ئىتائەت قىلىپ قۇل بولغان ئەر ھالاك بولدى، دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق. لېكىن، سەھىھ ھەدىستە ئايال ئىگە بولغان ئۈممەت ھالاك بولىدۇ دېگەن، شۇنداقلا ئەر _ ئايالغا ئىتائەت قىلىش قىيامەت ئالامىتى دېگەن.

605. ئاياللارغا مەسلىھەت سېلىپ ئەكسىنى قىلساڭلار توغرا قىلغان بولىسىلەر دېگەن بۇ ھەدىس ئەمەس. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى بولۇپ، يەنىلا ئىسنادى ئۈزۈلۈك، ئاياللارغا ئىتائەت قىلىش، نادامەت دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن.

ئايال كىشى بولمىغان بولسا، ئەرلەر جەننەتكە كىرەتتى دېگەن ھەدىسمۇ مەترۇك. مەيلى ماختىسۇن مەيلى ئەيىبلىسۇن، ئەسلى قائىدە ئىمان، تەقۋالىق، ياخشى ئەخلاقتۇر، ئەگەر ئۇ ئايال يامان بولسا، شەيتان دېگەن ھەدىسكە پىتنە دېگەنگە ئۇيغۇن. ئەگەر ئۇ ياخشى مۆئمىن، تەقۋا،

www.uyghurkitap.com

ئالىم، ئابىد بولسا، ئاسىيە، مەريەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى،ۋە رابىئەدەك بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىييە سۈلھىسىدە ئايالى ئۇممى سەلىمەتكە مەسلىھەت سالغان، شۇئەييب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ئالىم، پاراسەتلىك بولغاچقا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئوبدان چۈشەنگەن، تونىيالىغان، ئاللاھ بۇلارنى بىزگە بىكاردىنلا، ھېكمەتسىز سۆزلەپ بەرمەيدۇ، قۇرئاندا مەريەم، ئاسىيەدەك ئېسىل ئاياللار، ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالىدەك ناچار ئاياللارمۇ سۆزلىنىدۇ. مەسىلە شۇ ئايالنىڭ قانداق بولىشىدا، ئىسلام راسنى راست، يالغاننى يالغان، ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل، ياخشىنى ياخشى، يامانىنى يامان دەپ ئادىل ئايرىيدۇ. بىز بۇ مەسىلىدە مەيلى ماختىسۇن، مەيلى ئەيىبلىسۇن، ئايەت، سەھىھ ھەدىسكىلا قارايمىز. ھەرگىز يۇقىرىقىدەك يالغان سۆز، يالغان ھەدىسلەرگە مۇھتاج ئەمەسمىز.

606. ئاياللارنى ئېسىل ئۆيلەردە تۇرغۇزماڭلار، ئۇلارغا كىيىم ئېتىپ بەرمەي، يالىڭاچ قالمىغۇدەكلا كىيىم بېرىڭلار، ئۆلمىگىدەكلا تائام بېرىڭلار، قورسىقىنى لىق تويغۇزماڭلار، ئۇلارنىڭ سەمرىپ كېتىشى چىرايلىق كىيىنىشى سىرتقا چىقىشى دۇرۇس ئەمەس. ئۇلارغا خەت يېزىشنى ئۆگەتمەي، ناخشا ئۆگىتىڭلار دېگەن بۇ ھەرگىز ھەدىس بولماستىن، كاززاپىنىڭ يالغان سۆزىدۇر، بۇنى يالغان ھەدىس دېيىشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

607. ئاياللارغا كىيىم بەرمەي، يالىڭاچ قويساڭلار، ئۆيدە جىم

ئۆلتۈرىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن.

608. بىر ئەر كېلىپ يا رەسۇلۇللا، مېنىڭ ئايالىم باشقىلارنىڭ قولىنى سىلاشتىن، چىمدىشتىن توسمايدۇ، رەت قىلمايدۇ، دېگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تالاق قىلىۋەت دېدى، ئۇ، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن دېسە، ئۇنداق بولسا، پايدا ـ مەنپەئەت ئال دېگەن، بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق.

چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگۆل بىزمۇ ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسىمىز. شۇ ئەرگە شۇ ئايالغا نەسىھەت قىلىپ، ياخشى ئەخلاقلىق قىلىمىز، قولىمىزدىن كەلمىسە ئامال قالمىغاندا ئاندىن تالاق قىلىمىز. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىزمۇ بىرلا تالاق قىلىۋەت، ياكى يامان بولسىمۇ مەنپەئەت ئال، دېگەن بۇ سۆزنى قىلمايدۇ. بۇ ھەم ئايەتنىڭ دەلىلىگە زىت، مۇخالىپتۇر. ئايەتتە، ئالدى بىلەن نەسىھەت قىلىش، ھەقنى چۈشەندۈرۈش، ئاندىن ياتاق ئايرىپ بېقىش، ئاندىن جاراھەتلەندۈرمەي بوشراق ئۇرۇپ بېقىش، يەنىمۇ بولمىغاندا، ئاندىن ھاكىملار ئىسلاھ قىلىش ئەڭ ئاخىرىدا ئاندىن تالاق قىلىشقا بولىدۇ. مانا بۇ ئىسلام قانۇنى.

609. ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئۇرۇشۇپ قالسا، شەيتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرۇپ خۇشاللىقىدىن چاۋاك چالىدۇ، ئەگەر ئۇلار يارىشىپ، ئەپلىشىپ قالسا، ئۇ چاغدا، بۇ ئۆيدىن كور ھالدا چىقىپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىس ئەبۇ

www.uyghurkitap.com

ھەدبەتنىڭ يالغان نۇسخىسىدىن.

610. ئاياللار شەھۋىتى ئەرلەرنىڭكىدىن نەچچە چەندان، نەچچە ھەسسە ئارتۇقتۇر، ئاياللارنىڭ لەززىتى ئەرلەرنىڭكىدىن 99 ھەسسە ئارتۇقتۇر دېگەن ھەدىس قاتتىق زەئىپ، يالغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىنسانلار بىر ــ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، مۇتلەق بۇنداق دېيىش خاتا، توغرىسىنى ياراتقان ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، بىز ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسكىلا تايىنىمىز.

## باللارنى، بولۇپمۇ قىزلارنى ئوبدان بېقىش، ئۆزلە قىلماسلىق، پىياز بىلەن تۇخۇم يەپ بېرىش، باللارنى قامچا بىلەن ئەدەپلەپ ئىلىم ئۆگىتىش، يىغا پەزىلىتى، ئەھلىنىڭ ئاز بولۇشى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

611. بالا، دادىسىنىڭ سىرىدۇر دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوقتۇر.

612. خوتۇن ــ باللىرىڭلار كۆرۈپ تۇرسۇن ئۈچۈن ئۆيدىكى چاغدا قامچىنى بوينۇڭلارغا ئېسىپ يۈرۈڭلار، شۇنىڭ ئۆزى ئەدەپ ئۆگىتىشتۇر دېگەن ھەدىس زەئىپ بولۇپ، ئەدەپ ئۆگىتىمىز، ئازىراق يولىدا ئۇرىمىز، لېكىن زالىم بولمايمىز، زۇلۇم ھارامدۇر.

613. باللىرىڭلار يىغلاۋاتسا يەنە ئۇرماڭلار، كىچىك باللىنىڭ تۇنجى تۆت ئايلىق يىغىسى شەھادەت ئېيتقىنى، ئىككىنچى تۆت ئايلىق يىغىسى

دۇرۇت يوللاش، ئۈچىنچى تۆت ئايلىق يىغىسى بولسا، ئاتا ـ ئانىسىغا دۇئا قىلىش، رەھمەت يوللاشتۇر دېگەن ھەدىسنى خەتىيب قاتتىق مۇنكەر دېگەن بولسا، ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى يالغان دېگەن.

614. ئايال كىشىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى تۇنجى قېتىم قىز تۇغۇشى دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

615. كىم بىر كىچىك بالىنى لائىلاھە ئىللەللاھۇ يەنى بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دېيەلىگىچە تەربىيلىسە، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن ھېساب ئالمايدۇ دېگەن ھەدىس زەئىپ بولۇپ، ھەرگىز سەھىھ ئەمەس.

616. ھىجرىيە 154 ـ يىلى كىرسە، سىلەرنىڭ بىر ئىتنى بېقىشىڭلار ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان بالىنى باققاندىن ياخشى، يەنى توي قىلما دېمەكچى بولغان بۇ ھەدىس قەتئىي يالغاندۇر، سوپىلار توقۇغان.

617. بىر ئەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بالىنىڭ ئازلىقىدىن ھەتتا بالىسىنىڭ يوقلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلسە، ئۇ كىشىنى پىياز بىلەن تۇخۇم يەپ بېرىشكە بۇيرىغان ھەدىسمۇ يالغاندۇر، بۇنى ئىبنى مەئىين يالغان دېگەن.

618. كىم بالىسىغا بازاردىن نەرسە ئەكىلىپ بەرسە، سەدىقە قىلغان بولىدۇ، قىزلاردىن باشلاپ بېرىڭلار، كىم قىزىغا كۆيۈنۈپ قەلبى يۇمشاق بولسا، ئاللاھ يولىدا يىغلىغان بولىدۇ ـدە، مەغپىرەت قىلىنىدۇ، كىم قىزنى خۇشال قىلسا، ئاللاھ خۇشال قىلىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى يالغان دېگىنى

www.uyghurkitap.com

زەھەببىدۇر.

619. ئائىلىسى جاھىل، نادان قالغان كىشىدىنمۇ جىنايىتى، گۇناھى ئېغىر كىشى يوق دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، لېكىن ئىسلام دىنى ئۇلارنى ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئائىلە باشلىقى مەسئۇل پادىچىدۇر.

620. بالا ئوسۇرۇپ قويغاندىكى پۇراق، جەننەتنىڭ پۇرىقىدۇر دىگەن ھەدىس زەئىپتۇر.

621. سۈرە نۇھنى ئوقۇسا، ياكى بىرەر ئايەتنى ياكى ئانداق، ماندا چارە قىلسا ئوغۇل تۇغۇلىدۇ دىگەنلەر يالغان، ئەپسانە، ئىشەنمەڭ.

622. كىم ئۆزىنىڭ ئورنىدا بىر ئىز باسارنى قالدۇرۇپ، نامىزىنى ئوقۇيدىغان، روزىسىنى تۇتىدىغان ۋارىس قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئۆلمىگەن بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى نوھشەل كاززاپ توقىغان.

623. قىز بالىغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار، قىزبالا تۇغۇلغاندا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئەي ئاجىز كىشىدىن چىققان ئاجىزە دەپ دۈمبىسىنى سىلاپ كېتىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان، بۇنداق يالغان سۆزلىمىسىمۇ بىز مۇسۇلمانلار بالىلىرىمىزغا ئاللاھ يولىدا كۆيىنىمىز.

624. كىم بالىسىنى ئۆيلەشتە ياكى ئەرگە بېرىشتە، بىر دەرھەم چاغلىق چىقىم قىلسا، ئاللاھ بۇ كىشى ئۈچۈن، جەننەتتە 12 شەھەر بېرىدۇ دىگەن. بۇنى ئىبراھىم يۇسۇپ توقىغان، ئەمەلىيەتتە، ساۋاب بولىدۇ، لېكىن، مۇئەييەن سانى يوق.

625. باللىرڭلارنى كۆپ سۆيۈپ بېرىڭلار، قانچىلىك سۆيۈپ بەرسەڭلار، شۇنچىلىك دەرىجە بولىدۇ، ئىككى دەرىجە ئارىلىق 100 يىللىق مۇساپە دىگەن بۇ يالغان ھەدىسنى تايىكانى توقىغان.

626. كىم ئۆز نەسلىدىن بولغان بىر كىچىك بالىنى رازى قىلسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنى رازى قىلىدۇ دىگەن ھەدىسنى ھەمماد ئىبنى بەستام دىگەن بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ ھەدىسلىرى يېزىلمايدۇ، دەلىل بولمايدۇ.

627. ئايالى، ئەھلى بار كىشى ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ دىگەن بۇسۆز مۇنكەر ئىبنى ئويەينەتنىڭ سۆزىدۇر، رەت قىلىنىدۇ.

628. يۇقىرقىنىڭ ئەكسىچە ئايالى، ئەھلى كۆپ كىشى قىيامەت كۈنى ئەجرى كۆپ بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى لالەئىيدا ئىمام سۇيۇتى باتىل دىگەن. ئىسلام دىنى مۆتىدىل ئورۇندا تۇرىدۇ، قۇرئان، ھەدىس كۆپايە، ھالال ھالال، ھارام ھارام خالاس.

629. بالا تۆرىلىدىغان، يارىلىدىغان مەنىي، ئىسپىرما ئېتىپ چىققاندا، بارچە ئەزالار، تومۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ تىترەيدۇ، ھەتتا ئانا رەھمگە چۈشسە ئاندىمۇ بۇ خىل ھادىسە يۈز بېرىدۇ دىگەن ھەدىس نۇھشەل كاززاپنىڭ يالغان سۆزىدۇر.

630. باللىرىڭلارغا لەقەم، ئىسىملار قويۇلۇپ قېلىشىدىن بۇرۇن كىنايە ئىسىملارنى تىز قويىۋېلىڭلار دىگەن بۇ سۆز ھەدىس ئەمەس، بەلكىم

ئالىملار سۆزى بولىشى مۇمكىن.

## تالاقنى ئەيىبلەش، تويلۇق، مەھرىنىڭ قىممەت بولۇپ كېتىشى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

631. خوتۇن ئالساڭلار ئېلىڭلار، لېكىن، تالاق قىلماڭلار، تالاق قىلىش رەھماننىڭ ئەرشىنى تىترىتىۋېتىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان. چۈنكى، ئايەتتە يارىشىش، تالاق قىلىشلار چىرايلىقچە قانۇن بىلەن بولىدۇ.

632. كىم ئەر ــ خوتۇنلارنى ئايرىۋەتسە، ئۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپى، لەنىتىدە بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەھەننەم تاشلىرى بىلەن ئۇرىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى مۇسۇلمان، مۆئمىن، تەقۋا ئەر ــ ئاياللارنى ياراشتۇرىدۇ، ئىمان، تەقۋالىق ياخشى ئەخلاق شەرتىگە توشمىسا ئايرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تالاق ھالال.

633. مەن زوق، خۇمارلىق ئەر ــ ئاياللارنى ياخشى كۆرمەيمەن دېگەن ھەدىس يالغان.

634. ئى ئاياللار سىلەرنىڭ ياخشىڭلار تويلۇق مەھرى ئاز بولغىنىڭلار دېگەن ھەدىس زەئىپتۇر.

635. 10 دەرھەمدىن ئاز تويلۇق يوق دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، خۇددى دارىلھەرىبدا دۈشمەن زېمىنىدا، كاپىر زېمىنىدا جازانە يوق دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى بولمىغاندەك، ئەبۇ ھەنىيفە بۇنى ئالغان، لېكىن

جۇمھۇر ئالىملار جۇملىدىن باشقا ئۈچ مەزھەپ ئالىملىرى بۇ ھۆكۈمنى ئالمايدۇ، شۇنداق، يۇقىرقى ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا مۇبەششىر ئىبنى ئەبىيد دىگەن كاززاپ بار.

636. ئاياللار دىگەن ھەم تەڭلىرىگە تىگىشى كېرەك، ئۇلارنىمۇ ھەم تەڭتۇشلىرى ئېلىشى كېرەك. بىر دەرھەمدىن ئاز تويلۇق مەھرى يوق دىگەن ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى بۇ باتىل، ئەسلى يوق، بۇنى پەقەت كاززاپلار دەيدۇ دىگەن.

637. كىم بىرەر ئايالنى نىكاھلاپ ئالسا، تويلۇق مەھرىگە بىر نەرسە بەرمەي تۇرۇپ جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، نەرسە تاپالمىسا ئايىغىنىمۇ بولسا بەرسۇن دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق.

## ھالالدىن كەسىپ قىلىش، بازارغا بېرىش، ھارامدىن ساقلىنىش قاتارلىق ئىشلاردىكى يالغان ھەدىسلەر

638. ئاللاھ، بەندىسىنىڭ ھالال نەرسىنى ئىزدىگىچە جاپا تارتىشىنى ياخشى كۆرىدۇ دىگەن ھەدىس قاتتىق زەئىپ بولۇپ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ.

639. بىر يۈەن چاغلىق ھارامنى رەت قىلىپ قايتۇرۇۋېتىش ئاللاھنىڭ نەزىدە 70مىڭ قېتىم ھەج قىلغانغا تەڭ دىگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن.

640. ھارام بىلەن ھالال بىرلىشىپ قالسا، ھارام، ھالالدىن غالىپ كېلىدۇ، يەنى ھالالنىمۇ ھارام قىلىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىراقى ئەسلى يوق دېگەن. باشقا ئالىملار ئىسنادى ئۈزۈلۈك، زەئىپ دېگەن.

641. كىم گۇناھ قىلىپ ھارامدىن پۇل ــ مال تېپىپ، سەدىقە قىلسا، ئاللاھ يولىدا جىھادقا بەرسىمۇ ئاللا ئۇ كىشىنى ماللىرى بىلەن قوشۇپ جەھەننەمگە تاشلايدۇ دېگەن ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئۇشنانى يالغاندىن توقىغان.

642. كىم ھالالدىن ھايا قىلىپ تارتىنسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ھارام بىلەن سىنايدۇ دېگەن ھەدىس ئىسناد ۋە مەتنە جەھەتتىن مۇنكەردۇر، راۋىيسى پاسىق.

643. ھارامدىن بىر لوقما يېسە، ئۇنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ. 40 كۈنلۈك دۇئاسى ئىجاۋەت ئەمەس، ھارام تاماقدىن ئۆسكەن گوشقا دوۋزاخ ئوتى لايىقتۇر. دەل ھارامدىن يېيىلگەن لوقما، گۆشنى ئۆستۈرىدۇ دېگەن ھەدىس مۇنكەر، لېكىن ئىسلام دىنى، قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىسلەردە ھارامدىن چەكلەيدۇ، ھارام يېسە ئىبادەت راستىنلا قوبۇل ئەمەس.

644. پۈتۈن دۇنيا لەختە قانغا تولسىمۇ يەنىلا مۆئمىننىڭ قۇۋۋىتى، تامقى ھالالدىن كېلىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە يالغان دېگەن. شۇنىڭدەك ھازىرمۇ، ئاللاھ دېگەن مۆئمىنگە ھارامدىن رىزىق

بەرمەيدۇ دەپ هارامدىن، شۈبھەدىن ساقلانمايدىغان ئەخمەقلەر بار ئىكەن.

645. ئاللاھ، يا ئاخىرەتنى يا دۇنيانى مەخسەت قىلماس بىكار تەلەپ ئەرنى ئۆچ كۆرىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئالىملار تاپالمىدى.

646. ۋاختىنى بىكار قويغان ياشنى ئاللاھ ئۆچ كۆرىدۇ دىگەن ھەدىسمۇ مەۋجۇد ئەمەس.

647. ئاللاھ، بوشاڭ، مىس ــ مىسلىققا، ھورۇنلۇقنى جۇپلەپ قويغان بولۇپ، ئارىلىقدىن پەيقىرلىق، يوقسۇزلۇق تۇغۇلىدۇ دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس.

648. سوپىلارنىڭ ئاغزىدىكى بازار تامىقى ھارام، ئۇ ھارام بۇ ھارام دىگەن سۆز يالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇنداق جۆيلىشى ھارامدۇر.

## ھالال سەۋەبلىرى، تىجارەت، زىرائەت، يېزىقچىلىق، چۆرە سىتىۋېلىش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

649. تىجارىتىڭلارنىڭ ياخشىسى رەخت سېتىش، سانائەتنىڭ ياخشىسى دېھقانچىلىق، دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى مەنبەسى يوق، بولۇپمۇ ھازىر سانائەت تۈرى نەچچە يۈزگە يەتكەن چاغدا بۇنداق سۆزلەر تېخىمۇ ياراشمايدۇ، مەخسىتىمىز بۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىمىگەن.

650. كەڭ قورساق بولساڭ، ساڭىمۇ كەڭ قورساقلىق قىلىنىدۇ دىگەن

ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن، سەۋەبى بىز بارلىق ئەمەللەرنى ئاخىرەتنى كۆزلەپ قىلىمىز.

651. ھۆسنىخەتنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇ رىزىق ئاچقۇچى دىگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن.

652. مەسابىھنىڭ يەنە بىر يالغان ھەدىسى بولسا، تىجارەتچى بولسا، پوججار ئەھلى بولىدۇ. يەنى، دەۋزىخى كىشىلەردۇر، پەقەت راستچىللار، ياخشىلىق قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا دىگەن ھەدىسنى ئالىملار يالغان دىگەن. ئىبنى ھەببان ئەسلى يوق دىگەن، باشقىلار زەئىپ دىگەن.

653. كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى تىجارەتچى بىلەن زىرائەتچىلەر، يەنى دىھقان دىگەن ھەدىس يالغان، يالغان بولمىسا بىرمۇ ياخشى كىشى قالمايدىكەن.

654. بەرىكەت قەرىز ئېلىشدا، مۇددەتلىك سودا قىلىشتا، ئارپىنى بۇغدايغا ئېلىشتۇرۇپ يېيىشدە بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن بولۇپ، زەھەبى ئىسنادى نامەلۇم بولغاچقا بەكمۇ زەئىپ دىگەن. باشقا ئالىملار يالغان دىگەن.

655. كىم، قۇل سېتىۋالسا، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتسۇن، ئالدى بىلەن ھالۋا يىدۈرسۇن، بۇ ئۇنى رازى قىلىدۇ دىگەن ھەدىس يالغاندۇر.

656. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇۋ ئىتىنىڭ پۇلىغا رۇخسەت قىلغان دىگەن ھەدىس يالغان، باتىل. لېكىن ئالىملار

ئاپشاركىنى، تەربىيلىگەن ئىتنى ساتسا بولىدۇ دىگەن. ئەمما، ھەدىس يوق، ھەدىستە ئىت پۇلى، مۇشۇك پۇلى ھارام، زامان ماكانغا قارىتا شارائىتقا قارىتا تەقۋا ئالىملار ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

657. بازاردىن نەرسە سېتىۋالساڭلار، مەھكەم يۆگەپ مېڭىڭلار، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دىگەن ھەدىس باتىلدۇر.

658. كۈندۈزى قەسەم قىلىپ ئاخشىمى ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان تىجارەتچىگە ۋاي ئەتە، مانا ئەتە دەپ ئىشنى پۈتتۈرمىگەن سانائەتچى، ھۈنەرۋەنگە ۋاي دىگەن ھەدىس بەشرى ئىبنى ھۈسەيىننىڭ ياڭلانلىرىدىن.

659. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بازاردىن نەرسە ئېلىپ يانغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، مەن كۆتىرىۋالاي دىگەندە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياق، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق ئاڭلىغان، كىم، ئەھلى، بالىۋاقىسىغا بازاردىن نەرسە سېتىۋېلىپ ئۆز قولى بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭسا، ئاللاھ بۇ كىشىنىڭ 70 يىللىق گۇناھىنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى ئىلائى دىگەن كاززاپ توقۇغان، ئىبنى ھەجەر باتىل دىگەن، بىزمۇ شۇنداق دەيمىز.

660. ئاياللىرىڭلارنى چاق ئىگىرىشكە بۇيرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشى دىگەن ھەدىس مەترۇك.

661. سېتىۋالغۇچى، ئېتىپ باقسا، ھېچ ۋەقەسى يوق دىگەن، پەيغەمبەر ھەدىسى ئەمەس.

662. ئاخىر زاماندىكى مالنىڭ ياخشىسى قوْل، چوْرىدوْر دىگەن
ھەدىس مەتروْكتوْر، راۋىيسى كاززاپ.

663. ئۈممىتىمنىڭ بىخىللىرى سەيپۇڭ دىگەن ھەدىس يالغان.
خۇددى، ياخشىلارنىڭ ئەمەل خىزمىتى سەيپۇڭلۇق، چاق ئىگىرىش دىگەن
ھەدىس يالغان بولغاندەك.

664. بابكاغا (دەسمال توقىغۇچى) مەسلىھەت سالماڭلار. چۈنكى،
ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەقلىنى تارتىۋەتكەن دىگەن ھەدىس يالغان. خۇددى كىم
بابكا بىلەن بىللە ماڭسا، رىزقى كەملەپ كىتىدۇ. ئۇلار مەريەمنىڭ چاقىنى،
يەھيانىڭ سەللىسىنى ئوغۇرلىۋالغان دىگەن ھەدىس يالغان بولغاندەك.

665. دەججال بىلەن 70000 بابكار بىللە چىقىدۇ دىگەن ھەدىس
يالغان. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە يەھۇدىيلار بىللە دىگەن بار.

666. بابكارغا لەنەت ئوقۇۋاتامسىلەر، تۇنجى بولۇپ بابكارلىق قىلغان
كىشى دادىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام دىگەن ھەدىس يالغاندۇر.

667. ئاللاھ، قىيامەت كۈنى سەيپۇڭلارنى خائىن، خىيانەتچى
قاتارىدا قوپۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە خىيانەت قىلغان، لاتا، رەخت، يىپلاردىن
كۆڭلەك تۇرىدۇ دىگەن ھەدىس باتىل، ئىسنادى قاراڭغۇ.

668. قاسساپدىن، ئوۋچىدىن، ھايۋانلارنى ساتىدىغان
سىپتىقچىلاردىن رەھمەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن دىگەن ھەدىس يالغان.

669. ئارپا، بۇغداي توغرىسىدىكى بۇغداي تىجارىتىدىن توسقان

تۇغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى مۇھەممەد ئىبنى سائىب كەلبى يالغاندىن توقىغان.

670. ئى ئاللاھ، تىجارەتچى بىلەن مۇساپىرنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلمىغىن. چۈنكى، تىجارەتچىلەر نەرسىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ، قىممەت بولۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، مۇساپىرلار يامغۇرنى يامان كۆرىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، بىرىنچى سەۋەب، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەن، ئىككىنچى، تىجارەتچىلەر قىممەت ساتسا، ئۇلارغىمۇ نەرسە قىممەت سېتىلىدۇ، ئۈچىنچى، مانا ھازىر مۇساپىرلاردا يامغۇرنى يامان كۆرۈش يوق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى كەلگۈسىنىمۇ ئويلاپ قىلاتتى.

671. كىم ئۆممىتىمگە قىممەتچىلىكنى، باھا ئۆرلەشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ 40 يىللىق ئەمىلىنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىس يالغاندۇر، لېكىن بۇ قىلمىش چەكلىنىدۇ.

672. جازانە 70 نەچچە ئىشىك بولۇپ، ئەڭ تۆۋىنى ئانىسىنى نىكاھىغا ئالغاندەك بولىدۇ ياكى بىر دەرھەم جازانە يېگەنلىك 36 قېتىم زىنا قىلغاندەك ئېغىردۇر دېگەن ھەدىسنىڭ يوللىرى كۆپ بولۇپ، بەزىسىدە ئىبنى زەييادى دېگەن كاززاپ بار ئىكەن، ئالىملار بۇنى مەترۇك دېگەن، بەزى ئالىملار بۇ زەئىپ دېسە بەزىلەر سەھىھ دېگەن.

673. زىممىي يەنى ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان قان بېجى

تاپشۇرغۇچى دىنسىز بىلەن شېرىك تىجارەت قىلغان مۇسۇلمان، قىيامەت كۈنى چوڭ بىر ئوتلۇق ئازگالدىن ئۆرۈلۈپ ئۆتىدۇ دېگەن ھەدىس مۇنكەر.

**ئالتۇن ــ كۈمۈش، پېقىرلىق، ئۆيقۇ، ھايا، دىن ئاپىتى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر**

674. ئالتۇن ــ كۈمۈش، پۇلنى سۇندۇرۇشىدىن توستى دېگەن ھەدىس زەئىپ.

675. ھايا قىلىش، رىزىقىدىن توسۇپ قويىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان، ئىسلام دىنى ھاياغا بۇيرۇيدۇ.

676. تولا كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش رىزىقىدىن توسۇپ قويىدۇ دېگەنمۇ يالغاندۇر، تونۇش قانچە كۆپ بولسا تىجارەت ئېقىۋاتسا.

677. قەرىز غېمىدىن باشقا غەم يوق، كۆز ئاچلىقىدىن باشقا ئاچارچىلىق يوق دېگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، ئاچارچىلىق بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى، بىزنىڭ غېمىمىز ئالالاھ ئاخىرەت، ئىسلام دىنى شۇڭلاشقا بۇنى يېزىۋاتىمىز، سىز ئوقۇۋاتىسىز.

678. دەرھەم دەپ ئاتاش، دار ھەم يەنى غەم ھويلىسى بولغانلىقىدىن، دىينار دەپ ئاتاش، دار نار يەنى ئوت دۇنياسى، دوۋزاخ ھويلىسى بولغانلىقىدىندۇر دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

679. قاچىلارنى پاكىز يۇيۇش، ئۆي، ھويلا ــ ئارامىلارنى تازىلاپ

تۈرۈش كىشىنى باي قىلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

## تائام ئەدەبلىرى، تۆز، كۆكتات، بازاردا يېمەكلىك، ياخشىلار بىلەن يېيىش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

680. تائامدىن بۇرۇن قولنى يۇيۇش، پېقىرلىقنى يوقىتىدۇ، كېيىن قولنى يۇيۇش بولسا، كېسەلنى يوقىتىپ، كۆزنى رۇشەن ئاچىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن.

681. تۇزنى لازىم تۇت، ئۇ جوزام، تېرە كېسىلى، ئاق كېسەل، مەجنۇنلۇق، ۋابا قاتارلىق 70 تۈرلۈك كېسەلگە شىپا، داۋادۇر دېگەن ھەدىس باتىل.

682. دوسقىنىڭلارغا سەي ــ كۆكتاتلارنى كەلتۈرۈڭلار، ئۇ شەيتاننى قوغلايدۇ دېگەن ھەدىس باتىل بولۇپ، راۋىيسى ئىلائ كاززاپتۇر.

683. كىم تاماق يېگىچە بىسمىللا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالسا، تاماقدىن بىكار بولۇپ سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇۋەتسۇن دېگەن يالغان ھەدىسنى ھەمزە دېگەن كاززاپ توقۇپ چىققان، سەھىھ ھەدىستە بىسمىللا ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ بار.

684. ئەگەر، بىر كىشى يۇندا ياكى نىجاسەتكە چۈشۈپ كەتكەن پۇچۇق ياننى ياكى بىر لوقما تائامنى يۇيۇپ، تازىلاپ يېسە، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، راۋىيسى

www.uyghurkitap.com

كاززاپتۇر.

685. كىم دوسقاندىن چۈشۈپ كەتكەن، يا قاچىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن نەرسىنى تازىلاپ يېسە، بالىسى چىرايلىق بولىدۇ، ئاق كېسەلدىن، ھەرخىل تېرە كېسىلىدىن سالامەت بولىدۇ دېگەن ھەدىسلەر مۇنكەر بولۇپ، سەھىھ مۇسلىمدا تازىلاپ يېسۇن، شەيتانغا قالدۇرمىسۇن دەپ بەرىكەتنى تىلىغا ئالغان ھەدىس بار.

686. كىم تاماق يەپ بولۇپ قاچىسىنى يالىسا، بۇ قاچا مۇنداق دۇئا قىلىدۇ، ئى ئاللاھ ئۇنى دوۋزاخدىن ئازات قىلغىن، خۇددى ئۇ مېنى شەيتاندىن ئازات قىلغاندەك دېگەن بۇ ھەدىس سەمئان كاززاپنىڭ يالغان سۆزىدۇر، سەھىھ ھەدىستە مەغپىرەت سوراش سۆزلىنىدۇ.

687. كىم، ھەر قېتىم تامام يېگەندە ياكى شاراپ ئىچكەندە، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇ زاتنىڭ ئىسمى بىلەن ئاسمان — زېمىندا ھېچنەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. يا ھەييۇن يا قەييۇم دەپ يېسە، كېسەل بولمايدۇ، ئەگەر تاماقتا زەھەر بولسىمۇ زەرەر يەتمەيدۇ دېگەن ھەدىس كەيدەمى ناپىئ سەلمانىڭ ھەدىسى بولۇپ، مەترۇك، سەھىھ ھەدىستە بۇ دۇئا بىرەر مەنزىلگە چۈشكەندە دېيىلىدۇ.

688. ھەرقانداق دوسقاندا تۆت خىسلەت، ئىش تېپىلسا، كامال تاپىدۇ، بىسمىللا دەپ يېسە، يەپ بولۇپ ئەلھەمدۇلىللاھ دېسە، يەيدىغان قوللار ئېغىزلار كۆپ بولسا، تاماق ئەسلى ھالال بولسا، گەرچە بۇ سۆزلەر

توغرىدەك قىلسىمۇ بەيھەقى بۇ ھەدىس يالغاندۇر دېگەن، ھەدىس دېيىش يالغانچىلىق بولىدۇ.

689. قورسىقى توق ياتقان كىشىنىڭ ئەخلاقى ياخشى بولىدۇ، قورسىقى ئاچ ياتقان كىشىنىڭ ئەخلاقى يامانلىشىدۇ، تامىقى ئاز بولسا، جىسمى ئازلايدۇ دېگەن ھەدىس يالغاندۇر. شۇنىڭدەك، قورساقنى ئاچۇرۇپ يېسەڭلار ھەممە نەرسە قەندەك، شېكەر تېتىيدۇ دېگەن سۆزمۇ يالغانچى كازراپنىڭ سۆزىدۇر.

690. غىزانىڭ ياخشىسى تۇنجى پىشقان نەرسىلەر، پاكىزرەكى ئەۋۋەلكى، پايدىلىقراقى، ئاخىرى دېگەن ھەدىسنى ئەنبەسەت توقۇپ چىققان.

691. خورما قوۋزىقى بىلەن بولسىمۇ كەچلىك تاماق يەپ يېتىڭلار، كەچلىك تاماقنى تەرك ئېتىش ئۇرغۇن پايدىلىق نەرسىدىن مەھرۇم قىلىشتۇر دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن بولۇپ، تىرمىزى مۇنكەر دېگەن، ئىمام سوغانى يالغان دېگەن.

692. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتىگەنلىك تاماق يېسە، كەچتە يېمەيتتى، كەچتە يېسە، ئەتىگەندە يېمەيتتى دېگەن ھەدىسنى تىرمىزى مۇنكەر دېگەن، راۋىيسى پاسىق.

693. ناننى كىچىك يېقىڭلار، ساننى كۆپ قىلساڭلار، بەرىكەتلىك بولىدۇ، بەرىكەت كىچىك نەرسىدە، كىچىك نانلاردا بار دېگەن ھەدىسنى

ئىبنى ئەھمەد مۇنكەر دىگەن، ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا يالغان دىگەن، باتىل دىگەنمۇ بار.

694. بىر لوقمىنى كىچىك _ كىچىك ئىلىپ، ئۇششاق ئىزىپ چايناشقا بۇيرۇلغان دىگەن ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋى ھەرگىز سەھىھ ئەمەس دىگەن.

695. ناننى ئەجەملەر كەسكەندەك پىچاقتا كەسمەڭلار دىگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن. چۈنكى، راۋىيسى نوھ ئىبنى ئەبى مەريەم كاززاپ ئىكەن.

696. تائامنى پۈۋدەش بەرىكەتنى كەتكۈزىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئالىملار يالغان دىگەن. ئەمما، سەھىھ ھەدىسلەردە پۈۋدەش چەكلىنىدۇ.

697. تاماقنى زىكرى بىلەن ناماز بىلەن ھەزىم قىلىڭلار، يەپلا ئۇخلاپ قالماڭلار دىگەن ھەدىسنى بەيھەقى مۇنكەر دىگەن، ئىمام سۇيۇتى يالغان دىگەن. توغرىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىستۇر، سەھىھ ھەدىسكە خىلاپ ھەدىش شاز، زەئىپ بولىدۇ.

698. ناننى ھاقارەتلىگەن ھەرقانداق قەۋىمنى ئاللاھتائالا ئاچارچىلىق بىلەن سىنايدۇ، بالا ياغدۇ دىگەن ھەدىس يالغان. لىكىن، ناننى ھاقارەتلىمەڭ.

699. بىر تال ناندا 360 سانائەتچى، ھۈنەرۋەن ئىش قوشۇپ خىزمەت قىلىدۇ، تۆنجىسى مىكائىل، ئاندىن بولۇت، قۇياش، ئاي، پەلەك،

ھاۋا، زىمىن، ھايۋان قاتارلىقلار بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقىسى بولسا، ناۋايدۇر دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

700. نانىنى ھۆرمەتلەڭلار، ئاللاھ ئۇنى ئاسمان ـــ زىمىننىڭ بەرىكىتىدىن بەرگەن، نان بولمىسا رامىزان تۇتالمايتتۇق، ناماز ئوقىيالمايتتۇق، ھەتتا ھەج، جىھاد قىلالمايتتۇق دىگەن ھەدىسنى ئەبۇلپەرەج ئىبنى جەۋزى يالغان دىگەن، راۋىيسى كاززاپ ئىكەن.

701. مىھمانلار دوسقاندىن قوپۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاشقان تاماقنى يىيۋەتكەن كىشىدىن قىيامەت كۈنى قەتئىي ھىساب ئېلىنمايدۇ دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق.

702. گۇناھى كەچۈرۈلۈم قىلىنغان كىشى بىلەن تاماق يىسە، مەغپىرەت قىلىنىپ كەچۈرۈلمگە ئېرىشىدۇ دىگەن ھەدىسنى مۇھەممەد تاھىرنىڭ شەيخى بىلەن ئىبنى تەيمىيە يالغان دىگەن. ئۇنداق كىشىنى نەدىن تاپىسىز؟ قانداق بىلىسىز؟

703. بازاردا تاماق يىيىش، ھاقارەتلىلىك ئىشتۇر دىگەن ھەدىس سەھىھ بولماستىن سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت، خىلاپ، يالغاندۇر.خۇددى بازارتامىقى ھارام دىگەن يالغان بولغاندەك.

## گۆش، پولو، تۈز، سۈت، ياغ توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

704. ئەھلى جەننەتنىڭ تامىقىنىڭ ياخشىسىمۇ گۆشتۇر دىگەن

ھەدىس زەئىپ.

705. بۇ دۇنيادىمۇ، جەننەتتىمۇ تاماقنىڭ سەيىيدى، خوجايىنى گۆشتۇر دېگەن ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا ئىككى كاززاپ بار ئىكەن.

706. ماڭا جەننەتتىن پولو بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن 40 ماڭا ئەرنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلدى دېگەن ھەدىسنى پولوپەز كاززاپ مۇھەممەد ئىبنى ھەججاج لەخمى يالغاندىن توقۇپ چىقىپ، پولو ساتقان.

707. مەن، جىبرىئىلغا جىنسى مۇناسىۋەتتە ئاجىزلىقىمنى شىكايەت قىلسام ئۇ ماڭا پولونى كۆرسىتىپ قويدى دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

708. قەلب، گۆش يېگەندە خۇشال بولىدۇ، خۇشاللىق بىر كىشىدە داۋاملىشىۋەرسە يامان بولۇپ ئۇساللىشىدۇ. شۇڭا، پات ـ پات خۇشال بولۇش، دائىم ئەمەس دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

709. ھەرگىز گۆش يېمەڭلار دېگەن يالغان سۆز بولۇپ، راھىپلاردىن كەلگەن.

710. گۆشنى كېسىپ يېمەڭلار، ئۇ ئەجەملەر ئادىتى دېگەن ھەدىسنى ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا سەھىھ ئەمەس. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوي گۆشنى كېسىپ يېگەن دېگەن.

711. كاللىنىڭ سۈتى بىلەن يېغىنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇ شىپادۇر، گۆشىدىن ھەزەر قىلىڭلار ئۇ دېگەن كېسەلنىڭ ئاساسى دېگەن ھەدىس،

هاكىم مۇستەدرەكتە بولۇپ، ئىمام زەھەبى زەئىپ دېگەن. مەن يالغان دەيمەن، چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرى ھەققىدە كالىنى قۇربانلىق قىلىپ بەرگەن.

712. تۇز سىلەرنىڭ ياخشى چىيىڭلار دېگەن ھەدىس زەئىپ، ئەمما تۇزسىز تاماق يېگىلى بولماس.

713. سۈت ئىچىپ بېرىش ئىماننى ساپلاشتۇرىدۇ، كىم سۈت ئىچىپ چۈش كۆرسە ئۇ ئىمان ئۈستىدە بولىدۇ، سۈتنى ئىپلىپ چۈش كۆرسە، ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ئەمەل قىلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، راۋىيسىدا ئىسمائىل كاززاپ بار.

714. گۆش گۆشنى ئۆستۈرىدۇ، كىم گۆشنى 40 كۈن تەرىك ئەتسە، مىجەزى، ئەخلاقى ئوساللىشىدۇ دېگەننى سۇلەيمان نەخئى دېگەن كاززاپ، راھىبلارغا قارشى يالغاندىن توقۇپ چىققان.

715. كىم، سىركا (ئاچچىقسۇ) بىلەن چاي قىلىپ ناشتا قىلسا، ئىككى پەرىشتە، مۇئەككەل بولۇپ مەغپىرەت سورايدۇ دېگەن ھەدىس قەتئىي راستقا ئوخشمايدۇ.يالغانغائوخشايدۇ،

## سۇ ئىچىش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

716. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنى شوراپ ئىچەتتى، سۈمۈرەتتى دېگەن ھەدىس زەئىپ.

717. سۇنى گاڭ، ساپ، ناشتىدا نەرسە قوشماي ئىچىش، بەدەندە ياغنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، ئاسىم ئىبنى سۇلايمان توقۇغان.

718. قېرىندىشىدىن ئاشقان سۇنى ئىچىش كەمتەرلىكتۇر. لېكىن، ئاللاھ رازىلىقىدا شۇنداق قىلسا، 70 دەرىجە ئۈستۈن كۆتۈرۈلىدۇ. 70 خاتالىق ئۆچۈرۈلۈپ، 70 ياخشىلىق يېزىلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، راۋىيسى نوھ كاززاپ.

719. كىم بىر مۇسۇلماننى سۇ تېپىلىدىغان جايدا سۇغارسا، خۇددى بىر قۇل ئازات قىلغان بولىدۇ. ئەگەر سۇ تېپىلماس جايدا سۇغارسا، خۇددى بىر جاننى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. بۇنى ئىبنى ئەدى يالغان دېگەن.

720. ياز كۈنلەردە سۈيى بار كىشىنىمۇ سۇغارساڭ، گۇناھلىرىڭ خۇددى دەرەخ قۇلىقى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىس، ئىسناد، مەتنە جەھەتتىن يالغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ، مۇنكەردۇر. ئىسناد، راۋىيلارنىڭ تۇتىششى،مەتنەبولسا ھەدىس لەۋزى شۇ.

721. ئەگەر بىر كىچىك بالا بىلەن بىر ئەر كىشى سۇ سورىسا، بالىسىدىن بۇرۇن ئەر كىشىگە سۇ بەرسە، زىمىندىكى بۇلاقدىن بىر بۇلاق سۈيى يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئەبۇلبوھتەر، ئەبۇلخەيىر دېگەن ئىككى كاززاپ يالغاندىن توقىغان، مەخسىدى ھەيران

قالدۇرۇپ، مۇھەددىسلىك داۋاسى قىلىش.

## بۇغداي، گۈرۈچدەك دانلار توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

723. يەسمۇق، ماشنى لازىم تۇتۇڭلار، بۇ بەرىكەتلىك بولۇپ، قەلبنى يۇمشىتىدۇر، ئۇنىڭغا 70 پەيغەمبەر بەرىكەت تىلىگەن، ئاخىرى ئەيسادۇر، كاۋىنى لازىم تۇتۇڭلار، بۇ يۈرەكنى كۈچلەندۈرىدۇ، مېڭىنى ئەقىللىق قىلىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىسلەرنى ئىبنى جەۋزى يالغان دېگەن، ئىمام سوغانىمۇ يالغان دېگەن.

723. گۈرۈچ، شال مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن، ئەگەر ئۇ جانلىق بولسا، چوقۇم ھايۋان بولماي ئادەم بولاتتى، ئادەم بولسا، سالىھ ئەر بولاتتى، سالىھ ئەر بولسا پەيغەمبەر بولاتتى، ئۇ بولسا مەن بولاتتىم ئۇ مېنىڭ نۇرۇمدىن يارالغان دېگەن ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر.

724. كىم 40 كۈن گۈرۈچ تامىقى يەپ بەرسە، ھېكمەت ئۇنىڭ قەلبىدىن تىلىغا ئاشكارا بولىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان ئەمەلىيەتتىمۇ بىز ئۈچ ۋاخ تامىقىغا گۈرۈچلا يەيدىغان خەنزۇلارنى، تۇڭگانلارنى كۆردۇق، بۇ خىل ئەھۋال زادى مەۋجۇد ئەمەس.

725. گۈرۈچ نېمىدىگەن ياخشى داۋا، ئەگەر ئۇ ئەر بولۇپ قالسا، چوقۇم ئەقىللىق، مېھرىبان بولاتتى دېگەن ھەدىس يالغان، بۇنى مۇھەممەد تاھىرنىڭ شەيخى يالغان دېگەن.

726. مەن ئالدىمدا بۇغداينىڭ ئاق ئۇنىغا ياغ ئارىلاشتۇرۇلغان

نانىنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرمەن دېگەن ھەدىس مۇنكەر.

**سەي ـ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇزلار توغرىسىدىكى يالغان** ھەدىسلەر

727. ھىندىبائ ئىستېمال قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر كۈنى جەننەت سۈيىدىن بىر تامچە بار دېگەن ھەدىس يالغان.

بىرسىنىڭ ئۈستىدە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ قولىقىدا جەننەت سۈيىدىن

728. بازىنجان ئىستېمال ئۆسۈملۈك ھەرقانداق كېسەلگە شىپا، داۋادۇر دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇنى دىنسىزلار سۈيىقەست قىلىپ توقۇپ كىرگۈزگەن.

729. بازىنجاننى مەن جەننەتلىمەئۋادا كۆردۈم، ئۇنى شىپا، داۋا دەپ يىسە داۋا بولىدۇ دېگەن ھەدىس باتىل.

730. قوغۇن ـ تاۋۇزدا جەننەتنىڭ بىر تامچە سۈيى بار دېگەندەك بۇ خىل ھەدىسلەر يالغان، قوغۇن ـ تاۋۇز ھەرخىل مىۋىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى ئالىملار باتىل دېگەن.

731. قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ پەزلى شۇنداق چوڭكى، ئالاھنىڭ بەرىكىتى ئۇنى يېيىشكە باغلىق، ئۇنىڭ سۈيى رەھمەت، ھالاۋىتى بولسا، جەننەتنىڭ ھالاۋىتىدۇر. كىم ئۇنى تىگىنچە پاكىز غاجىلاپ يىسە دوۋزاختا قالمايدۇ، ئۇنىڭدا بىر تامچە جەننەت سۈيى بار، ئۇ، يەرگە چۈشۈپ كەتمىسۇن دېگەن ھەدىسلەر شەكسىز يالغان. بۇ ئىسلام دىنىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنى ھاقارەتلەش،بۇنىڭ جىنايىتى ئېغىر بولۇپ، بۇنداق كازراپىنىڭ ئىسلام دۆلىتىدە كاللىسى ئېلىنىدۇ، ئىمام سۇيۇتى

732. تاماقدىن بۇرۇن قوغۇن ــ تاۋۇز يەپ بەرسە، ئۇ، قورساقنى چايقايدۇ، كېسەلنى قوغلايدۇ دېگەن ھەدىس سەھىھ ھەدىسكە زىت، خىلاپ، شاز ھېسابلىنىدۇ.

733. چامغۇر، تۇرۇپلارنى يېگەندە مېنى ئەسلەپ قويۇڭلار، دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇ خۇددى سوپىلارنىڭ زىكرى ــ تەسبىھ ئېيتقاندا، مېنى كۆز ئالدىڭلارغا ئەكلىپ تۇرۇپ ئېيتىڭلار دېگەن شېرىك سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

734. كىم تەرخەمەكنى يەنى خەنزۇچە خوڭگەي دېگەن نەرسىنى يەنى ئۇزۇنچاق كىچىك قوغۇننى يىمەكچى بولسا، ئۇنىڭ بېشىدىن باشلاپ يىسۇن دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، راۋىيسىدا ئىككى كازراپ بار. ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى خورما بىلەن بىللە يىگەن. بۇنداق مىۋە ــ چىۋە، سەي ــ كۆكتات توغرىلىق ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى يالغان، زەئىپ بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مۇھىملىقى، شىپا، داۋالىقى، مۇھىم رولى، قىممەتلىك ئوزۇقلىرى تىبابەتتە مەلۇمدۇر.

735. كىم تەرخەمەكنى گۆش بىلەن يەپ بەرسە، جوزام دېگەن تېرە كېسىلىدىن ساقلىنىدۇ دېگەن ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر.

736. ئوزۇق ئالساڭلار، پىيازنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئۇنى لازىم

تۇتۇڭلار، ئۇ مەنىينى ياخشلايدۇ. بالىنى چىرايلىق تۇغۇلدۇرىدۇ دىگەن يالغان سۆزدۇر.

737. ھىندىي زىمىنلىرىدا ئاتىنىڭ قۇلىقىغا ئوخشاش قۇلاقلار بار، ئۇنى كۆپ يەپ بىرىڭلار، ئۇنىڭدا نۇرغۇن پايدا _ مەنپەئەت بار دىگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دىگەن.

## ھەسەلدەك تاتلىق نەرسىلەرنىڭ پەزىلىتى، ئىسراپ بىلەن توقلۇقنى ئەيىبلەش، ئىشتىھالىق نەرسىلەرنى يىيىش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

738. مۆئمىنىنىڭ قەلبى تاتلىق، ئۇ تاتلىق نەرسىنى ياخشى كۆرىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان، ئىبنى جەۋزى يالغان دىگەن، ئىمام سوغانىمۇ شۇنداق، بەيھەقى رەھمەھۇللا مۇنكەر دىگەن، سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزلۇق، تاتلىق شاراپقا ئامراق ئىدى دىگەن بار.

739. مۆئمىن تاتلىق، كاپىر بولسا، ئاچچىق دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مۇنكەردۇر، ئايەتتە كاپىرلار نىجىس دىگەن.

740. كىم بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا بىر لوقما تاتلىق تاماق بەرسە،



www.uyghurkitap.com

ئاللاھ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن 70 بالانى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دىگەن ھەدىسنى خەتىيب قاتتىق مۇنكەر دىگەن.

741. ئالدىڭلاردا ھالۋىدەك تاتلىق نەرسە قويۇلسا، ھەرگىز رەت قىلماي ئۇنى يەپ قويۇڭلار دىگەن ھەدىس سەھىھ بولماستىن مۇشۇ ھەدىس سەۋەبىدىن مۇھەددىس ئالىملاردىن نەچچىسى كاززاپ دەپ ئەيىبلەنگەن.

742. كىم ھەسەلنى ھەر ئەتىگىنى يالاپ بەرسە، ئۇنىڭغا چوڭ بالا يەتمەيدۇ دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، شۇنداقلا زىمىندىن كۆتۈرۈلگەن تۈنجى بالا ۋابادۇر، زىمىنغا چۈشكەن تۈنجى رەھمەت ھەسەل دىگەن ھەدىسنىڭمۇ ئەسلى يوق. لېكىن، ئايەتتە سەھىھ ھەدىستە ئۇنى شىپا، داۋا دىگىنى راست، ئەمما، ئاللاھ خالىسا ھەسەلچىنىمۇ كېسەل قىلىپ قويىۋېرىدۇ، بۇنى مەن كۆردۈم.

743. ھەرقانداق ئۆيدە ھەسەل بولىدىكەن، شۇ ئۆي ئۈچۈن پەرىشتە مەغپىرەت تىلەپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇنى يەپ بەرسە، 1000 كېسەل چىقىپ كېتىپ، 1000 شىپا، داۋا كىرىدۇ. ئەگەر، ھەسەل قورسىقىدا قېلىپ ئۆلۈپ كەتسە، دوۋزاخقا كىرمەيدۇ دىگەن بۇ ھەدىس قاتتىق يالغاندۇر، ئاچچىغىمدىن كۈلۈپ كېتىۋاتىمەن.

744. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈممىتىڭ شۇنداق غەلبىلەرنى قىلىدۇكى، تېخى ئۇلار پالوزەج يەيدۇ دىگەن پالوزەج دىگەن نىمە دەپ سورىسا، ھەسەل، ياغ

www.uyghurkitap.com

ئاربلاشتۇرۇلغان تاماق دەپ جاۋاب بەرگەن ھەدىس ئىبنى ماجەدە خاتىرلەنگەن، ئالىملار بۇ ھەدىسنى باتىل دىگەن. ئىبنى جەۋزى يالغان دىگەن، بەزىلەر زەئىپ دىگەن.

745. قورسىقىنى لىق تويغازغان كىشىنىڭ قەلبىگە ئاسمانىنىڭ ئاجايىپ ــ غارايىبلىرى كىرمەيدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، بۇ سوپىلار ئېغىزىدا كەڭرىدۇر.

746. تاماقنى كۆپ يەپ قەلبىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

747. توق قورساققا تاماق يىيىش ئاق كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دىگەن ھەدىسمۇ مەۋجۇد ئەمەس، ھەدىس ئالىملىرى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

748. دۇنيادا ئاچ يۈرگەنلەر ئاخىرەتتە توق يۈرىيدۇ دىگەن ھەدىس زەئىپ.

749. قەلبىڭلارنى، تاماقنى ئاز يىيىش بىلەن، ئاز كۈلۈش بىلەن تىرىلدۈرۈڭلار، ئاچ قويۇپ پاكلاڭلار دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. لېكىن ئىسلام دىنى ئاز كۈلۈشكە، ئاشقازاننىڭ 1/3نى بوش قويۇپ قويۇشقا بۇيرۇيدۇ.

750. ئۈممىتىمنىڭ يامان كىشلىرى بۇغداينىڭ كېپىكىنى ئېلىۋېتىپ، ئاق ئۇننى يىگەنلەر دىگەن ھەدىس ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. ئەگەر بۇنداق ھەدىس راست بولسا، تابىئىنلار، ۋە كىيىنكى ھەدىس

ئالىملىرى ئەمەل قىلاتتى، فىقھى كىتابتا بولاتتى.

751. كىم بىرەر نەرسىنى قاتتىق ئىشتىھا قىلىپ ئاندىن ئۇ ئىشتىھاسىنى، شەھۋەتنى بېسىپ قايتۇرالىسا، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى جەۋزى يالغان دېگەن. ئايەتتە نەپسىنى يىغىش، ھاۋايى ـــ ھەۋەسدىن توسۇش كۆرسىتىلگەن شۇ كۇپايە.

752. تائامنىڭ قۇۋۋەتلىك، كۈچلۈك، ياخشىلىرىدىن نەپسىڭلارنى مەھرۇم قالدۇرۇڭلار، شەيتان تومۇردا ئاشۇ تائام سەۋەبىدىن ئېقىپ يۈرىيدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، ئايەتتە پاك، ھالال نەرسىنى ھارام قىلىۋالماڭلار دېگەن، بۇ دېگەنلىك ئىسراپ قىلماي خالىغانچە يەڭلار دېگەن بولىدۇ.

753. ئىشتىھا قىلغان كۆڭلى تارتقان نەرسىنى يەۋەرگەنلىك، ئىسراپ قىلغانلىق بولىدۇ دېگەن ھەدىس مۇنكەر، سەھىھ ئەمەس، راۋىيسىدا بىر يۇقىرىدا كۆپ تىلغا ئالغان نوھ ئىبنى زەكۋان، يەھيا ئىبنى ئۇسمان بولۇپ، ھەدىسلىرى مۇنكەر ئىكەن. ئاسان ئىشنى تەسلەشتۈرۈپ، ئاسىي بولغانلار.

## خورما، ئۈزۈم، ئانار قاتارلىق نەرسىلەر توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

754. خورما، ئاشقازاننى تازىلاپ، ياخشىلايدۇ، مەنىينى كۆپەيتىدۇ. ھىس ـــ تۇيغۇنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ دېگەن ھەدىس باتىل، بىر قىسمى يالغان.

755. خورما يەپ بېرىڭلار، ئۇ قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ دېگەن ھەدىس

www.uyghurkitap.com

سەھىھ ئەمەس.

756. ھەي!، خورمىدىكى پەزىلەتنى ئىنسانلار بىلسە ھە! ئانداق، مانداق دىگەن ھەدىس يالغان.

757. ھامىلدار ئاياللارغا سۈت، خورما، ئالما بېرىڭلار، ئەگەر بالىسى ئوغۇل بولسا، ئالىم، غازى بولىدۇ، باتۇر سېخى بولىدۇ. ئەگەر قىز بولسا، ئەخلاقى ياخشى، ئېرىگە لەززەتلىك، تاتلىق بولىدۇ، دىگەن ھەدىس مۇنكەر، راۋىيسى ياسىق.

758. نىپاسدار ئاياللارغا خورما بېرىڭلار، بالىسى ئاقىل، مېھرىبان بولىدۇ، مەريەم ئانىمۇ نىپاس ۋاختىدا خورما يىگەن دىگەن ھەدىسنى ئايەتتىن پايدىلىنىپ يالغاندىن توقىغان.

759. خورما، ئاللاھقا ھۆرمەتلىك، ئۇ دىگەن ئادەمنىڭ ئېشىپ قالغان لىيىدىن يارالغان، مەريەممۇ ئۇنىڭ ئاستىدا بالىنى تۇغقان ئاياللارغا خورما بېرىڭلار دىگەن ھەدىس مۇنقەتىئ، زەئىپ.

760. خورما، ئانار، ئۈزۈملەر ئادەم ئاتىنىڭ ئېشىپ قالغان لېيىدىن يارالغان، سىلەر يەۋاتقان ئانارىدا جەننەتنىڭ بىر تال ئانىرى بار دىگەن ھەدىسنى لالەئىيدا ئىمام سۈيۈتى بۇ مۇھەممەد ئىبنى ۋەلىيدىنىڭ باتىللىرىدىندۇر دىگەن، راۋىيسى كاززاپ.

761. ئۈزۈمنى ئىككىدىن ــ ئىككىدىن يەڭلار، خورمىنى بىردىن دىگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن، بۇ ئەجەملەر ئېغىزىدا كۆپ

بولۇپ، ئەسلى يوق، ئىبنى تەيمىييەمۇ يالغان دېگەن.

762. ئۈممىتىمنىڭ باھارى ئۆزۈم بىلەن قوغۇن ــ تاۋۇز دېگەن ھەدىس يالغان، ئاللاھ، ئەزىز قىلغان نەرسىگە يالغان ھەدىسنىڭ كېرىكى يوق.

763. ئۆزۈمنى بىر تالدىن بىر تالدىن يەڭلار، ئۇ ھەم لەززەتلىك ھەم سىڭىشلىك دېگەن يالغان سۆز.

## كالا، بېلىق، خوراز، كەپتەر، چېكەتكە قاتارلىق ھايۋانلار توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

764. كالىنى ھۆرمەتلەڭلار، ئۇ ھايۋانلارنىڭ خوجىسى، ياخشىسى، كالىغا ئىبادەت قىلىپ چوقۇنۇلغان كۈندىن باشلاپ ئۇ، ئاللاھدىن ھايا قىلىپ بېشىنى ئاسمانغا كۆتىرەلمىدى دېگەن ھەدىس يالغان، بىز دائىم نۇرغۇن كالىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھۆركىرىگىنىنى كۆرىمىز. شۇنداقلا، پەرىشتىلەر، ئەيسا، ئاسماندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا چوقۇنۇپ كەتتى، ئۇلاردا نېمە گۇناھ، گۇناھ، ئاسىيلىق، ئاشۇ نادان، جاھىل بۇ ددىستلاردا.

765. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋاننى ئۇرۇشتىن توسقان، ئۇرۇپ سالغان بولساڭ، ئۇنىڭ گۆشىنى يېمە دېگەن بۇ ھەدىس ھەرگىز سەھىھ ئەمەس، بولۇپمۇ ئاخىرى.

766. كىمنىڭ ئۆيىدە بىر قوي بولسا، بىر بەرىكەت بولىدۇ، ئىككى قوي بولسا، ئىككى بەرىكەت بولىدۇ. ئەگەر ئۈچ قوي بولسا، ئۇ پېقىرلىقدىن قۇتۇلىدۇ دىگەن ھەدىس مەترۇك، راۋىيسى كاززاپ دەپ ئەيىبلەنگەن.

767. ئىتنى گۆزەتچى قىلىپ قويۇپ، خاتىرجەم بولۇپ ئۇخلىغان كىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىدە بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا يالغان دىگەن. چۈنكى، ئايەتتە ئەسھابۇلكەھپىنىڭ ئىتى سۆزلىنىدۇ.

768. مۈشۈكياپىلاق بىلەن گۆشخور قۇش، قارچۇغىدىن باشقا بارلىق قۇشلارنى يىسە بولىدۇ دىگەن ھەدىس باتىل، ئىمام سۇيۇتى سۆزى.

769. بېلىق گۆشىنى يىسە، جەسەتنى چىرىتىپ خاراپ قىلىۋېتىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان. ساھابىلار بېلىق يىگەن، بۇ سەھىھ، مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ بىلىق يىگەن.

770. ئاق خوراز مىنىڭ دوستۇم، ئەرشى ئاستىدا ئاللاھنىڭ بىر خورزى بار بولۇپ، بىشى ئەرشىدە، پۇتى زىمىن ئاستىدا ۋە خوراز چىللىسا بارلىق خورازلار چىللايدۇ دىگەن ھەدىس يالغاندۇر.

771. بايلارنى قوي بېقىشقا، پېقىرلارنى توخۇ بېقىشقا بۇيرىغان دىگەن ھەدىس زەئىپ.

772. كەپتەر بېقىڭلار، ئۇلار باللىرىڭلاردىن شەيتاننى گوللاپ توسۇپ تۇرىدۇ دىگەن ھەدىس يالغاندۇر.

773. كەپتەرگە ئامراق خەلىپىگە يېقىن بولۇش ئۈچۈن، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا جەناھ يەنى قۇشلاردىمۇ مۇسابىقە بار دىگەن بىر سۆزنى ئوشۇق قىلىپ، كاززاپلىق قىلغان قىسسە ھەممىگە مەلۇم، شۇنىڭدەك ھارۇن رەشىيدقا بىر قازى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەپتەر ئۇچۇرۇپ ئوينايتتى دىگەن يالغان ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئاندىن بۇ خەلىپە ئوردىدىن چىق! دەپ قوغلايدۇ. ئەگەر ئۇ قۇرەيشدىن بولمىغان بولسا، قازىلىقدىن ئايرىۋېتەتتىم دىگەن. ئەنە شۇنداق ھەرخىل سەۋەبدىن يالغان ھەدىسلەر توقۇلغان.

## لاي يىگەندىكى زىيان توغرىسىدا يالغان ھەدىسلەر

774. لاينى يىيىش مۇناپىقلىقنى كەلتۈرىدۇ دىگەن ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر.

775. ئاللاھ ئادەمنى لايدىن ياراتقاچقا، لاينى يىيىشنى ھارام قىلدى دىگەن يالغان ھەدىس.

776. كىم لاينى يىسە، ياكى لاي سۇدا يۇيۇنسا، دادىسى ئادەمنىڭ گۆشىنى يىگەندەك ياكى يۇيۇنغاندەك بولىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان.

## كىيىم ــ كېچەك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيمى، سەللە، ئىشتان، ئاياغ، يۆڭ توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

www.uyghurkitap.com

777. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلىگە تېرىدىن بەلۋاغ باغلىغان دېگەن يالغان، ھېچ بىر كىتابتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلىگە نەرسە باغلىغىنى يوق.

778. سەللە بىلەن ئوقۇغان ناماز سەللىسىز ئوقۇغاندىن 25 دەرىجە ئۈستۈن، سەللە بىلەن ئوقۇغان جۈمئە، سەللىسىزدىن 70 جۈمئە ئەۋزەل دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

779. سەللىنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇ دېگەن پەرىشتىلەر بەلگىسى دېگەن ھەدىسنى بەيھەقى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئالىملار بۇنى سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت، خىلاپ بولغاچقا، زەئىپ، شاز دېگەن. ئەمەلىيەتتە سەللە، كىيىم ــ كېچەك سۈننەتى زۇۋائىد بولۇپ، قىلالىسا ساۋاب بار، قىلالمىسا ئازاپ، گۇناھ يوق.

نامازغا ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، ساۋابى كۆپ، ئاز، مەقبۇل بولۇشىغا ئالاقىسى يوق، ساۋاب بولسىمۇ شۇ سۈننەتنى قىلغانغا بولىدۇ، دىنسىزدىن پەرقلەنگەنگە بولىدۇ.

780. سەللە تاقاڭلار، ئەقىللىق، مېھرىبان بولىسىلەر دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن، سۇيۇتى، راۋىيىسىدا كاززاپ بولغاچقا، سەھىھ ئەمەس، مەترۇك دېگەن.

781. ئى بالام سەللىنى ياخشى كۆرگىن، ھۆرمەتلىنىسەن، سىنى شەيتان سەللە بىلەن كۆرسە قاچىدۇ، سەللە بىلەن بولغان بىر ناماز 25

دەرىجە ئارتۇق، سەللە بىلەن ئوقۇلغان جۇمئە 70 جۇمئەگە تەڭ، پەرىشتىلەرمۇ سەللە يۆگەپ جۇمئەگە كېلىدۇ، سەللىسى بارلارغا رەھمەت يوللايدۇ دېگەن، بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى يالغان دېگەن.

782. سەللە يۆگەپ ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى ئاللاھ يولىدا قىلغان جىھادقا تەڭ، بۇ ھەدىسنى ئالىملار بىردەك يالغان دېگەن.

783. نامازنى سەللە بىلەن ئوقۇسا، 10000 ياخشىلىق بار دېگەن يالغان ھەدىسنى ئەبان توقۇغان.

784. كىيىمنى قاتلاپ قويۇڭلار، ئۇنى شەيتان كىيەلمەيدۇ، قاتلاقسىز كىيىمنى شەيتان كىيىۋالىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان.

785. ئى ئاللاھ، ئۈممىتىمنىڭ ئىشتان كىيگەنلىرىگە مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئىنسانلار ئىشتاننى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇ بىردىنبىر ئەۋرەت ياپقۇچى، ئەگەر ئاياللىرىڭلار سىرتقا چىقسا ئىشتان كىيدۈرۈڭلار دېگەن ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى يالغان دېگەن. چۈنكى، ساھابىلار سۈرە نۇرنى بولۇپمۇ 31 ـ، 32 ـ ئايەتنى ئوبدان چۈشىنەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ھىجاب، روپاش ئاياللىرىنى ھەممىسى بىلەتتى.

786. يۇڭنى يەنى جۇۋىنى لازىم تۇتساڭلار قەلبىڭلاردا ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تاپىسلەر، جۇۋىنى كىيسەڭلار، تاماقنى ئاز يەيدىغان بولىسلەر، ئاخىرەتنى تونۇيسىلەر، جۇۋىنى كىيىش تەپەككۇرنى كەلتۈرىدۇ، تەپەككۇر ھىكمەتنى كەلتۈرىدۇ، تەپەككۇرى كۆپ كىشىلەر تاماقنى ئاز يەيدۇ، قەلبى

يۇمشاق بولىدۇ دىگەن ھەدىس مۇنكەر، راۋىيسىدا كەدىيمى دىگەن كازراپ بار ئىكەن. بەزىلەر بۇ ھەدىسنى مۇدەررەج دىگەن. ئەمما، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېپىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى، جۇۋا كىيسۇن دىگەن ھەدىسنى سۇلەيمان ئىبنى ئەرقەم توقۇپ چىققاچقا ئالىملار يالغان دىگەن. بولۇپمۇ ھەدىس، سوپىلارنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قالسا، تېخىمۇ يالغان بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەببى سۆز قىلغاندا، ئۇستىدە جۇۋا بار ئىدى دىگەن زەئىپ، شۇنداقلا بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشقا ۋاختىمىز ئىسراپ بولسا بولمايدۇ. ئىسلام دىنىدا چەكلەنمىگەن ھەرقانداق نەرسىنى كىيىش،كە يىمەسلىكدە ئەركىنلىك بېرىدۇ، ئاللاھ قەلبىگە قارايدۇ.

787. ئاللا بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرگەن كىشى سوۋق ئەھلى بىلەن جۇۋا ئەھلى بىلەن، ياكى سوپىي ئەھلى بىلەن بىللە ئولتۇرسۇن دىگەن بۇ سۆز شىرىكتە ئۇچىغا چىققان بۇزۇق، پاسىق ئەقىدىسىدىكى كازراپىنىڭ سۆزى، بۇ ئەقىدە، سوپىزىم كاتىبىشى بەستامى، مەنسۇ ھەللاجلاردا بار ئىدى. ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى ئالىملار ئىجمائ ئىتتىپاقتا كېلىپ، ھەللاجنى باغداتتا دىنسىز، مۇشرىك دەپ دارغا ئاسقان، تەپسىلاتىنى كۆرۈشنى خالىغان كىشلەر، مۇپەسسىر ئىبنى كەسىرنىڭ بەدايەت ۋە نەھايەت دىگەن تارىخ كىتابىنى كۆرسۇن.

788. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇۋا ئىچىدە جان

ئۆزگەن. 11 يېرى ياماق، بەزىسى تېرىدىن ئىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ جۇۋا ئىچىدە جان ئۆزگەن، 12 يېرى ياماق، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق 13 يېرى ياماق، مانا بۇ ئويېئوچۇق، رۇشەن يالغان سۆزدۇر. سەھىھ ھەدىسكە تۈپتىن زىت، مۇخالىپ.

789. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەخمەق، جىدەلخورلار يۇڭ كىيىم كىيىدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

790. جىبرىئىل كەلگەندە سىلاپ باقسام، يۇڭنى سەزدىم، بۇ نېمە ئىش دېسەم، شۇنداق، بۇ جۇۋا، بۇ دىگەن ئەۋلىيالار كىيىمى دىدى، ھەتتا ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ كىيىمۇ يۇڭ، جۇۋا دىدى دىگەن بۇ ھەدىس يالغان.

791. كىشىلەر تونۇسۇن، كۆرسۇن دەپ يۇڭ جۇۋا كىيگەن كىشىگە ئاللاھ تەمرەتكە كېسىلى بېرىدۇ، ھەتتا تومۇرلىرىمۇ ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدۇ دىگەن ھەدىس مەترۇك بولۇپ، ئەبباد ئىبنى كەسىر بار ئىكەن.

792. يا ئائىشە، بۇ كىيىمنى يۇيۇۋەتكىن دېسە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەن تېخى بۇ كىيىمنى ئاخشام يۇغان دەپتۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلمەمسەن؟ كىيىم تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئەگەر ئۇ كىر، مەينەت بولۇپ قالسا، تەسبىھسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ دىگەن ھەدىس مۇنكەر، رەت قىلىنىدۇ.

793. كىشىنىڭ خۇشپۇراقلىرى ياخشىلانسا، كىيىمى پاكىزلانسا، غەم

_ قايغۇسى ئاز بولىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان.

794. مۇناپىقنىڭ ئالامىتى، ئىشتىنىنى ئۇزۇن كىيىشتۇر دىگەن ھەدىس ئوروس دىگەن كىتابنىڭ يالغانلىرىدىندۇر.

795. بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئۆچ بولۇپ كېتىدىغىنى كىيىملىرى ئەمەللىرىدىن ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلار دىگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، بارلىق ياخشى كىيىملەر ئىككى رەكئەت نامازغا تەڭ ئەمەس.

796. مەقاسىد دىگەن كىتابدا كىم ئۆزىنىڭ ئىسلامي پوسۇنىدىن باشقا بىر پوسۇندا ياسىنىپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قىنى بىكار، قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ تايانغىدەك ئەملى قالمايدۇ دىگەن، بۇ، سۆز ھەدىس دەپ ئىسپاتلانمايدۇ، جىننىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن.

797. كىم سىرىق رەڭدە ئاياغ كىيسە، خۇشال بولىدۇ، غېمى ئاز بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى كالا قىسىسسىدىن پايدىلىنىپ توقۇغان، ئەبۇ ھاتەم يالغان دىگەن.

## زۇمرەد، گۆھەر ئۈزۈك توغرىسىدا كەلگەن يالغان ھەدىسلەر

798. ئۈزۈك بىلەن ئوقۇغان ناماز، ئۈزۈكسىز ئوقۇغان نامازدىن 70كە تەڭ دىگەن ھەدىس يالغان.

799. زۇمرەددىن ئۈزۈك سېلىڭلار، ئۇنىڭدا ئاسانلىق بار، قىين، تەسلىك يوق دىگەن ھەدىسنى مۇھەممەد تاھىر ئاپتورنىڭ شەيخى، ئۇستازى يالغان دىگەن.

800. ئەقىيق دىگەن نەرسىنى (يەنى يەمەنگە مەنسۇپ قىزىل مارجان، سۇس، ئاق سىزىقى بار، دېڭىز ساھىلىدىن تېپىلىدۇ) ئۈزۈك قىلىپ سېلىڭلار، قورقۇنجدىن ئەمىن بولىسىلەر، ياخشىلىق داۋام قىلىدۇ، مۇئەككەل ئىككى پەرىشتە ياخشى كۆرىدۇ.

جەننەتنىڭ مارجانلىرىمۇ ئەقىيقتۇر دىگەن بۇ ھەدىسنى سۇيۇتى يالغان دىگەن. چۈنكى، يالغاننى توقۇغانلار سۆزلىگەن. بىر راۋىيسى ئىبنى سالام كاززاپ، سوپى ئىكەن، زەھەبى رەھمەھۇللا شۇڭا يالغان دىگەن، ئىمام سۇيۇتى، ئىبنى ئەدى باتىل دېدى دىگەن، ئىبنى جەۋزىمۇ يالغان دىگەن. يەنە بىر راۋىيسى يەئقۇپ كاززاپ ئىكەن.

801. كىم ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ياقۇتتىن قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن پېقىرلىقنى يوق قىلىۋېتىدۇ، كىرىستال كۆز نېمە دىگەن ياخشى، دىگەن ھەدىس باتىل، ئىبنى ئەشئەسنىڭ يالغان نۇسخىسىدۇر.

سەھىھ ھەدىستە، ئالتۇن - كۈمۈش ئەرلەرگە ھارام قىلىنغان، كۈمۈش ئۈزۈكنىمۇ ئېپتىۋەتكەن، تاشلىۋەتكەن ھەدىس بار.

## بوياش، خەتنە قىلىش، تىرناق، بۇرۇتنى ئېلىش، ساقال تاراش، ئورۇ تۇرۇپ تارىماسلىق توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

802. خەتنىسىنى قىلىشنى مەخپى قىلىڭلار، نىكاھنى ئىلان قىلىڭلار، دىگەن ھەدىسنىڭ باش تەرىپىگە ئەسلى يوق، سەھىھ ھەدىستە

www.uyghurkitap.com

خەتنىنىمۇ ئاشكارا قىلىشۇرگەن.

803. خەتنە قىلىقسىز ئەۋرەتنىڭ سۈيدۈكىدىن تاشمۇ 40 كۈن نىجىس تۇرىدۇ دېگەن ھەدىس يالغاندۇر، راۋىيسى كاززاپ.

804. باللارنى تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى خەتنە قىلىڭلار، بۇ تېز ئۆستۈرىدۇ، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىدۇ، ۋاھاكازالار يالغان ھەدىستۇر.

805. ئابدۇللا ئىبنى ئەھمەد رەھمەھۇللا، مۇسنەدگە كىرگۈزگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇغا قاراپ ئۈستى _ باشلىرىنى، ساقىلىنى رۇسلىدى، رەتلىدى، مەن سىلىمۇ شۇنداق قىلامىلا؟ دېسەم، قېرىنىدىشى قېشىغا چىقىپ قالسا، شۇنداق قىلىشى لازىم، ئاللاھ گۈزەلنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن ھەدىسنى يەھيا ئىبنى مەئىيىن رەھمەھۇللا بۇ ھېچنېمە ئەمەس، ھەدىس ئەمەس دېگەن، بەزىلەر مەترۇك دېسە، باشقىلار يالغان دېگەن.

806. ئاللاھ يولىدا بىر دەرھەم چىقىم قىلىش 700گە تەڭ بولسا، بوياش ئۈچۈن بىر دەرھەم چىقىم قىلىش 7000غا تەڭ دېگەن يالغانچىلىقتۇر.

807. بوياڭلار، ئاللاھ، پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، ھەتتا ھايۋان، قۇشلارمۇ بويىغان كىشىگە رەھمەت يوللايدۇ، مەغپىرەت سورايدۇ دېگەن ھەدىس مەترۇك، يالغانغا ئوخشاش.

808. ئاسماندىكى پەرىشتىلەر ئۆرۈم چېچى بار ئاياللارغا ساقىلى بار

ئەرلەرگە مەغپىرەت سورايدۇ، ئاياللارغا چاچ بىلەن ئەرلەرگە ساقال بىلەن زىننەت بەرگەن، ئاللاھ پاكتۇر دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ دېگەن، ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئىشەنچىلىك ئەمەس، زەئىپتۇر.

809. كىم بۇرنىنى ئۇزۇن قويسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ نادامەتلىرىنى ئۇزۇن قىلىۋېتىدۇ دېگەن ئۇزۇن ھەدىس يالغان، لېكىن ئىسلام دىنى ساقالنى ئۇزۇن، بۇرۇتنى بەكلا قىسقا قويۇشقا بۇيرۇيدۇ، ساقالنى دائىم ئالدۇرغان كىشىنى ئۇسەيمىيىن پاسىق دېگەن، چۈنكى، ئۇ گۇناھتا دائىم بولغان.

810. ساقىلىڭلارنى ئالماڭلار، لېكىن ئىككى زاڭاقدىن ئالساڭلار بولىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، راۋىيسىدا ئىككى كاززاپ بار.

811. كىم، شەنبە كۈنى تىرنىقىنى ئالسا، ئۇنىڭدىن كېسەل چىقىپ كېتىدۇ، شىپا، داۋا كىرىدۇ، دۈشەمبە كۈنى تىرنىقىنى ئالسا، پېقىرلىق چىقىپ كېتىپ، بايلىق كىرىدۇ ۋاھاكازالار يالغان ھەدىستۇر.

812. كىم ھەر كېچىسى چاچ _ ساقاللىرىنى تاراپ بەرسە، تۈرلۈك _ تۈرلۈك بالالاردىن ساقلىنىپ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ دېگەن يالغان ھەدىستۇر.

813. كىم ئۆرە تۇرۇپ چاچ _ ساقىلىنى تارىسا، قەرىزدار بولۇپ قالىدۇ دېگەن كاززاپنىڭ سۆزىدۇر.

814. كىم ئىككى قېشىنى تاراپ بەرسە، بالادىن ساقلىنىدۇ، كۆزى ئەما بولمايدۇ دېگەن ھەدىس يالغاندۇر، بۇنداق يالغان سۆزلەر كۆپ بولۇپ،

سىز ئۇنى قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە دەڭسەڭ، قەلبىڭىز ئايرىۋالىدۇ.

815. ئەر كىشى جۇنۇپ ھالدا بېشىنى چۈشۈرمىسۇن، تىرنىقىنى ئالمىسۇن، قولتۇق تۈكلىرىنىمۇ تازىلىمىسۇن دىگەن ھەدىسنى ئىبنى ئەساكىر مۇنكەر دىگەن.

816. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سەپەردىمۇ، مۇقىم تۇرغاندىمۇ تاغاق ئايرىلمايتتى، كۈندە ئىككى قېتىم چاچ — ساقىلىنى تارايتتى دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوقتۇر.

## قىزىل گۈلدەك خۇشپۇراق نەرسە توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

817. قىزىل گۈل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن چىققان تەردىن، ياكى بۇراقدىن چىققان تەردىن يارىتىلغان دىگەن ھەدىسنى نەۋەۋى رەھمەھۇللا سەھىھ ئەمەس دىگەن، ئىبنى ئەساكىر قاتارلىقلار يالغان دىگەن. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا قىزىل گۈل بار ئىكەن.

818. ئىمام سۇيۇتى لائەئى دىگەن كىتابىدا سىلەرگە خۇشپۇراق نەرسە ياكى تاتلىق نەرسە كەلسە رەت قىلماي، ئۇنى ئالسۇن دىگەن ھەدىسنى راۋىيسى كاززاپ دەپ ئەيىبلەنگەن، زەئىپ دىگەن.

819. جەننەتنىڭ پۇراقلىرىنىڭ خوجىسى، ئەڭ ياخشىسى خىنىدۇر دىگەن ھەدىس تۈگۈل ھېچنىمە ئەمەس.

820. مەن مىئراجغا چىققاندا، مەندىن چىققان تەر زىمىنغا چۈشۈپ

قىزىل گۈل ئۈنگەن، كىم مىنىڭ پۇرۇقىمنى پۇرىماقچى بولسا، قىزىل گۈلنى پۇرىسۇن دېگەن ھەدىس يالغاندۇر، خۇددى ئەبۇ جەھىلنىڭ قېنىدىن قىزىل لالا ئۈنۈپ چىققان دېگەن يالغان بولغاندەك.

821. بىنەپشە گۈلنى خۇشپۇراق قىلىپ ئىستېمال قىلىڭلار، ئۇ يازدا سوغۇق، قىشتا ئىسسىق دېگەن يالغان.

822. جەننەت خۇشپۇراقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەيرىيىي دېگەن نەرسە دېگەن يالغان، كاززاپلار توقۇغان.

823. ئاللاھ، قىزىل گۈلنى، ئەتىرگۈلنى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىدىن ياراتقان، پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇغان، كىم ئاللاھنىڭ گۈزەللىكىگە قارىماقچى بولسا، پەيغەمبەرلەرنى پۇرىماقچى بولسا، قىزىل گۈلنى، ئەتىرگۈلنى پۇرىسۇن دېگەن يالغان ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى پەرھان توقۇغان.

824. ئاللاھ ئادەم ئاتىنى ھىندى زېمىنغا تاشلىغان بولۇپ ئۈستىدە ھېلىقى جەننەت قۇلىقى بار ئىدى، ئاندىن بۇ قۇلاقدىن ۋە ئادەم ئاتىنىڭ كۆز يېشىدىن ئۈنۈپ چىققان، سەندەل، ئەۋدى قاتارلىق دەرەخلەردىن گۈل ــ گىياھلاردىن، كىيىكلەر يەپ مىسكى چىقارغان، دېڭىز ھايۋانلىرى يەپ ئەنبەر چىقارغان نۇرغۇن دورا ــ دەرمەكلەر ئاشۇ گۈل ــ گىياھ، دەرەخلەردىن كەلگەن دېگەن بۇ يالغان ھېكايىنى سوپىيان سەۋرىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى سەيفى يالغاندىن توقۇپ چىققان، ياكى ئىسرائىلىيە

ھېكايىلىرى بولۇپ قەتئىي ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

## كۆزگە زىيانلىق ۋە پايدىلىق ئىشلار، سۇغا قاراش، گۈزەل چىراي توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

825. مەقاسىد دېگەن كىتابدىكى كىم ئىككى كۆزىنى ئاسرىماقچى بولسا، ئەسىردىن كېيىن كىتاب يازمىسۇن، ئوقۇمىسۇن دېگەن ھەدىس زەئىپ، ھازىر ئەسىردىن كېيىن ئەمەس، يېرىم كېچىدە دەرس بەرسە ئوقۇۋېرىلىك، ئاللاھ يولىدا كور بولۇش ئەمەس، ئۆلسەك رازىمىز.

826. يېشىللىققا قاراپ بېرىش، گۈزەل ئاياللارغا قاراپ بېرىش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ دېگەن بۇ سۆزنى ئىما سوغانى يالغان دېگەن، شۇنىڭدەك قەلبىنى تېرىلدۈرىدۇ دېگەنمۇ يالغان.

827. يېشىللىققا ئېقىۋاتقان سۇغا، گۈزەل يۈزگە قاراپ بېرىش، كۆزنى رۇشەن قىلىدۇ دېگەن يالغان ھەدىسنى ئەبۇلبوختەرى رومى توقۇپ چىققان، شۇنىڭدەك سەت يۈزگە قارىسا كۆزگە زىيانلىق دېگەنمۇ يالغان.

828. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېھىگە، قىزىل كەپتەرگە، يېشىللىققا قاراشنى ياخشى كۆرەتتى، كۆرسە خۇرسەن بولاتتى دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، زەئىپ.

829. خۇشخۇي يۈزنى، يېشىل باغنى لازىم تۇتۇڭلار، ئاللاھ خۇشخۇي يۈزنى دوۋزاختا ئازابلىمايدۇ دېگەن ھەدىس يالغان.

830. يۈزى گۈزەل بولۇش، تىلى گۈزەل بولۇش، مالنىڭ ئۆزى شۇ، مال ــ دۇنيادەك، مال ــ دۇنيانى كەلتۈرىدۇ دېگەن يالغان ھەدىسنى ئىبنى ئەنبەسەت توقۇپ چىققان.

831. ماگا ئالاقىچى ئەۋەتسەڭلار، يۈزى، ئىسمى گۈزەلنى ئەۋەتىڭلار دېگەن ھەدىس ئەمەس دېگەن.

832. ئاللاھ، گۈزەل يۈز، گۈزەل ئىسىم بەرگەن كىشىلەر، مەخلۇقلارنىڭ ئاللانىغىنى دېگەن ھەدىس، مەترۇك، ھۆججەت قىلىنمايدۇ.

## سالامەت قېلىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، جۈمەدىن كېيىنكى سالام، ئولتۇرۇش ئەدەپلىرى، ئۇلۇغلارنى ھۆرمەتلەش، يېزىقچىلىق ئەدەبلىرى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

833. خەتتە يېزىلغان سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش ئېغىزدا قىلىنغان سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشتەك ھەققەتتۇر دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن، ئىمام سۇيۇتى راۋىيسى كاززاپ دېگەن، لېكىن، ھەدىس يالغان بولسىمۇ سالام قايتۇرۇش چەكلەنمەيدۇ، ساۋاب بولىۋېرىدۇ.

834. گەپ ــ سۆزدىن بۇرۇن سالام قىلىش كېرەك دېگەن مىشكاتۇلمەسابىيھنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئالىملار يالغان دېگەن، شۇنىڭدەك خەت يازساڭلار تەرتىپلىك يېزىڭلار دېگەننىمۇ يالغان ھەدىس دېگەن.

www.uyghurkitap.com

835. بىر مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىن بىلەن قول ئېلىشىپ، سالاملاشسا، 100 رەھمەت چۈشىدۇ، 99 رەھمەت، خۇش چىرايراقتا ياخشىراققا چۈشىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، راۋىيسى كاززاپ.

836. كاپىرنىڭ قولىنى تۇتقان ئادەم يەھۇدى، ناسارالار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ئادەم، تەھارەت ئېلىۋېتىسۇن دېگەن ھەدىس بولماستىن، ئالىملار سۆزى بولۇشى مۇمكىن، يەنىلا سەھىھى ئەمەس.

837. ئەجەملەر خەت يازسا، باشقىلار بىلەن باشلايدۇ، سىلەر خەت يازساڭلار ئۆزۈڭلار بىلەن باشلاڭلار دېگەن ھەدىس يالغان. لېكىن بىز باشقىلارنى سالام بىلەن بىللە تىلغا بالدۇر ئېلىپ خەت يازساقمۇ ئەجەملەرنى، ئەجنەبىيلەرنى دورىماسلىقىمىز لازىم.

838. يېزىلغان مەكتۇپنى ھۆرمەتلەش، خەتنى ئەزىز قىلىش، مۆھۈر، تامغا بېسىشتۇر دېگەن ھەدىس مەترۇك، راۋىيسى كاززاپ دەپ ئەيىپلەنگەن.

839. قېرىندىشىغا يېزىلغان خەتكە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز قارىغانلىق دوۋزاخ ئوتىغا قاراپ تۇرغانلىق دېگەن ھەدىس زەئىپ، لېكىن، بىز بۇنچە مۇبالىغە قىلمىساقمۇ، ئىسلام دىنى باشقىلارنىڭ خېتىگە قاراشتىن توسىدۇ دەيمىز.

840. پەزلى ئىگىسىنى، پەزلى ئىگىسى تونۇيدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن، بۇ ئالىم سۆزى بولۇشى مۇمكىن.

841. ھۆرمەتلەشنى ئىشەكتىن باشقا ھەممىسى قوبۇل قىلىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىبنى ماجە خاتىرلىگەن بولۇپ، ئىمام سۇيۇتى بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان مۇنكەر دىگەن دىدى.

842. مۆئمىن مەدھىيلەنسە، قەلبىدە ئىمان زىيادە بولىدۇ دىگەن ھەدىس زەئىپ، تەبرانى.

843. بىر ئەرنى قاتتىق مەدھىيلىگەن ئەرگە سەن ئۇنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەندەك بولدۇڭ، ئاللاھمۇ سىنى شۇنداق قىلسۇن دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قالغان.

844. بىرسىنى قاتتىق ماختاپ، سانا ئوقۇپ كەتكەندىن ئۇنى بوغۇزلىۋەتكەن ياخشى دىگەن ھەدىسمۇ مەۋجۇد ئەمەس.

845. كىم بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، ئاندىن مەسجىددىن چىقىپ 20 كىشى بىلەن سالام قىلىپ كۆرۈشۈپ، شۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتسە، بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دىگەن يالغان ھەدىسنى ئۇشنان دەججال توقۇپ چىققان.

846. كىم جۈمئە نامىزىدىن قايتقاندا، بىرەر قېرىندىشىغا ئۇچقىشىپ قالسا، مۇنداق دىسۇن، جۈمئە نامىزى پەرىز ئىدى، ئۇنى ئادا قىلدىڭلار، ئاللاھ بىزدىن ۋە سىلەردىن ئۇنى قوبۇل قىلسۇن دىگەي، بۇنى نوھشەل كاززاپ توقۇپ چىققان يالغان.

www.uyghurkitap.com

## چۈشكۈرۈككە جاۋاب قايتۇرۇش، ياخشى پال ۋە يامان، شۇم پال توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

847. چۈشكۈرگۈچى ئەلھەمدۇلىللا دېمىسىمۇ يەرھەمەكەللا دەپ بالدۇر جاۋاب بېرىۋالسا، ئۇ كىشى قورساق ئاغرىقىدىن، قۇلاق ئاغرىقىدىن، زۇكامدىن سالامەت قالىدۇ دېگەن ھەدىس قاتتىق زەئىپ.

848. كىم بىرەر سۆزنى دەۋىتىپ چۈشكۈرۈپ كەتسە، شۇ سۆز ھەق ئىكەن دېگەننى بىلدۈرىدۇ، سۆزنىڭ راستى چۈشكۈرۈپ تۇرۇپ دېيىلگىنى دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى، بۇ باتىل، بۇنى ھەدىسنىڭ ئىمىلىكىنى بىلمەيدىغان كاززاپ كىشىلەر دېگەن دېدى.

849. كىم چۈشكۈرۈپ، ئەلھەمدۇلىللا دېسە، ئاللاھ شۇ سۆزدىن شۇ چۈشكۈرگىدىن بىر پەرىشتە يارىتىدۇ، بۇ پەرىشتە قىيامەت كۈنىگىچە زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ساۋابى شۇ كىشىگە بولىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، خۇددى سۇبھانالللا قاتارلىق تەسبىھدىن پەرىشتە يارىتىدۇ دېگەن سۆز يالغان بولغاندەك.

850. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر مۇھىم ھاجەتنى ئۇنتۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، بىر تال يىپنى بارمىقىغا، ياكى سەللىسىگە ئېسىۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئېسىگە ئالاتتى، دېگەن بۇ ھەدىس، يالغانچى كاززاپنىڭ سۆزى بولۇپ، ھېچكىشى خاتىرلىمىگەن.

851. ئاللاھۇ ھاجەتلەرنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھىم بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، بىر تال يىپنى ئۈزۈكىگە چىگىۋالاتتى دېگەن يالغان، باتىل.

852. ئۈچ ئىشدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ، يامان گۇمان، شۇما پال، ھەسەتخورلۇق، بۇ ھەدىس قاتتىق زەئىپ بولۇپ، ئايەتكە زىت، سەھىھ ھەدىسكە زىتتۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى قادىر بولالايدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىدۇ، بۇ ئىشلار ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن، تەقۋا، مۆئمىن بولسا، قۇتىلالايدۇ.

853. ئەگەر قۇلىقىڭلار غۇڭۇلداپ، قىززىپ كەتسە، مېنى ئەسلەڭلار، ماڭا دۇرۇت ئوقۇڭلار دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مەقاسىد دېگەن كىتابدا بار، ئوقەيلى ئەسلى يوق دېگەن.

854. قۇلىقى قىززىسا، باشقىلار مېنىڭ گېپىمنى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دېگەن ئادەم ئادىتى ئەمەس، جىنلار ئادىتى بولۇشى، جىنكەش سۆزى بولىشى مۇمكىن، ھەممىسى يالغان سۆزدۇر.

855. ماڭا جەننەتتە كەۋسەر ئىسىملىك بىر بۇلاق بېرىلدى، كىم ئىككى بارمىقىنى قۇلىقىغا سالسا، شۇ بۇلاقنىڭ ئاققان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەن.

www.uyghurkitap.com

856. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشنى ئاياللارغا سۆزلەپ بېرىشتىن توسقان دېگەن ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى يالغان دېگەن.

857. سۈت ئىچىش، ئىماننىڭ ساپلىقى، كىم سۈت ئىچىپ چۈش كۆرسە، ئىمانى ساپ بولىدۇ، ئىمان پىترەت ئۈستىدە بولىدۇ دېگەن ھەدىس ئىسمائىل كاززاپنىڭ يالغان سۆزى.

858. چۈشنى كۈن چىقمىغىچە سۆزلەشتىن توسقان، كۈن چىققاندا ئاندىن سۆزلەپ بەرسۇن دېگەن يالغان ھەدىستۇر.

859. مىزان دېگەن كىتابدا ئىمام زەھەبى يالغانچى كاززاپلار چۈشنى ئاياللارغا سۆزلەپ بەرمەڭلار دېگەن ھەدىسنى مۇسلىم، بۇخارى ئىسنادى بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ سۆزلىۋەتكەن، بۇ ھەدىس باتىل، دىققەت قىلىڭلار دېگەن.

سەمىڭلارغا سىڭىپ قويىدىغان بىر ئىش شۇكى، ھەرخىل چۈش تەبىرلىرى بولۇپ، پۈتۈنلەي يالغان، ھەرگىز ئىشەنمەڭلار، چۈشكە پەقەت قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىستىن، ساھابىلەر سۆزىدىن، تەبىرىدىن باشقا ھەممىسى كاززاپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى سىرىيىننىڭ چۈش تەبىرى توغرىسىدىكى كىتابى خېلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نابىلىسنىڭمۇ بولىدۇ، بۇ كىتاب ھەرىپ تەرتىپى بىلەن تۈزۈلگەن، شۇنداقتىمۇ چۈشلەرنى ئۇلاردىن بەكىرەك ئۇقۇڭلارغا ئەھمىيەت بېرىڭلار، چۈشكە يۆلىنىۋالماڭلار.

## ئەقلنى يوقۇتۇپ، ئۇنۇتقاق قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

860. كىم ئەسىردىن كېيىن ئۇخلىسا، ئەقلى قالايمىقان بولىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن دىگەن ھەدىسنىڭ ئىسناد، راۋىيسى ئارىسىدا خالىد ئىبنى قاسىم كاززاپ بار ئىكەن، يەنە تېخى ئىبنى لوھەيئەت دىگەن كىشى بولۇپ، ھەدىسى ھېسابقا ئېلىنمايدىكەن.

861. ئۇنۇتقاقلىقنى تۆۋەندىكى ئىشلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چاشقاندىن ئاشقان سۇنى ئىچىپ سىيىش، پىتنى تىرىك تاشلىۋېتىش، توختاق سۇغا كىچىك تەرەپ قىلىش، ئاچچىق ئالمىنى يىيىش، بۇ ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر.

862. شۇنىڭدەك قىمىز يىيىش، چاشقاندىن ئاشقان سۇنى ئىچىش، ئاچچىق ــ چۈچۈك ئالمىنى يىيىش، قان ئالدۇرۇش، ئىككى ئايال ئارىسىدا مېڭىش، دارغا ئېسىلغان كىشىگە قاراش، توختاق سۇغا سىيىش، پىتنى قەبرىستانلىققا تاشلاش، مازارغا قاراش، خەت يېزىلغان بولسا ئوقۇش، ئۇنۇتقاقلىقنى كەلتۈرىدۇ دىگەن يالغان.

863. كىم ئۆينىڭ ئىشىك بوسۇغىسىدا ئۇخلاپ قالسا، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر بالا يەتسە باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن، دىگەن ھەدىس

www.uyghurkitap.com

يالغان، بۇ ئەبى ھەدبەتنىڭ يالغان سۆزىدۇر.

864. ئۆچكىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈشىدىن توسقان دىگەننى ئىبنى ھەجەر باتىل دىگەن.

865. شۇنىڭدەك ئاياغنى ئۆرە تۇرۇپ كىيىشىدىن توسقان، يۈيىنىدىغان مۇنچىغا كىچىك تەرەت قىلىشىدىن توسقان، كوچىلارغا كىچىك تەرەپ قىلىشىدىن توسقان، تۇپراق بىلەن ئىستىنجا قىلىشىدىن توسقان، بولۇۋاتقان خورما دەرىخىنى كېسىشىدىن توسقان، مىيىن ئەھلىگە، مۇسىبەت ئەھلىگە تاماق بېرىشىدىن توسقان، قىبلىگە قاراپ جىمائ، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشىدىن توسقان، تائام، شارابقا پۈۋدەشتىن توسقان، چۈمۈلىنى ئۆلتۈرۈشىدىن توسقان، بۆشۈكتە كىچىك بالا تۇرسا يىپىپ قويماي تۇرۇپ جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشىدىن توسقان، ھايۋانلارنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈشىدىن توسقان دىگەنلەرنى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى، بۇخارىنىڭ شارىھى ھەممىسى باتىل، ئەسلى يوق دىگەن.

## شئىر، ماقال ـ تەمسىل، ئەبجەدنىڭ تەپسىرى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

866. سىلەردىن بىرسىنىڭ ئىچىگە يىرىڭ، زەرداپنىڭ تولۇپ كېتىشى، ھەجۋى شئىر تولغاندىن ياخشى دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى بۇخارى، مۇسلىمدا بولۇپ، شېئىر دىگەن سۆزى ھەجۋى دىگەن سۆپەت بىلەن سۆپەتلەپ قويغاچقا، لالەئىيدا ئىمام سۇيۇتى يالغان دىگەن. ئاشۇ بىر

ئېغىز يالغاننى ئېلىشۋەتسە ھەدىس سەھىھ بولىدۇ. مانا شۇنداق سەھىھ ھەدىسكە بىرەر ئېغىز سۆزنى قىستۇرساق ياكى قەستەن ئېلىۋېتىپ ئۆزگەرتسەك، بۇ يالغان بولۇپ كېتىدۇ، قۇرئان ئايىتى، سۈرە شۇئەرادا شېئىردىن توسۇپ، ئاندىن ئىسلامىي بولسا، مۆئمىنلەرگە رۇخسەت قىلغان يەنىلا ئۇنىڭ توغرا ــ خاتا، ھالال ــ ھاراملىرى بولىدۇ.

867. ئىسلام دىنىدا شائىرلىق قىلىپ ئۆلگەنلەرنى ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھۆرلەرگە شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، مۇشرىك ئۆلگەن شائىرلار شېئىر ئارقىلىق ۋايجان توۋلايدۇ دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، لاھىق ئىبنى ھۇسەيىن دىگەن كاززاپ توقىغان.

868. تاۋۇش ھەرىپلىرى ئەسلى 29 چۈشكەن دىگەن ھەدىسنىڭ ھېچبىر كىتابتا ئەسلى يوق.

869. ئىيسا ئەلەيھىسسالام، مۇئەللىملەرگە ئەبجەد مەنىسىنى ئۇگىتىپ قويغان دىگەن ھېكايە ئىسرائىلىيە سۆزى بو لۇپ، بۇ يالغاندۇر.

870. ھىلى ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ياشايدىغاندەك تىجرەت قىل، تام قوۋزۇقىا مىنى نىمشقا يېرىۋېتىسەن؟ دىسە، قوزۇق، تامغا مىنى قاققان توقماقىدىن سورا دەپتۇ دىگەن ماقال ــ تەمسىللەر شەكسىز يالغان بولۇپ، كىشىلەر ئايەت، ھەدىسنى قويۇپ، مانا مۇشۇنداق ماقال ــ تەمسىل، ئەقلىيە سۆزلەرگە ئەگىشىپ، ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ ياكى خاتالىشىدۇ. چۈنكى، بۇ توقماق ھېكايىسى ئايەتتىكى ئازدۇرغانلار،

ئەگەشكەنلەر ھەر ئىككىلىسى دوۋزاختا دېگەن ئايەتكە، ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق دېگەن سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت، مۇخالىپتۇر، ئويلاپ كۆرۈڭ.

## گۇناھىنىڭ ئاپىتى، سۆزىنىڭ ئاپىتى، سۇخەنچى كاززاپلىق، ياپتا گەپ، غەيۋەت قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

871. كىم بىر گۇناھنى قىلىپ سالسا، ئۇنىڭ ئەقلى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ، ئېزىۋېرىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مەۋجۇد ئەمەس.

872. كىم بىر بەندىنى مەشرىقتە ئۆلتۈرسە، مەغرىپتىكى بىرسى شۇنىڭغا رازى بولسا، ئۇمۇ قىيامەت كۈنى شۇ قاتىلنىڭ شېرىكى بولۇپ قوپىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. لېكىن، ئىسلام دىنىدا شېرىككە رازى بولسا، مۇشرىك زۇلۇمغا رازى بولسا، زالىم بولىدۇ دېگەن بار. گۇناھكار بولۇشى ئېنىق، لېكىن ئۇ ھەدىس يوق ئىكەن.

873. كىم، بىر ئاسىيلىق ئىشقا ھازىر بولۇپ قايتۇ، قەلبىدە كەرىھ كۆرۈپ ياقتۇرمىسا، خۇددى ئۇ يوق كىشىدەك بولىدۇ، كىم ،ئۇ مەئسىيەت، گۇناھ ئۈستىدە يوق ئىكەن، لېكىن، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، يامان كۆرمەپتۇ، ئۇ، ئۇ ئىشنى قىلغاندەك ھازىر بولغاندەك بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ئەدىي ئەسلى يوق دېگەن.

874. قىيامەت كۈنى بەندە كىتابقا قارىسا، نۇرغۇن ياخشىلىقلار

تۇرۇپتۇ، ئۇ، ئۇ ياخشىلىقدىن خەۋىرى يوق ئىكەن، ئى رەببىم، بۇ نېمە ئىش؟ دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا توغرا سەن بۇنى قىلمىغان، لېكىن باشقىلار سېنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلىپ، سەن ئۇنىڭدىن خەۋىرىڭ يوق، مۇشۇ ياخشىلىق ھاسىل بولدى دېگەن ھەدىسنى، ھەدىسى، قاتارغا ئېلىنمايدىغان ئىبنى لوھەيئەت سۆزلىگەن. ئەمما، ئىسلام دىنى غەيۋەتنى ھارام قىلدى.

875. غەيۋەت بەندىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى، ئوتۇننى ئوت يېگەندىنمۇ تېزىراق يېۋېتىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، مەۋجۇد ئەمەس.

876. سەن قىلغان غەيۋەتنىڭ كاپارىتى، غەيۋىتى قىلىنغان كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت سورىشىڭدۇر دېگەن ھەدىس، زەئىپ، لېكىن، ئەلى ئىبنى بەككار دېگەن كىشى، ئۇ كىشىگە غەيۋەت قىلغانلىقىڭنى دەپ يۈرمەي دۇئا قىلىپ قويساڭ بولىدۇ دېگەن. ھازىر بىز يېزىۋاتقاندەك كاززاپ، بىدئەتچىلەر، پاسىقلار ئارقىسىدا سۆزلەش، غەيۋەت ئەمەس، نەسىھەتتۇر.

877. بىرىڭلار غەيۋەت قىلىپ سالسا، مەغپىرەت سورىسۇن، شۇنداق قىلىش كاپارەت دېگەن ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا ئەنبەسەت، داۋۇد نەفئى دېگەن كاززاپلار بار ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىس مەترۇك ھېسابلىنىدۇ.

878. پاسىقنىڭ كەينىدىن گەپ قىلىش، غەيۋەت ئەمەس دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، لېكىن، ھەسەنۇلبەسرى، ئەھمەت ئىبنى ھەمبەل

رەھمەھۇللالار زالىم، زالىم ئىمام، پاسىق، بىدئەتچى، يالغان ھەدىس سۆزلىگەن كازراپلارنىڭ كەينىدىن سۆز قىلسا، غەيۋەت ئەمەس دېگەن، چۈنكى، بۇ سۆزلەرنى ئىسلام دىنىنى مۇداپىئە قىلىپ دەيدۇ.

879. غەيۋەت قىلغۇچى بىلەن ئاڭلىغۇچى گۇناھدا شېرىك دېگەن ھەدىسنى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئىھيائىدا خاتىرلىگەن، ئەمما، ئىراقى رەھمەھۇللا مەنبەسىنى تاپالمىغان.

880. كىشىلەرنىڭ ئەڭ يالغانچىسى بوياقچىلار بىلەن سۆزنى زىننەتلەپ، ياپسالاپ، گەپدانلىق قىلىدىغانلاردۇر دېگەن ھەدىسنى ئىبنى جەۋزى سەھىھ ئەمەس، ئىسنادى مۇزتەرىپ دېگەن.

881. تولا يالغان سۆزلەيدىغانلار، ھۈنەرۋەنلەردۇر دېگەن ھەدىسنىڭ ئىسنادى تۇتاشقان ئارىلىقى، زەئىپ، لېكىن، بۇ ئەمەلىيەتتە تولا كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

882. كىنايە، تەئرىزلەردە، ياپتا، كۆچمە گەپ قىلىشتا يالغانچىلىقدىن قۇتۇلۇش، يۆتكىلىش بار دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن، لېكىن بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى مەۋقۇپ، يەنى ساھابىلار سۆزى قىلىپ خاتىرلىگەن.

883. يامانلىقنى تونۇشدىن ساقلانىساڭ، سېنىڭمۇ يامانلىقىڭ ساقلىنىدۇ، ساڭا گەپ توشۇپ كەلگەن كىشىگە قۇلاق سالما، چۈنكى، ئۇ گېپىڭنى توشۇيدۇ دېگەن ھەدىس ئەمەس، بەلكى، ئالىملار سۆزىدۇر.

884. بالالەر سۆزىگە باغلىق تۇرۇپ تۇرىدۇ، بەندە بىر ئىشنى قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلسا، شەيتان ئاخىرى شۇ ئىشنى قىلدۇرىدۇ، كىم بىرەر كىشىنى بىر ئىش بىلەن ئەيىبلىسە، ئۆزىمۇ شۇ ئىشنى قىلىپ سالىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىبنى جەۋزى يالغان دىگەن، راۋىيسى نەسىر دىگەن كاززاپ ئىكەن.

885. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، ئاللاھ ئىچىڭلاردا سۇخەنچى بار دەپتۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ قويىسلا دەپ سورىسا، ئاللاھ، مەن سۇخەنچىلىكنى ئۆچ كۆرىدىغان تۇرسام، ئۆزەم سۇخەنچىلىك قىلامدىم دەپتۇ، دىگەن ھەدىسنى داۋۇد نەخئى دىگەن كاززاپ توقۇغان يالغان سۆزدۇر.

چۈنكى، سۇخەنچى، گەپنى يوشۇرۇن قىلالمايدۇ، ئۇ ئۆزى ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ، پەيغەمبەر دىگەن سۇخەنچى ئەمەس مۇناپىقنىمۇ بىلەلەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىر ساھابىغا ھۇزەيفەغۇ دەيمەن، ئۇن نەچچە مۇناپىقلارنىڭ سىرىنى، ئىسىملىرىنى سۆزلەپ بەرگەن.

886. ئەگەر مىيىتقا يىغلىغۇچى، ۋاھ ئانداق، ۋاھ مانداق دەپ يىغلىسا، مىيىتگە راست سەن شۇنداقمىدىڭ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ ياق مەن زەئىپ، ئاجىز ئىدىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنى توقماق بىلەن ئۇرىدۇ، ھەتتا پەيلىرىمۇ قالمايدۇ، تەمنى تېتىغىن، سەن ئەزىز، ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك ئىدىڭغۇ دىيىلىدۇ دىگەن ھەدىسنىڭ راۋىيسى ئىچىدە تۆت كىشى مەجرۇھ

يەنى ئەيىبلەنگەن، ئىشەنچىلىك ئەمەس.

887. كىم سۇخەنچىلىك قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئوتتىن ئىككى ئاياغ قىلىپ بېرىدۇ، بۇ ئاياغنىڭ قىززىقلىقىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قايناپدۇ دېگەن ھەدىس، ئەبۇھەدبەتنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يالغاننى توقۇپ قىلغان يالغان سۆزىدۇر. لېكىن، ئىسلام دىنى سۇخەنچىلىكدىن توسىدۇ.

## رىيانى ئەيىبلەش، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ئەيىبلەش، كىبىر، ھېرىسمەنلىك توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

888. مانا بۇ، ئەمەللىرىدە مېنى مەخسەت قىلمىغان، بۇنى سىججىيىن دېگەن دوۋزاختىقا سېلىڭلار دېگەن ھەدىس قۇددۇس يالغاندۇر. ئىبنى جەۋزى يالغان ھەدىسلەر قاتارىغا تىزغان، لېكىن، ئىسلام دىنى رىيا قىلىشدىن چەكلەيدۇ، ئۇ مەخپى شېرىك.

889. ئاللاھ زەررە مىقدارىدا رىيا بار ئەمەللەرنى قوبۇل قىلمايدۇ دېگەن ھەدىس، مەۋجۇد ئەمەس، لېكىن، رىيا ھارام، قوبۇل قىلمايدىغان سەھىھ ھەدىسمۇ بار.

890. ئەمەللىرىنى بىر سائەت رىيا قىلغان كىشىنىڭ بۇرۇنقى بارلىق ئەمەللىرىمۇ كۆيۈپ تۈگەيدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، بۇ توغرىسىدا ئايەت، سەھىھ ھەدىس كۇپايە.

891. كەمتەرلىكنىڭ ئاساسى، تەقۋالىقىڭنىڭ، ياخشىلىقىڭنىڭ تىلغا



www.uyghurkitap.com

ئېلىنىشنى ياقتۇرماسلىقىڭدۇر دېگەن ھەدىس، ھېچ جايدا مەۋجۇد ئەمەس، مانا مۇشۇنداق كىتابدا مۇبالىغىچى، ئېغىزدا باردۇر.

892. ئەمەللەر ئاسماندىن، رىيا ھەسەد، ئەجەبلىنىش، سەۋەنلىك سەۋەبلىرىدىن قايتۇرۇلىدۇ، شۇ ئەمەلنى قىلغۇچىنىڭ يۈزىگە ئۆرۈلىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى جەۋزى، ئىمام سۇيۇتى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن، راست بۇ يالغان. خۇددى، ناماز، دۇرۇت ئوقىماي ئىمامدىن رۇخسەت سورىماي چىقىپ كەتسە، قوبۇل ئەمەس، يۈزىگە ئۆرۈلىدۇ، رامىزان، تاراۋىھ ئوقۇمىسا قوبۇل بولمايدۇ، قاناتسىز قۇش بولۇپ ئۇچالمايدۇ، يۈزىگە ئۆرۈلىدۇ دېگەنلەر يالغان بولغاندەك.

893. سىلەر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭلارنى ناماز، قىيام، روزا، ئىلىم، ئىبادەتلەرگە قىزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەن مانداق ناماز ئوقۇيمەن، قىيامدا تۇرىمەن، ئاللاھ يولىدا مانداق جىھاد قىلىمەن، ئىلىم دېگەننى مۇنداق تەكرارلايمەن دېسەڭلار، رىيا بولمايدۇ، بۇ دېگەن دۇرۇست دېگەن ھەدىس شەكسىز يالغان، رىيا دېگەن شۇنداق جايدا بولىدۇ، قىزىقتۇرۇشقا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، قۇرئان، ھەدىس، جەننەت، دوۋزاخ يېتەرلىكتۇر.

سوپىلارنىڭ، باشقىلارنى يېتەكلەش، ئەگەشتۈرۈش، ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن قىلغان رىيالار دۇرۇس، بۇ رىيا يەنى شەيخنىڭ رىيا قىلىشى، مورىد تالىپنىڭ ئىبادىتىدىن ياخشى دېگەنلىرى شەكسىز يالغان، بۇ قاراپ تۇرۇپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا بۆھتان چاپلىغانلىق، يالغاننى توقۇغانلىق،

هارامنى هالال قىلغانلىق، شېرىك ئەمەلگە يۈزلەنگەنلىكتۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئايەتتىن، سەھىھ ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرسۇن!.

894. ئاسمانىنىڭ تېگىدە ھاۋايى ــ ھەۋەسدىنمۇ چوڭ، ئۇلۇغلىنىدىغان ئىلاھ يوقكەن دېگەن ھەدىس يالغان، ئىسلام دىنى ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەننى ئاساس قىلىدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئەمما، باتىل، خاتا، باشقىلار دەۋالغان شۇنداق ئاتىۋالغان يالغان ئىلاھلار بار، ھاۋايى ــ ھەۋەسنى، قۇرئان ئايىتى، ئاشۇباتىل ئىلاھ قاتارىدا ساناپ، ئۇنى ئىلاھ قىلىپ، ئۆز ھاۋايى ــ ھەۋىسگە ئەگەشكەن كىشىنى ئەڭ ئازغۇن دېگەن، شۇ كۇپايە. يالغانغا، مۇبالىغىغا، زەئىپكە ھاجەت يوق، گەپ ــ سۆزدە دىققەت قىلىڭ.

895. شەھۋەتنى، نەپسىنى، تائەت ــ ئىبادەتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ چوڭ بىلگەن بەندەمنى مۇناجاتىمنىڭ لەززىتىدىن مەھرۇم قىلىمەن دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنداق كىشى مەھرۇم قىلىنغىلىق، مەھرۇم قىلىش ھاجەتسىز، تېخى بۇنداق نەپسىنىڭ كەينىگە كىرسە، دوۋزاخقىمۇ كىرىدۇ.

896. ئادەم بالىسى چەكلەنگەن نەرسىگە ھېرىسمەن كېلىدۇ دېگەن ھەدىس باتىل.

چۈنكى، ئاللاھ، قۇرئاندا تەقۋادار مۆئمىنلەرنى چەكلەنگەن نەرسىدىن يانىدۇ، ھارامدىن قورقىدۇ، دەپ سۈپەتلىگەن، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام

ئەمەلىيەتتە يانغان، سەھىھ ھەدىستە گۈزەل، مەنسەپ ئىگىسى بولغان، ئايال بۇياققا كەل! دىسىمۇ، مەن، ئاللاھدىن قورقىمەن دەيدىغان كىشىنىڭ ئەرشى سايىسىدا بولىدىغانلىقى سۆزلەنگەن، مانا شۇلارمۇ ئادەم بالىسى، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ھارام دەپ چەكلەنگەن نەرسىدىن يانىدى.

897. ئەگەر ئىنسانلار تۆگە مايىقىنى بۇزنۇەتمەگلار دەپ چەكلەنسە، چوقۇم بۇنىڭدا بىرەر ئىش بار، سىر بار ئىكەن دەپ، ئىزىپ چۈۋۈپ كۆرۈپ باقىدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. بەلكىم، بۇ ئالىملار سۆزى بولىشى مۇمكىن. ئىنسانلار ئىچىدە شۇنداق نادانلارمۇ بار، خۇددى ئىگىشىپ سەجدە قىلىپ، كىرىڭلار دىسە تاش پاقىچە كاسىسىدائۆمىلەپ، تەتۈر كىرگەندەك.

898. ئاللاھ مۇتەكەببىرلەرنى ھاقارەتلەپ، زەررىچىلىك قىلىپ تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلارنى ئىنسانلار، جىنلار، ھايۋانلار دەسسەپ يۈرىدۇ، ھەتتا، ئاللاھ، بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ بولغۇچە. دىگەن ھەدىس مەترۇك، راۋىيسى كاززاپ. شۇنداقلا سەھىھ ھەدىستە ئادەم باللىرى، ئىنسانلار، ئىنسان سۈرىتىدە قوپىدۇ، ھەر — ھەر ئىبسىل، چىرايلىق، يوغان ئۇسقانلىقلار مىيزاندا پاشىنىڭ قانىتىغا ئەرزىمەيدۇ دىگەن بار.

## دۇنيانى، بايلىقنى ئەيىبلەش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگۈچىنى ئەيىبلەش، بايلار بىلەن ئارىلاشماسلىق، پېقىرلار پەزىلىتى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

www.uyghurkitap.com

899. دۇنيادىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇ دىگەن ھارۇت مارۇتتىدىنمۇ بەكىرەك سېھىرلەيدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىمام زەھەبى مۇنكەر، ئەسلى يوق دىگەن.

چۈنكى، ئاشۇ ھارۇت، مارۇت قىسسىسىمۇ ئايەتتىن، سەھىھ ھەدىسىدىن باشقىسى زەئىپ.

900. مەندىن كىيىن دۇنيا سىلەرگە شۇنداق كېلىپ كېتىدۇكى، يەنى كۆپىيىپ كىتىدۇكى، ئوت، ئوتۇننى يىگەندەك، ئىمانىڭلارنى يەپ كېتىدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

901. دۇنيا بىر داۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھلى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ ئازابلىنىدۇ دىگەن ھەدىسمۇ مەۋجۇد ئەمەس.

902. دۇنيانىڭ ھالاللىرىغا ھېساب بار، ھاراملىرىغا ئازاب دىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئەمەس، ئەلى رەزىيەللەھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى بولۇپ، بۇنى ئالىملار توغرا سۆز دەپ قوبۇل قىلدى.

903. سىلە — رەھىم قىلدۇردىغان، ئامانەتنى ئادا قىلدىغان مەخلۇقدىن بىھاجەت قىلدىغان مالنى توپلىمىغان كىشىدە ياخشىلىق يوق دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، سۈيۈتى سۆزىدۇر، مالغا بۇنداق قىزىقتۇرمايدۇ.

904. پېقىرلىق، ساھابىلىرىمغا سائادەتتۇر، بايلىق مۆئمىنگە ئاخىرەتتە

سائادەتتۇر، شۇنداقلا ئاخىر زاماندىمۇ سائادەتتۇر، قادىر بولالىساڭلار باي بولۇڭلار دىگەن ھەدىس زەيىل دىگەن كىتابدا بولوپ، يالغانغا ئوخشايدۇ.

905. دۇنيا ــ ئاخىرەتنىڭ زىرائەتكارلىقى دىگەن ھەدىستە مۇسەننىپ توختالمىغان بىزمۇ توختالمايمىز.

ئەمما، مەن بۇ ھەدىسنى كومپيۇتېردا تەكشۈرۈپ، توققۇز چوڭ ھەدىس كىتابلىرىدا شۇنداقلا، ئىمام سۇيۇتىنىڭ 10000 ھەدىسى بار جامىئۇسسەغىير دىگەن كىتابىدىمۇ تاپالمىدىم، سەھىھ كىتابىدا بولمىسا، زەئىپ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن سوغانى بۇ ھەدىس يالغان دىگەن.

906. ئۈممىتىمنىڭ يامىنى نىئمەت ئىچىگە تۇغۇلۇپ، خىلمۇ ــ خىل لەززەتلىك تاماق يەيدۇ، خىلمۇ ــ خىل گۈزەل، رەڭگارەڭ كىيىم ــ كېچەك كىيىدۇ، ئاياللارنىڭ گۈزەللىرىنى تاللاپ ئالىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنىڭ ئاساسى يوق، زەئىپتۇر.

907. بۇ دۇنياغا ھەسرەت چەككەن ئادەم، دوۋزاخقا بىر يىللىق مۇسايە يېقىنلاشقان بولىدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، زاھىدلار ئېغىزىدا باردۇر.

908. دۇنياغا خۇشال بولۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ قەلبىدىن ئاخىرەت قورقۇنچىسى چىقىپ كېتىدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. لېكىن، دۇنياغا تۇرسا ئاخىرەت قولىدىن كېتىشى، ئاخىرەتكە تۇرسا، ئىككى ئالەم بەخت تېپىشى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن.

909. دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسە لەنەت قىلىنغان، پەقەت مۆئمىنلەر مۇستەسنا دىگەن ھەدىسنىڭ ئىسنادى، راۋىيسى ئارىسىدا تايىكانى بولۇپ، ئۇنىڭ شەيخى، ئۇستازى كاززاپ ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار بۇ ھەدىسنى زەئىپ دىسە، بەزىلەر مەترۇك دىگەن.

910. دۇنيانى ئاخىرەت ئۈستىگە تاللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۈچ بالا بېرىدۇ، بىرى غەم، بىرىسى پېقىرلىق، يەنە بىرىسى تويماس ھېرىسلىق دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، ئاخىرەتنى قويۇپ، دۇنياغا تۇرسا، جەھىيم دىگەن دوۋزاخقا كىرىش ئايەتتە بەلگىلەنگەن بۇ ھەدىس بەك يەڭگىل كىلىپ قالغان.

911. ئەي دۇنيا، ئەۋلىيا دوستلۇرۇمغا ئاچچىق بول، ئۇلارنى پىتنىگە قويۇپ، توسقۇنلۇق قىلما، ماڭا خىزمەت قىلغان كىشىنى ھۆرمەتلە، ساڭا خىزمەت قىلغاننى ئازاپلا، قىينا! دىگەن ھەدىس يالغان، بۇ بىر قىسىم سوپى، زاھىدلار سۆزىدۇر، بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن.

912. دۇنيانى دەپ بايغا باش ئەگكەن كىشىنىڭ ئەملىنى ئاللاھ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، دۇنياغا غەم قىلىپ تاڭ ئاتقۇزغان كىشى ئاللاھقا ئاچچىقلاپ، كايىپ تاڭ ئاتقۇزغان بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىبنى جەۋزى يالغان دىگەن، باشقا ئالىملار قاتتىق زەئىپ دىگەن، بەربىر ئەمەل قىلىنمايدۇ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ.

913. پېقىر دىگەن پېقىرلىقنى خۇددى سىلەر ئەھلىڭلارنى

كۆللىگەندەك كۆلەپ قوغدايدۇ، باي بولۇشنى خالىمايدۇ، دىگەن ھەدىس روتنى دىگەن كاززاپنىڭ يالغان سۆزىدۇر.

914. ماڭا ئۇچقۇشۇشنى مەن بىلەن بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرسەڭ، دۇنيادىن چەكلەن، خۇددى مۇساپىردەك مۇئامىلە قىل، بايلارغا قەتئىي ئارىلاشما، بىرلا كىيىمنى كىيىپ ياماپ كىيىپ، ھەرگىز ئالماشتۇرما دىگەن ھەدىسنى ھاكىم سەھىھ دىگەن بولسا، ئىبنى ھەجەر ھاكىم خاتالاشقان، بۇ ھەدىس ھەرگىز سەھىھ ئەمەس دىگەن، ئىمام سۇيۇتى لالەئىدا بۇ ھەدىس مەترۇك دىگەن.

915. يا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھدىن قورققىن، قىلىدىغان ئىشى جىق كىشىنىڭ مەشغۇلاتى كۆپ، مەشغۇلاتى كۆپ بولسا، ھىرىسلىق كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ غىمى كۆپ بولىدۇ. ئاندىن ئۇ رەببىنى، ئاللاھنى ئۇنتۇيدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى سايىغ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ كىشى زەئىپ ھىسابلىنىپ تۇرۇپ، يەنىلا بۇ ھەدىسنى زەئىپدىن سۆزلىگەن، زەئىپ، زەئىپدىن سۆزلىسە، قاتتىق زەئىپ بولۇپ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ.

916. تۆت خىل ئالامەت تىپىلسا، شەقىي بولىدۇ، قەلبى قاتتىق، كۆزدىن ياش چىقماس، دۇنياغا ھىرىسمەن، ئاززۇ ــ ئۇمىدى ئۇزۇن بۇ ھەدىسنىڭ ئىككى راۋىيسى كاززاپ بولۇپ، سەھىھ ئەمەس، مەترۇك بولىدۇ.

917. ئۆيدە بىر يىللىق رىزىق، ئوزۇق ساقلايدىغان كىشىلەرنى تاپساڭ، ھالىڭ قانداق بولۇپ كىتەرھە! دىگەن بۇ ھەدىسنى نەسەئى يالغان

دېگەن. ئاپتور مۇھەممەد تاھىرمۇ يالغان دېگەن، سەھىھ ھەدىستە، خەيبەردىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يىل يەتكۈدەك ئاشلىقنى ئاياللىرىغا ساقلاپ بەرگەن دېيىلىدۇ.

918. مۆئمىن قىرىغانسىرى ئىككى خىسلەت ئىش ياشىرىپ تۇرىدۇ، ھېرىسمەنلىك بىلەن ئارزۇسى ئۇزۇن بولۇش، بۇ ھەدىسنى ئالىملار باتىل، روشەن يالغان دېگەن. باقشا سەھىھ ھەدىستە، ئادەم بالىسى دېگەن بار، مۆئمىن دېگەن يوق، مالنى ياخشى كۆرۈش دېگەن بار، ھېرىس يوق.

919. قېرى كىشىنىڭ قەلبى دۇنيا تەلەپ قىلىشىدا ياش تۇرىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. ئىنسانلار ئوخشاشمايدۇ، مۆئمىن ئەك ياخشىسى.

920. مال ـ دۇنيا بىلەن يۈز ـ ئابرۇيىنى، شەرەپنى ياخشى كۆرۈش، مۇناپىق قىلىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، لېكىن بۇلارنى ياخشى كۆرۈش ياخشى ئەمەس.

921. مەدھىيلىنىشكە رازى بولۇپ ئۆلگەن كىشى دوۋزاخقا كىرىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، بىزنى ئاللاھ مەدھىيلىسۇن خالاس.

922. ئۈممىتىمنىڭ بايلىرى ئىچىدە سەن (ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋىپ) تۈنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىسەن، ئەمما ئۆملەپ كىرىسەن دېگەن ھەدىس زەئىپ، ئاللاھ ئالىم.

923. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر، سۇلايمان بىلەن داۋۇت ئەلەيھىسسالامدىن

40 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ، سۇلايمان دۇنيادىكى دۆلەتلىرى سەۋەبلىك 40 يىل كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، راۋىيسى كازازاپ، مۇنكەردۇر.

924. ئۈممەتنىڭ ياخشىسى پېقىرلىرى، جەننەتكە ئالدۇر ئورۇنلىشىدىغانلار ئاجىزلار دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. ئايەتتە بولسا، باي بولسۇن، پېقىر بولسۇن، ياخشىسى، تەقۋاسى، مۆئمىن، شېھىد بولغىنى.

925. پېقىرلىق بىلەن جىھادنى ياخشى كۆرگۈچى، مېنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. ئايەتتە مالنى ئاندىن جاننى بېرىش بار، پېقىر نەپسى بىلەن جىھاد قىلالايدۇ شۇ.

926. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى يوقسىز، پېقىر بىر ئەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بۇ كىشىنىڭ نۇرى زېمىن ئەھلىگە تەقسىم قىلىنىپ قالسا، يېتىپ ئېشىپ قالاتتى دېگەن ھەدىسمۇ مەۋجۇد ئەمەس. سەھىھ ھەدىستە بەرگەن ئۈستۈن قول، سورىغان تۆۋەن قولدىن ياخشى دېگەن بار، توغرىسى باي بولسا، شۈكرى قىلسا، پېقىر بولسا سەۋرى قىلسا، ھەممىنى ئاللاھدىن دەپ بىلسە بولىدۇ.

927. نېمە يىگىنىگە پەرۋا قىلمايدىغان، خار ـ زار، كونا كىيىم كىيگۈچىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

928. ئاللاھقا، ئاز رىزىقدىن، رازى بولغان كىشىدىن ئاللاھمۇ ئاز ئەمەلگە رازى بولىدۇ دېگەن ھەدىس زەئىپ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر

قادىر بولغان ئەمەللەرنى قىلىش لازىم.

929. شەيئىلەرنىڭ ئاز بولۇشىنى، كۆپ بولۇشىدىن بەكىرەك ياخشى كۆرمىگىچە بەندىنىڭ ئىمانى كامال تاپمايدۇ دېگەن ھەدىس مۇئزەل، راۋىيسى، ئىسنادى ئىككى جايدىن ئۈزۈلۈك بەزىلەر مەۋجۇد ئەمەس دېگەن.

930. ئىككى دەرھەم ئىگىسىدىن بىر دەرھەم ئىگىسى، ئىككى مىسقال ئالتۇن ئىگىسىدىن بىر مىسقال ئالتۇن ئىگىسى، ھېسابىنى ئاسان بېرىدۇ،ھىسابي يەڭگىل بولىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. ھېسابىنى ئاسان بېرىش ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ دېگەندەك قىلىشدا نۇرغۇن بايلار، نۇرغۇن پېقىرلاردىن ھېسابىنى ئاسان بېرىشى مۇمكىن.

931. تائامى ئاز ئۆينىڭ نۇرلىرى كۆپ بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى سەھىھ ئەمەس دېگەن.

932. پېقىرلىق مېنىڭ پەخرىم، مەن پېقىر بىلەن پەخىرلىنىمەن دېگەن ھەدىسنى ئالىملار باتىل، مۇنكەر، يالغان دېگەن.

933. بايلىق دېگەن 60000غا ئىگە بولۇش، كىم 60000غا ئىگە بولمىسا، ئۇ، پېقىر بولىدۇ دېگەن ئوروس دېگەن كىتابنىڭ يالغانلىرىدۇر.(يەنى دەرھەم )

934. ئاللاھ، بايلار تامىقىنىڭ لەززىتىنى پېقىرلارغا يۆتكەپ بەرگەن. ئاللاھ قىيامەت كۈنى پېقىرلارغا ئۆزرە ئېيتىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە يالغان دېگەن، ئالىملار قوشۇلغان، بىزمۇ ھەم شۇنداق، ئاللاھنىڭ

قەرزى يوق، ئاللاھدا بىرەرسىنىڭ ھەققى يوق، ئۇ خالىغىنىنى قىلىدۇ، رازاق ھېسابنى ئۆزى ئالىدۇ، سوراققا، ھېسابقا تارتىلمايدۇ.

935. پېقىرنىڭ ئىككى ئالەمدە يۈزى قارا خىجالەتتە بولىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان.

936. بۇ دۇنيا دېگەن بىر سائەت، سەن ئۇنى قىلغىن تائەت، ئىككى كۆڭلەك ياكى ئىككى خىل كىيىم كىيگەن كىشى، ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تاپالمايدۇ دېگەن ھەدىس يالغان.

937. ھاجەتتىن ئوشۇق قۇرۇلۇش قىلغان كىشى، قىيامەت كۈنى شۇ قۇرۇلۇشنى بويىندا كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئىسنادى ئۈزۈك، زەئىپ، ئەمما ھاجەتتىن ئوشۇق ئىش قىلماڭ.

تەقۋالىق بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، زامان، ماكان، شارائىت ئوخشاشمايدۇ، ھۆكۈمنى ئايەتتىن، سەھىھ ھەدىستىن ئېلىپ، ئومۇمى يەرشارى بويىنچە قىلىش لازىم. ئاخىرەتنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇڭ، ئىككىنچى ئورۇندىمۇ يەنىلا ئاخىرەت بولسۇن.

## مۇرتەد ۋە زىنانىڭ جازاسى، لىۋات، بەچچىۋازلىق، ئوغرىلىق، بۆھتان، ھاراق ئىچىش، ئاياللارغا قاراش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

938. مۆھۈر، ئەرشكە ئېسىقلىق تۇرىدۇ، ئەگەر ھاراملار ھالال

www.uyghurkitap.com

قىلىنىپ ھۆرمەتلەر دەپسەندە قىلىنسا، ئاللاھ ئۇنى ئەۋەتىدۇ ـ دە، قەلبلەرگە مۆھۈر بېسىلىپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىس مۇنكەردۇر.

939. مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ ھەيئەت ئىگىلىرىنىڭ يەنى ۋالى، ھاكىم، قازىيلارنىڭ يۇرت ئىگىسى، ئالىم، مۇپتىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسان، كەمچىلىكلىرىنى ئۆتنۈېتىڭلار، ىىكار قىلىۋېتىڭلار، ھودۇد جازادىن باشقىنى شۇنداق قىلىڭلار، دېگەن ھەدىسنى ئالىملار يالغان دېگەن، بەزىلەر زەئىپ دېگەن.

940. ئايال كىشى مۇرتەد بولسا، يەنى دىندىن يېنىۋالسا، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دېگەن يالغان ھەدىسنى ئابدۇللا ئىبنى ئەيسا توقۇپ چىققان، مۇرتەد مۇتلەق ئۆلتۈرۈلىدۇ.

941. ئايال كىشى ئەرنىڭ ئويۇنچۇقى، ئويۇنچۇقتا ياخشىلىق قىلىشقا قادىر بولساڭلار، شۇنداق قىلىڭلار، زىنا قىلماڭلار، ئاياللىرىڭلارنىڭ لەززىتى كېتىپ قالىدۇ، ئىپپەتلىك بولۇڭلار، ئاياللىرىڭلارمۇ ئىپپەتلىك بولىدۇ، پالانىنىڭ باللىرى زىنا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاياللىرىمۇ زىنا قىلدى.

كىم زىنادا داۋاملاشسا، ئۇنىڭ ئەھلى ئىچىدىمۇ زىنا داۋاملىشىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ راۋىيسى كاززاپ بولۇپ، سەھىھ ئەمەس، مەترۇك بولىدۇ. ھۆججەت قىلىنمايدۇ، بىر قىسىم خۇسۇسىي، خاس ئەمەلىيەت، ئومۇمىيغا دەلىل بولمايدۇ.

943. داداڭلارغا ياخشىلىق قىلساڭلار، بالىلىرىڭلار ياكى باشقىلار

سلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ، ئىپپەتلىك بولساڭلار ئاياللىڭلار ئىپپەتلىك بولىدۇ، كىمگە ئوق ھەدىيە قىلىنىپ، ئۇ رەت قىلسا، قوبۇل قىلمىسا، كەۋسەردىن ئىچەلمەيدۇ، كىم يەھۇدىي ئايال، ناسارا ئايال بىلەن زىنا قىلسا، قەبرىسىدە كۆيدۈرۈلىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئەبۇزەرئەت باتىل، يالغان دېگەن، راۋىيسىمۇ كاززاپ ئىكەن.

944. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ ھەشمەتنىڭ زىنا قىلىشى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جازاغا تارتىپ ھەددە ئۇرۇشى، شۇ سەۋەبدىن ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى توغرىسىدىكى سۆزلەر باتىل، يالغان بولۇپ، تارىخچىلار توقۇپ چىققان.

945. كىم زىنا قىلىشقا بىر دەرھەم چىقىم قىلسا، 600 دەرھەمنى يوقۇتۇپ قويىدۇ دېگەن يالغان ھەدىسنى ئابدالا دەررائ دېگەن كىشى توقۇپ چىققان، ئەمەلىيەتتە، زىناغا پۇل خەژلەش ھارام.

946. زىنادىن، ھارامدىن بولغان باللار قىيامەت كۈنى مايمۇن، توڭگۇز سۈرىتىدە قوپۇرۇلىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى يالغان دېگەن، ئىمام سوغانىمۇ يالغان دېگەن.

947. ئاتا ـ ئانىغا ۋارقىراپ، ھۆركىرىگۈچى، سۇخەنچى، ئەئرابى، ھارامدىن بولغان زىنا بالىسى، مەھرەمگە چېقىلغان كىشى، جەننەتكە كىرمەيدۇ دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، زەئىپ بولۇپ، بولۇپمۇ، زىنا بالىسى جەننەتكە كىرمەيدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، بۇ ئايەتكە

زىت، خىلاپ، ئايەتتە بىر گۇناھ قىلغۇچى يەنە بىر گۇناھكارنىڭ جىنايىتىنى كۆتۈرۈۋالمايدۇ دېگەن. شۇنداقلا، ئۇمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغۇدەك، پىترەت، تەبىئەت ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇنى باشقىلار مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيلىسە، جەننەتكە كىرىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ ئېرى بولسا، بالا كۆپگە مەنسۇپ، زىناخورغا تاشتۇر،

جەننەتكە كىرەلمەيدۇ دېگەنلىكى بەلكىم ھالالدىن بولغان بالا كىچىك ئۆلسە، ئاتا ــ ئانىسى مۇسۇلمان بولغاچقا، جەننەتكە كىرەتتى، ھەتتا ئاتا ــ ئانىسىغىمۇ پايدىسى يېتىدۇ. لېكىن، ھارامدىن بولغان زىنا بالىسى نەسەپ ئۈزۈلگەچكە، ھالالدىن بولغان بالىدەك ئاتا ــ ئانىسىنىڭ پەزىلىتىدىن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ دېگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنى، كىچىك ئۆلسە، شۇنداق، ئەگەر ئۇ بالىغ بولۇپ مۇسۇلمان بولسا، لائىلاھە ئىللەللاھۇ دەپ ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ ھەدىسمۇ ئومۇمىي دەلىلدۇر.

948. زىناخورنىڭ بالىسى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى تاھىر، ئىبنى جەۋزى يالغان دېگەن، مەقاسىد دېگەن كىتابدا بار.

949. ئاللاھ، جەننەتنى ياراتقاندا، ئۇنىڭدىكى سۇتنى ئالتۇندىن ياراتتى، پۇرىقى مىسكىدەك، ئاندىن ئۇ مۇنداق سۆزلەپ كەتتى، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ماڭا كىرىشكە تەقدىر قىلىنغان كىشىگە خۇش مۇبارەك ئاندىن، ئاللاھ، ئىززىتىم، ئۇلۇغلۇقۇم، ئۈستۈنلۈكۈم بىلەن قەسەمكى، دائىم ھاراق

ئىچكۈچى، دائىم زىنا قىلغۇچى، سۇخەنچى، ئەھلىنى كۆللىمەس دەيۈز، خىيانەتچى، بىۋاپالار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، بولۇپمۇ ساخا كىرەلمەيدۇ دېگەن يالغان ھەدىسنى ئىبنى ئەشئەس يالغاندىن توقىغان.

950. ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، لىۋات، بەچچىۋازلىق قىلسا، ئەرش تەۋرەپ كېتىدۇ، ئاسمان دەيدۇكى، ئى رەببىم، مېنى بۇيرۇساڭ، تاش ياغدۇرسام. زېمىن دەيدۇكى، ئى رەببىم مېنى بۇيرۇساڭ، مەن ئۇلارنى يۇتۇۋەتسەم دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ، قويۇپ بېرىڭلار، ئۇلار تېخى مېنىڭ ئالدىمدا ھېساب ئۈچۈن تۇرىدۇ دېگەن بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ جازا قانۇنىدا ئۇلار رىجىم قىلىنىپ ياكى ئېگىز تاغدىن تاشلىنىپ ئۈستىگە تاش ئېتىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

951. بەچچىۋازلىق، ئەر كىشىنى ئالغان ئەر ياكى ئەرگە تەگكەن ئەر تۆۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، قەبرىسىدە توڭگۇزغا ئۆزگەرتىلىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سۇيۇتى سەھىھ ئەمەس دېگەن، دوۋزاخ ئوتى كۇپايە.

952. كىم، ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ ئارقا تەرىپىگە (مەقئەتكە) يەتتە قېتىم كەلسە، ئاللاھ ئۇنىڭ شەھۋىتىنى، لەززىتىنى ئارقىسىغا يۆتكىۋېتىدۇ، يەنى مەقئىتىگە يۆتكىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، جازاسى ئاخىرەتتە بولىدۇ.

953. دۇنيادا ئارقىسىنى، مەقئىتىنى تۇتۇپ بەرگەن كىشىدىنمۇ ھاياسىز كىشى يوق دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، لېكىن، ئۇ راستىنلا

ھاياسىزلىق.

954. كىم بىر كىچىك ئوغۇل بالىنى جىنسىي ھېسسىيات شەھۋىتى بىلەن سۆيسە، ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ، قول ئېلىشىپ شەھۋەت بىلەن كۆرۈشسە نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر شۇ مەخسەتتە قۇچاقلاشسا، قىيامەت كۈنى ئوتتىن بولغان قامچا بىلەن ئۇرىدۇ، بەچچىۋازلىق قىلسا، دوۋزاخقىلا سالىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. لېكىن بۇ ئىشلار راستىنلار ھارام.

955. قاراقچى دېگەن، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا جەڭ ئېلان قىلغان كىشى، ئۇنى نەدە كۆرسەڭلار ئۆلتۈرۈڭلار، گۇناھى بولسا ماڭا بولىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. لېكىن، ئىسلام دىنى ئۇلارغا دارغا ئېسىش، پالاش قاتارلىق ھەرخىل جازالارنى بېكىتتى، بۇلاڭچىمۇ شۇلارغا ئوخشاش ھەرخىل جازالىنىدۇ. ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، بۇلارنى سىز فىقھىدا كۆرۈۋېلىڭ.

956. كىم بىر زىممىيغا يەنى ئىسلام تۈزۈم ئاستىدا، ئىسلام دۆلىتىدە باج تاپشۇرۇپ ياشايدىغان دىنسىزغا بۆھتان چاپلىسا، قىيامەت كۈنى ئوتتىن بولغان قامچىدا ئۇرۇلىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، لېكىن بۆھتان چاپلىماڭ.

957. ئاللا، قول، دىدەك، چۆرىلەرنىڭ زىممىيلەرنىڭ جازاسىنى قىيامەت كۈنىگە قالدۇردى دېگەن ھەدىس مۇنكەر، يالغاندۇر. چۈنكى، ئايەتتە قۇللارنىڭ، چۆرىلەرنىڭ جازاسى، ھۆرنىڭ جازاسىنىڭ يېرىمى دېگەن. سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

يەھۇدىي زىناخورلارنى جازاغا تارتقان.

958. كىم ھاراق ئىچسە، شىرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ دىگەن ھەدىس مەترۇك، ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. لېكىن، ھاراق ھارام، ئۇنى ئىچىپ مەست بولسا، بۇ ئىشنى قىلمايدۇ دىگىلى بولمايدۇ.

يەنە تېخى بۆھتان چاپلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جازاسى 80 قامچا بولىدۇ. لېكىن، ھاراق ئىچكۈچى مۇشرىك، كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ.

959. كىم، بىر گۈزەل ئايالغا قارىسا، ئۇنىڭ گۈزەللىكى بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرسا، ئاندىن بۇ كىشى بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرگىنىچە قايتا قارىمىسا ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ دىگەن ھەدىسنى ھارۇن كاززاپ يالغاندىن توقۇغان.

960. كىم مۇسۇلمان قېرىنداشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىسا، ئاللاھ بۇ كىشىنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ دىگەن ھەدىسنىمۇ مەزكۇر ھارۇن كاززاپ توقۇغان. لېكىن، ئىسلام دىنىدا ئەۋرەتكە قاراش ھارام.

961. بايلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ پىتنىسى ياش، گۈزەل قىزچاقلارنىڭ پىتنىسىدىن يامانراق دىگەن ھەدىسنى ئىبنى ئەدى، بەيھەقى يالغان دىگەن.

962. پادىشاھنىڭ بالىلىرى بىلەنمۇ ئولتۇرماڭلار، چۈنكى، ئىنسان نەپسى گۈزەل قىزچاقلارغا ئىشتىياق بولمايدۇكى، شۇلارغا ئىشتىياق بولىدۇ دىگەن يالغان ھەدىسنى ئەمرۇئىبنى ئەزھەر توقۇپ چىققان ھەدىسلىرى

پۈتۈنلەي مۇنكەر.

963. كىم بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئوغۇرلۇقچە قارىسا، ئۇنىڭغا مۇئەككەل پەرىشتە، ۋاي ساڭا، ئازار بەردىڭ، ئاسىي بولدۇڭ، قىيامەت كۈنى ئۈستۈڭگە ئوت يېقىلىدۇ،دەپ كىتىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، ئەباھ ئىبنى سوپيانە دىگەن مۇتىھەم سۇمرەتدىن نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەرنى توقىغان.

964. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئابدۇقەيسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر غولام ناھايىتى ياش، چىرايلىق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ بالىنى ئارقىسىدا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، داۋۇتنىڭ خاتالىقى، قاراپ سېلىشدا بولدى دىگەن بۇ ھەدىس مۇنكەر، باتىل، يالغان بولۇپ، بۇ ھەدىس ئارقىلىق ئىككى پەيغەمبەرگە بۆھتان، تۆھمەت چاپلىغان بولىدۇ. شۇنداقلا، سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئارقىسىدىكى كىشىنىمۇ كۆرۈپ تۇراتتى دىگەن بار، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز مۇسۇلمانلار بۇنداق بۆھتان، يالغانچىلىق، تۆھمەت چاپلاشقا چىداپ تۇرالمايمىز.

965. مۇھەببەت ئىشقىدا كۆيۈۋاتقانلارغا بىرەر ئىشنى مەسلىھەت سالماڭلار، ئۇلاردا كۆزقاراش رەئىي قالمايدۇ. قەلبى ئوتتا كۆيۈۋاتسا، ئەقلى تارتىلىپ كەتكەن تۇرسا، كۆزى كور تۇرسا دىگەن ھەدىس يالغان، راۋىيسى دىينار دىگە كاززاپ.

966. كىم ئىككى كۆزنى هارامغا تولدۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىگە ئوت،
چوغلارنى توللايدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق. لېكىن كۆزنىڭ زىناسى
تىلغا ئېلىنىدۇ، ھارامدىن ساقلىنىڭ.

## ئادىل ئىمام ۋە زالىم، دىن دەئۋىتى، مۆئمىننىڭ ئۆلۈغلىقى، پارىخورلۇق، ئۆشرە يىغىدىغان باجگىر، ھەددىدىن ئېششى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

967. سىلەر قانداق بولساڭلار، سىلەرگىمۇ شۇنداق باشلىق، ۋالىي،
ئەمىر سايلىنىدۇ. ئىنسانلار پادىشاھىنىڭ تۈزىمىدە بولىدۇ دېگەن بۇ
ھەدىس يالغان. كاپىر زېمىندا مۇسۇلمانلار ياشايدىغان ئەھۋاللار تۇرسا،
ئويلاپ بېقىڭ.

968. زەيىل دېگەن كىتابدا، ئاللاھ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا مەن
سېنى كېسەل قىلىپ بالا بېرىپ سىنىغاندىكى گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟ دەپتۇ.
ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يا رەببىم، ھېچ بىلمىدىم دەپتۇ. ئاللاھ، چۈنكى، سەن
فىرئەۋنىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئىككى ئېغىز سۆزنى قوپال قىلىپ سالدىڭ
دەپتۇ، دېگەن بۇ سۆز كەيدىمى دېگەن كاززاپنىڭ سۆزىدۇر. بۇنى ھازىرمۇ
نۇرغۇن كاززاپ، مۇناپىقلار سۆزلەپ يۈرىيدۇ.

696. زېمىننىڭ ئەڭ يامان يېرى ھەق بىلەن ھۆكۈم سۈرمىگەن
باشلىق، ھاكىملارنىڭ ھويلىسى، داچىسى دېگەن، مۇھەممەد ئىبنى

ئەشئەسنىڭ يالغان سۆزىدۇر.

970. ئاخىر زاماندا زالىم پادىشاھلار بولىدۇ، كىم ئۇلارنىڭ قىلىچى، قامچىسى، غەزەپلىرىدىن قورقسا، باشلىقلار ئۇلارنى يا بۇيرىمايدۇ، يا توسمايدۇ، خاتىرجەم ياشايدۇ دېگەن ھەدىس ئىسمائىل كاززاپنىڭ سۆزىدۇر. ھازىرمۇ نۇرغۇن كاززاپلار ئىسلام خەلىپىسىگە بولغان ئىتائەتنى، كاپىر، دىنسىزغا ئىتائەت قىلىش دەپ ئۆرۈپ چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ، ھۇ كاززاپ!!!

971. بىر زامانلار كەلگەندە ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر، پادىشاھلار، شىر، يولۋاستەك، ھاكىملار بۆرىدەك، تىجارەتچىلەر ئىتتەك بولىدۇ. مۆئمىنلەر بولسا، يولۋاس بىلەن بۆرە ئوتتۇرىسىدا قالغان بىچارە زەئىپ قويدەك بولىدۇ. ھەممىسى بۇ ئاجىز قوينى تالىشىدۇ، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى شۇ چاغدا قانداق قىلىشقا بۇيرۇيلا دېگەندە، شۇ زاماندىكى ئىشى ئاسان كىشى، دىنىنى ئېزىق چىشىدا چىڭ چىشلەپ، ئۇياقتىن — بۇياققا قېچىپ ياشىغان كىشىدۇر دېگەن بۇ ھەدىسنى خەتىيب بەغداد مۇنكەر دېگەن. مىيزاندا زەھەبى باتىل دېگەن.

چۈنكى، ئاخىرقى غەلبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ دېگەنگە زىت، مۆئمىن دائىم قېچىپ ياشىمايدۇ، كۆرەش قىلىدۇ.

972. ياش بالىلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە بەتەر يامان، پاساتچى بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى سورىماڭلار. يا ئۇلار تۆۋبە قىلىدۇ، يا ئۇلارنى

ئاپەت ھالاك قىلىدۇ. يا ئۇلارنى سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار ھالاك قىلىدۇ، دېگەن بۇ يالغان ھەدىسنى ھۆسەيىن ئىبنى مۇخارىق توقۇغان. بەزى داشقال موللىلار بۇ يالغان ھەدىسنى ئىلىشىپ، ھەققەتچى ياشلارغا قارشى دەلىل قىلغان.

973. يا ئەبا ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ۋالىيلارغا، ھاكىملارغا لەنەت ئوقۇمىغىن، ئاللاھ بىر ئۆممەتنى ۋالىيلىرىغا، باشلىقلىرىغا لەنەت ئوقۇغانلىقىدىن جەھەننەمگە سالغاندۇر دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، گەرچە بۇ يالغان ھەدىس ئىسلام دىنىدىكى مۇسۇلمان ۋالىيغا قارىتىلغان بولسىمۇ، يەنىلا نادان، جاھىل، تۆرىك، كاززاپ موللىلار بۇنى دىنسىز ۋالىيغا لەنەت ئوقۇماڭلار دەپ چۈشەندۈرگەن. ئاللاھ بولسا، قۇرئاندا، ئۇلارنى ھەممىنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە بويسۇنۇشقا چاقىرىدۇ، بارلىق پەيغەمبەرلەر، ساھابىلار مانا شۇ ھەققەت ئۈچۈن، زالىم، دىنسىز ھاكىمىيەتكە قارشى كۆرەش قىلىپ كەلگەن تۇرسا.

974. مەزلۇملار، زالىملارغا قارشى دۇئا قىلىپ، نەتىجە قازىنىدۇ. قىيامەت كۈنى بولسا، زالىملارغىمۇ بىر پەزىلەت بولىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. ئايەتتە، قىيامەت كۈنى زالىملار دوۋزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر ئۇ دىنسىز زالىم بولسا، مەڭگۈ دوۋزاختا قالىدۇ، يەنە تىبخى ئەگەشكۈچىلىرىمۇ باردۇر.

975. كىم زالىمغا ياردەم بەرسە ئاللا شۇ زالىمنى، شۇ ياردەم بەرگەن كىشىگە زۇلۇم قىلغىلى سالىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان. لېكىن، بۇ خىل

www.uyghurkitap.com

هادىسە كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بەرىبىر ئىسلام دىنى زالىمغا ياردەم بېرىشدىن چەكلەيدۇ.

976. ئۈممىتىمگە بىر زامان كېلىدۇكى، هارام بولغان، پار، هەدىيە ئىسمى بىلەن هالال بولىدۇ دىگەن هەدىسنىڭ ئەسلى يوق، يالغاندۇر. ئىسلام دىنى پارا بېرىش، پارا ئېلىشنى قىيامەت كۈنىگىچە هارام قىلىۋېرىدۇ. لېكىن، جان ساقلاشتا، تۈرمىدىن مۆئمىننى قۇتقۇزۇشتا، ئالىملار زۆرۈرىيەت دەپ دۇرۇس دىگەن.

977. مەن جەننەتكە كىردىم، قارىسام بىر بۆرە تۇرىدۇ، سورىدىمكى، جەننەتتە بۆرە نېمە قىلىدۇ؟، بۇ بۆرە ئۆزى جاۋاب بىرىپ دېدىكى، مەن ساقچىنىڭ بالىسىنى چىشلىۋالغان دىدى. بۇ هەدىسنى ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئىنكار قىلىپ، ئەگەر ئۇ بۆرە، بالىسىنى قويۇپ ساقچىنىڭ ئۆزىنى چىشلىگەن، يىگەن بولسا، ئىللىيىن دەرىجىلىك جەننەتكە كىرەتتىكەن؟ دەپتۇ. بۇ هەدىسنى ئالىملار باتىل دىدى.

978. ساقچىلار، ژاندارمىلار، دوۋزاخ ئىتى بولىدۇ دىگەن هەدىس يالغان. چۈنكى، ئۇلار ئىسلام ساقچىسىنى دىمەكچى، دىنسىز ساقچى بولسا، ئۇ دوۋزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ ئېنىقتۇر.

979. باجگىرنى چىشلىگەن ئىت، جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن هەدىس يالغان. چۈنكى، ئىسلام باجگىرى، ئۆشرى، زاكات يىغقۇچى خادىملارنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ماختاپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئەگەر ئۇ دىنسىز

باجگىر بولسا، ياكى دىنسىزغا ياردەمچى باجگىر، بازا باشقۇرغۇچى بولسا، ئەلۋەتتە دىنسىزلىقدىن دوۋزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ئايەتتە ئېنىق دېيىلگەن.

980. كىم بىر زىممىي دىنسىزغا ئازار بەرسە، مەن قىيامەت كۈنى ئۆزۈم داۋاگەرى بولىمەن دېگەن ھەدىسمۇ يالغان. بۇنى ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا يالغان دېگەن.

981. ئەگەر ئۆشرە _ زاكات يىغقۇچىلارنى (ئىسلام دىنىدىكى باجگىرنى دېمەكچى) كۆرسەڭلار شۇ جايدا ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار دېگەن ھەدىس شەكسىز يالغان. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئۇلارنى ئەۋەتكەن تۇرسا، دىنسىز باجگىرنى دېمەكچى بولسا بىر گەپ، بۇنى ئويلىنىپ كۆرسەك بولىدۇ.

## قازىلارنى، گۇۋاھچىلارنى، قەسەمنى ئەيىبلەش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

982. ئەگەر بىرسى قېرىنداشنى قەسەم قىلدۇرۇشنى ئىرادە قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ يالغان قەسەم قىلدىغىنىنى سېزىپ، ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ قەسەم قىلدۇرمىسا، جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن ھەدىسنى قازى بەيزاۋى تەپسىرگە كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇ تەپسىرنىڭ ھەدىسلىرىنى تەكشۈرگۈچى ئالىم ئىراقىي مەن بۇ ھەدىسنى ھېچ جايدىن تاپالمىدىم، بۇ ھەدىسنىڭ

ئەسلى يوق ئىكەن دىگەن. شۇنداق، نۇرغۇن مەشھۇر كىتابلارنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ ئەسلى يوق ياكى زەئىپ ياكى يالغان.

983. گۇۋاھچىلارنى ھۆرمەتلەپ ئوبدان قوغداڭلار، ئاللاھ ئۇلار بىلەن ھەقنى چىقىرىپ، زۇلۇمدىن مۇداپىئە قىلىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن. چۈنكى، ئۇلارنى ئاللاھ ساۋاب بىلەن ئۆزى ھۆرمەتلەيدۇ، ياكى پايدا ئالغانلار ھۆرمەتلەيدۇ.

984. ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەر بىلەن قازىيلار، سۇلتانلار بىلەن بىللە قوپۇرۇلىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن، ئىش تەقۋالىققا، ئەمەل قىلىشقا باغلىق.

985. مەن زاھىري كۆرۈنۈشى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، ئاللاھ ئىچكى سىرلارغا ئۆزى ئىگە دىگەن ھەدىس ئەسلى مەۋجۇد ئەمەس. چۈنكى، ئايەتتە، ئاللاھ ئىگە بولۇپ، توغرا ھۆكۈم قىلدۇرغان، مەسىلىلەر خىلى كۆپ، شۇنداقلا، بىزمۇ دىلونى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئىچكى سىرنى، مەخسىدىنى، ئارقا كۆرۈنۈشنى، پەردە ئارقىسىدىكى قۇماندانلارنى تېپىپ ھۆكۈم چىقىرىمىز.

986. زىمىننىڭ ئەڭ نىجىس، پەسكەش جايلىرى ئاللاھقا ئەرىز قىلىپتۇ، مەندىن نىجىس، خار جاينى ياراتمىدىڭ دەپ يىغلاپتۇ. ئاللاھ، ئۇلارغا جىم تۇرۇڭلار، قازىيلار تۇرىۋاتقان جاي سىلەردىنمۇ نىجىس دەپتۇ، دىگەن ھەدىس يالغاندۇر. چۈنكى، خەلىپىلەرمۇ قازى بولغان، داۋۇد

ئەلەيھىسسالامنىڭ قازىلىقى مەشھۇردۇر، ئادىل، ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلسا جەننەتتى بولىدۇ.

## قىساس توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

987. يەرنى ئۇرماڭلار، ئۇ قىساس ئالىدۇ، ھايۋانلارنى ئۇرماڭلار قىساس ئالىدۇ، دىنىسىز كاپىرنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى، ئىمانىڭنى بەر دەپ ياقىسىغا ئېسىلىۋالىدۇ، بىرەرسى بىرەر پىشكەللىككە، بالاغا گىرىپتار بولۇپ قالسا، مانا پالانىنىڭ قىساس تۈتتى، دىگەنلەر پۈتۈنلەي يالغان، خاتا ئەقىدىدۇر.

## شاھمات ئويناش توغرىسىدا يالغان ھەدىسلەر

988. مۆئمىنىنىڭ ياخشى ئويۇنى سۇ ئۈزۈش، ئايالنىڭ ياخشى ئويۇنى چاق ئىگىرىش دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەستۇر.

989. كىم شاھمات ئوينىسا، ئۇ مەلئۇن، لەنەت قىلىنغان بولىدۇ دىگەن ھەدىس مۇقىم ئىسپاتلانمىغان، بۇ بابدا سەھىھ ھەدىس يوق، ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ، بەزىسى مەكرۇھ دىسە، بەزىسى مۇباھ دەيدۇ. قىمار شەكلىدە ئوينىسا ھارام بولىدىغىنى ئېنىق، قىمار شەكلىدە ئوينىماي يەنىلا ئىلىمدىن، ئىبادەتتىن، ناماز، زىكرىدىن توسۇلۇپ قالسا، مەكرۇھ بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇنى ئويىنىغىلى نەدە ۋاختىمىز بار، بىز شۇنچە خۇشالمۇ؟

990. بارلىق ئويۇنلاردىن توسقان، ھەتتا كىچىك بالىلارنىمۇ ئويۇنلىرىدىن توسقان دىگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، ئىسلام دىنى بالىلارنى ئويۇندىن، كۆڭۈل ئېچىشدىن توسمايدۇ، ھەرخىل ئېسىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئىلىمغا، ئىبادەتكە قىزىقتۇرىدۇ.

991. كىچىك بالىلارنىڭ قىمار ئوينىشىمۇ گۇناھى كەبىرە دىگەن ھەدىس يالغان. لېكىن ئاتا ــ ئانىسى بىلىپ تۇرۇپ توسمىسا، ياخشى تەربىيلىمەي قىمارۋاز قىلىپ چىقسا، ئاشۇلارغا گۇناھى كەبىرە.

992. توپا تۇپراق كىچىك بالىلارنىڭ باھارى دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس.

993. ئومومىيۈزلۈك، بارلىق ئويۇن ــ تاماشىلاردىن توستى دىگەن ھەدىس مۇلتى دىگەن كاززاپ توقۇغان، باتىللاردىندۇر.

ئىسلام دىنى ھارام قىلغان ئويۇن ــ تاماشىلار ھارام بولىدۇ، ھارام ئىشلار ئارىلاشسا ھارام بولىدۇ. چەكلەنمىگەن ئاساستا دۇرۇس ئىشلارنى قىلسا، مەسىلەن: ئات مۇسابىقىسى، چېنىقىش، يۈگۈرۈش، زېھىن سىناشلار بۇلار دۇرۇس بولىدۇ. يەنىلا قىماردىن بەزەن پاسىقلار قىلىقىدىن ساقلىنىش لازىم.

بولۇپمۇ، دىنسىز ھاكىمىيەت ئاستىدا ياشايدىغانلار دىققەت قىلمىسا ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

994. شاھمات ئوينىغۇچى توڭگۇزنىڭ گۆشىنى يىگەن بولىدۇ دىگەن

ھەدىس يالغان بولۇپ، ھارىزقى قەرىت، شىشغال ئوينىغۇچىلار توڭگۇزنىڭ قېنىغا قولىنى چىلاپ شورىغۇچى بولىدۇ، قاراپ تۇرغۇچىلار زىناغا قاراپ تۇرغاندەك بولىدۇ دېگەنلەر پۈتۈنلەي يالغان، بۇ مەسىلىگە ئىسلام دىنى، قۇرئان، ھەدىس، ئالىملار ئىجماسى توغرا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇنچە مۇبالىغە قىلىپ كىشىلەرنى قورقۇتۇش ھاجەتسىز، قىمار ھارام، بۇ ئېنىق، قىمار ئەھلى پاسىقلاردۇر. لېكىن، كاپىر، دىنسىز، مۇشرىك دېگىلى بولمايدۇ، تۆۋبە قىلسا ئاللاھ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارمۇ ھامىنى تۆۋبە قىلىدۇ، ئامالسىمۇ يوق.

995. شاھمات ئوينىغۇچى، شېرىككە يېقىنلاشقان بولىدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ئەسمەت دېگەن كازراپ توقۇپ چىققان، بىز بۇ شاھمات، شىشخال، ھوشۇق، قەرىت، بىليارت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولدۇق، چەك تارتىسمۇ ھارام، قىمار قانداق شەكىلدە بولسا ھارام.

## ياخشى ئەخلاق، تۆۋبە قىلىش، تەقۋالىق، تەپەككۇر، ئىخلاس، سەۋرە، تەۋەككۇل، زاھىدلىق توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

996. ماڭا سىلەر ئەمەللىرىڭلار بىلەن ئەمەس، ياخشى نىيىتىڭلار بىلەن ئۇچقۇشىڭلار دېگەن ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە يالغان دېگەن. قۇرئاندا، ئەمەللەرنى سەۋەب دەپ تىلغا ئالىدۇ. ھەدىستە بولسا، ئەمەلنى رەھمەت پەزلى شۇ دېگەن.

997. مۆئمىننىڭ نىيىتى ئەمىلىدىن ياخشى دىگەن ھەدىس زەئىپ بولۇپ، سەھىھ ھەدىستە ئەمەللەر نىيەت بىلەن بىللە بولىدۇ دەپ بار.

998. ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشى دەپ قىلغان ئەمەللىرى مۇقەررەپ كىشىلەرنىڭ يامانلىقى، گۇناھى بولىدۇ دىگەن ھەدىس بولماستىن ئەبۇ سەئىيد ھەررازنىڭ سۆزىدۇر. ئىبنى ئەساكىر خاتىرلىگەن.

999. ئاللادىن قورقۇپ بىر گۇناھنى تەرىك ئەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان. بۇنى داۋۇد ئىبنى سۇلەيمان توقۇغان، ئىش بىر گۇناھنى تەرىك ئېتىش بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ.

1000. سەن مەئسىيەتنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، شۇ مەئسىيەت ئىگىسىنىڭ چوڭچىلىقىغا قارا دىگەن ھەدىس يالغان، راۋىيسىدا ئۇككاش دىگەن كاززاپ بار.

1001. پەرىشتىلەر زىمىندىن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بەندىلەرنىڭ يىغىسىدىن ئەۋزەل ئەمەل بىلەن ئۆرلىيەلمەيدۇ دىگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە، ئەۋزەل ئەمەللەرنى خېلى كۆپ سۆزلىگەن بولىسمۇ، بۇ مەسىلە سۆزلەنمىگەن.

1002. سىلەر ھازىر بىر خىل زاماندا تۇرىۋاتىسىلەر، ياخشىلار ئالدىرايدىغانلار، كېيىنكى زاماندا ياشايدىغانلارنىڭ ياخشىلىرى ئالدىراڭغۇ ئەمەس، بەلكى تەمكىن، ئېغىر ــ بېسىقلاردۇر دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

ئىسلام دىنى ئالدىراڭغۇلۇقنى باشتىن _ ئاخىر تۇسۇپ كەلدى، ئالدىراشقا تېگىشلىك، جەننەتكە، مەغپىرەتكە، تۆۋبىگە، ياخشى ئەمەللەرگە بولسا ئالدىراڭلار دىدى. بىز ئاشۇ بۇيرۇقلار بويىچە ئىش كۆرىمىز.

1003. بىر سائەت تەپەككۇر قىلىش بىر يىللىق، 60 يىللىق، 80 يىللىق ئىبادەتتىن ياخشى دىگەن بۇ ھەدىسنى سۇيۇتى راۋيىسىدا ئىككى كازراپ بار دىگەن. ئىراقى زەئىپ دىگەن. ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا يالغان دىگەن.

1004. ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇرھالىدۇر دىگەن ھەدىس بەيھەقىنىڭ خاتىرىسىدە بولۇپ، ئالىملار بۇ ھەدىس موئزەل، مۇرسەل، يەنى ئىسنادى بىر ئىككى جايدىن ئۈزۈلۈك، زەئىپ دىگەن.

1005. سىلەر ئەجىر بېرىلمىسە ئەمەل قىلمايدىغان زىياندىن قورقمىسا تېخى ئەمەل قىلمايدىغان يامان، ئوسال ئىشچى، قۇل، مەدىكار بولماڭلار، ئەمەل قىلىۋېرىڭلار دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. لېكىن، بۇ تېمىدا رابىئە بەسىر ئەدۋىيە مۇنداق دىگەن. مەن جەننەتنى دەپ ئەمەس، دوۋزاخدىن قورقۇپ ئەمەس، ئاللاھنىلا دەپ ئالاھقا ئىشتىياق باغلاپ ئىبادەت قىلىمەن، ئەگەر جەننەت، دوۋزاخ يارالمىغان بولسا، ئىبادەت قىلمامتىڭلار؟ دىگەن سۆزلەر مۇشۇلارنىڭ سۆزىدۇر.

1006. ئۆزىگە مەدھىيە، سانالار، مەشرىق، مەغرىپلەردە كەڭرى تارقىلىپ كەتكەن بىر ئىنسان، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ نەزلىدە پاشىنىڭ

قانىتچىلىك ئىبغىرلىقىدا، مىزانغا چۈشمەيدۇ، دىگەن ھەدىس، مەۋجۇد بولمىسىمۇ مەنىسى ياخشى ئىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق كىشىلەر بار، قارىماققا، ئاڭلىماققا، تەقۋادەك، ئەمما ئارىلىشىپ كۆرسەڭ مەنىدەك لەقۋادۇر.

1007. سەۋرە دىگەن جەننەتنىڭ كاڭلىرىدىن بىر كاڭدۇر دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

1008. ئاللاھنى ھەقىقى تونۇپ، ئۇلۇغلايدىغان كىشى، دەرىت ـــ ئەلەم، مۇسىبەتلىرىنى ھىچ كىشىگە دەپ يۈرمەيدۇ دىگەن ھەدىس ئەمەس، ئالىملارنىڭ ھىكمەتلىك سۆزىدۇر.

1009. مەن ياخشىلىقنى، يامانلىقنى ياراتقۇچى، كىم ماڭا ئىمان كەلتۈرۈپ تەقدىرىمگە ئىمان كەلتۈرمىسە، مەن ئۇنىڭ رەب، خالىقى ئەمەس، ئۇ مەندىن باشقا بىر رەبنى تېپىۋالسۇن دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

بۇ ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. لېكىن، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرمىسە ئۇ دىنسىز بولىدۇ. بىز، ئاللاھ، ھەممىنى ھەتتا بىزنىڭ سانائەت ئىشلىرىمىزنىمۇ ياراتتى، بىز بولساق، كەشىپ ۋە كەسىپ قىلدۇق دەپ ئېتىقاد قىلىمىز.

1010. ئاللاھ، لەۋھۇلمەھپۇزغا تۇنجى بولۇپ يازغان نەرسە، **بسم الله الرحمن الرحيم** مەندىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق. مىنىڭ شېرىكىم يوق، كىم قازائى ـــ قەدەرلىرىمگە تەسلىم بولۇپ، بويسۇنسا، مەن بەرگەن بالالارغا سەۋرى قىلسا، مەن پۈتكەن ھۆكۈمگە رازى بولسا، مەن ئۇ كىشىنى قىيامەت



www.uyghurkitap.com

كۆنى سىددىق ماقامىدىكى كىشىلەر قاتارىدا قوپۇرىمەن دېگەن ھەدىس،
ئىبنى ئەشئەسنىڭ يالغان ھەدىسلىرى، ئەمەلىيەتتە تەسلىم بولمىغان، رازى
بولمىغان، سەۋرى قىلمىغان كىشى مۇسۇلمانمۇ بولالمايدىغان تۇرسا، ھەممە
مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەر رازى، سەۋرى قىلىدۇ، تەسلىم بولىدۇ.

1011. ئەي بەندىلىرىم، زامانلارغا قاراڭلار، ماڭا ئايرىلىپ ھەممىدىن
ۋاز كەچكەن كىشىنى ئەزىز قىلمىغان يېرىم بارمۇ؟ ماڭا تەۋەككۈل قىلغان
كىشىگە كۇپايە بولمىغان يېرىم بارمۇ؟ دېگەن بۇ ھەدىسنى پەزلى ئىبنى
مۇھەممەد كاززاپ توقۇغان، نەققاش ئىسمىلىك كىشىمۇ بار تېخى، لېكىن
ئايەتتە تەۋەككۈل قىلسا، ئاللاھ كۇپايە دېگەن بار، بىزگە الله كۇپايە.

1012. رىزقى دېگەن بەندىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، بەندە نەدە
بولسا كېلىۋېرىدۇ. تەقۋادارلارنىڭ تەقۋالىقى زىيادە قىلالمايدۇ. پاسىق،
پاجىرلارنىڭ ئاسىيلىقى كام قىلالمايدۇ، دېگەن ھەدىس يالغان، ئايەتكە
خىلاپتۇر.

1013. ئاللاھ، مۆئمىن بەندىسىگە ئۇ بىلمەيدىغان جايدىن رىزق
بېرىشكىلا ئۇنايدۇ، ئۇ بىلىدىغان جايدىن رىزق بېرىشكە ھەرگىز ئۇنىمايدۇ
دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى بىلەن ئىبنى جەۋزى يالغان دېگەن.
بەيھەقى زەئىپ دېگەن، بىزگە ئايەت كۇپايىدۇر، سەھىھ ھەدىسمۇ بار.

1014. ئىززەت — ئابرۇيىمۇ تەقسىم قىلىنىپ بولغان، ئۇنى ئىزدەش
ئوشۇقچە غەم قىلىشتۇر دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق. بارلىق ئىززەت

ئاللاھقا خاس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مۆئمىنلەرگە خاس.

1015. مۇسىبەتلەرنى يوشۇرۇش ياخشىلىق كاتلىرىدىن دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن، چوڭ — چوڭ مۇسىبەتلەرنى يوشۇرغىلىمۇ بولمايدۇ.

1016. زاھىدلىق بىلەن تەقۋالىق ھەر كېچىسى قەلبلەرنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىمان بىلەن ھايا بار قەلبكە ئۇچقۇشۇپ قالسا، مەھكەم بىكىيدۇ، بولمىسا كۆچۈپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، چۈنكى، ئىمان، ھايا ھەربىر مۇسۇلمان قەلبىدە بولىدۇ، ئۇ ھەدىس ھەرگىز مەۋجۇد ئەمەس.

1017. ئاچچىقىدىن تېزلا يېنىش، ئۈممىتىمنىڭ ياخشىلىرىنى قورشاپ تۇرىدۇ، مۆئمىن دېگەن غەزەپ قىلىشمۇ تېز، رازى بولۇشىمۇ تېز دېگەن ھەدىس غەززالىنىڭ ئىھيائ دېگەن كىتابىدا بولۇپ، ھېچجايدا مەۋجۇد ئەمەس ئىكەن.

1018. قۇل خادىملار بىلەن بىللە تاماق يېيىش كەمتەرلىكتۇر. كىم ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يىسە، جەننەت ئۇ كىشىنى سېغىنىپ ئىشتىياق چېكىدۇ دېگەن ھەدىس ئۇرۇس دېگەن كىتابىنىڭ يالغان ھەدىسى.

1019. ئاسىي، گۇناھكارلار بىلەن بىللە مېڭىش، كەمتەرلىك بولىدۇ، كىم ئۇلار بىلەن بىللە ماڭسا، ھەربىر قەدىمىگە 1000 ياخشىلىق يېزىلىدۇ،

1000 دەرىجە ئۇستۈن كۆتۈرۈلىدۇ دىگەن. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقى كىتابنىڭ يالغان ھەدىسلىرى.

1020. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەدەرى دىيىلىدىغان تېرە كېسىلى بار قارا تەنلىك بىر ئەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. سەھىھ ھەدىسدە جوزام دىيىلىدىغان تېرە كېسەل بار كىشى بىلەن بىللە تاماق يىگىنى باردۇر.

1021. ھەرقانداق بىر ئىشتا تۆۋبە قىلىش بولىدۇ. لېكىن يامان ئەخلاق ئىگىسى تۆۋبە قىلمايدۇ، تۆۋبە قىلسىمۇ ئۇنىڭدىن يامانراقىنى قىلىدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. ئىنسانلار ئوخشاش ئەمەس، ھەممىسى تۆۋبە قىلا، ئامىن!!!

## سوپىزىم، نەپسى بىلەن جەڭ قىلىش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1022. بۇ دۇنيادا، سوپىزىم ئەقىدىسىدىكى سوپىلاردا بار بولغان يالغان ھەدىس بىلەن بىدئەت، مەن مۇسۇلمان دەيدىغان ھېچبىر تائىپىلاردا مەۋجۇد ئەمەس. مەن بۇ سۆزنى سوپىلارغا ئاچچىقلاپ ئەمەس، ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈپ ئەمەس، بەلكىم، نەخ، ئەمەلىيەتتىن، ئالدىمىدىكى دەلىل — ئىسپاتتىن، بىر يىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، شۇنداقلا نۇرغۇن ھەققەتچى، سۈننەتچى، ئەسلىيەتچى، تەقۋا ئالىملارنىڭ دەلىل — ئىسپاتلىرى، بىدئەتكە قارشى تۇرۇشىدىن، ئۆزۈمنىڭمۇ بىدئەتكە قارشى

تۇرۇشۇمدىن سۆزلەۋاتىمەن. قۇرئان ئايىتىگە سەھىھ ھەدىسكە چاقىرىپ بۇ كىتابنى يېزىۋاتىمەن، ئەلۋەتتە، 40 كۈن سوپى بولغان كىشىنىڭ مەڭگۈ ئەقلى جايىغا قايتىپ كەلمەيدۇ دىگەن شافىئى رەھمەھۇللانىڭ سۆزىنى شۇنداقلا، مەن سوپىدىنمۇ ئەخمەق كىشىنى كۆرمىدىم دىگەن سۆزىنى بىلسەمۇ، يەنىلا بۇ سۆزلەرنىڭ پايدىسى بولارمىكى، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى، بىدئەتتىن ۋاز كېچىپ، سۈننەتنى، تەرىقەت دەۋالغان نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام شەرىئىتىگە كېلىشنى ئەپسانە، يالغان ھېكايە، چۆچەكلەرنى قويۇپ، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە قايتامدىكى دىگەن ئۈمۈدتە بۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتىمەن، ھېچبولمىسا، يېڭىدىن كىرىۋاتقان ياكى بۇندىن كېيىن كىرىدىغانلارنى ھەقىقى ئىسلام شەرىئىتىگە، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە، توغرا ئەقىدىگە چاقىرىش مەخسىتىدە بۇ سۆزنى يېزىۋاتىمەن.

شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، سوپى دىگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزىمۇ بىدئەت ئاتالغۇ، ھىجرىيە 150 ـ يىلى مەيدانغا كەلگەن، ئاللاھ خالىسا، كىتابنىڭ ئاخىرىدا بىدئەت توغرىسىدا توختىلىمىز. شۇ جايدا كۆرۈشەيلى.

1023. ئۆزۈڭنىڭ ئىچىدىكى نەپسىڭ دىگەن دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق قىلغىن، دىگەن ھەدىسنى كاززاپلار توقىغان، بىزگە بۇ توغرىسىدا ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر كۆپايە، توغرا، نەپسى دىگەن يامانلىققا بۇيرۇيدۇ.

1024. ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، نەپسى ياقتۇرمىغىنى دىگەن ھەدىسمۇ مەۋجۇد ئەمەس. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە ئەۋزەل ئەمەللەرنى

تەپسىلى دېگەن لېكىن بۇنداق دېمىگەن.

1025. كىم، بۇ دۇنيادا زاھىد بولسا، (بەزىسى 40 كۈن دەيدۇ) ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە ھېكمەت كىرگۈزىدۇ، تىلىدا سۆزلىتىدۇ. دۇنيانىڭ كېسەل، شىپايىسىنى بىلەلەيدۇ، سالامەت دۇنياسىغا سالامەت چىقىدۇ دېگە ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

ئىسلام دىنىدا زاھىدلىق بار، لېكىن ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ دېگەندەك، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس دېگەندەكلا بار. ئەلۋەتتە، ئاللاھ ئالىمدۇر، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ توغرا!

1026. كىم، ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن 40 كۈن ئىبادەت قىلسا ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدىن ھېكمەت بۇلاقلىرىنى تىلىغا چىقىرىدۇ، كىم، 40 كۈن ھالالدىن يېسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە نۇر بېرىدۇ. كىم، 40 كۈن ئىخلاس قىلسا، مانداق ئىشلار ئاشكارا بولىدۇ، كىم، 40 كۈن بامدات بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن تەكبىرۇلئۇۋۋەلانى تېپىپ ئوقۇسا، مۇناپىقلىقدىن، دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش پۈتۈلىدۇ، كىم 40 كۈن زىكرى ئىيتسا ئاجايىپ ـ غارايىپ سىرلار ئاشكارا بولىدۇ، شۇنداقلا 40 كۈندە بىر ئىپتار قىلىشلار، ئالىملار بۇنى بىردەك يالغان دېدى، ئىبنى ئەدى مۇنكەر دېگەن، ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن. ئىبنى جەۋزىمۇ يالغان دېگەن، ئىمام سۇيۇتى قاتتىق مۇنكەر دېگەن، بەزىلەر مەترۇك دېگەن، بىز، ئاللاھقا، ھاياتلا بولساق تائۆلگىچە ئىخلاس قىلىشىمىز، ھالالدىن يېيىشىمىز،

توغرا يول بىلەن زاھىد بولۇشمىز لازىم، 40 كۈنلا ئەمەس.

1027. تەپەككۇر بىلەن تاماق مەسىلىسىدە تەپەككۇر كۆپ بولسا، تاماق ئاز بولسا، گۆش، ياغ ئازلاپ يادايدۇ، تەپەككۇر ئاز، تاماق كۆپ بولسا، گۆش، ياغ كۆپىيىپ سەمرىيدۇ، تاماقنى ئاز يەپ بەرسە پەرىشتىلەر چۈشىدۇ دىگەن ھەدىسنى كاززاپ توقۇپ چىققان.

1028. قۇرۇقلۇقىدىن ئىگىلىپ قالغان شاختەك بولغانغا قەدەر ناماز ئوقىساڭلارمۇ، تارىدەك، يىپدەك بولغانغا قەدەر روزا تۇتساڭلارمۇ، بايلىق مەسىلىسىدە بىرنى ئىككى قىلىشنى ياخشى كۆرسەڭلار ئىككىنى بىردىن بەكىرەك ياخشى كۆرسەڭلار، ئىستىقامەتكە يەتكەن بولمايسىلەر دىگەن خەۋەر، باتىل، مۇبالىغە سۆزدۇر.

1029. كىم ھارامدىن قېچىپ، بىرەر كۈن ئاچ قالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەت مىۋىلىرىدىن تائام بىرىدۇ، يەنى مۇشۇ دۇنيادىلا، بۇنى تايكانى دىگەن كاززاپ توقۇپ چىققان.

1030. زىيايەت( ۋەبىر) ئەھلىگە يەنى يۇڭ كىگىزدە چىدىر قىلغانلارنىڭ ئۇستىگە ۋاجىپ، (مەدىر) ئەھلىگە يەنى چالما ئۆي قىلغانلارغا ۋاجىپ ئەمەس دىگەن ھەدىس يالغاندۇر.

1031. زەررىچىلىك باتىنى ئەمەل، تاغدەك زاھىرى ئەمەلدىن ياخشى دىگەن روتنى ھىندىنىڭ يالغان سۆزىدۇر.

1032. ھەسەن بەسرىگە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەۋلىيالىق تونى،

خەرقەتنى كەيدۈرگەن دىگەن بۇ خەۋەرنى ئىبنى دەھيەت، ئىبنى سىلاھ باتىل دىگەن.

سوپىلار داۋا قىلغان، ئەۋلىيالىق تونى قۇتۇپ تونى دىگەنلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىچبىر ساھابىگە بۇيرىمىغان ھەم كىيدۈرۈپ قويمىغان. ساھابىلارمۇ بۇنداق ئىشنى قىلمىغان، ھەسەن بەسرى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىرەر سۆز ئاڭلىغان ئەمەس، بولۇپمۇ بۇ تون توغرىسىدا بۇ خەۋەر باتىل، سالىھلار ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، تەۋەررۈك ئىزدەپ بۇنداق قىلىش باتىل، بىدئەتتۇر.

## ئەۋلىيالار، ئەبداللار پەزىلىتى، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيتى، سىنىپ تۈرلىرى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1033. ئەخلاق، ئەخلاقتا ئوخشىمىغۇچە، پوسۇن، پوسۇنغا ئوخشىمايدۇ. كىم بىرەر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ، شۇلاردىن بولىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئالىملار يالغان دىگەن. چۈنكى، بۇنىڭ راۋىيسى ھەپسى ئىبنى سالىم كاززاپ ئىكەن، ھەدىسنىڭ ئاخىرى ئەبۇ داۋۇتتا باردۇر.

1034. قەلبىب، ئاللاھدىن يۈز ئۆرىسە، ئاللاھ ئۇنى سالىھ كىشىلەرگە ھاجەتمەن قىلىپ سىنايدۇ دىگەن بۇ سۆز مۇنكەر بولۇپ، سوپىلار ئېغىزىدىن يېزىلغان، ئەسلى يوقتۇر.

1035. پەيغەمبەرنىڭ زىكرى ئىبادەت، سالىھلار زىكرى، گۇناھقا

www.uyghurkitap.com

كاپارەت، ئۆلۈمنى ئەسلەش سەدىقە، دوۋزاخنى ئەسلەش جىھادتۇر دېگەن بۇ ھەدىس ئوروس دېگەن كىتابنىڭ يالغان ھەدىسلىرى.

1036. سالىھلارنى ئەسلىگەندە، رەھمەت چۈشىدۇ دېگەن بۇ سۆز ئىھيائ دېگەن كىتابدا بولۇپ، ئەسلى يوق، ئىبنى جەۋزى باتىل دېگەن. چۈنكى، بۇ سۆزنى ئاساس قىلىپ سوپىلار ۋاستە قىلىۋالىدۇ، شىرىك ئەقىدىدە بولىدۇ.

1037. ئاللاھ بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، سىنايدۇ، سەۋرە قىلسا، تاللايدۇ، رازى بولسا، ھەممىدىن ئۈستۈن دەرىجىگە ئالاھىدە تاللايدۇ دېگەن بۇ ھەدىسنى دەيلەمى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئىسنادى يوق، يولى يوق.

1038. ئاللاھ بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرسە سىنايدۇ، ئەگەر ھەقىقىي بەكلا ياخشى كۆرسە، تاللىسا، ئۇ بەندىسى ئۈچۈن، مال _ دۇنيا، ئەھلى بالا قالدۇرمايدۇ، دېگەن ھەدىسنى تەبرانى خاتىرلىگەن. ئەھمەد رەھمەھۇللا يالغان دېگەن. ئىمام سۇيۇتى سەھىھ ئەمەس دېگەن، باشقىلار زەئىپ دېگەن.

1039. ئاللاھ بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرسە، ئۆزىگىلا تاللايدۇ، ئۇ كىشىنى خوتۇن، بالا، مال _ دۇنيا بىلەن مەشغۇل قىلمايدۇ دېگەن ھەدىسنى ئالىملار يالغان دېگەن.

1040. ئابداللار 40، 360، 500، دېگەن شۇنداقلا پالانىنىڭ قەلبىدە ھەتتا ئىسرايىل قەلبىدە دېگەن ھەدىسلەر زەئىپ، بەزىلەر يالغان دېگەن،

كۆپىنچىسى زەئىپ، ئازغىنىسى يالغان بولۇپ، ئابداللا دېگەن بۇ ئاتالغۇ مۇتىۋاتىردۇر.

شام سۆزلىنىدۇ، بەزىدە ئىراق سۆزلىنىدۇ، ساھابىلەردىن باشقا تابىئىنلار، ئەتبائىلار بۇ سۆزنى كۆپ سۆزلىگەن. شافىئى رەھمەھۇللا، ئالىملار، فىقھىلار ئابدال شۇدۇر دېگەن، ئەھمەد رەھمەھۇللا، ھەدىس ئەھلى ئابدال دېگەن. ئابدال ئەۋلىيالاردىن بولۇپ، بۇ سەھىھ. لېكىن، خاتىمۇلئەۋلىيا يەنى ئاخىرقى ئەۋلىيا دېگەن سۆز خاتا بولۇپ، ئاللاھنىڭ دوستى تەقۋادار كىشىلەردۇر. قۇرئاندىمۇ تەقۋادارلار ئەۋلىيالار دېگەن بار. يەرشارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۆئمىن، ئاخىرقى ئەۋلىيا ھېسابلىنىدۇ، قىيامەت كۈنىگىچە بۇ ئاخىرلاشمايدۇ، مانا بۇ ساھابە، تابىئىنلار سۆزى، ئىبنى تەيمىييە، ئىبنى جەۋزى، نەۋەۋى، ئۇسەيمىيىن، سەييىد قۇتۇپ، تەنتاۋى رەھمەھۇللالارنىڭ سۆزىدۇر. مانا بۇ سەھىھ سۆزدۇر. ھەرقانداق تەقۋا مۆئمىن، ئەۋلىيا بولىدۇ، كارامەتكە ئېرىشكەنلەر خاس كىشىلەردۇر، توغرىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىستۇر، ئاللاھ ئالىم.

## ئەۋلىيالار كارامىتى، پاراستى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1041. خۇلاسە دېگەن كىتابدا، مۆئمىننىڭ پاراستىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن قارايدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن. باشقا ئالىملار زەئىپ دېگەن، سۇيۇتى سەھىھ

www.uyghurkitap.com

ئەمەس دېگەن.

1042. سارغىيىپ كەتكەن يۈزلەردىن ھەزەر قىلىڭلار دېگەن ھەدىسنىڭ ئىسنادى تۇتۇشۇش يولى يوقتۇر.

1043. كۆك كۆزدىن، ئەمادىن، ساقىلى يوق كوسىدىن، بىرەر ئەزاسى ناقىس كىشىدىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ھىيلە — مىكىر بىلەن تولغان، ئۇلار نىجىس دېگەن سۆزنىڭ ئىسنادى يوق، ئىشەنچىسىزدۇر.

1044. ئۆزىنى پىچتۇرغانلارنىڭ ياكى باشقىلار پىچىپ ئاختا قىلىۋەتكەنلەرنىڭ پۇشتىدىن بىرەر مۆئمىن چىقمايدۇ، مانا بۇ ئەسلى تەقدىر، ئەگەر ئۇلارنىڭ پۇشتىدا ياخشىلىقنى ئاللاھ بىلسە، بالا ئاتا قىلاتتى. ئۇلاردا ياخشىلىق يوق بولغاچقا، ئاللاھ شۇنداق قىلىپ قويغان دېگەن بۇ خەۋەر باتىل.

## ئىشتىياق، گۈزەل ئاۋاز ئاڭلاش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1045. ياخشىلارنىڭ ماڭا ئۇچقۇشۇش ئىشتىياقى ئۇزۇن بولدى دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەستۇر.

1046. ئىشق مۇھەببەت ئىشتىياقى ئوتىدا يۈرەكنىڭ كۆيۈشى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ئەسلى يوقتۇر.

1047. داۋۇد ئەلەيھىسسالام قىرائەت قىلغان سورۇندىن ھەر قېتىمدا

40 جىنازا چىقاتتى، يەنى ئۇلار ئاۋازىنىڭ مۇڭلۇقلۇقىدىن زەبۇرنى ئاڭلاپ ئۆلۈپ كېتەتتى دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، سەھىھ ھەدىس بولمىسا، باشقا ئىسرائىلىيە ھېكايىسى بولسا، قەتئىي ئىشەنچىسىزدۇر.

1048. ھاۋايى ـ ھەۋەس جىگىرىمنى چىقىۋالدى قاتارلىق بېيىتلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كەتتى، ھەتتا تون ئۈچىسىدىن چۈشۈپ كەتتى، سوپىلا ئەھلى توننى پارا ـ پارا قىلىپ ئۈلىشىۋالدى دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا بۇ خەۋەر يالغان دېگەن، بارلىق ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىتتىپاقى كېلىشى بىلەن يالغان دېگەن، سوپىلارنىڭ سوپىلا ئەھلىدىن سوپى دېگەن سۆزنى ئېلىشى بىدئەتتۇر، قىلچە ئاساسى يوق.

1049. ناخشا ئېيتقۇچى ۋە ناخشا ئېيتىلغۇچى يەنى ئاڭلىغۇچىغا ھەر ئىككىلىسىگە ئاللاھ لەنەت قىلدى دېگەن ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللا، سەھىھ ئەمەس دېگەن. لېكىن، ناخشا مەزمۇنى خاتا بولسا، ئايال ئېيتسا، ھەقتىن توسسا، ئىشىق ـ مۇھەببەتنى كۆيلىسە، دىنسىزلار ئۇسلۇبى بولسا، دىنسىزلارنى دورىسا، ئىسلامنى كۆيلىمىسە چەكلىنىدۇ. بەزىسى ھارام بولىدۇ، بەزىسى مەكرۇھ بولۇپمۇ ساز، نەيلەر، مۇزىكىلار.

1050. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە بىر ئەرنىڭ ناخشا ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ناماز يوق يەنى نامىزى قوبۇل ئەمەس دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، زەئىپ.

1051. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر دېدەكنىڭ ناخشا ئوقۇغىنىنى كۆرۈپ، توسمىغان دېگەن ھەدىس مەترۇك راۋىسى كاززاپ.

1052. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدا بىر ئايال ناخشا ئوقۇۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىردى، ئۇ داۋاملاشتۇردى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرسە قېچىپ چىقىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كەتتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سورىۋىدى، ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن ئۇ ئايالنى چاقىرىپ، ئۆمەرمۇ ئاڭلىدى دېگەن ھەدىس باتىلدۇر.

1053. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم بىيىتتىن تەسىرلىنىپ تونلىرى چۈشۈپ كېتىشى، توننى 400 پارچە قىلىپ سۇپپا ئەھلىنىڭ ئۈلەشتۈرۈلىشى، ئۇلار ھەممىسى ئۇسۇلغا چۈشۈشى، سوپىلارنىڭ بۇنى دەلىل ئېلىشى، توپىدىن باتىل يالغاندۇر، نەۋۋى رەھمەھۇللا باتىل، يالغان دېگەن.

## مۇھەببەت ئىشقى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1054. كىم ئاشىق بولۇپ، ئىپپەتلىك ھالدا ئىشقىنى يوشۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئالىملار ئىنكار قىلدى، بەزىسى يالغان دېدى. بەزىسى زەئىپ، مۇنكەر دېدى، ئىمام غەززالى ئىھيائ دېگەن

كىتابىدا يازغان.

1055. سېنىڭ بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىڭ، سېنى كور، گاس قىلىۋېتىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد خاتىرىلىگەن بولۇپ، زەئىپتۇر. ئەمما، ئىبنى جەۋزى، ئىمام سوغانى يالغان دېگەن. قەزۋىنى رەھمەھۇللا بۇ مەسابىھنىڭ يەنە بىر يالغان ھەدىسىدۇر دېگەن. ئالىملار زەئىپ دېگەنگە قوشۇلدى.

1056. ياخشى كۆرۈشكەنلەرگە مەجلىس تار كەلمەيدۇ، دوستنىڭ قېشىغا ئاپىرىدىغان يول يىراق كەلمەيدۇ دېگەن ھەدىس بولماستىن زون نون مىسرىنىڭ سۆزىدۇر.

1057. دوستۇڭنى بەكلا دوست تۇتۇپ كەتمە، چۈنكى، كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇ دۈشمىنىڭ بولۇشى مۇمكىن، دۈشمىنىڭنى بەكلا دۈشمەن تۇتۇپ كەتمە، چۈنكى، كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇ دوستۇڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن. لېكىن، ئالىملار بۇ بەك ئېغىر ھۆكۈم بولۇپ كەتتى، چۈنكى، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، بەيھەقى، تەبرانى، دارىقۇتنى قاتارلىقلار خاتىرىلىگەن. ھەتتا، تىرمىزىيمۇ بۇ توغرىسىدا سۆز قىلغان ئەمەس دېگەن بەزىلەر باتىل دېگەن.

ئىسلام دىنىدا دوستنى دوست، دۈشمەننى دۈشمەن تۇتىدۇ، ۋاختى كەلسە، يەنىلا ئاسان، ئىمان ئاساس.

ئىشق — مۇھەببەت مەسىلىلىرىدە نۇرغۇن كىشىلەر يۇسۇپ —

زىلەيخانى دەلىللەپ قالايمىقان سۆزلىشىدۇ، ئۇ ھېكايىنىڭ قۇرئان ئايىتى بىلەن سەھىھ ھەدىسىدىن باشقىسى يالغاندۇر، دىققەت قىلىڭ.

## قىسسە، تارىخ، ۋەز _ نەسىھەت توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1058. بارلىق ئالىملار بىرەر پەيغەمبەرنىڭ ياكى بۇرۇن ئۆتكەن ئەۋلىيا، سالىھلارنىڭ ياكى داڭلىق كاپىر، مۇشرىكلارنىڭ نەسەبى، يۇرتى، ئۆمرى، ئائىلىسى قەيەرگە دەپنە قىلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىسىدىن باشقىسى يالغان، ئىشەنچىسىز دەپ قارايدۇ، ئىسرائىلىيە ھېكايىلىرىگە، تەۋرات، ئىنجىلغا ھازىر ئىشىنىشكە بولمايدۇ. بىرەر ھېكمىتى، پايدىسى بولسا، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى دېگەن.

1059. ئىمام مالىك رەھمەھۇللا، پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسەبى توغرىسىدا بۇ پالانىنىڭ بالىسى، بۇ پالانىنىڭ بالىسى، ئۇ مۇنداق، بۇ مۇنداق دەپ پەرەز سۆزلەش مەكرۇھ دېگەن، چۈنكى، بۇ توغرىسىدا بىزگە ئېنىق مەلۇمات يوق.

1060. ئادەم ئاتىنىڭ يېگەن دەرەخ مەسىلىسى، قەيەرگە چۈشكەنلىكى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بۆھتان، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان تۆھمەت، بۆھتان، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتلىقى، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشىشى، ئەسھابۇلكەھپە، زۇلقەرنەيىنىنى،

ئىسكەندەر دەپ ئاتاش قاتارلىقلار يالغان ياكى قاتتىق زەئىپتۇر، قىلچە سەھىھ، دەلىل ـ ئىسپات يوق.

1061. كىشىلەر هازىر ئۇخلاغلىق، ئۇلار ئۆلسە ئاندىن ئويغىنىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، بەزىلەر بۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى دېگەن.

1062. ھەقنى تەلەپ قىلىش، غېرىپلىقتا بولىدۇ ياكى ھەقنى تەلەپ قىلىغان غېرىپ بولىدۇ دېگەن ھەدىس ئەمەس، سوپىلار سۆزىدۇر.

1063. ۋەز ـ نەسىھەت قىلىغان كىشى سائادەتمەن كىشى، دېگەننى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن.

1064. جەننەتنى سېغىنغان كىشى، ياخشىلىققا ئالدىرايدۇ، دوۋزاخدىن قورققان كىشى، شەھۋەتتىن قاچىدۇ، ئۆلۈمگە ئىنتىزار بولغان كىشى، لەززەتنى تاشلايدۇ.

دۇنيادىن زاھىد بولغان كىشىگە مۇسىبەت ئاسان بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى يالغان دېگەن، چۈنكى، ھەق سۆزگە باتىلنى ئارىلاشتۇرغان.

1065. ئىنسانلار ئۆلۈك، ئالىملار تىرىك، ئالىملار ئۆلۈك ئەمەل قىلغۇچىلار تىرىك، ئەمەل قىلغۇچىلارمۇ ئۆلۈك، ئىخلاسمەنلەر تىرىك، ئىخلاسمەنلەر چوڭ خەتەر ئۈستىدە دېگەن ھەدىس يالغان، ئەسلى توغرا سۆز ئايەتتىن، سەھىھ ھەدىستىن دەلىل قىلغاندا، ئىنسانلار ئۆلۈك، ئالىملار ئەمەل قىلغۇچىلار، ئىخلاسمەنلەر تىرىكتۇر، زاكىرلار تىرىكتۇر دېگەن توغرا

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

1066. ئاللاھ، ئۇلارنى يەتتە نەرسىدىنياراتتى، يەتتە نەرسىدىن رىزىق بەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار يەتتە نەرسىگە ئاساسەن ئىبادەت قىلسۇن، دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

1067. خالىغانچە ياشا، سەن ئۆلىسەن، خالىغاننى ياخشى كۆر، سەن ھامىنى ئايرىلىسەن، خالىغاننى قىلىۋەر، ھامىنى ھېساب بېرىسەن دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى ھەممە ئىشىدا خالىغاننى قىلىۋەر دېمەيدۇ، قانۇن ــ تۈزۈم بار.

1068. ۋەز نەسىھەت قىلغۇچى، ئازابنى كۈتىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار رەھمەتنى كۈتىدۇ، تىجارەتچى رىزقىنى كۈتىدۇ، ئاشلىقنى قاماپ، مونوپول قىلغانلار لەنەتنى كۈتىدۇ دېگەن ھەدىسلەرنى ئىمام سوغانى، ئىبنى جەۋزى يالغان دېگەن، لېكىن، ئاشلىقنى ساقلاپ، مونوپول قىلىۋېلىش چەكلىنىدۇ.

1069. ھەر كۈنى روھ، جەسەتكە مەن ئۆتۈنۈپ سوراي، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سوراي، سەن بۈگۈن مىنى جەھەننەمگە ئاپىرىپ قويىدىغان ئەمەلنى قىلمىغىن دەپ يالۋۇرۇپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، روھ قوماندان تۇرسا.

1070. جىھادنىڭغا تەييارلىق قىل، ئوزۇقۇڭنى ئوبدان ئال، نەپسىڭگە نەسىھەت، ۋەسىيەت قىلغۇچى بول دېگەن بۇ سۆزنى كىم نەسىھەت، ۋەسىيەت تەلەپ قىلسا دەيمىز دېگەن سۆز يالغان، ھەرقايسىغا ئۆزگە

لايىقنى دەيمىز.

1071. ھەركۈنى ئەتىدىن بىرسى مۇنداق توۋلاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە سالام يوللايدۇ، سىلەرگە ئىشتىياق بەرسەك، يەنىلا سىغىنمىدىڭلار، سىلەرگە قورقۇنچ بەرسە، قورقمىدىڭلار، يىغلاتساق يىغلىمىدىڭلار، ئەي 20گە كىرگەنلەر تېرىشىڭلار، ئەي 30غا كىرگەنلەر سىلەرگە ئۆزرە يوق، ئەي 40 ـ 50گە كىرگەنلەر، زىرائەتنىڭ ئورىدىغان ۋاختى كەلدى، ئەي 60 ـ 70كە كىرگەنلەر، ئەمدى ئەجەل كەلدى دىگەن بۇ يالغان ھەدىسنى ئىبراھىم ئىبنى ھەدبەت دىگەن كاززاپ توقۇغاندۇر.

1072. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتاتتى، مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىرسى ۋارقىراپ كەتتى، ھوشىدىن كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىم ئۇ؟ دىنىمىزنى ئېلىشتۇردى، ئەگەر راستچىل بولسا، ئۆزىنى ئاشكارالاپ قويدى، ئەگەر كاززاپ، يالغانچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتتى دىگەن ھەدىس باتىل.

## ئاتا ـ ئانىغا، قېرىنداشلارغا، يېقىن تۇغقانلارغا، خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، بالىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1073. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، نامازدىن، روزىدىن،

ھەجدىن ھەتتا، جىھاتتىنمۇ ئەۋزەلدۇر دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، بۇ سەھىھ ھەدىسكە زىتتۇر.

1074. جەننەتنىڭ پۇرۇقى 500 يىل ھەتتا 1000 يىللىق مۇساپە نېرىدىن تېپىلىدۇ، ئەمما ئۇنى قاراقچى بىلەن ئاتا _ ئانىسىغا ۋارقىرىغان ھۆركىرىگەنلەر تاپالمايدۇ، دىگەن ھەدىس زەئىپ، بۇ ھەدىسدىن ئۇ جەننەتكە يېقىنمۇ كىلەلمىدى. ئەمما، تۆۋبە قىلسا، قوبۇل بولىدۇ، توغرا، ئاتا _ ئانىغا ۋارقىرىماڭ، بۇ ھارام، لېكىن زەئىپ، يالغان ھەدىسدىن ھەزەر قىلىڭ.

1075. بالىسىغا ياخشىلىق ئىشلاردا ياردەملەشكەن ئاتا _ ئانىغا ئالالاھ رەھمەت قىلىدۇ دىگەن ھەدىس مۇرسەل، زەئىپ، لېكىن مەنىسى سەھىھ.

1076. بەندە، ئاتا _ ئانىسىغا بولغان دۇئانى تەرك ئەتسە، بۇ دۇنيادىكى بالا يۈزى كۆرۈش رىزقىدىن مەھرۇم قالىدۇ دىگە ھەدىس سەھىھ ئەمەس، ئۇنداق بولسا، دىنسىزلار بىرمۇ بالا كۆرمەيدۇ.

1077. ئاتىنىڭ بالىغا قىلغان دۇئاسى خۇددى پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە قىلغان دۇئاسىغا ئوخشاشتۇر دىگەن ھەدىسنى ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا بۇ ھەدىس باتىل دىگەن. سەھىھ ھەدىستە ئىجاۋەت دىگەن بار، لېكىن، ئۇنى پەيغەمبەرگە ئوخشاتمايدۇ.

1078. ئەگەر مىنى ئاتا _ ئانام ياكى بىرسى مەن پەرىز نامىزىمدا

تۇرغان مەسىلەن: بامدات، خۇپتەن نامىزىدا تاپسا، مەن بولسام، سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلىۋاتقان بولسام، ئۇ مېنى بالام دەپ چاقىرسا، ئەلۋەتتە لەببەي دەپ جاۋاب بېرەتتىم، يەنى پەرز نامازنى بۇزغان بولاتتىم دىگەن ھەدىس قەتئىي يالغان. ئالىملار بۇخارىيدىكى جورەيجنىڭ ۋەقەسى توغرىسىدىكى بابىدا، ئاتا ـ ئانىسى چاقىرسا، نامازنى بۇزۇپ، يەنى نەپلى نامازنى بۇزۇپ جاۋاب بېرىش مەسىلىسىدە بۇ ئىش بىزنىڭ ئىسلام دىنىدا مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالدى دەپ ھۆكۈم چىقارغان، نەپلى نامازدىمۇ جاۋاب بېرىشكە بولمايدۇ، سەھىھ ھەدىسلەرگە، ناماز بابىغا قاراڭ.

1079. كىم ئانىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويسا، بۇ ئىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخدىن پەردە بولىدۇ دىگەن يالغان ھەدىسنى ئەبۇ مۇقاتىل سەمەرقەندى توقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسى مۇشۇنداق يالغان دىيىش بىلەن ھالال، بولمىسا ھارام ئىكەن.

1080. بەيھەقىيدا، بىر ياش يىگىت، ئانىسىغا ۋارقىرىغان سەۋەبىدىن شاھادەت كەلىمىسىنى دىيىشكە قادىر بولالمايتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانىسىغا شاپائەت قىلىپ، ئانىسىنى رازى قىلغاندىن كېيىن ئاندىن دىيىشكە قادىر بولۇپتۇ دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، مەترۇك. چۈنكى، راۋىيسىدا داۋۇد ئىبنى ئىبراھىم كاززاپ بار ئىكەن.

1081. ئاتا ـ ئانىغا ۋارقىراپ ئازار بەرگۈچى خالىغانچە ئەمەل قىلىپ باقسۇن، بەرىبىرى ئۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق

www.uyghurkitap.com

قىلغۇچى ياخشى كىشى، خالىغانچە ئەمەل قىلىپ باقسۇن، بەربىر ئۇ دوۋزاختا كىرمەيدۇ دىگەن ھەدىس يالغان، ئەسرەم كاززاپ توقىغان.

1082. ھەرقانداق بىر كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قاراپ بەرسە، ئۇ كىشى ئۇچۇن مەقبۇل بولغان ياخشى بىر ھەج يېزىلىدۇ. ئەگەر كۈندە 100 قېتىم قارىسا، 100 ھەج يېزىلىدۇ دىگەن ھەدىس نوھشەل كاززاپنىڭ توقۇغان سۆزىدۇر.

1083. ئاتا ـ ئانىسى بىلەن رەببىيل ئالەمىينگە ئىتائەت قىلغان ئەر، ئىلىيىيندا بولىدۇ (جەننەت) دىگەن ھەدىس ئەبۇ ھەدبەتنىڭ يالغان سۆزى، سەھىھ ھەدىستە خالىققا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق دىگەن.

1084. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىراپ، ھۆركىرىگەن كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ھايات چېغىدا ياخشىلىق قىلالمىغان بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن دائىم دۇئا قىلىپ تۇرسا، ئاللاھنىڭ نەزىلىدە يەنىلا ياخشىلىق قىلغۇچى دەپ يېزىلىدۇ دىگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، بۇنىڭغا يۆلىنىپ ئۆلگەندىن كېيىن دۇئا قىلاي دىمەڭ.

1085. يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا نىرى تۇرۇپ سىلە ـ رەھىم، ياخشىلىق قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن بىللە خوشنا ئولتۇرماڭلار، بولمىسا ئاراڭلاردا ھەسەد، ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالىدۇ دىگەن ھەدىسنى ھېچبىر ئالىم يادا ئالمىغان، ئىسنادى نامەلۇم.

1086. يېقىن تۇغقانلىرىغا سىلە ــ رەھىم، ياخشىلىق قىلىشقا كېپىل بولغان كىشىگە مەن تۆت نەرسە بىلەن كېپىل بولىمەن.

1 ـ ئەھلى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، 2 ـ رىزقى كەڭرى بولىدۇ، 3 ـ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، 4 ـ جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ، ئابدۇللا ئىبنى ئەھمەدنىڭ يالغان نۇسخىسى.

1087. مەيلى بۇرۇن ياكى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، مۆئمىنلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ تۇرىدىغان خوشنىسى چوقۇم بولىدۇ، ئەگەر سەۋرە قىلىپ ياخشىلىق قىلىۋەرسە، ئەجرى كاتتا بولىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان،راۋىيسىدا داۋۇد بىن سۇلەيمان كاززاپ بار.

1088. قىيامەت كۈنى خوشنىلار ئۆزئارا بىرىسى ــ بىرىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئى رەببىم، بۇنىڭدىن سوراپ باق، ئۇ نېمە ئۈچۈن تامىقى پىشقاندا ئىشكىنى تاقىۋېلىپ ماڭا تاماق بەرمەيدۇ؟ دىگەن ھەدىس يالغان، ئەبۇ ھەدبەت توقىغان، ئايەتتە ئايرىم ــ ئايرىم تاماق يىسەڭلار، گۇناھ يوق دىگەن، خالىسا ھەدىيە قىلىدۇ، بولمىسا ھېساب يوق.

## كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش، پاساھەت جامالدۇر، سىر ساقلاش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1089. كىشىلەر يۈزلەرچە تۆگىگە ئوخشايدۇ، سەپەرگە يارامىلىق بىرىنىمۇ تاپالمايسەن دىگەن ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان دىگەن.

چۈنكى، ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، يۇرتۇڭلارنى تاشلاپ چىقىپ كېتىڭلار دېگەن بۇيرۇق بولۇپ قالسىمۇ، پالانى، پالانى شۇنداق قىلالايتتى دەپ ئىشارەت قىلغان سەھىھ ھەدىس بار.

1090. ئۇنتۇتقاقلىق، ئىنسان تەبىئىتى دېگەن ھەدىسنى ھەدىس ئالىملىرى بىز بۇ ھەدىسنى تونىمايمىز دېگەن. لېكىن، ئادەم ئاتا، ئۆمۈر بويى مەسىلىسىدە ئۇنتۇپ قالدى، بىز بالىلىرىمۇ ئۇنتۇپ قالىمىز، بۇ ئەمەلىيەت.

1091. ھەرقانداق ئادەمگە ئىشىنىش ئاجىزلىقتۇر دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، بۇمۇ تونۇلمىغان، بەزى كىتابلاردا ئىبرانىي تىلدا يېزىلىقلىقمىش.

1092. كىم قىرىندىشىغا ئورا كولىسا، ئۆزى چۈشىدۇ دېگەن ھەدىس ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. مۇسۇلمان كىشى قېرىندىشىغا ئورا كولىمايدۇ.

1093. كىم تۆھمەت يولىنى تۇتسا، ئۆزى تۆھمەتكە قالىدۇ،دېگەن ھەدىس يالغان. مۆئمىن تۆھمەت قىلمايدۇ، تۆھمەت، بۆھتان ھارام.

1094. كىم رازى بولۇڭ دەپ رازىلىق تەلەپ قىلسا، ئاندىن رازى بولمىغان كىشى شەيتان دېگەن ھەدىس، ھەدىس ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەن.

1095. ئادەتنى تەرك ئېتىش، ئاداۋەتنى كەلتۈرىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، قۇرئان، ھەدىسكە زىت، ئىسلامدا يوق ئادەتنى

چوقۇم تاشلاش لازىم.

1096. ئەرنىڭ گۈزەللىكى تىلىنىڭ پاساھەتلىكىدە دېگەن ھەدىس يالغان، راۋىيسى كاززاپ، ئىسلام دىنى گۈزەللىكنى، ئىلىم، ئەخلاق، ئەقىل ــ پاراسەت، باتۇرلۇق، تەقۋالىقتا قىلدى.

1097. ياخشى خەۋەرنى ياخشى كىشلەر ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن ھەدىس ھەدىس ئەمەستۇر، ئالىملار سۆزىدەك قىلىدۇ.

1098. ئىنسان، ئارىلاشقان دوستلىرىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، شۇڭىڭ ئۈچۈن سىلەر ئارىلاشقان كىشلەرگە قاراپ بېقىشىڭلار كېرەك دېگەن ھەدىس يالغان. ئىنسان ئارىلاشقان دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى خاتىرلىگەن بولۇپ، ئىبنى جەۋزى يالغان دېگەن، باشقىلار بۇ خاتا دېگەن، مەن دەيمەنكى، گەرچە ھەدىسنىڭ مەتىنىسى، مەنىسى ئوخشاپ كەتسىمۇ ئىسنادى، راۋىيسى ساق بولسا، ئادىل، تەقۋادار كىشى بولسا، سەھىھ ياكى ھەسەن دەيمىز. لېكىن، ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا ئىسنادىنى، راۋىيسىنى تەكشۈرۈپ، يالغان دېگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭىڭ ئۈچۈن گەرچە ئوخشاشىدەك قىلسىمۇ، سەھىھ ھامىنى سەھىھ، يالغان ھامىنى يالغان، زەئىپ ھامىنى زەئىپ بولىۋېرىدۇ.

1099. ئىنسان دېگەن قېرىندىشى كۆپ بولىدۇ، ھەققى باي ئىنسانلار قولىدىكى نەرسىدىن بىھاجەت بولغان كىشىدۇر، خۇددى ئۆزىنىڭ ھەققى بولغىنىدەك باشقىلارنىڭمۇ سۆزدە، پىكرىدە ھەققى باردۇر دېمىگەن

www.uyghurkitap.com

كىشىنىڭ سۆھبىتىدە ياخشىلىق يوق دېگەن ھەدىسلەرنى ئىمام سوغانى يالغان دېگەن.

1100 . شۇنىڭدەك، ئۇزۇندا زىيارەت قىل، مۇھەببەت زىيادە بولىدۇ، ھۆرمەتلىك بولسەن دېگەن ھەدىس يالغان.

1101 . سىر ساقلىغان كىشى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولالايدۇ دېگەن ھەدىس بولماستىن ئالىملار سۆزىدۇر، مەنىسى سەھىھ، توغرا سۆزدۇر.

1102 . ھاجەتلەرنى مەخپى ئادا قىلىڭلار، نىئمەت ئىگىسى ھەسەتكە ئۇچرايدۇ، ھەزەر قىلىڭلار دېگەن ھەدىسنى ئالىملار راۋىيسى كاززاپ بولغاچقا مەترۇك دېگەن، ئىمام سوغانى يالغان دېگەن.

1103 . ساڭا ئاھانەت قىلىپ خارلىغان كىشىنى سەنمۇ ئاھانەت قىلىپ خارلا، سىنى ھۆرمەتلىگەن كىشىنى سەنمۇ ھۆرمەتلە دېگەن يالغان ھەدىسنى بورىقى دېگەن كاززاپ توقىغان.

1104 . كىم قىرىندىشىنىڭ يۈز ـــ ئابرۇيىنى ئىشقا سېلىپ، مۇنداقچە قىلىپ دېگەندە يۈزنى سېتىپ نەرسە ئالسا، شۇ قىرىندىشى ئۈچۈن، سەدىقە ھېسابلىنىدۇ دېگەن ھەدىس، ئەمرۇئىبنى خالىد دېگەن كاززاپنىڭ يالغان ھەدىسلىرىدىن، ئىسلام دىنى باشقىلارنىڭ يۈزىنى سېتىشتىن توسىدۇ.

1105 . كىم قىرىندىشىغا بىر يىل ئاداۋەت تۇتۇپ يۈرسە، ئاللاھقا، ئادەم ئاتىنىڭ قابىل ئىسىملىك قاتىل بالىسىنىڭ خاتالىق گۇناھلىرى بىلەن

ئۇچقىشىدۇ، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ دېگەن ھەدىس يالغاندۇر، راۋىيسى سەكسەكىيدۇر.

1106. كىشىلەرگە ئۆز نەپسىدىن ئىنساپ قىلغان كىشى جەننەتتىن ئالىيەگە كىرىدۇ. بايلاردىن بەكرەك پېقىرلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ساۋابىنى ھېچ كىشى تاپالماس دېگەن ھەدىسلەرنى مەزكۇر سەكسەكى سۆزلىگەن يالغاندۇر.

1107. قېرىنداشلىرىنىڭ يۈزىگە ئىشتىياق بىلەن قاراش 1000 رەكئەت نەپلى نامازدىن ياخشى دېگەن يالغان ھەدىسنى بورىقىي دېگەن كاززاپ زاھىدلارغا قارشى توقىغان، سەھىھ ھەدىسلەردە پەيغەمبەرگە، ساھابىلەرگىمۇ بۇنداق سۆز قىلمىغان.

1108. قېرىلارغا ياخشىلىقنى ۋەسىيەت قىلىڭلار، ياشلارغا رەھىم قىلىڭلار دېگەن يالغان ھەدىسنى ئوسمان كاززاپ توقىغان، بىز ھەممىگە ياخشىلىقنى نەسىھەت قىلىمىز، ئاللاھ خالىسا.

## قىزىتما، كورلۇق، زۇكام، جوزام قاتارلىق كېسەللەر ۋە داۋاسى، تىبابەت، قان ئالدۇرۇش، سۈرمە، تەلقىن، قەبرە كولاش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1109. كېسەل دىگەن بىرلا چۈشىدۇ، شىپاسى بولسا، ئاز ــ ئازدىن، ئاستا ــ ئاستا چۈشىدۇ دىگەن ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كېسەللەر ئاستا ــ ئاستا، ئاز ــ ئازدىن بولۇپ، بىرلا داۋالىنىپ ساقىيىپ كەتتىغۇ؟ بۇ بىر ئەقلىي، ئەمەلىي دەلىل، ئەمەلىيەتتە بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسى كاززاپ.

1110. يالغان كېسەل بولۇۋالماڭلار، ئۆزۈڭلارنى كېسەل كۆرسەتمەڭلار، شۇ سەۋەبىدىن كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، ئالدىن قەبرە، گۆر تەييارلاپ قويماڭلار، كېپەنلىك تەييارلاپ قويماڭلار، تېزلا ئۆلۈپ، دوۋزاخقا كىرىسىلەر دىگەن بۇ ھەدىس يالغاندۇر. ئەبۇ ھاتەم، مۇنكەر، ئەسلى يوق دىگەن.

1111. كېسەلنىڭ ئىنجىقلىشى تەسبىھدۇر، روزا تۇتۇشى تەكبىردۇر، تىنىقى سەدىقىدۇر، ئۇخلىشى ئىبادەتتۇر، ئۇياندىن ــ بۇيانغا يۆتكىلىشى جىھادتۇر دىگەن يالغان ھەدىستۇر. سەھىھ ھەدىستە كېسەل قادىر بولۇشىچە ئىبادەت قىلسا، ساق كىشىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ،كېسەل گۇناھقا كاپارەتتۇردىگەن بار.

1112. كېسەللەر، ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە قىلغان ھەدىيە، سوۋغىسى، بەندىلەرنىڭ، ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ياخشىسى، ھەدىيە، سوۋغىنى كۆپ قوبۇل قىلغىنى يەنى كۆپ كېسەل بولغانلىرى دىگەن ھەدىس مەترۇك، راۋىيسى كاززاپ.

1113. كىسەل بولغان كىشى، كىچىسى شىكايەت قىلماي، ۋايسىماي تاڭ ئاتقۇزسا، گۇناھلىرى خۇددى دەرەخ قۇلىقى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىس ئەبۇ ھەدبەتنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يالغاننى توقۇپ دېگەن يالغان ھەدىسىدۇر. لېكىن، بىز دېگەندەك كىسەل، گۇناھقا كاپارەت بولۇشى راست.

1114. بىر كېچە كىسەل بولۇشنى ياخشى قوبۇل قىلسا، ئانداق بولىدۇ دېگەن سۆز ھەدىسىدىن بىر نەرسە ئەمەس.

1115. بىر كۈنلۈك قىزىتما كىسەل، بىر يىللىق گۇناھقا كاپارەت بولىدۇ دېگەن ھەدىس زەئىپ.

1116. قىزىتما كىسەل، جەھەننەمنىڭ زەھىرى، تەسىرى بولۇپ، بۇ مۆئمىننىڭ دوۋزاخدىن بولغان نىسىۋىسى دېگەن ھەدىسنىڭ ئىبنى سالىھ دېگەن راۋىيسى نامەلۇم ئىكەن، زەئىپ.

117. قورساق ئاغرىقى، كىسەلنىڭ ئەسلىدۇر، قىزىتما بولسا، داۋا، شىپانىڭ ئەسلىدۇر، ھەربىر بەدەن ئۆز ئاپىتىگە كۆنگەندۇر دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

1118. ئاشقازان كىسەللەرنىڭ ئۆيىدۇر، داۋاسى بولسا، قىزىتما كىسەل بىلەن ھىمايە قىلىشتۇر دېگەن ھەدىس سەھىھى ئەمەس.

1119. كۆز ئاغرىقى ، بىر چېكىت بولسا، ئۇنى تۇتۇپ بەرسەڭ، تەرەققىي قىلىپ كۆپىيىدۇ، جىم قالدۇرساڭ، ساقىيىپ قالىدۇ دېگەن

ھەدىس ئەمەس.

1120. كۆزى كور كىشى، قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئۆتىنى كۆرمەيدۇ دىگەن ھەدىس يالغان. سەھىھ ھەدىستە، كۆزى كور مۇسۇلمان مۆئمىن بولسا، مۇكاپاتى جەننەت بولىدۇ دىگەن. كاپىر، دىنسىز كور بولسىمۇ دوۋزاختا بولىدۇ.

1121. كۆز ئاغرىقىنى يامان كۆرمەڭلار، چۈنكى، ئۇ ئەمالىقنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، زۇكامنى يامان كۆرمەڭلار، چۈنكى ئۇ، جوزام دىگەن تېرە كېسەللىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. يۆتەلنى يامان كۆرمەڭلار، چۈنكى ئۇ، پالەچنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ دىگەن ھەدىس يالغاندۇر، راۋىيسىدا يالغانلا ھەدىس سۆزلىگۈچى يەھيا ئىبنى زەدەم باردۇر.

1122. ھەرقانداق كىشىنىڭ بېشىدا جوزام كېسەللىنىڭ تومۇرى بار، شۇڭا كىشى زۇكام بولىدۇ دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، زەئىپ.

1123. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جوزام كېسىلى كۆپ بىر يېرىدىن ئۆتۈپ، تېز مېڭىڭلار، بۇ نەرسە تاجاۋۇز قىلىپ يۇقىدۇ دىگەن ھەدىس ھەرگىز سەھىي ئەمەس، سەھىھ ھەدىسكە زىت.

1124. كۆز تېگىش ھەق دىگەن سەھىھ ھەدىسكە ئۇلاپ قىلىنغان سۆزلەر زەئىپ ياكى يالغاندۇر. مەسىلەن: قەبرىگىمۇ كىرىدۇ دىگەندەك.

1125. ئاللاھتائالا سىلەرگە ھارام قىلغان نەرسىلەردە شىپا، داۋا قىلمىدى دىگەن سۆزنى ئالىملار، بۇ، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇنىڭ سۆزى دېگەن، بەزىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھارام نەرسىدە ياسالغان، ھالال ئارىلاشقان، ئەمەلىي ئۈنۈمى كۆرۈلگەن، نەرسىدە ئىختىلاپ بار، زۆرۈرىيەتتە دۇرۇس دېگەن.

1126. كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە قان ئالدۇرۇش مەكرۇھ. ئايغا 15 بولماي تۇرۇپ قان ئالدۇرۇش پايدىلىق ئەمەس دېگەن ھەدىس موئزەل، ئىسنادى ئىككى يەردىن ئۈزۈلۈك، زەئىپتۇر.

1127. باشنىڭ چىلىق چوقىسىدىن قان ئالدۇرۇش، ئۇنۇتقاقلىقنى، مەجنۇنلۇقنى، مۈگە كېسىلىنى، بەرەس، ئاق كېسەلنى كەلتۈرىدۇ دېگەن يالغان ھەدىستۇر.

1128. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كېچىسى سۈرمە تارتاتتى، ھەر ئايدا قان ئالدۇراتتى، ھەر يىلى داۋا دورىسى ئىچىپ تۇراتتى دېگەن ھەدىس مۇنكەر، راۋىيسى سەيف كاززاپ.

1129. شەنبە كۈنىدە، چارشەنبە كۈنىدە،قان ئالدۇرۇشدىن توسقان، كىمكى شۇنداق قىلسا، ئاق كېسەل بولۇپ قالىدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىبنى ھەببان يالغان دېگەن، ھەتتا، يالغان دېمەي تۇرۇپ، سۆزلەش ھالال ئەمەس دېگەن.

1130. كېسەل توغرىسىدا داۋا، شىپا توغرىسىدا نۇرغۇن ئۆرپ ــ ئادەت، خۇراپات، بىدئەت، خاتا ئەقىدىلەر كۆپ بولۇپ، بەزىلەر تىبابەتتىن،

كىتابەتتىن داۋالىنىپ ساقايمىسا، باشقا يات، دىنسىز مىللەتنىڭ قېشىغا بېرىپ باقىدۇ، بۇ ئوچۇقلا شېرىك، مۇشرىك ھالدا كاپىر بولۇپ ساقايغاندىن، مۆئمىن مۇسۇلمان ئۆلگەن ياخشى.

1131. مۆئمىننىڭ تەھارىتىدىن ئاشقان سۇنى ئىچىش، 70 كېسەلگە شىپا، داۋادۇر، ئەدناسى غەمدىن قۇتۇلىدۇ دېگەن ھەدىس بولماستىن، ئوككاش دېگەن كاززاپنىڭ سۆزىدۇر. ھازىرمۇ شۇنداق كاززاپلار مەۋجۇدتۇر.

1132. كىم بىر داۋانى، دورىنى كەشىپ قىلسا، كىشىلەر پايدىلانسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە پۈتۈن دۇنيانى خەزلىگەننىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، ئاخىرەتتە جەننەتنى بېرىدۇ دېگەن ھەدىس مەترۇك. لېكىن، راستىنلا مۇسۇلمان بولسا، ساۋاب بولىدۇ.

1133. ئاللاھ، يېقىن بەندىسىنىڭ بەدىنىگە، بالانىڭ، كېسەلنىڭ سۇلتان، خوجايىن بولۇۋېلىشىغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ دېگەن ھەدىس يالغان.

1134. مۇسىبەت بىلەن كېسەل شىكايىتىنى يوشۇرۇش ياخشىلىق كاڭلىرى دېگەن ھېچنېمە ئەمەس، ھەدىسقۇ زادى ئەمەس.

1135. جەننەتتە بىر دەرەخزارلىق بولۇپ، بۇنى بالالەر دەرىخى دەپ ئاتايدۇ، بالاغا، سىناقىغا قالغانلار مۇشۇ جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن ھەدىس مەترۇك. لېكىن، بالالەرگە، سىناققا سەۋرى قىلسا، ساۋاب بار.

1136. كېسەل ئۈچ كۈندىن كېيىن يوقلىنىدۇ دېگەن ھەدىس



www.uyghurkitap.com

مەترۇك، راۋىيسى كازراپ، بەزىلەر بۇ ھەدىسنىڭ شاھىدى بار دېگەن.

1137. كېيىسەلگە قولۇڭنى تەككۈزۈشۈڭ يوقلاشنىڭ كامىللىقىدۇر دېگەن ھەدىسنىڭ ئۈچ راۋىيسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

1138. كۆز، چىش ئاغرىقلىرى يوقلانمىسىمۇ بولىدۇ دېگەن ھەدىس شاز، سەھىھ ھەدىسكە خىلاپ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆزى ئاغرىپ قالغاندا يوقلىغان ھەدىس سەھىھ.

1139. سىنى يوقلىمىغان كىشىنى سەنمۇ يوقلىما دېگە ھەدىس يالغاندۇر.

1140. كىم ۋارىسلىرىدىن مىراسىنى يوشۇرسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتتىكى مىراسىنى يوشۇرىدۇ دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، زەئىپ، لېكىن، مىراسنى يوشۇرۇشقا بولمايدۇ، ۋەسىيەت قىلسا بولىدۇ.

1141. مەن، جەننەت ئەھلىدىن ئىككى ئايالنى كۆردۈم، بىرسى سۆز قىلالايدۇ، يەنە بىرسى سۆز قىلالمايدۇ، سورىسام ئۇلار دىدىكى، ۋەسىيەت قىلىپ ئۆلگىنى سۆز قىلالايتۇ، ۋەسىيەت قىلماي ئۆلگىنى سۆز قىلالمايتۇ دېگەن ھەدىس يالغان، ئەبى ھەدبەتنىڭ توقۇلمىلىرى.

1142. باللارغا لائىلاھە ئىللەللاھۇ دېيىشنى ئۆگىتىڭلار، ئۆلۈۋاتقانلارغىمۇ بۇ كەلىمىنى سۆزلەتكۈزۈڭلار، كىمنىڭ تۇنجى سۆزى بىلەن ئاخىرقى سۆزى لائىلاھە ئىللەللاھۇ دېگەن كەلىمە بولسىلا، ئارىلىقىدا 1000

يىل ياشىسىمۇ، بىرمۇ گۇناھدىن سوراق قىلىنمايدۇ دېگەن يالغان ھەدىس.

1143 . پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىراسىنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن داۋا قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىس باتىل دېگەنلەر بار، ئىبنى كەسىر بۇ مەسىلىنى تارىخ كىتابىدا يەنى بەدايەتتە مۇنداق دېگەن.

پاتىمە ئانىمىز رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەسلەپتە ھەدىسنى ئۇقمىغان، كېيىن ھەدىسنى ئۇقۇپ، كەچۈرۈم سورىغان، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىككىسى يارىشىپ، ئەپلىشىپ ئاندىن دۇنيادىن كەتتى، كېسەل ۋاختىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوقلاپ بارغان دېگەن.

1144 . ساھابىلەر، تابىئىنلار، خەلىپىلەر، سۇلتانلار ھەرخىل مەزھەپ، ئېقىم، مىللەت توغرىسىدا نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەر بار بولۇپ، بىز پەقەت مىسال، ئۈلگە قىلىپ بىرنەچچىنى كەلتۈرۈپ قويدۇق، دىققەت قىلىڭ، ھەزەر قىلىڭ.

## رامىزاننىڭ ئاخىرقى بىر جۈمئەنى مۇھاپىزەت قىلىپ چىڭ تۇرۇش، چاياندىن داۋالىنىش توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1145 . رامىزان توغرىسىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەر بار، يالغان، زەئىپ ھەدىسلەر بار، بولۇپمۇ دوررەتوننىاسىھىندا ۋە باشقا ۋەز كىتابلىرىدا. قۇرئان بىلەن سەھىھ ھەدىسدىن باشقىسى ئۇنۇملۇكتەك قىلىسمۇ يەنىلا يالغاندە!، ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بوھتان،

تۆھمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

1146. نۇھ ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاپ، ئىسمىنى تىلغا ئالسا، يىلان، چايان چاقمايدۇ دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، مەترۇكتۇر. لېكىن تىرمىزىيدا ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىس بولۇپ، ئەھدى سۆزلىنىدۇ. بىز بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى كارامەتكە شەكسىز ئىشىنىمىز.

1147. ئەبۇدەجانەت ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلارغا ئۇچقىششى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر خەت پۈتۈك يېزىپ بېرىشى، ئاندىن بۇ كىشىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، تېخى جىن ــ شەيتانلارنىڭ يالۋۇرۇپ كېتىشى توغرىسىدىكى ھەدىسنى ئالىملار بىردەك يالغان ھەدىس دېگەن. جۈملىدىن ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن.

شۇنىڭدەك، ھازىرمۇ نۇرغۇن كاززاپلار مەن جىن ــ شەيتانلارنى كۆردۈم، ئۇنداق ئۇسۇل ئوينىدى، مۇنداق قىلدى دېگەنلەر يالغان. سەھىھ ھەدىستە ئۇلارنى پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرەلىگەن، ساھابىلار بولسا، باشقا بىر سۈرەتكە كەلسە ئاندىن كۆرەلىگەن، ھازىرقىلار ھايۋان سۈرەتتە كۆرۈشى مۇمكىن جىنكەشلەر بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلىيالايدۇ.

1148. يا ئاللاھ، سىنىڭ نىئمىتىڭدىن باشقا نىئمەت يوق، سەن ئاڭلاپ كۆرۈپ تۇرىسەن، (بىز قۇرئاننى ھەق بىلەن چۈشۈرگەن) دېگەن

ئايەت قاتارلىق نۇرغۇن لەۋزىلەر، خۇتبىلەر بولۇپ، ھەربىلى رامىزانىنىڭ ئاخىردىكى، جۈمئە مۇشۇ خۇتبىلەرنى ئوقۇسا، ئاپەتتىن، سۇغا غەرىق بولۇشدىن، ئوت كېتىشدىن ساقلىنىدۇ دىگەن بۇ خىل ئىشلار مەككە، مىسىر، يەمەن، مەغرىپ ۋە باشقا شەھەرلەردە مەشھۇر بولۇپ، بۇ ئىشلار پۈتۈنلەي بىدئەت، قىلچە ئاساسى يوق، يالغانچىلىقدۇر. بىز پەقەت ئەمەلنى، ئاللاھ، ئاخىرەت دەپلا قىلىمىز. ئەگەر، ئايەتتە، سەھىھ ھەدىستە بولسا، بىزمۇ شۇنى دەيمىز، ھەم قىلىمىز،ئەگەر بولمىسابىدئەتتىن بىزارمىز.

## ئۆلۈمنى ئەسلەش، مەلەكۇلمەۋت ئەزرائىلنىڭ كېلىشى، ئۆلۈم، قىيامەت، شاھادەت، روھلارنىڭ ئۇچرىششى، تۇيۇقسىز ئۆلۈم، قەبرىنىڭ تەسبىھسى، قەبرىنى زىيارەت قىلىش، ھايۋانلار ئۆلۈمى، جىنازا نامىزى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1149. ھەر كۈنى ئۆلۈمنى 20 قېتىم ئەسلىگەن كىشى قىيامەت كۈنى شېھىدلار بىلەن بىللە بولىدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

1150. ئۆلۈم پەرىشتىسى بىلەن ھاياتلىق پەرىشتىسى، مۇنازىرە قىلىشىپ قاپتۇ، بىرسى مەن تىرىكلەرنى ئۆلتۈرىمەن دىسە، يەنە بىرسى مەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن دەپتۇ. ئاللاھ، بولدى قىلىڭلار، سىلەرگە بويسۇندۇرۇلغان، سىلەرگە ۋەزىپە قىلىنغان، سىلەر بۇيرۇلغان خىزمىتىڭلاردا بولۇڭلار، مانا مەن ئۆلتۈرگۈچى، جاننى ئالغۇچى، ھاياتلىق ئاتا قىلىپ تىرىلدۈرگۈچى دەپتۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس. پەرىشتىلەر بىزدەك

ئىختىلاپ قىلمايدۇ، ئىتائەت قىلىدۇ.

1151. ئۆلۈم پەرىشتىسى ئەزرائىل، ئىبراھىم خەلىلىنىڭ جېنىنى ئالغىلى كېلىپ، مۇنداق دەپتۇ، سەن بىرەر ياخشى كۆرگۈچىنىڭ مەھبۇبىغا ئۇچقىششىنى ياقتۇرمىغىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، يا ئەزرائىل، جېنىمنى ئال دەپتۇ دېگەن ھەدىسىمۇ مەۋجۇد ئەمەس. پەقەت مۇھەببەتچىلەرنىڭ ئېغىزىدا مەۋجۇد.

1152. ئەگەر ئۆلۈمنىڭ ئازابىدىكى دەرت ــ ئەلەمدىن بىر تامچە زېمىندىكى تاغلارغا چۈشۈپ قالسا، ئەلۋەتتە تاغلار ئېرىپ كېتەتتى دېگەن ھەدىسىمۇ مەۋجۇد ئەمەس، بۇ پەقەت دەقائىقۇلئەخبار يەنى ئىنچىكە خەۋەرلەر دېگەندەك كىتابلارنىڭ يالغان ھەدىسلىرىدۇر. بۇنداق كىتاب بەك كۆپ بولۇپ، كىشىلەرنى ھىلى خوش قىلىپ، ھىلى غەم قىلدۇرۇپ، ھەيران قالدۇرۇپ، جان باققىلى ئەسقاتىدۇ.

1153. بەندە،ئۆلۈمنىڭ سەكراتى، مۇشەققەتلىرىنى تېتىغاندا، ئۇنىڭ مەفسەللىرى بىر ــ بىرى بىلەن سالاملىشىپ قىيامەت كۈنى كۆرىشەيلى دەپ خوشلىشىدۇ دېگەن ھەدىس، ئەبۇ ھەدىيەتىنىڭ يالغان نۇسخىسىدىن.

1154. ئەزرائىلنىڭ بىر تال زەھەرلىك نەيزىسى بولۇپ، بىر ئۇچى مەشرىقتە، بىر ئۇچى مەغرىپتە، شۇ نەيزە بىلەن ھاياتلىق تومۇرلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ دېگەن ھەدىس قاتتىق مۇنكەردۇر.

1155. ئەزرائىلنىڭ قىينىشى يەنى ئۆلۈم مۇشەققىتى قىلىچ بىلەن 1000نى ئۇرغاندىن يامان دېگەن ھەدىس مۇنكەر، مەترۇك. لېكىن ئۆلۈم ۋەئۇنىڭ مۇشەققىتى باردۇر.

1156. ئەزرائىل، بەندىلەرنىڭ يۈزىگە ھەركۈنى 70 قېتىم قارايدۇ، ئەگەر ئۇ جېنىنى ئالماقچى بولغان بەندە كۈلسە ھەيران قېلىپ، دەيدۇكى، مەن بۇنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولسامۇ، بۇ كۈلۈۋاتىدىغۇ، دەپ كېتىدۇ، دېگەن ھەدىس يالغان.

1157. بەندە بىلەن جەننەت ئارىلىقىدا چوڭ يەتتە داۋان بار، ئەڭ يەڭگىلى ئۆلۈم، ئېغىرراقى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىش دېگەن ھەدىس بىلەن ئالدىدىكى ھەدىس ئەبۇ ھەدبەتنىڭ توقۇغان يالغان ھەدىسلىرى، لېكىن ھېساب ھەق.

1158. كىچىك باللارنىڭ جېنىنى قىيناپ، تەستە ئالغانلىق، ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن گۇناھلىرىغا كاپارەت دېگەن ھەدىس يالغان بولۇپ، بۇنى ئەبۇ مۇقاتىل توقۇپ چىققان.

1159. سۇدا غەرىق بولۇپ ئۆلگەن كىشى بىر كېچە ـ كۈندۈز قالدۇرۇلۇپ ئاندىن دەپنە قىلىنىدۇ دېگەن ھەدىس مەترۇك، راۋىيسى كاززاپ، ساھابىلەر شۇ كۈنى دەپنە قىلغان.

1160. ئەنبۇھەت دېگەن كېسەلدە يەنى تۇنۇشلۇق بىر خىل كېسەل ياكى ھايۋان دەسسەپ ئۆلگەن كىشى بىلەن ئاق كېسەل ئۆلسىمۇ ئۆلگەن

بولمايدۇ دىگەن ھەدىس يالغاندۇر.

1161. ھەرقانداق ئۆلگەن ئادەم جۇنۇپ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن غۇسلى قىلدۇرۇلۇپ يۇيۇلىدۇ. ئۆلگەندە شېھىدلىق لەززىتىدىن سۇ چىقىپ كېتىدۇ دىگەن نۇھشەل كازراپنىڭ يالغان ھەدىسلىرى.

1162. مەلەكۇلمەۋتىنىڭ يەنى ئەزرائىلنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنىنى ئالغىلى گۈزەل سۈرئەتتە كېلىشى، دوستۇم جىبرىئىلنى قەيەردە قويۇپ كەلدىڭ دىسە، دۇنيا ئاسمىنىدا دەپ جاۋاب بېرىشى، شۇ زامان جىبرىئىل كېلىپ بېشىدا ئولتۇرۇشى قاتارلىق ئۈچ ۋاراق ھەدىس مۇنكەردۇر، ھېسابتا يوق.

1163. ئەزرائىل، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئەرنىڭ سۈرىتىدە كېلىپ، ھويلىدا سالام قىلىشى، ئائىلىدىكىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەندىن مەشغۇل، كېتىپ تۇر دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى قوغلامسىلەر، كىرگىن يا ئۆلۈم پەرىشتىسى دىگەن ئۇزۇن ھەدىس يالغان بولۇپ، ئەسرەم كازراپ توقىغان.

1164. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، بىر ئەرنىڭ مەخپى ئاۋاز قىلىپ تەئزىيە بىلدۈرىشى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياكى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ خىزىردۇر دىگەنلىكى مەۋجۇد ئەمەس. ئىمام نەۋەۋى بۇنى ئىنكار قىلغان، ئۇسەيمىين رەھىمەھۇاللە

يالغان دىگەن.

ئۇنى تەبرانى بىلەن ئىبنى ئەبى دۇنيا خاتىرلىگەن، لېكىن يالغان.

1165. مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە تەلقىن قىلىپ، لائىلاھە ئىللەللاھۇ دەڭ دەپ  سۆز قىلىش، سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا يوقتۇر، ئىبنى سىلاھ، نەۋەۋى، ئىبنى قاسىملار، ئىراقى ۋە باشقا شەيخلەر، بۇ زەئىپ، ئەمەل قىلىنمايدۇ دىگەن.

1166. كىم، كېسەل بولۇپ ئۆلسە، شېھىد بولىدۇ ياكى قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىدۇ دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس. مەترۇك بولۇپ، سەھىھ ھەدىسلەردە گۇناھقا كاپارەت دىگەن بار.

1167. غېرىپلىقتا ئۆلگەنلىك، شېھىد بولغانلىق دىگەن ھەدىسنىڭ ئىككى راۋىيسى مەترۇك، بىرسى كازىزاپ. لېكىن ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ شاھىدى بار دىگەن.

1168. جىنازىغا ئەگەشكەنلەرگە بىر پەرىشتە مۇئەككەل بولۇپ، ئۇلار غەمدە ماڭىدۇ، قەبرىگە مېيىتنى سېلىپ يانغاندا،  ئۇ پەرىشتە ئايالىرىڭلار قېشىغا قايتىڭلار، بۇ ئۆلۈك مېيىت، ئاللاھقا خاس دەپ بىر چاڭگال توپىنى ئېلىپ ئارقىسىدىن ئاتىدۇ دىگەن يالغان ھەدىس، ھەدبەتنىڭ نۇسخىسىدۇر.

1169. كىم جىنازا نامىزىغا قاتنىشىپ، ئەگەشسە، ئاللاھ ئۇنىڭ 40 گۇناھى ــ كەبىرىسىنى ئۆچۈرىدۇ دىگەن ھەدىسنىڭ ئىككى راۋىيسى

كازراپ ئىكەن، سەھىھ ھەدىستە ئىككى قىيرات ساۋاب سۆزلىنىدۇ.

1170. كېسەل يوقلاش، 40 ـ 50 يىللىق ئىبادەتتىن ياخشى دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، ئىشەنچسىزدۇر.

1171. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جىنازىغا ئەگىشىپ بېرىپ قەبرىگە قويغاندا بىر پارچە رەختنى يېيىپ تۇرۇپ، مۇنداق دېگەن، قەبرە ئىچىدىكى ئىشلار ئامانەت، ئۇنى سىلەر كۆرىۋالماڭلار، كېيەن يېشىلىپ قارا يۈز ئاشكارا بولۇشى ياكى يىلانلار يۆگىشىپ تۇرغان كۆرۈنۈش ئاشكارىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ دېگەن ئامانەت دېگەن ھەدىس يالغاندۇر. ئىشەنمەڭ. بۇ توغرىسىدىمۇ سەھىھ ھەدىسلەر بار، شۇنى كۆرۈڭ.

1172. قېرىندىشىڭنىڭ خاپىلىقىغا خۇرسەنلىكىڭنى ئاشكارا قىلما، كۈنلەردىن بىر كۈن ئالLAھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىپ، سېنى شۇ خاپىلىق بىلەن سىنايدۇ دېگەن ھەدىسنى ئىمام سۈيۇتى سەھىھ ئەمەس دېگەن. ئىمام سوغانى يالغان دېگەن. قەزوينى بۇ مەسابىھنىڭ يالغان ھەدىسى دېگەن، بىر راۋىيسى ئەمبۇرئىبنى ئىسمائىل كازراپ ئىكەن. بەزىلەر بۇ ھەدىسنىڭ شاھىدى بار، زەئىپ ياكى ھەسەن دېگەن.

1173. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەئزىيە خىتى يېزىپ بېرىشى، سەھىھ ئەمەس. ئەمەلىي تارىخقا زىتتۇر، چۈنكى، ئۇ بالا

www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋاپات بولغان.

1174. قىزلار ئۆلۈپ كەتسە، دەپنە قىلىش ئىسسىق ئىشتۇر دېگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەستۇر.

1175. ئايال كىشى ئۈچۈن ئىككى پەردە، ھېجاپ بار، بىرى قەبرە، بىرى ئەر كىشى، ئەۋزەلرەكى قەبرە دېگەن ھەدىس يالغاندۇر.

1176. قەبرە نېمىدېگەن ياخشى كۈيئوغۇلدۇر، يەنى قىزىمنىڭ ئېرى بولغاندىن قەبرىسى ياخشى دېگەن ھەدىس مەترۇك، ئىشەنچىسىز، بەزى ئالىملار قىز بالىنىڭ كەلگىنىدىن كەلمىگىنى ياكى ئۆلۈپ كەتكىنى ياخشى دەپ باققان، توغرىسى قۇرئان، ھەدىستۇر.

1177. ئاياللارغا 10 ئەۋرەت بولۇپ، ئەرگە تەگسە بىرسى پەردىلەنگەن ھېسابلىنىدۇ، ئۆلگەندە قەبرە قالغان توققۇزىنى ھېجابلاپ پەردىگە ئالىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، لېكىن ئاياللار قاتتىق دىققەت قىلىشى، ھېجابلىنىشى لازىم.

1178. ئۆلۈپ كەتكەن مېيىتلىرىڭلارنى ياخشى، سالىھ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇڭلار، چۈنكى، مېيىتمۇ خۇددى تىرىك كىشىلەر خوشنىسىدىن ئازار يەتكەندەك يامان خوشنىسىدىن ئازار يەيدۇ دېگەن ھەدىس مەترۇك، راۋىيسى كاززاپ، لېكىن بۇ ئىشقا نۇرغۇن سەلەپ ئالىملىرىمۇ ئەمەل قىلىپ كەتكەن، ھازىرمۇ شۇنداق پىلانلار بار. لېكىن، بىر ئالىم بۇ توغرىسىدا

مۇنداق بىر ھىكمەتلىك سۆزنى قىلغاندۇر. ئۇلۇغ، مۇقەددەس زىمىن ياكى سالىھلار بار زىمىن بىرەر ئىنسانىنى ئۇلۇغ، مۇقەددەس، سالىھ قىلىپ قويمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى سالىھ قىلىدۇ دىگەن.

1179. مىيىتلارنىڭ كىپەنلىرىنى ياخشى قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇلار ئۆزئارا زىيارەت قىلىشىدۇ، قىيامەت كۈنىمۇ كىپەنلىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ دىگەن ھەدىس سەھىھ ئەمەس، بىز سالىھ، ياخشى ئەمەلگە تايىنىمىز، راۋىيىسى كاززاپ، بۇھەدىس مەترۇكتۇر.

1180. پاتىمە ئانىمىز رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئۆزى ئۆزىنى غۇسلى قىلىپ يۇيۇۋالغان، كىپەنلىرىنى كىيىۋالغان، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن شۇنىڭ بىلەن كۇپايە بولغان دىگەن يالغاندۇر، چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسى يۇغانلىقى خاتىرلەنگەن.

1181. كىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى بىرسىنىڭ قەبرىسىنى ھەر جۈمئە كۈنى زىيارەت قىلىپ بەرسە، بۇ كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچى دەپ يېزىلىدۇ دىگەن ھەدىس زەئىپ، باتىل، سىز ئەڭ ياخشىسى ھايات چاغدا ياخشىلىق قىلىڭ.

1182. كىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى تاغا، ھاممىسىنىڭ ياكى ئاكا ـ ئىنىسىنىڭ، ئاچا ـ سىڭلىسىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن مەقبۇل بولغان بىر ھەج پۈتۈلىدۇ. پەرىشتىلەر

ئۇنىڭمۇ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى ئاساسى يوق. مۇبالىغىچىلەر ئىبنىزنى تاتلىق قىلىپ سۆزلەيدۇ.

1183. مېيىت، قەبرىگە لاي قويۇلمىغۇچە ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئەگەر لاي قويۇلۇپ بولۇپ تۇپراق چۈشتى دېگەندە، ئاڭلىيالمايدۇ دېگەن ھەدىس يالغاندۇر، سەھىھ ھەدىستە مۇتلەق ئاڭلىشى بار.

1184. كىم بىرەر قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتۈپ، سۈرە ئىخلاسنى 21 قېتىم ئوقۇپ ساۋابىنى مېيىتلەرگە يوللىسا، شۇ جايدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ سانىنىڭ باراۋىرىدە ئەجىر بېرىلىدۇ دېگەن ھەدىس ئابدۇللا ئىبنى ئەھمەتنىڭ يالغان نۇسخىسىدىن، سۈرە ئىخلاسنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننى بىر تامام قىلىدىغان تۇرىسا.

1185. لالەئى دېگەن كىتابدا ئىمام سۇيۇتى رەھمەھۇللا، بارلىق ھايۋان، ھاشارەتلەرنىڭ ئەجىلى، زىكرى ــ تەسبىھگە باغلىق، ئەگەر ئۇلار زىكرى ــ تەسبىھنى ئۈزۈپ قويسىلا ئاللاھ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ دېگەن ھەدىسنى شەكسىز يالغان دېگەن بولۇپمۇ ئەزرائىل ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالماي ئۆزى ئۆلۈپ كېتىدۇ دېگەن يالغان.

## پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار قەبرىسى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1186. ھازىر ۋە بۇرۇندىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر قەبرىسى بۇت ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىپ كەلدى، شېھىد، سالىھ ئەۋلىيالار قەبرىسىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى، بۇ توغرىسىدىكى بىدئەتلەر سان ــ ساناقسىز كۆپتۇر، بولۇپمۇ

سوپىلار، قەبرىگە چوقۇنۇپ، شېرىك كەلتۈرگەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھازىرمۇ باردۇر. بۇ توغرىسىدىكى زەئىپ، يالغان ھەدىسلەردىن بىدئەت، خۇراپاتلاردىن ھەزەر قىلىڭ، قەبرىگە، مەسجىد سالغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلغاندۇر.

1187. پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا يەنى ئۆلۈپ كەتكەن ۋاختى، قەبرىس توغرىسىدا سەھھ ھەدىس بولمىسا، ھەرگىز ئىشەنمەڭ. مەسىلەن: ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى، ھەجەر يېنىدا دىگەن زەئىپ، قاھىرەدىكى مەشھەد ھۇسەينى يەنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ جايدا شېھىد بولغان دىگەن بۇ سۆز بارلىق ئالىملار ئىتتىپاققا كېلىش بىلەن باتىلدۇر. شۇنداقلا، ئۇنىڭ قىزىنىڭ زىيارەت قىلىنىۋاتقان قەبرىسىمۇ ئۇ ئەمەس ئىكەن، لېكىن، جاھىل، نادان كىشىلەر يەنىلا زىيارەتتىن سىرت بىدئەت، خۇراپىي ئەقىدىلەرنى قىلىۋېرىدۇ.

1188. بۇنداق ئەھۋاللار بىزنىڭ دىيارلاردىمۇ كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى يالغان سۆز ياكى زەئىپ، ئەڭ خەتەرلىكى شېرىك ئەقىدىلەر، خۇراپات، بىدئەتلەر، مەسىلەن: قەبرىستانغا بېرىپ قان قىلىش، قۇربانلىق ئاللاھقا خاس بولغاچقا بۇنداق قىلىش شېرىك ئەقىدىدۇر.

## كۈن، ئاي تۇتۇلۇشقا ئوخشاش ئاسمان ھادىسلىرى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1189. ھەر ئايدا ئاي تۇتۇلۇش توغرىسىدىكى ئۇزۇن ھەدىسنى ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا يالغان دېگەن، شۇنداقلا ئەمەلىيەتمۇ يالغان دەيدۇ.

1190. ئاسماندىكى سامان يولى، ئاق بەلۋاغ، ئەرشى ئاستىدىكى يىلاننىڭ تومۇرىدۇر دېگەن ھەدىس مۇنكەردۇر.

1191. ئەرشى نۇرغۇن يىلانلار بىلەن يۆگەلگەن، ئاي شەپەقتىن بۇرۇن غايىپ بولسا، بىر كېچىلىك غايىپ بولغان بولىدۇ، ئاي 29 كۈن بولىدۇ. ئەگەر شەپەقتىن كېيىن غايىپ بولسا، ئىككى كېچىلىك غايىپ بولغان بولۇپ، بۇ چاغدا بىر ئاي 30 كۈن بولىدۇ دېگەن ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، خۇددى كۈننى بىر پەرىشتە ئىچىگە يۇتۇۋېلىپ، ئەتىگىنى مەشرىقتىن چىقىرىدۇ دېگەن سۆز يالغان بولغاندەك.

1192. زېمىننى كالا، كالىنى بېلىق، ئۇنى بىر تاختا كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ھەدىس يالغاندۇر.

1193. كىم يېڭى ئاينى كۆرۈپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، سۈرە فاتىھەنى يەتتە قېتىم ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى كۆز ئاغرىقىدىن ساقلايدۇ دېگەن ھەدىس مەترۇك، راۋىيسى ئارىسىدا كاززاپ بار.

1194. ئىككى ئاي كامىل 60 كۈنگە توشمايدۇ دېگەن ھەدىس يالغان.

1195. رامىزان تۇتقان كۈنى تۆگە ئۆلتۈرۈڭلار دېگەن ھەدىسنى ئەھمەد رەھمەھۇللا بۇ كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا بار، لېكىن، ھەدىس كىتابىدا

يوق دىگەن.

1196. ئىككى جايدا كولۇك كۆپ بولىدۇ، بىرى يېڭى ئاينى كۆرگەندە يەنە بىرى مايمۇننى كۆرگەندە كۆپ كۈلۈش يۈز بېرىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان، بولۇپمۇ ھازىر قانداق كۈلگىلى بولار؟

## ئاخىر زامان، پىتنە، قىيامەت ئالامەتلىرى، ئىمام مەھدى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1197. ئەينى چاغدا كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇپ 1000 يىلدىن كېيىنلا قىيامەت قايىم بولىدۇ دىگەن ئىدى، ئىمام نەۋەۋى بۇ باتىل، ئەسلى يوق دىگەن، مانا ھازىر بۇ يالغان سۆز بولۇپ چىقتى.

1198. ئاخىر زاماندا پىتنىنى يامان كۆرۈپ كەتمەڭلار، ئۇ دىگەن مۇناپىقلارنى يوقىتىدۇ، زىيىنى يوق دىگەن ھەدىسنى ئالىملار بۇ باتىل، رەت قىلىنىدۇ دىگەن. چۈنكى، ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر پىتنىدىن ھەزەر قىلدۇرىدۇ، پاناھ تىلەشكە بۇيرۇيدۇ، يۇقىرقى ھەدىسنى ئىبنى تەيمىيە يالغان دىگەن.

1199. شۇنداقلا پىتنە كۆپىيىپ كەتكەندە، مۆلدۈر ئەتراپىنى لازىم تۇتۇڭلار دىگەن، ھەدىسمۇ يالغان بولۇپ، بۇ چۈشىنىكسىز ئەلۋەتتە، شۇنىڭدىنمۇ يالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

1200. ئاخىر زاماندىكى كىشلەر كەپتەر پوكىنىدەك چاچ ـ ساقاللىرىنى قارا رەڭدە بويىۋالىدۇ، ئاخشىمى ساق يېتىپ ئەتىگىنى مايمۇن، توڭگۇزغا ئۆزگىرىپ قوپىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان.

1201. قىيامەت يېقىنلاشقاندا، يىللار سانىدىكى ساناق سان، 100گە توشقاندا، ئاللاھ بىر خىل سوغۇق شامال ئېۋەتىپ، بارلىق مۆئمىنلەرنىڭ جېنىنى ئالىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئالىملار باتىل دىسە، بەزىلەر زەئىپ، شاھىدى بار دىگەن.

1202. شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بارلىق كىشلەر بىرسى ـ بىرسىنى مۇناپىق دىيىشىپ كېتىدۇ، بۇ ئىشىدىن پەقەت ئۆيدە جىم ئولتۇرغان كىشلا سالامەت قالىدۇ دىگەن ھەدىس مەترۇك بولۇپ، راۋىيسىدا نەققاش دىگەن ئەيىبلەنگەن كىشى باردۇر.

1203. كىم ئۆزىدىن، دىنىدىن ئەنسىرەپ دىنىنى ساقلاش ئۈچۈن بىر زىمىندىن يەنە بىر زىمىنغا قېچىپ يۈرسە، ئۇ ئاللاھنىڭ نەزلىدە سىددىق دەپ يېزىلىدۇ، ئۆلسە شېھىد بولىدۇ دىگەن يالغان ھەدىسنى مۇجاشىئ توقىغان.

1204. ھىجرىيە 100 ـ يىلدىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ھاجەت ئادا قىلغۇدەك، ئاللاھ قوشۇن قىلغۇدەك بىرمۇ بالا تۇغۇلمايدۇ دىگەن ھەدىس يالغان، نۇرغۇن مۇجاھىدلار، ئىماملار، جۇملىدىن كاتتا ئىماملار مۇھەددىسلەر 100 ـ يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان، ئاشۇ توققۇز كىتابنىڭ كاتىپلىرى،

بۇخارى، مۇسلىملار 194 ـ ، 204 ـ يىللىرى تۇغۇلغان.

1205. دۇنيانىڭ زىننىتى يەنى ئىسلام نۇرى ياكى يارامىلىق كىشىلەر ھىجرىيە 125 ـ يىلىغا يەتكەندە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ دېگەن ھەدىس يالغان، ئىسلام ۋە نۇرى قىيامەتكىچە مەۋجۇدتۇر.

1206. ئۈممىتىمگە ھىجرىيە 380 ـ يىلى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا كىشىلەردىن ئايرىلىش، توي قىلماسلىق، تاغلار چوققىسىدا راھىب بولۇش ھالالدۇر دېگەن ھەدىس شەكسىز يالغاندۇر.

چۈنكى، توي قىلماسلىق ھارام ئەمەس، ئىلىم، ئىبادەت، جىھادنى دەپ نۇرغۇن ئالىملار توي قىلماي كەتتى. فىقھى ئالىملارمۇ بۇ مەسىلىنى ئوچۇق سۆزلىگەن، كۆرۈلگ، شۇنداقلا ئىسلام دىنىدا زاھىدلىق بولسىمۇ، راھىبلىق يوق، خۇددى زاھىد،دېيىش دۇرۇس، سوپى دېيىش ئەمەس.

1207. ئاخىر زاماندا شۇنداق بىر خەلىپە بولىدۇكى، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ئەمەس دېگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، بىز ئەھلى سۈننى ۋەلجامەئە تۆت خەلىپىنى ئۈممىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كىشىلىرى دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، بۇ ئەقىدىگە تاقىشىدىغان مەسىلىلەر بولۇپ، كىشىلەر ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، دىققەت قىلىڭلار، بىلمىسەڭلار سوراڭلار.

1208. ئىمام مەھدىي دېگەن ئىسا شۇ، مەھدى دەپ ئىسادىن باشقا بىرسى يوق دېگەن ھەدىس يالغان، بۇ ھەدىسنى ئىمام سوغانى يالغان

دىگەن. شۇنداقلا بەلەد دەپ ئاتىلىدىغان ھەرقانداق شەھەر، ئايەت بىلەن خاراپ بولىدۇ دىگەن ھەدىس يالغان. چۈنكى، ئاللاھ، مەخسۇس بىر سۈرىدە (سۈرە بەلەدتە) بەلەد دەپ ئاتىغاندۇر، ئۇ مەككە شۇدۇر.

1209 . ئۇيغۇرلاردا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۈچاغا كەلگەن، بالىسى ئىمام مەھدىي ھازىر تاغدا ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۇ 12 _ ئىمام دەيدىغان شىيئەر، ئىمامىيىيەلەر ئەقىدىسى بولۇپ، بۇ شەكسىز يالغاندۇر، شۇنىڭدەك ئەسھابۇلكەھپىنى شىنجاڭدا بار دەپ قاراش خاتا، ئۇ سۈرە كەھپىنىڭ تەپسىرىدە پەلەستىن ئەتراپىدا دىيىلگەن.

## قىيامەت ئىشلىرى دۇنيانىڭ ئۆمرى، ھەشر كۈنى، مۆئمىن ئەھۋالى، روھ بىلەن جەسەدنىڭ داۋاسى، جەننەتتىكى بازار، جەننەتتە بالا تۇغۇلامدۇ؟ دىگەن ئىشلاردىكى يالغان ھەدىسلەر

1210 . بۇ دۇنيانىڭ بارلىق ئۆمرى يەتتە كۈن، يەنى ھەربىر كۈن 1000 يىل، دىمەك، 7000 يىلدۇر دىگەن ھەدىس يالغاندۇر، يەھۇدىيلار ئېتىقادىدۇر.

1211 . ئاللاھ، قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى ئانىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئىبنى ئەدىي مۇنكەر دىگەن ئىبنى جەۋزى



www.uyghurkitap.com

يالغان دېگەن.

1212. مەيلى ياخشىلىقتا بولسۇن، مەيلى يامانلىقتا بولسۇن، بىرەر ئىشتا ھەمكارلاشقان ھەمراھلار قىيامەت كۈنى بىللە قوپۇرۇلىدۇ دەپ، سۈرە تەكۋىردىكى يەتتىنچى ئايەتنى يەنى **جانلار ئۆز قاياشلىرىغا قوشۇلغان چاغدا** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى دېگەن ھەدىسنى ئالىملار باتىل دېگەن، سەھىھ ھەدىستە بىر _ بىرىنى ياخشى كۆرگەن مۆئمىنلەر بىللە قوپۇرۇلىدۇ دېگەن بار.

1213. قىيامەتنىڭ كۈنى ھەسرەت _ نادامەت، پۇشايماننىڭ كۈنىدۇر،دېگەن ھەدىس تايكانىينىڭ توقىغان سۆزىدۇر. چۈنكى، ھەسرەت، پۇشايمان قىلمايدىغانلارمۇ باردۇر.

1214. قىيامەت كۈنى ئازابدىن قېچىپ، روھ بىلەن جەسەد داۋالىشىدۇ، جەسەد روھ بولمىغان بولسا مەن ھېچ ئىش قىلالمايتتىم دەپ تۇرىۋالىدۇ، روھ بولسا، جەسەد بولمىسا مەن ھېچ ئىش قىلالمايتتىم دەپ تۇرىۋالىدۇ، بۇلارغا ئاندىن ئەما بىلەن مىيىپ ئولتۇرۇم كىشىنىڭ مىسالى كەلتۈرۈلىدۇ، ئەما، مىيىپنى كۆتۈرىدۇ، مىيىپ، ئەماغا كۆرۈپ تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىدۇ، ئاخىرىدا ئىككىلىسى جىنايەتچى بولىدۇ دېگەن ھەدىس يالغاندۇر، يالغانلىقىدا ئىختىلاپ يوقتۇر.

1215. دوۋزاختا تۇرىدىغان مۆئمىننىڭ ئەڭ ئۇزاق ۋاختى 7000 يىلدۇر، ئاندىن گۇناھى تۈگەپ ياكى شاپائەت بىلەن چىقىرىلىدۇ دېگەن

ھەدىس، تىرمىزىدا بار بولۇپ، زەئىپتۇر، ئاللاھ بىزلەرنى دوۋزاخىدىن ساقلىسۇن. ئامىن!!!

1216. دوۋزاخدىن چىقىدىغان كىشىنىڭ ئاخىرى 7000 يىل ئازابلىنىدۇ دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، گەرچە ئىلگىرىكى ھەدىسكە مەنىداش بولسىمۇ بۇ سۆز يوق.

1217. زەيىل دىگەن كىتابدا، جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشىنى جۇھەينەت دىيىلىدۇ. جەننەت ئەھلى ئۇنىڭدىن دوۋزاختا ئازابلىنىۋاتقانلار بارمۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇ ياق، قالمىدى دەپ جاۋاب بېرىدۇ دىگەن ھەدىس باتىل، چۈنكى، قۇرئاندا سەھىھ ھەدىستە دوۋزاختا كاپىرلار، مۇناپىقلار مەڭگۈ ئازابلىنىدۇ دىگەن ئوچۇق باردۇر.

1218. جەننەتتە ئاللاھنىڭ جامالىغا قاراپ تۇرۇش، ھەربىر پەيغەمبەر، سىددىق، شېھىدلارغا ۋاجىپتۇر دىگەن ھەدىسنىڭ راۋىيىسىدا ئەمرۇئىبنى خالىد دىگەن كىشى بولۇپ، بۇ كاززاپ دەپ ئەيىبلەنگەن ھەدىسى مەترۇك. لېكىن، بۇ توغرىسىدا قۇرئان، سەھىھ ھەدىستە ئوچۇق مەلۇمات بار، شۇلار كۇپايە.

## ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكى، شاپائەت، پىدا قىلىشى توغرىسىدىكى يالغان ھەدىسلەر

1219. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممىتى ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

رەھمەتنى سوراۋەردى، **پەرۋەردىگارىڭ كىشىلەر زۇلۇم قىلىسمۇ، يەنىلا ئۇلارغا مەغپىرەت ئىگىسىدۇر** دىگەن ئايەت چۈشكەندە، توختاپ قالدى دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس.

1220. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى ئاللاھ، ئۈممىتىمنىڭ ھىسابىنى ماڭا قىلساڭ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى مەندىن باشقا ھىچكىشى كۆرمىسە دىگەندە، ئاللاھ ئۇلار ساڭا ئۈممەت بولسا، ماڭا بەندە، مەن ئۇلارغا سەندىنمۇ رەھىم قىلغۇچى، ئۇلارنىڭ ھىسابىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى سەنمۇ بىلمەي قالىسەن دىگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، شۇنداقلا بۇ سەھىھ ھەدىسكە زىتتۇر، سەھىھ ھەدىستە نۇرغۇن ئۈممەتى ھەۋزى كەۋسەردىن توسۇلۇپ قالىدۇ، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى سەن بىلمەيسەن دەيدۇ.

1221. يۇقىرقى ھەدىسكە ئوخشاش يەنە ئىككى ھەدىس بولۇپ، بۇلاردىمۇ ھىسابىنى ئۆزۈم ئالىمەن، ئۇلارنى راسۋا قىلمايمەن دەيدىغان سۆزلەر شۇنداقلا بولدى، بولدى ئەمدى كۇپايە دىگەن سۆزلەر بار، بۇ ھەدىسلەرنى نەققاش بىلەن مۇھەممەد ئىبنى ئەييۇپ دىگەن كاززاپلار توقىغان. سىلەر بۇ ھەدىسكە يۆلەنمەڭلار، ئەمەل قىلىڭلار، گەرچە رەھمەت كەڭرى، شاپائەت ھەق بولسىمۇ، ئۇنى بىزگە تىبخىمۇ كۆپ ياخشى ئەمەل قىلامدىكى، تىرىشامدىكى، ئۈمىد ئۇزمىسۇن، تۆۋە قىلسۇن دەپ سۆزلەپ بەرگەن.

1222. مىنىڭ شاپائىتىم، ئۈممىتىمنىڭ جاپابىرەت، زالىملىرىغا يىتىدۇ

دىگەن ھەدىسنى مەشھۇر يالغانچى، مەئمۇن رىۋايەت قىلغان، شاپائەت شۇنىڭغا لايىق كىشىگە ئاللاھ رۇخسەت قىلىپ، ئىزنە بەرسە ئاندىن بولىدۇ.

1223. مۆئمىن بەندە جەننەتكە بۇيرۇلۇپ، ئۇ ماڭغاندا ئاللاھ بىرەر دوستۇڭ يوقمىدى؟، شاپائەت قىلۋالغىن دەيدۇ، ئۇ مۆئمىن، مىنىڭ دۇنيادا يەھۇدىي، ناسارا دوستۇم بار ئىدى، ئۇ ماڭا جاي بەرگەن، ياردەم بەرگەن، ياخشىلىق قىلغان دەيدۇ. ئاندىن، ئاللاھ، سەن مىنىڭ جەننەتكە شىرىك ئەھلىنى ھارام قىلغىنىمنى جەننەتنىمۇ مۇشرىك كاپىر، مۇناپىققا ھارام قىلغىنىمنى بىلىسەن، مەن ئۇ دوستۇڭنى جەننەتكە كىرگۈزەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆي قىلىپ بىرەي، ئۇ دوۋزاخنىڭ ئىسسىق ــ سوغۇقىدىن ساقلانسۇن دەيدۇ دىگەن ھەدىس يالغاندۇر. چۈنكى، دىنسىز، مۇشرىكنىڭ ئەملى قوبۇل ئەمەس، پايدىسىنى دۇنيادىلا ئېلىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى دوست تۇتۇش ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن، مۆئمىن كىشى ئۇلارنى دوست تۇتمايدۇ. الله قادىردۇر.

1224. مۆئمىن كىشىلەر بىلەن كۆپ تونۇشۇپ قويۇڭلار، قىيامەت كۈنى تونۇش كىشىلەرمۇ شاپائەت قىلىدۇ دىگەن ھەدىسنى ئەسرەم كاززاپ توقۇغان، خىلى چانمغىدەك توقۇپتۇ.

1225. شېھىدلار كىچىك باللار قىيامەت كۈنى ئاتا ــ ئانىلىرىغا سايە تاشلاپ، شاپائەت قىلىشى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر يالغان، تۆت كاززاپ بار ئىكەن، لىبكىن، ئايەتتە، سەھىھى ھەدىستە، شېھىد، كىچىك ئۆلۈپ

كەتكەن مۇسۇلمانىنىڭ باللىرىنىڭ ھەققەتەن پايدىسى بارلىقى سۆزلىنىدۇ، مەخسەت، راست، توغرا بىلەن يالغاندىن بىھاجەت بولۇش.

1226. ئاياللار بويىدىن ئاجراپ، چۈشۈپ كەتكەن گۆشلەرمۇ، قىيامەت كۈنىدە مىزاندا ئېغىر كېلىدۇ، ئاتا _ ئانىسىغا شاپائەت قىلىدۇ دىگەن ھەدىس ئەبى ھەدبەتنىڭ يالغان نۇسخىسىدىن، لېكىن مۇسۇلمان ئايالغا شۇ ئىشىدا كاپارەت بار.

1227. مەھشەر كۈنى كىچىك باللار توپلىشىپ بىرلىشىپ، ۋارقىشىپ، ئاۋاز قىلىشىپ، ئاتا _ ئانىلىرىغا شاپائەت قىلىش توغرىسىدىكى ئۇزۇن بىر ھەدىسنى لالەئى دىگەن كىتابىدا ئىمام سۇيۇتى ئەسلى يوق دىگەن.

1228. قىيامەت كۈنى بىر بەندە ھېسابىدا ئۇزۇن تۇرۇپ، ئى ئاللاھ، ماڭا رەھىم قىلساڭ، دىسە، ئاللاھ مەن ساڭا رەھىم قىلاي، سەن دۇنيادا بىرەر نەرسىگە رەھىم قىلغانمۇ؟ قېنى قۇشقاچ چاغلىق نەرسىنى ئەكىلىپ باق دەيدۇ، دىگەن ھەدىسكە ئاساسەن ساھابىلەر مەخسۇس قۇشقاچنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلاتتى دىگەن ھەدىس مۇنكەردۇر، راۋىيسى كاززاپ.

1229. ئاللاھنىڭ كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلىشنى بىلگەن كىشى چوقۇم مەغپىرەت قىلىنىپ كەچۈرىلىدۇ دىگەن ھەدىس تايكانىينىڭ يالغان سۆزىدۇر.

1230. قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەربىر مۇسۇلمان بىردىن

يەھۇدىي، ناسالارنى ئەكىلىپ، مانا بۇ مېنىڭ پىدىيەم، بۇ مېنىڭ ئورنۇمدا جەھەننەمدە كۆيسۇن دەپ قۇتۇلىدۇ دېگەن ھەدىس مەۋجۇد ئەمەس، چۈنكى، ئۇنداق قىلمىسمۇ ئۇلار بەربىر دوۋزاختا بولىدۇ.

1231. ئاللاھ، جەھەننەمنى رەھمەت پەزلىدىن ياراتقان بولۇپ، بۇ قامچىسى بىلەن بەندىلىرىنى جەننەتكە ھەيدەيدۇ دېگەن ھەدىسمۇ مەۋجۇد ئەمەس، جەھەننەم ئاللاھنىڭ غەزىپى، ئادىللىقى.

1232. تىرمىزى رەھمەھۇللا مۇنداق دېگەن: قەلب، ھېس ــ تۇيغۇسى بىلەنلا بىلىۋالىدىغان مۇنداق بىر ھەدىس بار، ئۇ بولسىمۇ مۆئمىنلەر ۋەدىسگە ۋاپا قىلىدۇ دېگەن ئايەت چۈشكەندە بۇ ئايەتتە نەزىر دېگەن سۆز بولغاچقا، ئەھلى بەيت ئۈچ كۈن نەزىر بەرگەن، ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساقايغاندا، ئۈچ كۈن روزا تۇتقان دېگەن ھەدىس باتىل.

1233. تەھارەت، ناماز، دۇرۇت، زىكىر ــ تەسبىھ، رامىزان، زاكات، ھەج توغرىسىدا نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەر بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئېغىزلىرىدا، ئېغىزدىن ــ ئېغىزغا يۆتكەپ سۆزلەپ يۈرىشىدۇ، شۇ سەۋەبدىن بىدئەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دىققەت قىلىڭ، مەسىلەن: ھەج قىلىپ كېلىپ، بىرەر گۇناھنى قىلىپ سالسا، ئۆتمۈشىدىكى مەغپىرەت بولۇپ بولغان بارلىق گۇناھلىرى يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ، ئۇ مەڭگۈ تۈگىشىدۇ دەپ كىشىلەرنى قورقىتىدۇ، ئاندىن كىشىلەر 40دىن ئاشقاندا قېرىغاندا ھەج قىلايلى دەپ خاتالىشىدۇ، ھەممىسى يالغان سۆزدۇر.

ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن ئاپتور، مۇھەممەد تاھىر بۇ كىتابنى ھىجرىيە 958 ــ يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن.

مەن بۇ ئەسەردىن ئەڭ يالغان دېگەن ھەدىسلەرنى، خۇراپىي سۆزلەرنى، بىدئەت، خاتا ئەقىدىلەرنىڭ ئاساسلىرىنى تاللاپ، 2006 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 25 ــ كۈنى تەرجىمىنى پۈتتۈردۈم، لېكىن، سىلەر شۇنى بىلىۋېلىشىڭلار كېرەككى، يالغان ھەدىسلەر بۇ كىتاب بىلەن تۈگەپ قالمىدى، ئالىملار بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن خىلمۇ ــ خىل سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان يالغان ھەدىسلەر 15000دىن ئاشىدۇ دېگەن، ئاددىيسى بىر دىنسىزلا 4000 يالغان ھەدىسنى، ھەدىسلەر ئارىسىغا كىرگۈزۈۋېتىپ مۇنداق دېگەن: مەن نۇرغۇن ھالاللارنى ھارام ، ھاراملارنى ھالال قىلىۋەتتىم دېگەن. ئۆز ۋاختىدىكى خەلىپە قىلىچە قورقۇپ قالماي، خاتىرجەم بول، بىزنىڭ ھەدىس تەتقىقاتچى ئالىملىرىمىز بولسىلا، ئۇ يالغان ھەدىسلىرىڭنى سەھىھ ھەدىسلەر ئارىسىدىن خۇددى بۇغداي ئۇنىدىن كېپەكنى ئايرىپ تاشلىغاندەك ئايرىپ تاشلايمىز دەپ ئۇ دىنسىزنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇغان، مانا بۇ كىتابدا شۇ كاززاپىنىڭ يالغان ھەدىسلىرى ئايرىلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىز ئۇنى 4000 دىدۇق، مەخسىتىمىز يالغان ھەدىسلەر بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ كەتمىدى.

نۇرغۇن تەپسىر كىتابلىرىدا ھەدىس، شەرھىلىرىدە، ۋەز ــ نەسىھەت كىتابلىرىدا ئەقىدە، ئۆرپ ــ ئادەتلەردە بۇ نۇرغۇندۇر. بىز پەقەت ھەربىر

www.uyghurkitap.com

مەسىلە ئۈستىدە ئايرىم باب توختۇتۇپ، بىر نەچچە يالغان ھەدىسلەرنى مىسال، ئۈلگە ئورنىدا يازدۇق، زېھنىڭلارغا (يالغان ھەدىسلەر) دىگەن بىر چوڭ تېمىنى سالدۇق، ئەمدى قالغان ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت سىلەردە، جامائەت، قەۋم بولساڭلار، ئالىملاردىن يەنى ھەقىقى مۇئتەبەر ئالىملاردىن سوراڭلار، تالىپ، ئوقۇغۇچى بولساڭلار، ئۇسۇل ھەدىسنى، ئۇلوم ھەدىسنى تەتقىق قىلىپ، ياخشى ئوقۇپ، راست _ يالغاننى، سەھىھ، زەئىپنى ئايرىپ، ھەدىسكە بولغان مۇئامىلىنى توغرا قىلىپ، ئەمەل قىلىڭلار، كەلگۈسىدە يارامىلىق فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس، ھەتتا تەپسىرشۇناس، دوكتۇر، ئەللامە بولۇپ يېتىشىپ چىقىڭلار، ئاللاھ مۇرادىڭلارغا يەتكۈزسۇن. ئامىن!!!

ئەگەر ئىلىمى ئازىراق، يۈز _ ئابرۇيى بىلەن سەللە، تون چوڭ موللام بولساڭلار، ياكى بىدئەتچى داشقاللار بولساڭلار، ئىلىم ئېلىڭلار، ياخشى ئەمەلنى كۆپلەپ قىلىڭلار، ئىمان، ئەقىدەڭلارنى رۇسلاپ، توغرا، راست، ھەق يولغا مېڭىڭلار.

ئەجەل كېلىش ئالدىدا تۈرىدۇ، ئاللاھدىن قىيامەت كۈنىدىكى سوراقىدىن قورقۇڭلار، پەتىۋالارنى ئەمدى بولدى قىلىڭلار، ھەقىقەتچى ئالىملارغا ھەسەد قىلماي قوللاڭلار.

ئەگەر سىلەر ياخشى ئۇستاز، ئالىم، دوكتۇر بولساڭلار، خاتاسىنى تۈزۈتۈپ ئوقۇپ، پىكىر، تەنبىھ، تەنقىد بېرىپ تۇرۇڭلار، سىلەرمۇ

ۋەزىپەڭلارنى ئۆتەپ قالماڭلار، بۇنداق يۇقىرى خىزمەتلەرنى، ئىلمى تەتقىقاتلارنى بىزدەك بىر ئوقۇغۇچىلارغا تاشلاپ قويماي، ۋاختىڭلارنى ئاجرىتىپ، دىن ئۈچۈن، ئىسلام ئۈچۈن، ئىسلام نۇرىنىڭ كەلگۈسىدىمۇ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭلار، ئۇنداق قىلماڭلار، ئۈمىدسىز بولماڭلار.

ئاللاھدىن قورقۇپ، ئاخىرەتنى، دۇنيانىڭ ئۈستىگە بىرىنچى ئورۇندا قويۇڭلار، ئىككىنچى ئورۇندىمۇ، ئۈچىنچى ئورۇندىمۇ بارلىق ئورۇندا يەنىلا ئاخىرەتنى قويۇڭلار، ئەگەر بارلىق ئۇستازلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ھەممىمىز بىرلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەخسەتتە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن جەننەت ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ جامالى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلار ھىدايىتى ئۈچۈن، جاننى تىكىپ خىزمەت قىلساق، چوقۇم ھەرقانداق ئىشتا ھەتتا، ئىككى ئالەملىكىمىز، مەڭگۈلۈك بەختىمىز ئۈچۈنمۇ غەلىبە قىلىمىز، ئاللاھ خالىسا، ئاللاھ، مۇراد _ مەخسەدلىرىمىزگە يەتكۈزسۇن، ئامىن!!!

## بسم الله الرحمن الرحيم

## بىدئەتلەر

بىدئەت دىگەن، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى لۇغەت ئالىملىرىنىڭ ئىستىلاھىدا بىردەك ئىتتىپاقتا كېلىنىپ مۇنداق تونۇشتۇرۇلىدۇ.

لۇغەت جەھەتتىن يېڭىدىن پەيدا بولغان نەرسە، قىزىقارلىق، بەدئىيلىك ھادىسىدۇر. ئىستىلاھى، ئاتالغۇدا يەنى يۇقىرىقى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئىستىلاھىدا بىدئەت دىگەن ئىسلام دىنىدا يوق نەرسە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قانۇن ــ تۈزۈم، پىرىنسىپ مەنبەسى، ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە قاتارلىقلارنىڭ دەلىلى بولغان. قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائىدىن سەھىھ، توغرا بولغان بىرەر دەلىل ــ ئىسپات يوق نەرسە بىدئەتتۇر. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىم چۈشۈۋاتقان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بولمىغان نەرسە بىدئەتتۇر.

قەدىمدىن تارتىپ ئىسلام دىنىدا يەنى نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئەيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ دىنىدىن تارتىپ، ئىسلام دىنىدا بىدئەتلەر پەيدا بولۇپ تۇرغان، بۇ بىدئەتلەر كىشىلەرنى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ، باشقا دىنلارغا چوقۇنۇش تەسىرىنى قوبۇل قىلىش، شېرىك ئەقىدە، خۇراپات، ھەتتا دىنىنى ئۆزگەرتىشلەرگە ئاپاردى، ئېغىرراقى مۇشرىك، كاپىر بولسا، يەڭگىلرەكى پاسىق، پاجىر بولۇپ، بىدئەتچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى دوۋزاخدىن قۇتۇلالمىدى.

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلام دىنىدىمۇ ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئۆرپ ــئادەت جەھەتلەردىن بىدئەتلەر پەيدا بولۇپ تۇردى، ھەربىر 100 يىلدا ئىسلام دىنىنى بىدئەت، خۇراپاتلاردىن، شېرىك ئەقىدىدىن يىڭىلاپ تۇرىدىغان، تازىلاپ تۇرىدىغان ئەسلى ساپ

ھالىتتىگە ئەكىلىپ تۇرىدىغانلار مەيدانغا كېلىپ تۇردى، بۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدە تۇرىدىغىنىنى بىلدۈردى. مۇشۇ سۆزىمىزدىنلا ئاشۇ 100 يىل ئارىلىقىدا بىدئەتچىلەرنىڭ ۋە بىدئەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىپ تۇرۇشى چىقىپ تۇرىدۇ. قۇرئان، ھەدىسنىڭ دەلىللىگە ئاساسلانغاندا، بىدئەت ھەر دائىم مەۋجۇد. بىدئەت ۋايىغا يېتىپ، كامال تاپقاندا، ئۇنى يوقىتىپ تۇرىدىغانلارمۇ مەۋجۇد، يۇقىرقى تونۇشتۇرۇشىمىزغا ۋە بىدئەتلەرگە قارشى دەلىللەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ قۇرئان ئايىتىدىكى تارىخىي ۋەقەلىككە ۋە تارىخقا ئائىت ئايەتلىرىگە چوڭقۇر نەزەر بىلەن پىكىر، تەپەككۇر بىلەن قارايدىغان بولساق، ھەق، توغرا بولغان ئىسلام دىنى تۇرۇپلا ئاشۇ بىدئەتلەر سەۋەبىدىن ئاخىرى، شېرىك بۇددا دىنىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئاشۇ بىدئەتلەرنى پەيدا قىلىشقا باش سەۋەبچى بولغان، شەيتان، نىجىسنىڭ بىردىنبىر مەخسىدى، ئارزۇ ــ ئارمىنى.

2 ـ ئاللاھ، سۈرە ھەدىيدىنىڭ 27 ــ ئايىتىدە ناسارالارنىڭ راھىبلىق ۋە باشقا بىدئەتلەرنى پەيدا قىلغىنىنى، بىدئەت دىگەن لەۋزى بىلەن ئېنىق كەلتۈرۈپ ئاخىرىدا ئۇلارنى يەنى ئاشۇ بىدئەتچىلەرنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلار دەپ ئەيىبلىگەن. گەرچە ئۇلار بۇ بىدئەتنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ پەيدا قىلغان بولسىمۇ، بەرىبىر بىدئەتچى ھېسابلاندى. خۇددى، ئاللاھ رازىلىقىنى تىلەپ يالغاندىن ھەدىس توقۇپ

چىققۇچىلار ئوخشاشلا كازراپ ھېسابلانغاندەك، ھەممىسىنىڭ ئىشلىرى زالالەت ئاخىرى دوۋزاخ بولىدۇ.

3 ـ ئاللاھ، سۈرە مائىدەنىڭ 3 ــ ئايىتىدە ئىسلام دىنىنى مۇكەممەل تاماملاپ بولغىنىنى تولۇق پۈتتۈرۈپ بولغىنىنى سۆزلىگەن. مانا ئەمدى بىرەرسى بىر نەرسە پەيدا قىلسا، ئاللاھ تېخى بۇ دىنىنى پۈتتۈرمەي چالا قويۇپتىكەن، ئاللاھ بىلمىگەننى مەن بىلدىم دېگەن بولىدۇ. شۇنداقلا چالىسىنى مەن تولۇقلايمەن دېگەن بولىدۇ. ئاللاھنى يالغانچى دېگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ، دىنسىز، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئاللاھدىنمۇ راست سۆزلىگۈچى يوق، ئايەت، ھەدىسكە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان ئايىتىنى، ئىسلام دىنىنى ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئۆرپ ــ ئادەت، كەلگۈسى، غەيىب ھەرخىل پەن ــ تەتقىقات، ئىشقىلىپ، ھېچنېمە قويماي بايان قىلىپ بېرىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ كامىل، تېخىمۇ رۇشەن تەپسىلىي قىلىپ بېرىپ كەتكەن. ھەتتا، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئىسلام دىنىنى ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئۆتمۈش، كەلگۈسى قاتارلىقلارنىلا ئەمەس. بەلكى، ھەتتا، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان بىر تال قۇشنىڭمۇ ئىلمىنى دەپ بېرىپ، دۇنيادىن كەتتى دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللا خاتىرلىگەن. ئەلۋەتتە شۇنداق، بۇ سۆزىمىزگە قۇرئان ئايىتى شاھىد بولالايدۇ.

بىز ساڭا قۇرئان كىتابنى، ھەربىر شەيئىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن چۈشۈردۇق. بىز بۇ كىتابتا ھەربىر نەرسىنى تەپسىلىي سۆزلىدۇق، بىز بۇ كىتابنى سىېنىڭ كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن چۈشۈردۇرق دېگەن. راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ تۆتىنچى دەلىلىمىز بولغان، مۇنۇ ھەدىسنى سۆزلىگەن.

4 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزدا (يەنى، دىنىمىزدا، شەرىئىتىمىزدە) يوق بولغان نەرسىنى مەۋجۇد قىلسا، پەيدا قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ. (چۈنكى، ئۇ نەرسە، ئىسلام دىنىدىن ئەمەس)، بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم توپلىغان، ئىمام مۇسلىم توپلىغان، يەنە بىر ھەدىستە بۇنىڭدىنمۇ كەڭ مەنىدە مۇنداق لەۋزى بىلەن كەلگەن.

كىم بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ ئەمەل ئۈستىدە بىزنىڭ ئىشىمىز، دىنىمىز، شەرىئىتىمىز بولمىسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللا 40 ھەدىس دېگەن كىتابقا ئالغان بولۇپ، بۇ 40 ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللا شەرھىيلىگەن، ئۇ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر ئەمەل ياكى ئىبادەت بولسۇن ياكى مۇئامىلە بولسۇن ۋە ياكى باشقا ئىشدىن بولسۇن. ئۇ ئىش، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولمىسا، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن بولمىسا ئۇ

رەت قىلىنىدۇ. ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئۆرپ ــ ئادەتمۇ ئاللاھ ۋە ئەلچىسىنىڭ دىنى، شەرىئىتى، قانۇن ــ پىرىنسىپى بويىچە بولۇشى لازىم. بارلىق ئالىملار مۇنداق ئىتتىپاققا كەلدى، ئىبادەت چوقۇم ئىخلاس بىلەن ئاللاھنىڭ ۋە ئەلچىسىنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىش بىلەن قوبۇل بولىدۇ. ئەگەر، ئىبادەت يۇقىرقى ئۈچ شەرتنىڭ بىرىگە چۈشمىسە قوبۇل بولمايدۇ. ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللا، يۇقىرقى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دىگەن، ئاللاھنىڭ دىنىدا بىرەر نەرسە پەيدا قىلىش قەتئىي ھارامدۇر، گەرچە ئۇ پەيدا قىلغۇچى، بۇ بىدئەت ئىش بىلەن ياخشىلىقنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەخسەت قىلسىمۇ، يەنىلا ھارامدۇر، گەرچە ئەقىل دەمال قوبۇل قىلسىمۇ، قەلب مايىل بولسىمۇ. ئۇ بەربىر شەيتاننىڭ ئىشى، بىدئەت، مەڭگۈ بىدئەت، قوبۇل بولمايدۇ.

ئەگەر بىرسى مەن بىرەر ئىشنى قىلسام ياكى پەيدا قىلسام ئۇ ئىش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەسلىگە ئۇيغۇن، ئۇ ئىشنىڭ ئەسلىمۇ ئىسلامغا ئۇيغۇن، ئەمما، مەلۇم سۈپەتلىرى مۇخالىپ كەلسە، بۇمۇ بىدئەت بولۇپ رەت قىلىنامدۇ؟ دىسە، ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بېرىمىزكى، ئۇمۇ چوقۇم بىدئەت، رەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى نۇرغۇن ئىبادەت، زىكىرلەر، ئۆرپ ــ ئادەت، ئەخلاقلار. چۈنكى، ھەرقانداق ئىبادەت، ئەمەل، ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتىگە مۇنداق ئالتە ئىشتا مۇۋاپىق كېلىشى لازىم.

ئەگەر ئۇ ئىبادەت، ئەمەللەر بۇ تۆۋەندىكى ئالتە ئىشدا مۇۋاپىق،

ئۇيغۇن بولمىسا، مەقبۇل ئەمەس، رەت قىلىنىدۇ. ئۇ باتىلدۇر.

1 ـ ئەمەل، ئىسلام شەرىئىتىگە سەۋەبىدە مۇۋاپىق كېلىش، مەسىلەن: كىم مەسجىدكە كىرسىلا ئىككى رەكئەت تەھىييەت مەسجىد نامىزىنى ئوقۇيدۇ، بۇ سەۋەبكە ئۇيغۇن، بۇ قوبۇل بولىدۇ. چۈنكى، دەلىل سەھىھ، ئەگەر كىم ئۆيىگە كىرسىلا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا ئۇ بۇ ئىشنى سۈننەت قىلىۋالسا، ئۇ باتىل رەت قىلىنىدۇ. قوبۇل ئەمەس. چۈنى، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۇنداق ئىش ئورۇنلاشتۇرمىدى، ئەمەلىيەتتە، ناماز قانۇنلۇق، دۇرۇس بولسىمۇ، شەرىئەت بېكىتمىگەن قانۇنسىز سەۋەبكە ئالاقىدار بولغاچقا، ئۇ ئەمەل باتىل بولۇپ رەت قىلىنىدۇ. ھەم ئەمەل ھەم سەۋەب چوقۇم شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم.

2 ـ ئىبادەت، ئەمەل، شەرىئەتكە، جىنسىدا مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. مەسىلەن: تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىنى قۇربانلىق قىلسا، بۇ ئەمەل ئىسلام شەرىئىتىگە جىنسىدا مۇۋاپىق بولغاچقا، قوبۇل قىلىنىدۇ، رەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر بىرسى ئاتنى قۇربانلىق قىلىمەن دېسە، بۇ جىنسىدا ئىسلام شەرىئىتى قانۇن ــ پىرىنسىپقا ئۇيغۇن، مۇۋاپىق بولمىغاچقا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل ئەمەس. لېكىن، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن، سەدىقە، ئېھسان قىلسا، بۇ قوبۇل بولىدۇ. رەت قىلىنمايدۇ، قۇربانلىقى ئات بولسا رەت قىلىنىدۇ.

3 ـ ئەمەل، ئىبادەتلەر چوقۇم ئىسلام شەرىئىتىگە مىقدارىدا ئۆلچەملىرىدىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. مەسىلەن: نورمال تەھارەت بىلەن

نامازلىرىمىزدەك ۋە باشقا ئۆلچەملىك مىقدارلىق ئىبادەتلەردەك  ئەگەر بىرسى تەھارەتتە پۇت ــ قولنى تۆت قېتىم يۇسا، تۆتىنچى قېتىمقى قوبۇل ئەمەس. ئەگەر بىرسى شام نامىزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇسا، تۆتىنچى رەكئەت، ھەتتا ھەممىسى قوبۇل ئەمەس، رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسلام شەرىئىتىگە مىقداردا مۇۋاپىق بولمىدى، سەھىھ ھەدىستە، تەھارەتتە ئۈچ قېتىمدىن ئوشۇق يۇسا، ئۇ كىشى ھەددىدىن ئاشقان، تاجاۋۇزچى بولىدۇ، زالىم بولىدۇ دېگەن.

4 ـ ئەمەل ئىسلام شەرىئىتىگە، كەيپىياتتا قانداقلىقىدا مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. مەسىلەن: بىرسى نامازنى رۇكۇدىن بۇرۇن سەجدە قىلىپ ئوقىسا، تەھارەتنى، پۇتنى ئاۋۋال يۇيۇپ، ئاندىن يۈزنى يۇيۇپ ئالسا، قوبۇل ئەمەس، رەت قىلىنىدۇ. نامازلىرى باتىل بولىدۇ. (سەھۋەنلىك باشقا گەپ)

5 ـ ئەمەل، ئىبادەت، ئىسلام شەرىئىتىگە زاماندا، ۋاقىتتا مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. بالدۇر ــ كېيىن بولسا، رەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ناماز ۋاقتىدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇسا، ئەيىد يەنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلسا، جۈمئە نامىزىدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇسا، ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقىسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل ئەمەس. چۈنكى، ئۇ، ئىسلام قانۇن شەرىئىتىگە زىت مۇخالىپ بولدى. زامان، ۋاقىتقا مۇۋاپىق كەلمىدى.

6 ـ ئىبادەت، ئەمەل چوقۇم ئىسلام شەرىئىتىگە ماكاندا مۇۋاپىق

كېلىشى لازىم. مەسىلەن: مەسجىددىن باشقا ئۆيدە، دۇككاندا، غارلىردا ئېتىكاپ قىلسا، قوبۇل ئەمەس، رەت قىلىنىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى ئېتىكاپنى مەسجىدكە بېكىتتى، ئاياللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ئۆيدە ئېتىكاپ قىلغان. ئەنە شۇنداق ئىشلاردا ئىسلام شەرىئىتىگە مۇۋاپىق، ئۇيغۇن بولسا، قوبۇل قىلىنىدۇ.كەئىبدىن باشقاماكاندا ھەج قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

زىيادە، كەم، بالدۇر ــ كېيىن بولسا رەت قىلىنىدۇ. ئەسلى يوق، يەنى ئىسلام دىنىدا ئاساس يوق، ئەسلىدىن يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا ئۇ بىدئەت بولۇپ، رەت قىلىنىدۇ. ئۇنى بىز رەت قىلمىساقمۇ ئاللاھ رەت قىلىدۇ، قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنى ئەلچىسى ئارقىلىق يۇقىرقى ھەدىستە ئوچۇق سۆزلىدى، ئۇ رەت قىلىنىدۇ دىدى. قىلغۇچى ئاۋارە بولىدۇ، زىيان تارتىدۇ خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇناھكار بولىدۇ.

ئىشەنمىسىڭىز يەنە بىر دەلىلىمىزگە قاراڭ.

بەشىنچى دەلىل يەنى ھەدىستىن بولغان دەلىللەرنىڭ ئاخىرى، ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە شۇنداق بىر ۋەز ــ نەسىھەت قىلدىكى، قەلبلەر ئېرىپ، كۆزلەر ياش تۆكتى، بىز ئاندىن يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خۇددى خوشلۇشۇش نەسىھىتىگە ئوخشاپ قالدى، بىزگە كۆپرەك ۋەز ــ نەسىھەت،

ۋەسىيەت قىلىسىلا دىدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن سىلەرگە ئالالاھقا تەقۋالىق قىلىشنى گەرچە سىلەرگە قۇل باشلىق بولسىمۇ ئىتائەت قىلىشنى ئاگلاپ، ئىتائەت قىلىشىڭلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن (يەنى ئىسلام خەلىپىسى، ئىسلام باشلىقى مۇسۇلمان بولسا، ئىتائەت قىل) سىلەردىن كىم بۇندىن كىيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇزۇن ياشاپ قالسا، نۇرغۇن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ، شۇ چاغدا مىنىڭ سۈننىتىمنى يەنى مىنىڭ تۇتقان يولۇمنى (ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە جەھەتتىن مىنىڭ يولۇمنى) ۋە توغرا يولغا يىتەكلىگۈچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى (بولۇپمۇ تۆت خەلىپىنىڭ يولىنى) ئىزىق چىشىڭلاردا چىڭ چىشلەپ تۇتۇڭلار يەنى چىڭ ئىسىلىڭلار، قانداق قىلىساق شۇنداق قىلىڭلار، سۆز قىلىساق سۆز قىلىڭلار، سۈكۈت قىلىساق سۈكۈت قىلىڭلار دىگەن بولىدۇ. ئىشلارنىڭ يىڭى پەيدا بولغىنىدىن ھەزەر قىلىڭلار، يەنى دىن ئىشىدا پەيدا بولغانلىرىدىن نىرى بولۇڭلار، ھەرقانداق يىڭىدىن پەيدا بولغان ئىش (يەنى دىندا پەيدا بولغىنى) بىدئەتتۇر، كۈللى بىدئەت، زالالەتتۇر. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، دارمي تىرمىزى، ئەھمەد خاتىرلىگەن سەھىيدۇر.

يەنى ئىسلام دىنىدا ئەقىدە، ئىبادەت، ئەمەللەردە پەيدا بولغىنىنى بىدئەت، زالالەت، ئالىملار ھەرقانداق زالالەت دوۋزاختا دىگەن. بۇنىڭغا قۇرئان ئايىتى شاھىدتۇر، لىكىن، دۇنيا تەرەققىياتى ئىشلىرىدا پەيدا بولغىنى بىدئەت ئەمەس، ۋاستە ۋەسىلىدۇر. ئۇنىڭ نۇرغۇن پايدىلىقلىرى بار بولۇپ،

ئىسلامغاپايدىلىق ياخشىسى، قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۇنى قوللايمىز. نۇرغۇنلىرى زىيانلىق، يامان، پىتنە بولۇپ، ئۇ يامان سانىلىدۇ، رەت قىلىنىدۇ.

نۇرغۇن نەرسە ئىككى بىسلىق پىچاقتەك، ئىككى تەرەپلىمە بولۇپ، ياخشىلىققا ئىستېمال قىلىنسا ياخشى بولىدۇ، قوبۇل قىلىنىپ ساۋاب بېرىلىدۇ. ئەگەر يامانلىققا ئىستېمال قىلىنسا گۇناھ بولىدۇ، رەت قىلىنىدۇ، جازاغا تارتىلىدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ دۇنيا تەرەققىياتىغا تۇتقان پوزىتسىيىمىز، ئۇلارنى بىز ۋاستە ۋەسىلە دەپ ئاتايمىز. يۇقىرقى ھەدىستە ئىسلام باشلىقلىرىغا ئاگاھلاپ ئىتائەت قىلىش بەلگىلەندى. لېكىن، ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق، بۇمۇ سەھىھ ھەدىستۇر. ھەدىستە ئوچۇق قىلىپ، ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان، بۇندىن كېيىن مۇشۇ ئىش يۈز بەرسە بولىدۇ دىمىگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئالدىن رۇخسەت قىلمىغان، ھەتتا، ئىشارەت قىلمىغان، ساھابە، تابىئىنلاردىن ئىبارەت، سەلەپ، سالىھلار زامانىدا يۈز بەرمىگەن، ئىسلام شەرىئىتى، قانۇن ـ پىرىنسىپ، تۈزۈملىرىگە خىلاپ بىر نەرسە پەيدا بولسا، ئۇ بىدئەت، زالالەت، ئاخىرى دوۋزاختا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ بىدئەت، زالالەتنى قىلىپلا قالماي يۇقىرقى سۈننەتنىمۇ چىڭ تۇتۇڭلار دىگەن بۇيرۇققا بويسۇنمىدى، مۇشۇنداق ھەزەر قىلىڭلار دىگەن بۇيرۇققا سەل قاراپ، ھەزەر قىلىش تۈگۈل، ئۆزلىرى بىدئەتنى پەيدا قىلغۇچى، ئاساس سالغۇچى، ھەتتا يامان سۈننەت قالدۇرغۇچىلار بولدى، ئۇلار ئازابلىق دوۋزاختا بولىدۇ، شۇنداق

www.uyghurkitap.com

بولمىسمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ دىگەن دىننى قوغداش، يەنىلا ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ ۋە ئەلچىسى، ئىسلام دىنىنى مۇكەممەل قىلىپ تاماملاپ تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتچى، سۈننەتچى، ئەسلىيەتچى، تەقۋا ئالىملارنى چىقىرىپ بەرسە، بىزگە ئۇ بىدئەت، خۇراپاتلارنىڭ نىمە كېرىكى؟!

يۇقىرقى دەلىل ــ ئىسپاتلاردىن شۇنى كۆرىمىزكى، بىدئەت بىز يۇقىرىدا دىگەندەك ھەر دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، بىرنى تازىلاپ يوقاتساق، يەنە بىرسى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، ياكى كونىسى ئەسلىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قاتتىق ھەزەر قىلىش ۋاجىپ، قارشى تۇرۇپ، ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش، تازىلاپ تۇرۇش لازىم.

بىدئەت ئىككى ئالەملىك زىيان سالىدۇ، كىشىنى ئاۋارە قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە دوۋزاخقا ئاپىرىدۇ، بىدئەت ئىسلام دىنىنى ئۆزگەرتىپ يوق قىلىۋېتىدۇ، ئۇنى خۇراپاتلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىدىن كىشىلەرنى سەسكەندۈرىدۇ، يۈز ئۆرىتىدۇ. بۇ دىنغا كىرمەكچى بولغانلارنى توسۇپ قويىدۇ، كىشىلەرنى ئاۋارە قىلىپلا قالماي، زور زىيان سالىدۇ، نەتىجىسىز، پايدىسىز بەدەل تۆلىتىدۇ، ئاخىرى دوۋزاخقا ئاپىرىدۇ. ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۆھمەت، بۆھتان چاپلىتىدۇ، ئاخىرى بىدئەتچىلەر تۆۋبە قىلىپ، ھەقنى تاپمىسا، دوۋزاخقا كىرىدۇ، بولۇپمۇ

ئەقىدىدە، بىدئەتچىلىك قالغانلار.

بىز ئاخىرىدا بىدئەت توغرىسىدا ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللانىڭ (بىدئەتنىڭ خەتىرى) دىگەن كىتابىدىن ئاز _ تولا سۆز تاللاپ يازىمىز. ئۇ مۇنداق دىگەن:

ئاللاھ ۋە ئەلچىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەمەل، مۇئامىلە قاتارلىق بىز مۇھتاج بولىدىغان بارلىق شەرىئەت تۈزۈملىرىنى بايان قىلىپ بېرىپ، تولۇق تاماملىغان، ھېچبىر ئىشنى چالا قويمىغان، ئىلىم، ئەقىل، ھىكمەت، ئىلھاملارنى زىيادە پەزىلەت قىلىپ بەردى، بىز بۇلار ئارقىلىق ئىسلام شەرىئىتىنى توغرا چۈشىنىمىز ھەم توغرا چۈشەندۈرۈپ يەتكۈزىمىز، تولۇق بايان قىلىپ بەرگىنىگە دەلىل؛

بىز يۇقىرىدا دىگەندەك ئىسلام دىنىنى مۇكەممەل قىلىپ بېرىشى، ھەربىر ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشى، قۇرئان كەرىمنى سۈننەت، ھەدىس بىلەن تەپسىرلەپ بېرىشى، ھەدىسنىمۇ ساھابىلار، تابىئىنلار سۆزلىرى، قىلىقلىرى بىلەن تەپسىلىي رۇشەن شەرھىيلەپ بەرگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق بايان قىلىپ بەرگەنكى، ھاجەتخانا ئىشلىرىمۇ بار، ئەقىدە ئەمەل، مۇئامىلە، ھەربىر سۆز ھەرىكەتنى تەپسىلىي بايان قىلغان، بىز ئەمدى، خۇددى پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە مۇھتاج بولمىغاندەك بىرەرسىنىڭ يېڭىدىن بىدئەت پەيدا قىلىشىغا مۇھتاج ئەمەس. بىزگە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قۇرئان

www.uyghurkitap.com

كىتاب، سۈننەت، ھەدىس، مۇسۇلمان، تەقۋا مۇجتەھىد ئالىملار ئىجماسى كۈپايە.

ئەمدى بىرسى ئەقىدە، ئەمەل، سۆز، ھەرىكەت جەھەتتىن بىرەر نەرسە پەيدا قىلسا، يەنى دۇنيا تەرەققىياتى، كەشپىيات مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى، دىندا بىرەر نەرسە پەيدا قىلسا، ئۇ چوقۇم بىدئەتچى، قىلىقى بىدئەت، ئۇ، رەت قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىغا تەنە قىلغان، ھاقارەتلىگەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بىز تولۇق بايان قىلىپ بەردۇق، كامىل، مۇكەممەل قىلدۇق دىگەن سۆزىنى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ. ئاللاھ ۋە ئەلچىسىدىن مەن ئالىمراق دىگەن بولىدۇ. ھال تىلى قال تىلىدىن كۈچلۈكتۇر، ئىبغىرراقى مۇشرىك، دىنسىز ھىسابلىنىدۇ، يەڭگىلرەكى پاسىق، پاجىر بولۇپ، ھەممىسى ئازغۇن، زالالەتچى بولىدۇ.

ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە ئەقىدىدە، بىدئەت پەيدا قىلىپ، بىز ئاللاھنى ئۇلۇغلايمىز، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ شۇنداق قىلدۇق دەيدۇ. سۈننەت، نەپلە ئەمەللەردە بىدئەت پەيدا قىلىپ، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرىمىز، ئەگىشىمىز دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىبغىزدىكى قال، تىلنى ئەمەلىيىتىدىكى ھال تىلى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى كاززاپ قىلىپ قويىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل ئەمەس دىگەننىكەن، ئۇ بىدئەت، چوقۇم رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاۋارچىلىقىدىن، زىياندىن باشقا گۇناھكار بولۇپ، تۆۋبە قىلمىسا، دوۋزاخقا كىرىدۇ، بىدئەتچىنىڭ

ئىبادىتى قوبۇل ئەمەس. سۆزلىگەن ھەدىسلىرى خاتىرلەنمەيدۇ. ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقىغىلى، ئىقتىدا قىلغىلى بولمايدۇ. بىدئەتچى، پاسىقنىڭ ئارقىسىدا ھەققەتچى ئالىملار سۆزلىسە غەيۋەت ئەمەس، باشقىلارغا نەسىھەت بولىدۇ، بۇ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللانىڭ سۆزىدۇر، شەك ـــ شۈبھىسىز ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتىدىن ئەقىدە، ئىبادەت، ئەمەل جەھەتتىن قىلچە تىيىلىپ كەتمىگەن ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسى، سەلەپ، سالىھ يولى، جۇمھۇر ئىتتىپاق كىشىلەر ئاللاھقا ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ئۇلۇغلىغان بولىدۇ، ئىشلىرى توغرا، ھەق ئۈستىدە بولىدۇ، ئىككى ئالەملىك بەخت تاپىدۇ، ئۇلار سائادەتمەنلەر.

ئەمما، ئاللاھنى ئۇلۇغلىدۇق، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق دەپ، بىدئەت پەيدا قىلغانلار مەڭگۈ ئاللاھنىڭ غەزىپىدە قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن ۋە بىدئەتلەردىن ھەزەر قىلىشقا بۇيرىغان تۇرسا، ئەنە شۇلاردەك بىدئەتچىلەرنى ئوچۇق قىلىپ دىگەندە، ئىسلام دىنىغا تەنە قىلىپ چالىسىنى تولۇقلاشنى، ئۆزلىرىنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن ئالىم چاغلايدىغانلارنى ئاخىرىدا شىرىك ئېتىقادقا ئاپىرىدىغانلارنى قانداقمۇ ياخشى كۆرسۇن؟ چوققۇم ئۇلاردىن بىزار، بىزمۇ بىزار، بىدئەتچىلەر بىزنىڭ شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمىنى، شۇنداقلا،

www.uyghurkitap.com

بىدئەتچى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ سۆزىنى چۈشەنمىگەن ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئالىم ئەمەس، مەن ئالىم دېگەن بولىدۇ. ياكى بۇ سۆزنى بىلمەي دېگەن ئوخشايدۇ دەپ بىدئەتنى پەيدا قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىدئەتنىڭ كۆللىسى، ھەربىرى چالا قالماي زالالەت، زالالەت دوزاختا دېگەن، بىدئەتچى بۇنى ئۇقماي، ئۇقسىمۇ ئۆز ئىشىنى توغرا دەپ گۇمان قىلىپ قىلىۋېرىدۇ. ئاخىرىدا ئەڭ زىيان تارتقۇچى دەل شۇدۇر. ئۇ بىدئەتنى يا بىز يۇقىرىدا دېگەندەك يالغان ھەدىسىدىن ياكى خاتا چۈشىنىشىدىن ياكى ئاتا ــ بوۋىسىغا ئەگىشىشىدىن ياكى ھېسسىياتقا بېرىلىپ، بىرەر ئىشنى سۆزلەپ سېلىپ، ياكى قىلىپ سېلىپ، كېيىن يانالماي قېلىشىدىن ياكى باشقا دىنىنىڭ تەسىرىدىن قوبۇل قىلىپ ياكى بىرەر ئىشنى خاتىرە قىلىپ قالدۇرۇش مەخسىتىدە ياكى قەستەن سۇيىقەست قىلىپ ياكى پارا ئېلىپ ياكى ھاكىمىيەت، دىنسىز بولۇپ، مەجبۇرلىنىپ قېلىپ، ياكى خەلق نادان كېلىپ، غالىپ كېلىپ، كۆچى يەتمەي ياكى توغرا، ھەق بىلەن ئورۇنلاشقان بىرەر ئىش كېيىنچە بىدئەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ياكى ھەققەتچىلەرگە ھەسەد قىلىپ، ئۆز ئىشىدا قېيىشىپ، چېكى تۇرۇشىدىن ۋە باشقا سەۋەبلەردىن پەيدا قىلىدۇ، يوقلىقدىن پەيدا قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

خۇددى بىدئەت، زالالەت خاتا بولغىنىدەك، بىدئەتنىڭ ئامىللىرى،

سەۋەبلىرىمۇ خاتادۇر. ئاخىرىدا بىدئەتچىلەر ئەگەشكۈچىلەر، قوللىغۇچىلار جىسىم تۇرۇپ، سۈكۈت قىلغانلارمۇ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، بىدئەتنى ئېنىق ئۇقۇپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ، ئاڭلاپ تۇرۇپ، رەددىيە بەرمىسە، قارشى تۇرمىسا، ئۇمۇ بىدئەتچى بولىدۇ، باشقىلار بۇنىڭ جىم تۇرۇپ، سۈكۈت قىلىشى بىلەن بىدئەتنى، خاتالىقنى، زالالەتنى توغرا، ھەق، راست ئوخشايدۇ دەپ قىلىپ، ئەگىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىدا سۆز قىلالمىساڭ ئارقىسىدا ھەقنى سۆزلەۋەر، سۆزىگە سۆز بىلەن، كىتابىغا كىتاب بىلەن، قىلىقىغا قىلىق بىلەن، قارشى تۇرغىن، ئارقىسىدا قىلغان سۆزلىرىڭ غەيۋەت ئەمەس، نەسىھەتتۇر. خاتا ئەمەس، ھەقىقەتتۇر.

بەزىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدىن يەنى رامىزان ئېيىدىكى قىيامدا تۇرۇش، تاراۋى نامىزىنى بىر ئىمام ئارقىسىدا تۇرۇپ جامائەت بىلەن ئوقۇش توغرىسىدا قىلغان سۆزىنى دەلىل قىلىپ، ياخشى بىدئەت بار دېيىشى مۇمكىن، مەئەلىيەتتىمۇ دىدى، كىتابلاردا يازدى، ئەمما، بۇ خاتا، قەتئىي خاتادۇر. بولۇپمۇ بۇ سۆزنى بىدئەتچىلەرنىڭ دەلىل قىلىشى تۈپتىن خاتادۇر.

چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈللى بىدئەت ھەرقانداق بىدئەت ھەربىر بىدئەت، زالالەت دىگەن قولىمىزدا، بۇ ئۆتكۈر يالىڭاچ قىلىچ بار بولۇپ، كەسكىن ھۆكۈم قىلىمىزكى، قەتئىي ياخشى بىدئەت يوق، بىدئەتنىڭ كۈللىسى زالالەت، ئازغۇنلۇقتۇر، ئاخىرى

دوۋزاختۇر، ياخشى سۈننەت باركى، ياخشى بىدئەت يوقتۇر، دەلىلىگە قۇلاق سال، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى يۇقىرقى سۆزنى قىلغان، ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى بىلەن بىرەر خەلىپە ياكى كېيىنكى كىشىلەرنىڭ سۆزى تاقىشىپ بىر ــ بىرىگە زىت بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى ئالىمىز، ھېلىھەممۇ شۇنداق قىلىمىز.

بۇ توغرىسىدا ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ئاسماندىن تاش يېغىشى مۇمكىن. چۈنكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى دىسەم، سىلەر ئەبۇ بەكرى مۇنداق دىگەن، ئۆمەر مۇنداق دىگەن دەيسىلەر، قاراڭلار، بۇ ھۆكۈم ھېلىھەممۇ ئىناۋەتلىك، كۆچكە ئىگە بولۇپ، ئەگەر بىز سەھىھ ھەدىستىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى دېسەك، مەسىلەن: ھەرقانداق بىر بىدئەت، زالالەت، بىدئەتنىڭ كۈللىسى، ئازغۇنلۇق دېسەك، سىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنە ئاشۇ سۆزنى قىلغان، ئۇ بىلمەمتى؟ دىسەڭلار، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغىمۇ تاش ياغىدۇ، ياكى ئاخىرەتتە ياغىدۇ.

شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قالسىلا ھەقنى ئەڭ قوبۇل قىلغۇچى، ھەققە ئەڭ بويسۇنغۇچى، ھەقىقەتچى، تەقۋا خەلىپىدۇر. ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ بەشتىن ئارتۇق ھۆكمى، ئېتىقادى، كۆز

قارىشى، ئاللاھنىڭ قۇرئانى، ئىسلام قانۇنى، شەرىئىتى بىلەن ئوخشاش چىققان، ئۇ تويلۇق مېھرى مەسىلىسىدە، مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپلا، بىر ئايالنىڭ پىكرىنى توغرا، ھەق سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئىرادە قىلغان ئىشىدىن، سۆزىدىن يېنىپ، خاتالىقىنى قوبۇل قىلغان، ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئۆزىنى بىسىپ، چەك ــ چېگرادا توختاپ، بەلگىلىمىگە بويسۇنغان.

ئەنە شۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۆزىنىڭمۇ پەيغەمبىرى، يول باشچىسى بولغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىگە قارشى سۆزلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرقانداق بىدئەت، زالالەت، ئۇ دوۋزاختا دېسە، دەل ئەكسىچە نىمىدىگەن ياخشى بىدئەت دېيىشى، بۇ سۆزى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنىڭ ئەكسىنى، زىتىنى، خىلاپىنى ئىرادە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پەقەت بۇ سۆز بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن بىدئەت ئەمەس، باشقا بىر نەرسىنى مەخسەت قىلغان، سۆزىنى ئىشارىتى، ھازىرقى دىگەن ئىشارىتى تەپسىر قىلىپ بېرىدۇ.

ئۇ سۆزنى ئىشارەت ئىسمى بىلەن قوشۇپ دىگەن، ئۇ بولسىمۇ تاراۋىھ نامىزىنى بىر ئىمام ئارقىدا، جامائەت بىلەن ئوقۇش، قىيامدا تۇرۇشدۇر، بۇ دىگەن ھەرگىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن بىدئەت

ئەمەستۇر، بەلكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاساس سېلىپ بەرگەن، توختاپ قالغان ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇلغان بىر سۈننەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتۇر، ئۇ، بۇ ئەسلىگە كەلگەن سۈننەتنى خۇشال بولۇپ، نىمىدىگەن ياخشى يېڭىلىق دەپ سۆزلىگەن. ھەرگىز بۇ بىر دەۋاتقان زالالەت، بىدئەت ئەمەس، چۈنكى، زالالەت بىدئەتنىڭ ياخشىسى يوق خۇلاسە، بىدئەتنىڭ ياخشى يوقتۇر.

ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم توپلىغان بىر سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ كۈن رامىزان كېچىسى قىيامدا، نامازدا تۇرۇپ، تۆتىنچى كۈنى چىقمىغان، سەۋەبىنى سۆزلەپ، مەن بۇ ئىشنىڭ پەرىز بولۇپ قېلىپ، سىلەرنىڭ ئاجىز كېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىدىم دىگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياخشى يېڭىلىق دىگەن بۇ سۆزى بىدئەت ئەمەس، ئۇ ئىشمۇ بىدئەت ئەمەس. بەلكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاساس سېلىنغان سۈننەتتۇر. سۈننەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدۇر، مانا بۇنى بىز ياخشى سۈننەت دەيمىز، يېڭىلىق دەپ خۇشال بولىمىز.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خۇشاللىق سۆزى بىلەن بىر سۈننەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ئايرىم ـ ئايرىم، تەنھا ئوقۇيدىغان نامازنى، بىر ئىمام ئارقىسىغا يىغقان، جامائەت قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنىڭ ئىسلام دىنىدا ئاساسى بار، بۇ ئىش ئىسلام دىنىدا بار بولۇپ، بىدئەت ئەمەس. بۇ

ئىش ۋە بۇ سۆز بىدئەت بولمىغان ئىكەن، بىدئەتچىلەرگە بۇ سۆزدە دەلىل يوق. ياخشى بىدئەتمۇ يوق، ئەنە شۇنداق ياخشى سۈننەت بار، بۇنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشارىتى بىلەن ئوختۇرغان، بىر ياخشى سۈننەت، ئەسلىگە كەلسە، ئۆلگەن سۈننەت تىرىلسە، ئىسلام دىنىدا ئاساسى بو لغان بىر سۈننەت ئوتتۇرىغا چىقسا، ئەلۋەتتە بۇ يېڭىلىق بولىدۇ، يېڭى ئىش بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرگىز بىدئەت ئەمەستۇر.

بىدئەت دىگەن ھارام بولىدۇ، مەكرۇھ بولىدۇ، مۇباھ بولىدۇ، ھەسەن بولىدۇ، ۋاجىپ بولىدۇ دەپ بىدئەتنى بەشكە ياكى ئۈچكە تەقسىم قىلغۇچىلار نەق بىدئەتنى قىلغۇچىلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، زالالەت دەپ بىرەر ئىشنى چىقىرىۋالماي ھەممىنى بىدئەت زالالەت دېسە، بۇ كىشى بۇ زالالەتنى ۋاجىپ، ھەسەن، ياخشىغا ئايرىپ ئولتۇرسا، پۈتۈنلەي ئازغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ياخشى بىدئەت، ھەسەن، بىدئەت دىگىنى بىدئەت ئەمەس، ياكى ئۇ ياخشى ئەمەس.

مەسىلەن: قۇرئاننى توپلاش، ھەدىسنى يېزىش، توپلاش، مەدرىس، ھەرخىل ئوقۇ _ ئوقۇتۇشلار، بىدئەت ئەمەس، ياخشى بىدئەتمۇ ئەمەس، ۋاستە، ۋەسىيلىدۇر، تەرەققىياتتۇر، بۇ قانۇنلۇقتۇر، ئىسلام دىنىدا ئەسلى باردۇر. ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىنمۇ ئىچكىرلىسە، ياخشى سۈننەت بولىدۇ. ھەرگىز بىدئەت بولمايدۇ، زالالەتنىڭ ياخشىسى بولمايدۇ، يا ئۇ ئىش ياخشى ئەمەس، ھەقىقى زالالەت، بىدئەت بولىدۇ ياكى ياخشى بولىدۇ. بىدئەت

ئەمەس، بەلكى، مەخسەتكە يەتكۈزىدىغان ۋاستە، ۋەسىلە، تەرەققىيات بولىدۇ.

خۇددى رادىئو ــ تېلېۋىزور، كومپيۇتېرنى ياخشىلىققا، ئىسلام دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىشلەتكەندەك، بۇ ۋاستە ۋەسىيلە، تەرەققىياتتۇر، بىدئەت ئەمەستۇر. ئىسلام دىنىدا ئاساسى باردۇر. مەككە، مەدىينىنىڭ ئىمامى تۈنجى قېتىم لابا، زوكىتا، خۇتبە سۆزلەپ، بۇ نىمىدىگەن ياخشى ۋەسىيلە، ۋاستە دىگەن. ئەمدى بىز ياخشى سۈننەت توغرىسىدا توختىلىمىز. بۇ سۆز ھەرگىز بىدئەت دىگەن سۆزگە زىت، خىلاپ ئەمەس. چۈنكى، بىدئەتنىڭ ئىسلام دىنىدا ئاساسى، ئەسلى يوقتۇر، دەلىل ــ ئىسپاتى يوقتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى سۆزىدىمۇ زىتلىق يوق، قارىمۇ قارشى ئىككى سۆزنى ھەرگىز قىلمايدۇ. قۇرئان ئايىتى بىلەن سەھىھ ھەدىسلەر ئۆزئارا بىر ــ بىرىگە زىت، مۇخالىپ ئەمەس. بىر ھەدىس يەنە بىر ھەدىسنى يالغانغا چىقارمايدۇ، سۈننەت، ئىسلام دىنىدىن بولۇپ، ئاساسى، دەلىلى باردۇر، بىدئەت بولسا، ئىسلام دىنىدىن ئەمەس. دەلىل ــ ئىسپاتى يوقتۇر. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ **فى لئسلام** دىگەن يەنى ياخشى سۈننەتنى ئىسلامدا دىگەن، سۈننەتنى ئېنىق ياخشى دىگەن، بىدئەت بو لسا، ياخشى بولمايدۇ، زالالەتتۇر.

سۈننەتنى بولسا، ئېزىق چىشتا چىشلەڭلار دىسە، بىدئەتنىڭ

ھەرقاندىقىدىن ھەزەر قىلىشلار دېگەن. سۈننەت بىلەن بىدئەت ئوتتۇرىدا پەرىق، رۇشەن، ئوچۇقتۇر. سۈننەت دېگەن ھەدىس بولۇپ، ئىسلام دىنى، قۇرئان ئىنزاھاتى، تەپسىردۇر.

بىدئەت دېگەن خۇراپات، خاتا، زالالەتتۇر، كېلىش سەۋەبلىرىنى بىز ئوچۇق سۆزلىدۇق، سۈننەتنى سەننە دېگەن بو لۇپ، كىم بىر ياخشى سۈننەتنى يەنى ئۆلۈپ كەتكەن، تەرىك ئېتىلگەن سۈننەتنى تىرىلدۈرسە، ئەسلىگە كەلتۈرسە، شۇ سۈننەتنىگە ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ساۋابى يېتىپ تۇرىدۇ دېگەن. بۇ سۆزنى بولسا، پېقىر كىشىلەرگە نەرسە ــ كېرەك، كىيىم ــ كېچەك، يېمەك ــ ئىچمەك يىغىپ بەرگەندە دېگەن. مانا بۇ ئىشنىڭ ئىسلام دىنىدا ئاساسى بار. مانا بۇ ئىش ئىسلام دىنىدۇر. ياخشى سۈننەتتۇر، شۇڭا كىشىلەر ئىسلام دىنىدا ئاساسى بار دەلىل ــ ئىسپاتى بار بىرەر ئىشنى قىلسا، يېڭىدىن قىلسا، ئەسلىگە كەلتۈرسە، ياخشى سۈننەت قالدۇرغان بولىدۇ. بۇ، ئىسلام شەرىئىتىنى يۈرگۈزگەن بولىدۇ، يېڭىدىن شەرىئەت تۇرغۇزغان بولمايدۇ، شەرىئەتنى تۇرغۇزغۇچى، بەلگىلىگۈچى بىر ئاللاھدۇر، بىزگە بۇ ئىش ئۈچۈن ھوقۇق يوقتۇر.

بىز ئەگەشكۈچى، ئىتائەت قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، شەرىئەت، قانۇن ــ تۈزۈم بىكىتكۈچى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يول باشچى، بىز ئەگەشمىزكى، بىدئەتنى پەيدا قىلمايمىز. بىدئەتكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ،

ئىسلام دىنىنى بىدئەتتىن، خۇراپاتتىن، خاتا ئەقىدىدىن تازىلاپ، ئەسلى ساپ، پاك، توغرا، ھەق ھالىتىگە ئەكىلىپ، يېڭىلىشىمىز لازىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن ئالىملار بىدئەت توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن كىتاب يازغان، مەن بارلىق مۇسۇلمانلارنى بىدئەتكە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ، ئاشۇ كىتابلارنى كۆرۈشنى كۆرەلمىسە، سورىشىنى، ئۆزىنى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى زالالەتتىن، جاھالەتتىن، خۇراپات، بىدئەتتىن قۇتقۇزۇپ، توپتوغرا ھەق راست، داغدام يولدا مېڭىپ، ئىككى ئالەم بەختىنى تېپىپ، سائادەتمەن بولۇشىنى، ئاللاھنى رازى قىلىشنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىشنى، ئاخىرىدا مەڭگۈلۈك بەخت دۇنياسى، جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ ۋە ئۈمىد قىلىمەن، ئاللاھ مۇرادىمىزغا يەتكۈزسۇن، ئامىن!!!

ئەمدى بىز ھەرقايسى ئالىم، مۇجتەھىد، مۇپەسسىر، مۇھەددىس، فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ قۇرئان ئايىتىنى، سەھىھ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، بىدئەت دېگەن، بىدئەتلىكىگە ھۆكۈم قىلغان مەسىلىلەرنى يەنى ئەقىيدە، ئەمەل، مۇئامىلە قاتارلىقلاردىكى بىدئەتلەرنى بىرمۇ ــ بىر تەپسىلىي يازىمىز.

بىز قوشۇپ قويماقچى بولغان مەسىلە: دەل مۇشۇ شۇدۇر، ئۇنداق بولسا قەلبىڭىزدىن ئىنساپ قىلىپ، ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلىپ، خاتا، باتىلدىن يېنىپ، ھەقنى تېپىپ، بىدئەتلەرگە قۇلاق سېلىڭ.

## تەۋھىد، ئىمان، ئەقىدە توغرىسىدىكى بىدئەتلەر

11. بۇ تېمىدىكى بىدئەتلەر ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ، بۇ بىدئەتلەرگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار، خاتالاشقان، ئازغۇن، ھەتتا مۇشرىك، دىنسىز قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئىسلام دىنىدىكى تۇنجى بىدئەتچىلەر، خاۋارىجلاردۇر. بۇلار، ئۆزلىرىنىڭ ئىمامىغا قارشى چىققۇچىلار، مەيلى ساھابىلار دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى تابىئىن ۋە ياكى كېيىنكى ۋە ياكى ھازىر بولسۇن، ئۆز ئىمامىغا، خەلىپىسىگە قارىش چىققۇچىلار خاۋارىچلاردۇر. مۇرجىئەلەر خاۋارارىجلارغا مۇۋاپىق كەلگەن ۋەئىيدىيلەر خاۋاراىجلار ئىچىگە كىرىدۇ.

بۇلار گۇناھى كەبىر قىلغان كىشىنى كاپىر دەيدۇ. دوۋزاختا مەڭگۈ قالىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، شۇ سەۋەبدىن ھۇجۇم قىلىدۇ.

تۇنجى خاۋارىجلار 12000 كىشىلىك قوشۇن بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى چىققان، باشلىقى ئابدۇللا ئىبنى كاۋائ، ئەتتاب ئىبنى ئەئۋەر، راسبى، موھارىبى قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنى ئالىملار نۇرغۇن سەھىھ ھەدىس ۋە ئايەت دەلىلەپ، بىدئەتچى، ھەتتا كاپىر دىگەن. چۈنكى، ئۇلار سەھىھ ھەدىسكە قارشى خەلىپە، ئىمام، قۇرەيشتىن باشقا قەبىلىدىنمۇ بولىۋېرىدۇ دىگەن. ھەتتا، ئىمام، خەلىپە بولمىسىمۇ بولىدۇ دىگەن. ئەلى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا تەنە قىلىپ، ئۇلارنى ھاقارەتلەپ، نۇرغۇن قىرغىنچىلىق قىلغان، مۇسۇلمان ئايالللارنى، كىچىك باللارنى ئۇلجا ئالغان، نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان، مۇجاھىد قوشۇنلىرىنى قىرىپ تۈگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇلارنى باستۇرغان، خاۋارىجلار ئەزارىقەت، ئازرىيىيە، بەيھەسىيىيە، ئاجارىد، سوئالىبە، ئىبازىيىيە، سەپرىيىيە، زەيدىيىيە قاتارلىق سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بۇلار خاۋارىجلارغا مۇۋاپىق، لېكىن، بەزەن مەسىلىلەردە ئىختىلاپ بولغاچقا، شۇنداق، سەككىز تۈرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ھازىرمۇ قالدۇقلىرى باردۇر، سىز بۇ بىدئەتچىلەردىن ۋە بىدئەتلىرىدىن ھەزەر قىلىڭ.

2. ئىككىنچى بىدئەتچىلەر مۆئتەزىلىلەردۇر، بۇلارنىڭ باشلىقى ۋاسىل ئىبنى ئەتائ بولۇپ، ھەسەن بەسرىغا تالىپ بولۇپ، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دېگەن خەلىپىنىڭ زامانىدا ياشىغان، كېيىنچە ھەسەن بەسەرى قاتارلىق ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىيدىسىدىكىلەردىن بۆلۈنۈپ چىققان، ئۇلار ئەھلى سۈننىيلەرگە قارشى، بەندە ئۆز قىلىقىنى ئۆزلىرى يارىتىدۇ دەپ كۆپىرى سۆزلىگەن. بىز دەيمىزكى، ئاللاھدىن باشقا خالىق يوق، بەندە كەشىپ ۋە كەسىپ قىلىدۇ، ئاللاھ يارىتىدۇ دەيمىز. خالىق ياراتقۇچى بىر ئاللاھدۇر.

مۆئتەزىلەر ئۇنىدىن باشقا، ئاللاھنىڭ ئىسىم ــ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، بۇلار، تەئتىيل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلار، پەلسەپە كىتابلىرىنى كۆپ كۆرۈپ، شۇلاردىن تەسىرلىنىپ، ئېزىپ كەتكەن. ئاللاھنىڭ ئىلىم، ھايات، ئىرادە، قۇدرەت قاتارلىق ئىسىم ــ زاتلىرىنى ۋە ئىسىم ــ سۈپەت،

پىئىللىيىيەلىرىنى ئىنكار قىلىپ، يوققا چىقىرىدۇ، بۇلار، تەقدىر مەسىلىسىدە زور خاتالاشقان، جوھەرىنى غەيلان قاتارلىقلارغا ئەگەشكەن، قەدىرىيىيە مەزھىپىگە مۇۋاپىق بولۇپ تەقدىرنى ئىنكار قىلغان، كىم تەقدىرنى ئىنكار قىلسا، ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۇ شەكسىز دىنسىز، كاپىر بولىدۇ.

يەنە، ئۇلار گۇناھى _ كەبىر قىلغانلارنى ئىككى مەنزىل ئارىسىدا يا مۇسۇلمان ئەمەس ياكى كاپىر ئەمەس دېگەن.

چۈنكى، خاۋارىج ۋەئىدىيىيەلەر كاپىر دېگەن، مورجىئەلەر، ئىمان بولىدىكەن، گۇناھى _ كەبىر زىيان قىلمايدۇ، ھېچقىسى يوق دېگەن. ۋاسىل قاتارلىق موئتەزىلىلەر ئارىلىقىدا بولىدۇ دېگەن، ھەسەن بەسەرى قاتارلىق ئەھلى سۈننىيلەر، ئۇ مۇسۇلمان تۆۋبە قىلسا، گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، شاپائەت بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ، ئەگەر گۇناھى _ كەبىرنى، ھارامنى، ھالال دەپ ئېتىقاد قىلسا، ياكى پەرىزگە تانسا، ئىنكار قىلسا، ئۇ ئاندىن كاپىر بولىدۇ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ۋاسىل ئايرىلىپ چىققاچقا، موئتىزىلىلەر **ئايرىلغۇچىلار** دەپ ئاتالغان، ئۇندىن باشقا، ئۇلار قۇرئان كەرىمنى مەخلۇق دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەر، سەلەپ، سالىھ، ئاللاھ ۋە رەسۇلى نېمە دېسە شۇنى دەيدۇ، سۈكۈت قىلسا، سۈكۈت قىلىدۇ، ئىسپاتلىسا ئىسپاتلايدۇ، نەفي قىلىپ بولۇشسىز ئىبارەت سۆرسە، نەفى قىلىپ بولۇشسىز ئىبارەت سۆرىدۇ. قۇرئان، ئاللاھنىڭ كالامى، سۆزى، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمى

www.uyghurkitap.com

بىلەن چۈشكەن، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ئىلمى بار، ئىسىم ــ سۈپىتى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان مەخلۇق ئەمەس. گەرچە قەغىزى، سىياسى، ئىنسانلار ئاۋازى، مەخلۇق بولسىمۇ، ئاشۇ قەغەزگە شۇ سىياھ بىلەن يېزىلغان مەزمۇن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشكەن قۇرئان، كاتىپلار يازغان، قەلبىدە يادلىغان، قۇرئان ھەرگىز مەخلۇق ئەمەس، ھادىسىمۇ ئەمەس. چۈنكى، ئۇ، ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، ھەرگىز تۈگەپ كەتمەيدۇ دىگەن دەلىلدۇر. ئۇلارنىڭ ئەقدىسىنى زەمەخشەرى تەپسىر كەششاپىدا يېزىۋەتكەن، بۇنداق تەپسىردىن ۋە بىدئەتچىلەر تەپسىرىدىن سوپىزىم تەپسىرلىرىدىن ھەزەر قىلىش، يېقىن كەلمەسلىك.

موئتىزىللەر، ۋاسىلىييە، ھوزەيلىييە، نىزامىييە، خابىتىييە، بەشرىييە، مەئمەرىييە، مىزدارىييە، تەمامىييە، ھىشامىييە، جۇبائىييە، جاھىزىييە، خەيياتىييە قاتارلىق 12 سىنىپقا بۆلۈنىدۇ.

ھەربىرى ئۆز ئالدىغا ئازىراق پەرقلەنگەچكە ئايرىلىپ چىقىپ، ئايرىم مەزھەپ شەكىللەندۈرگەن، تۈپ ئاساسى بىردۇر، بۇلار ئەقىدە، ئىمان توغرىسىدىكى ئەڭ خەتەرلىك مەزھەپلەر بولۇپ، ئالاھىدە دىققەت قىلىش، قاتتىق ھەزەر قىلىش، ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەلدۇر.

3. ئۈچىنچى بىدئەتچىلەر، جەبرىييەلەر بولۇپ، بۇلار بەندىنىڭ قەتئىي ئىختىيارلىقى يوق، دەپ قەدرىييەلەرنىڭ ئەكسىچە تەقدىرگە يۆلىنىدىغانلاردۇر. ئۆزلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان ئىشلارنىمۇ

تەقدىرگە ئارتىپ قويۇپ، تەقدىرگە بەكلا يۆلىنىدۇ، بەندە ھېچ ئىشنى قىلىشقا ياكى تەرىك ئېتىشكە قادىر ئەمەس دەيدۇ، تەقدىر توغرىسىدا ئازغان ئىككىنچى سىنىپ بولۇپ، قەدىرىيىيەلەر ئىنكار قىلسا، بۇلار بەكلا يۆلىنىدۇ، بىز ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەر، ئاللاھ ۋە رەسۇلى نېمە دېسە، شۇنى دەيمىز، سۈكۈت قىلسا سۈكۈت قىلىمىز، ئوتتۇرىدا توغرا ھەق يولدا تۇرىمىز.

جەبرىيىيەلەر، جەھمىيىيە، نەججارىيىيە، زەرارىيىيە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، باش ئاساس سالغۇچىسى، جەھمى ئىبنى سەپۋان بولۇپ، تىرمىز دىگەن يۇرتتا بىدئەتلىرىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، مۇسلىم ئىبنى ئەھۋەز مەرۋىدە كاللىسىنى ئالغاندۇر. بۇلاربىرقىسىم جايلاردا مۆئتىزىللەرگە مۇۋاپىق، بۇلار جەننەت، دوۋزاخمۇ ئاخىرىدا يوقۇلىدۇ، تۈگەپ كېتىدۇ، ئاللاھلا مەڭگۈ قالىدۇ، باشقىسى يوقىلىپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. قۇرئاندىكى مەڭگۈ قالىدۇ دىگەن سۆزنى، مۇبالىغە قىلىنغان، ئەمەلىيەت ھەقىقەت ئۇنداق ئەمەس دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئۇلار، قۇرئان ئايىتىنى ئۆزگەرتكۈچى، ئىجمائقا قارشى چىققۇچى، سەھىھ ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى، بولۇپمۇ مۇتىۋاتىر ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى بولۇپ، دىنىسىز كاپىر سانىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار، موئتىزىللەر بىلەن بىرلىشىپ، قىيامەت كۈنىمۇ ئاللاھنى كۆرگىلى بولمايدۇ دەپ مۇتىۋاتىر ئەڭ ئىشەنچىلىك ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ، ئايەتكە تېنىپ،

www.uyghurkitap.com

كاپىر بولدى، توغرا، ئۇلار كۆرەلمەيدۇ. لېكىن، پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىدلار، سالىھ، ئەۋلىيالار، ئەمەل قىلغان تەقۋا ئالىملار، سالىھ مۆئمىنلەر چوقۇم ئاللاھنى قىيامەت كۈنى كۆرەلەيدۇ.

4. تۆتىنچى بىدئەتچىلەر، تەشبىھچىلار بولۇپ، بۇلار ئاللاھنى مەخلۇققا، ئىنسانغا ئوخشىتىدۇ، بۇلارمۇ دىنسىز، كاپىر قاتارىدا سانىلىدۇ، چۈنكى، كىم ئاللاھنى مەخلۇققا ئوخشاتسا، ئۇ شەكسىز كاپىر بولىدۇ. تەشبىھچىلار، ناسارالارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئاللاھنى جىسىملاشتۇرۇپ مەخلۇققا ئوخشىتىدۇ، بۇلار ئەڭ خەتەرلىك بىدئەتچىلەر بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاسانلا ئازدۇرۇپ كېتىدۇ. دىققەت قىلىڭ، ئەقىدىگىزنى رۇسلاڭ، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە، سەلەپ، سالىھلار ئەقىدىسىنى ئوقۇڭ، تاھاۋى ئەقىدىسىدەك.

5. كارامىييەلەر بولۇپ، بۇلار ھادىسە، مەخلۇق سۈپەتلىرىنى ئاللاھنىڭ زاتىغا ئەكىرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئاللاھنىڭ زاتىنىڭ ئوخشىشى بولمىغاندەك، سۈپەتلىرىنىڭمۇ ئوخشىشى يوق، بۇلارمۇھەم ئازغۇن، بىدئەتچى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى،بۇلارنىڭ نۇرغۇن بىدئەتلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يازمىدىم، تىلغا ئېلىشقا بولمايدىغان بىدئەتلىرى بار، ئاددىسى ئۇلار، ئاللاھنىڭ زاتىدا نۇرغۇن ھادىسە، سۈپەتلىرى بار دىگەن. نەئۇزۇبىللا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىگەندىن پاكتۇر، ئۇلۇغدۇر، ئوخشىشى يوقتۇر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

6. مۇرجىئەلەر، بۇلار، يونۇسىيىيە، ئەبىدىيىيە، غەسانىيىيە، سەۋبانىيىيە، تومنىيىيە، سالىھىيىيە قاتارلىق ئالتە سىنىپقا بۆلۈنىدۇ، ھەممىسى، بىدئەتچى بولۇپ، بۇلار، ئىمانلا بولسا، گۇناھ، مەئسىيەت، زىيان، زەرەر قىلمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇناھنى قىلىۋېرىدۇ، شۇنداقلا، بۇلار گۇناھنى _ كەبىيرە ئىگىسى كىچىكلىتىۋىلىدۇ، ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، لېكىن، ئاخىرىدا جەننەت ئەھلى بولىدۇ دىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇرجىئە دەپ ئاتالغان، بۇلار، ئىمان زىيادە كام بولمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، بىز ئىمان، تائەت _ ئىبادەت، ئەمەللەر بىلەن زىيادە بولىدۇ.

گۇناھ، مەئسىيەت بىلەن كامايدۇ، ھەتتا، يوقاپمۇ كېتىدۇ دەيمىز. بىز، ئاللاھ قۇرئاندا، ئىماننى زىيادە بولىدۇ دىگەن ئىكەن، زىيادە بولىدۇ دىدۇق، بولمىسا، ئۇنداق دىمەيتتۇق، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزىنى دىدۇق خالاس. لېكىن، بۇ بىدئەتچىلەر ئازدى، قۇرئان، ھەدىسكە قارىماي جۆيلىدى، سىز ئۇلاردىن، كىتابلىرىدىن، ھەتتا، تىلىۋىزور پروگراممىلىرىدىن ھەزەر قىلىڭ، يېقىن كەلمەڭ. ھازىرقىللىرمۇ خۇددى ئىلگىرىكىللىرىگە ئوخشاش ئازغۇندۇر، ئاللاھ بىزلەرنى ئۇلاردىن قىلمىسۇن، ئامىن!!!

7. يەتتىنچى بىدئەتچىلەر، شىيئەلەر بولۇپ، بۇلار، كەيسانىيىيە، زەيدىيىيە، ئىمامىيىيە، غالىيە، ئىسمائىلىيىيەلەردىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەممىسى ئازغۇن، بىدئەتچىلەردۇر. بۇلار ئاساسلىقى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوللاپ، ئاندىن كېيىن خاتالاشقان ئازغۇنلار، ئۇلار،

خەلىپە، ئىمام پەقەت ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادىدىن چىقىشى لازىم دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ھەتتا، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنى تىللايدۇ، ئەيىبلەيدۇ. كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىمۇ ئەيىبلەيدۇ، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

پەقەت، ئۆز ئىماملىرى تەرىپىدىن خاتىرلەنگەن، رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى ۋە ئىمام سۆزلىرىنى خاتىرلەپ ئەمەل قىلىدۇ، ئەقىدە، ئېتىقاد، ئىبادەت ھەم ئەمەللەردە، ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەر بىلەن زور دەرىجىدە پەرىقلىنىدۇ،ئۇلاردا نۇرغۇن خاتالىقلار بولۇپ، بۇلارغىمۇ يىغىن كىلىشكە بولمايدۇ. ھەقكە چاقىرىشقا بولىدۇكى، چاقىرىقىغا ئەگىشىشكە بولمايدۇ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرىمىزكى، بىز، تەسىرلىنىشكە بولمايدۇ. ھەزەر قىلىش، بۇلار ئىماملىرىنى، خەلىپىلىرىنى، گۇناھدىن پاك بولۇشى لازىم، گۇناھ قىلغان كىشى خەلىپە ياكى ئىمام بولالمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇ خاتا، بۇلار 12 ــ ئىمام، مەھدى ھازىر ھايات، ئۇ ھامىنى ئويغۇنۇپ چىقىدۇ دەپ قارايدۇ، بىز، ئىمام مەھدى تەبئىيلا ئىنسانلار نەسلىدىن، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەۋلادىدىن چىقىدۇ دەيمىز. ئۇلار، ھەسەن ــ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىساسىنى داۋا قىلىپ، نۇرغۇن قىرغىنچىلىق قىلغاندۇر. ھازىرمۇ ئاجايىپ ــ غارايىپ بىدئەت، خۇراپاتلارنى قىلىشىدۇ، ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ، قان قىلىپ، ۋارقىراپ ــ جارقىراپ ، مەلۇم ئاينىڭ مەلۇم

كېچىسى، بولۇپمۇ شۇ، ئاي تەڭ بولغان، 15 ــ كۈنى قەبرە بىدئەتلەرنى قىلىدۇ.

روھلار، بىر شەخسنىڭ يەنە بىر شەخسكە يۆتكىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، بەزىسى ئىلاھلىق داۋاسى قىلىدۇ، بەزىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پەيغەمبەر دەپ داۋا قىلىپ باققان، ھازىر ئۇلار باستۇرۇلدى، زەيدىييەلەر، خەلىپە، سۇلتان پەقەت پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەۋلادىغا خاس، باشقىلارغا دۇرۇس ئەمەس دەپ، قۇرئان، ھەدىسكە زىت، مۇخالىپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇلاردا، نۇرغۇن بىدئەتلەر، پاسىت، باتىل ئەمەللەر بولۇپ، ھەممىنى تەرجىمە قىلمىدىم، مەن بۇ سۆزلەرنى ئەبۇلپەتھى شەھرىستانى دېگەن ئالىمنىڭ «مىلەل ۋەننىھەل» (ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە مەزھەپلەر) دېگەن كىتابىدىن يېزىۋاتىمەن، ئەرەبچىنى بىلسەڭلار بىر كۆرۈپ بېقىڭلار، بىلمىسەڭلار بىلىدىغانلار ئوقۇپ بەرسۇن، ئاڭلاڭلار، سوراڭلار. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇلار ۋە ئالدىنقىلار، ھەممىسى ئەھلى سۈننىيلەرگە قارشى سەلەپ، سالىھلارغا قارشى ئازغۇن بىدئەتچىلەردۇر، ئەقىدىدە خاتالاشقان دىنسىز، كاپىر، مۇشرىك قاتارىدا سانىلىدىغانلاردۇر، ئۇلارنى بارلىق ئالىملار، ئىسلام ئالىملىرى ئىجمائ، ئېتتىپاققا كېلىپ، كاپىر، مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

ساھابىلار، تابىئىنلار، تۆت مەزھەپ ئىماملىرى، ھەتتا، داڭلىق مەشھۇر مۇپەسسىرلەر، مۇھەددىسلەر،ئۇلارنى كاپىر، دىنسىز، مۇشرىك دەپ ھۆكۈم

قىلدى. مانا بۇلار، ئاشۇ 72 خاتا، ئازغۇن، ھالاكەتچى پىرقىلەر شۇلاردۇر.

ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزىگە تەسلىم بولۇپ، نېمە دېسە شۇنى دەيدىغان ساھابە، تابىئىن، سەلەپ، سالىھ، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكىلەر سالىھ، مۆئمىنلەر، توغرا بولغان ھەق ئۈستىدە، ئۇلار قۇرئان، سەھىھ ھەدىس بويىچە، سۈننەت بويىچە يول تۇتقانلار بولۇپ، جەننەت ۋەدە قىلىنغانلارمانامۇ شۇلاردۇر.

8. بىدئەتچىلەر، سوپىزىملار، **سوپىلاردۇر،** سوپىزىم ئەقىدىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بار بولۇپ، ئاز تولا ئىسلامىي پەلسەپە، ھىكمەت، ئىلاھى مۇھەببەت ئارىلاشقاچقا نۇرغۇن كىشىلەر ياخشى كۆرۈپ ئەگىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار، ھەققەتچىلەردىن ھەتتا كارامىتى بار ئەۋلىيا، سالىھ كىشىلەرنى ئۆز يولىغا،ئەقىدىسىگە،كىتاپلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ،ئەكىرۋالىدۇ. مەسىلەن: ھەسەن بەسەرى، رابىئە بەسرى ئەدۋىييە، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، جۇنەيد، زونىون مىسرى قاتارلىقلار. لېكىن، ئۇلار ھازىرقى سوپىزىم ئەقىدىسىدىن بىدئەتلەردىن خالىي، پاك كىشىلەر، بولۇپمۇ ھەسەن بەسەرى قەتئىي سوپى ئەمەس، مانا شۇ سەۋەبدىن كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى چىرايلىق ئاڭلانغان، لېكىن، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەمەللەردە زىكرى _ تەسبىھلەردە، بىدئەت ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز ھازىر ئەقىدىسىدىكى بىدئەتلەرنى يازىمىز. ئەڭ خەتەرلىك، شىرىك ھېسابلىنىدىغان ئەقىدىسى، ئاللاھنىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ

كېتىش، پىنائ نەزىرىيىسى، بۇ خۇددى ناسارالارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئەقىدىدە، ئەبۇ يەزىيد باستامى، مەنسۇر ھەللاجى قاتارلىقلار، ئىلاھلىق داۋاسى قىلىپ، شېرىك كەلتۈرگەچكە كاللىسى ئېلىنغان، مەنسۇر ھەللاجى دارغا ئېسىلغان، ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا پەتىۋا كىتابىنىڭ توپلىمىدا، مەنسۇر ھەللاجى دىنسىز، مۇشرىك، كاپىر دەپ ئوچۇق سۆزلىگەن.

ئىبنى كەسىر بولسا، بەدايەت ۋە نەھايەت دىگەن تارىخى كىتابىدا، ئۇنى ئىسلام ئالىملىرى، ئەھلى سۈننىلەر، ئىجمائقا كېلىپ، كاپىر، دىنسىز دەپ دارغا ئاسقان دىگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ساختىپەزلىكىنى يازغان،

ئۇلارنىڭ بىدئەتلىرىدىن يەنە بىرسى، غەيىبنى داۋا قىلىش، ھال، ماقام تېپىش، كارامەت داۋاسى قىلىش، گەرچە ئۇلار سۆزلىرىدە ئاللاھنىڭ جامالى، جەننەت ئوچۇن، ھەتتا جەننەتنىمۇ قويۇپ، ئاللاھلا دەپ يۈرسىمۇ ئەمەلىيەتتە، ئۇلار، ھال، ماقام، كارامەتنى، مال ـ دۇنيادىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ.

خەتەرلىك بىدئەتلىرىدىن يەنە بىرسى، ۋاستەقىلىش، ئاللاھ بىلەن ئىبادەت ئارىلىقىدا ۋاستە قىلىدۇ، شەيىخلىرىنى ئەۋلىيا، سالىھلارنى ھېچ بولمىسا بىرەر قەبرىنى ۋاستە ۋەسىيلە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋەسىيلە، يېقىنلىق ئىزدەش دىگەن تائەت، ئىبادەت بىلەن بولاتتى، لېكىن، بۇلار شەيىخلىرىنى ياكى ئۆلگەن شەيىخ ئۇستازلىرىنى ۋاستە قىلىدۇ. ھەتتا، زىكىر ئېيتقىچە، شەيىخنى كۆز ئالدىغا ئەكىلىپ ئوقۇيدۇ، ئىسلام دىنى، مانا

مۇشۇنداق شېرىك ئەقىدىدىن، ۋاستىدىن قاتتىق توسۇپ، چەكلەپ، ھارام، گۇناھى _ كەبىرە دەپ ياندۇرۇپ تۇرسىمۇ، يەنىلا مۇشۇ ۋاستە قىلىش سەۋەبىدىن بۇددا دىنى ئوتتۇرىغا چىقتى. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئاللاھ بار، بىر دىسىمۇ بىزنى مۇشۇ ئۇلۇغ كىشلەر ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ مۇشرىك، كاپىر بولدى. سوپىلار، مازايى _ ماشايىخلارغا چوقۇنۇپ، مازارلارغا، دەرەخلەرگە قان قىلىپ، شېرىك ئەقىدىدە، مۇشرىك ھېسابلاندى. تېخى ئۇلار، جىنلار توغرىسىدا ئالىجوقا سۆزلىشىدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئازدۇرغىنى جىن، شەيتاندۇر.

ئۇلار ئەرشنى كۆردۇم، ئەرشكە بىر موللاق بىلەن چىقتىم، لەۋھۇلمەھپۇزنى ئوقۇدۇم، ئۆيگە كەلگەن ۋە كەلمەكچى بولغان مىھماننى، ئالدىن بىلدىم،دىگەندەك شېرىك ئەقىدىنى سۆزلەپ يۈرىدۇ. ئۇلاردا بۇنداق كارامەت قەتئىي يوق. پەقەت، ئاغزىدا جۆيلۈپ يۈرىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا، سوپىلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ بىرسىمۇ راست ئەمەس، ھەممىسى كاززاپ دىگەن، پەقەت ھازىرقىلار، سوپى دەۋالغان لېكىن، سوپىلىقدىن پاك، تەقۋا ئۆتكەن، سالىھ كىشلەردە شۇنداق كارامەتلەر يۈز بەرگەن. ھازىر، بۇنداق بىدئەتچى، كاززاپ، شېرىك ئەقىدىدىكى سوپىلاردا بۇ كارامەت نىمە قىلسۇن؟. بۇلاردا جىنلارنىڭ، جىنكەشلەرنىڭ ئەھۋاللىرى باردۇر، جىن ھەمكارلاشقان.

سوپىلارنىڭ ئاغزىدىن ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم يالغان سۆز، يالغان

ھەدىس، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، بەنى ئىسرائىلىيىيە توقۇلمىلىرى چىقماي كەچ بولمايدۇ. ئۇلاردا ئىلىم، فىقھى ئىلمى، بولۇپمۇ ھەدىس تەتقىقاتى ئىلمى قەتئىي يوق بولۇپ، يالغان ھەدىسنى پەرىق ئەتكۈچىلىكى يوق، كىتابتا باركەن دەپلا سۆزلەۋېرىدۇ، تېخى ئۇلار زامانىۋى تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى، شەيتاننىڭ ئىشى دەپ يېقىن كەلمەي، تېخىمۇ خۇراپاتلاشقان، بىدئەتچىلىكتە بىلىگىچە پاتقان، ئۇلاردا ھەرخىل بىدئەتلەر بولۇپ، بىز يەنە يازىمىز، ئاللاھ خالىسا.

9. كىشىلەردە، نادان، جاھىللاردا، ئەقىدە جەھەتتىن نۇرغۇن بىدئەتلەر بولۇپ، ئاز تولا سۆزلەپ ئۆتىمىز. مەسىلەن:

1 ـ دەرەخلەرگە قان قىلىش، 2 ـ قورچاق ياساپ، ئالدىغا ئۇماچ قاتارلىق تاماقلارنى قويۇپ قويۇش، 3 ـ مازارلارغا بوي پۇرۇتۇش، ياغ پۇرۇتۇش، 4 ـ بىرەر مازارغا بېرىپ، قان قىلىپ، قوي، كالا، توخۇمۇ بولسا، ئۆلتۈرۈپ، قۇيماق سېلىپ، ياغ پۇرۇتۇش، 5 ـ ئوتلاق قىقىش، 6 ـ بالىلىرىنى خىتايلارغا سوقلىتىش، 7 ـ ئوت كۆچۈرۈش، 8 ـ ئىسسىتقۇ، سويۇتقۇ، 9 ـ تۇمار ئۆرۈش، 10 ـ تۇمارنى يۇلتۇزلارغا قاراپ كۆزىتىپ يېزىش،بىرقىسىم يۇلتۇزنى بىردەم ئالدىغا بىردەم ئارقىسىغا قىلىپ يېزىش، جىنكەرشلەرگە بېرىش، 11 ـ ھارام پال سالدۇرۇش، 12 ـ غەيىبدىن سۆزلەش، پالسىزمۇ يۇرمە دىيىش، 13 ـ ئۆلگەن كىشىگە ھەپتىسى، قىرىقى، بىر يىلى دەپ قۇرئان ئوقۇتۇش،نەزرەقىلىش بۇ خىتاي ئەقىدىسى، 14 ـ

نىكاھدا تۇز يېدۇرۇش، سىگانلارغا ئوخشايدۇ، 15 ـ توي قىلغانلارنى ئۆتتىن ئاتلىتىش، 16 ـ كىيىملىرىنى يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشاش ياسىتىش ياكى ئىجارە ئېلىش، 17 ـ جىن بار دەرەختىن ياكى جىن، يوق بولسىمۇ كىشىلەر ئىددىيىسىدە بار دەرەختىن قورقۇش، 18 ـ چوقۇنۇپ، نەزىر قىلىش، 19 ـ ئۆلگەن كىشىنىڭ پىددىسىگە كالا تۇتۇش، بۇكالىغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ ئىشى، تۇغقان ئايالنىڭ قىشىغا تاماقنى ئاغزىنى يىپىپ ئەكىرىش، بولمىسا بالىسى، بالىنىڭ ئاغزى كالاچ بولىدۇ دېيىش، بويۇن گۆشىنى يېشىلىپ،سۆڭىكىنى تەكچىگە تىكلەپ قويۇش، 21 ـ ئەقىيقە قىلغان قوينىڭ سۆڭىكىنى كېپەنلەپ، ناماز چۈشۈرۈپ، قەبرىگە قويۇش، 22 ـ قاغىلار سايرىغاندا، تىللاپ قويۇش، 23 ـ يۇلتۇز ئىلمىدىن غەيىبنى داۋا قىلىش، 24 ـ مول ھوسۇلنى كۆن نۇرىغا، قار ـ يامغۇرغا، تۇپراققا باغلاپ قويۇپ، تەبىئەتكە چوقۇنۇشلار، ھەممىسى بۇددا دىنى، مەجۇسى دىنى، سابىئىن دىنى يەنى بۇتقا، دەرەخكە، ئوتقا، قۇياش، يۇلتۇزلارغا، تەبىئەتكە چوقۇنىدىغان شېرىك، دىنسىزلار ئەقىدىسىدۇر، كۇپۇرلۇقتۇر.

ئەقىيدە جەھەتتىكى ئەڭ خەتەرلىك، چوڭ بىدئەت، ھەتتا شېرىك كەلتۈرۈش بولسا؛ قۇرئاننى، سەھىھ ھەدىسنى قويۇپ، بەندىلەرنىڭ قانۇنى، سىياسەت، تۈزۈملىرى، ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاشتۇر، رازى بولۇشتۇر. قۇرئان، ھەدىس بىلەن ئىمام، خەلىپە، ئالىملار ھەل قىلالايدىغان ئىشلارغىمۇ،شۇلارنىڭ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىش، ئەڭ چوڭ بىدئەت،

شېرىكتۇر، ئىسلام دىنىدا رۇخسەت بار ئىشلارمۇ ۋاختى كەلگەندە شېرىككە ئايلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىشنى باشلىق، ھاكىمىيەت، شۇنداق ئورۇنلاشتۇردى دەپ ئازىدۇ، دىنسىزنىڭ ئەمرى _ پەرمانىنى ۋاجىپ دەپ، دىنسىز كاپىر بولۇپ كېتىدۇ.

ھېچبولمىسا، بۇلار، بىدئەتچى، مۇناپىقتۇر.

ئاللاھنىڭ ئىسمى _ سۈپىتى ئىچىدە كۆز، قۇلىقى، قولى بار، ئۆزىگە لايىق بار، ئوخشىشى يوق دېيىلسە، ئۇلار بۇنداق دېسەك، ئوخشاپ قالىدىكەن دەپ قۇدرەت، نېئمەت، مەئنا بېرىپ، ئازغۇن، بىدئەتچى بولىدۇ، ھەتتا، مۇئتەزىللەرگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، چۈنكى، ئۇ چاغدا، قول دىگەن سۈپەتكە تانىدۇ، كېلىپ _ كېتىش، چۈشۈش مەسىلىسىمۇ شۇنداق، ئۇيغۇرلاردا ھەتتا، مولىلاردىمۇ بۇ خىل خاتا ئەقىدە، بىدئەتلەر خېلى كۆپ،مانا بۇلار شېرىككە ئاپىرىدىغان، ئەقىدە، ئىمان جەھەتتىكى بىدئەتلەردۇر.

2 ـ تەقدىر توغرىسىدا خېلى كۆپ بىدئەتلەر باشتا يېزىلدى. لېكىن، بىز قارىساق، كىشىلەر يەنىلا نادان، بولغاچقا، ئاللاھنىڭ ئىلمىنى چۈشىنەلمىگەچكە، تەقدىرگە يۆلىنىش ياكى تەقدىرگە ئارتىپ قويۇش، ياكى تەقدىرنى ئىنكار قىلىشتەك خاتا، بىدئەت ئەقىدىلەر باردۇر. مەڭگۈ تەقدىرنى چۈشىنەلمەيدۇ، ھىيلە سۆزلەپ بەرسە، بۇ يىل سۆزلەپ بەرسە، كېلەر يىلى يەنە سورايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى بۇلار تەقدىرگە

www.uyghurkitap.com

ئىمان كەلتۈرۈپلار، ئەمەللىرىنى قىلىۋەرسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزغا قارىۋالماي، ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشىگە ئېسىلىۋالماي، كىرامەن كاتىبىينگە قاراپ، ئەمەل قىلسۇن، كىتاب ئوقىسۇن،بىلمىسە سورسۇن.

3 ـ تەھارەت توغرىسىدىكى بىدئەتلەر. تەقۋالىق قىلىپ كېتىپ، ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇش، بۇ ھەددىن ئاشقانلىقتۇر، سۇ تۇرسا، تەيەممۇم قىلىش، جۇنۇپ يەرگە دەسسىسە بولمايدۇ، جۇنۇپ يۆلتۈز كۆرسە بولمايدۇ، جۇنۇپ كىشى تالا ــ تۈزگە چىقسا بولمايدۇ، جۇنۇپ ئۈستى ئوچۇق جايدا، ئۆستەڭ، ئامبارلاردا يۇيۇنسا بولمايدۇ، بالىسىغا قارىسا بولمايدۇ، بالىسىنى ئىمىتسە بولمايدۇ، تاماق يىسە بولمايدۇ دىگەنلەر پۈتۈنلەي بىدئەت، خۇراپات، ئاساسسىز گەپ ــ سۆزلەردۇر.غۇسلىنىڭ نىيىتىنى ،تىلى بىلەن لەبزەن،ئۇنى بۇنى ئۇقۇپ قىلىشمۇ بىدئەتتۇر.

4 ـ ناماز توغرىسىدىكى بىدئەتلەر، 1 ـسوپىلاردىكى قادىر تۈرۈپ شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش بىدئەت، 2 ـيۇقىرقى يالغان ھەدىسلەردىن ئېلىنغان ناماز، نەپلە ئىبادەتلەر بىدئەتتۇر.3 ـ سۈرە،سانىنى، مەلۇم جايىنى، ماكانىنى، زامانىنى ساۋابلارنى، كارامەت، ئالامەتنى شەرت قىلىپ، چۈش كۆرۈشنى ھال، ماقام تاپسام دەپ ئوقۇغان ناماز بىدئەتتۇر

4 ـ نامازلار ئارقىسىدىكى سەجدە قىلىپ قويۇشلار، بىدئەتتۇر، قۇرئان، سەھىھ ھەدىستىن ئالىملار ئىجماسىدىن باشقا نەپلە نامازمۇ بىدئەتتۇر،

ئاساس، دەلىل بولسا، ئاندىن قوبۇل بولىدۇ.

5 ـ ئۇسەيمىين نامازغا تىلى بىلەن ،لەبزەن نىيەت قىلىش بىدئەتتۇر دىگەن،بۇنۇڭغا ئالىملارقوشۇلغان.

6 ـ نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا قۇرئان، سەھىھ ھەدىستىن باشقىسى بىدئەتتۇر، يالغان بولىدۇ. ھەپتىلىك ۋەزلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىدئەتتۇر،7 ـ قەبرىستاندا ناماز ئوقۇش بىدئەتتۇر، 8 ـ ئەزاننى ئاڭلاپ ئىككى بارمىقنى كۆزىگە سۈرتۈش بىدئەتتۇر، 9 ـ يۇقىرىدا يالغان ھەدىستا سۆزلەندى، تەشەھھۇدتا، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ دەپ بەرمىگەن دۇئالار بىدئەتتۇر،10 ـ نامازدا ئۈچ بارمىقنى ئالاھىدە چىقىرىپ تۇتۇش بىدئەتتۇر،11 ـ نۇرغۇن دۇرۇت، دۇئايى سالاملار بىدئەتتۇر، دورودىننار، دۇرۇت، ئوت دورودون نىجات دىگەندەك دۇرۇتلار، دۇرۇت، دۇئايى ـ سالامىمۇ سەھىھ ھەدىستە كەلسە، ئىتىبارغا ئېلىنىدۇ، بولمىسا بىدئەتتۇر. 12 ـ نامازدىن كېيىن، زىكرى ئوقۇش، دۇئا قىلىش، سەھىھ ھەدىستە كەلگەندەك بولسا، دۇرۇس، لېكىن، كەيپىياتى، مىقدارى، ۋاختى ئۆزگەرسە بىدئەتتۇر. بىز يۇقىرىدا ئالتە شەرتنى قويدۇق، شۇ شەرتكە لايىق بولسا، قوبۇل بولمىسا، باتىل.

13 ـ نامازدىن كېيىن، دۇئا دۇرۇس بولسىمۇ، شۇ دۇئادا قول كۆتۈرۈشكە، ئالىملار نەچچە خىل كۆز قاراشتا بولدى، باشقا جايدىكى دۇئادا، قول كۆتۈرىدىغان مەنىۋى مۇتىۋاتىر 100 ھەدىس بولغاچقا، ئاشۇ ھەدىسلەرگە قىياس قىلىپ، بەزى ھەدىسلەر ئىشارىتىدىن، بۇرۇنقى ۋە

كېيىنكى ئالىملار قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسا، دۇرۇس دېگەن، يەنە بەزىلەر بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىس يوق، ھەدىس بولسىمۇ، ئۇ زەئىپ، سەھىھ ئەسەر، خەۋەرمۇ يوق، بۇ بىدئەتتۇر دېگەن، دوكتۇر، سالىھ، پەۋزان، ئۇسەيمىيىن رەھىمەھۇللا قاتارلىقلار بىدئەتتۇر دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرەمدە قولنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلمايدۇ، لېكىن، دۇئانى قىلىۋېرىدۇ، ھەتتا بەزىلەر بارلىق دۇئالاردا قولنى كۆتۈرمەيدۇ، بۇ خاتا، بىز ھازىر نامازدىن كېيىنلا دېدۇق. بىزنىڭ دىيارلاردا ئاشۇ رۇخسەت، ھۆكۈم بىلەن قول كۆتۈرۈپ كۆتىگەن، بۇ بىدئەتنى تازىلاش ئۈچۈن، ئۇزۇن ۋاقىت كەتكەچكە، مەن ھازىر ئالدىن تەييارلىق قىلىپ، بىدئەتلەر قاتارىغا يېزىپ قويدۇم،

14 ـ ئەقىدىسى توغرا بولمىغان بىدئەتچىنىڭ ئىمام بولۇشى بىدئەتتۇر. بىدئەتچى ئارقىسىدا ناماز دۇرۇس ئەمەس، بولۇپمۇ يالغان ھەدىس ئوقۇغۇچىنىڭ، نۇرغۇن سەۋەبلەردىن ئارقىسىدا ناماز دۇرۇس بولمايدۇ، بىز بۇنى ساناپ 15كە ئاپارغان، مەن بۇنى دېمىسەممۇ سىلەر ئويلاپ تاپالايسىلەر.

15 ـ شەئبان، رەجەپ، بارات، ھوشۇر، دۇئا دېگەن ئايلاردىكى نۇرغۇن تۈنەشلەر، نامازلار بىدئەتتۇر، بۇ توغرىسىدا يالغان ھەدىسلەرمۇ كۆپ سۆزلەندى، نەپلە نامازلار سەھىھ ھە دېسكە ياكى ساھابە، تابىئىن ياكى مۇجتەھىد ئالىملار ئىجماسىغا مۇۋاپىق، ئۇيغۇن بولمىسا، يەنىلا بىدئەت بولىۋېرىدۇ، تەسبىھ نامىزىنى نۇرغۇن ئالىملار بىدئەت دېگەن، بەزىلەر

پەزىلەت ئەمەللەردە زەئىپ ھەدىسكە ئەمەل قىلسا بولىدۇ، ئوقۇسا بولىدۇ، ساۋاب بار دېگەن. لېكىن، زەئىپ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز.

## جىنازا نامىزى توغرىسىدا

مەن بۇ توغرىسىدا شەيخ ئالبانىينىڭ ئەھكامۇلجەنائىز ۋە بىدئوھا يەنى جىنازا ھۆكۈملىرى ۋە ئۇ توغرىسىدىكى بىدئەتلەر دېگەن كىتابىدىن تاللاپ يېزىشنى توغرا تاپتىم، ئۇ بۇ كىتابتا 241 بىدئەتنى يازغان، ھەممىسى جىنازا توغرىسىدىكى بىدئەتتۇر.

ئالباني، ئىككى ھەرەم ئىمامى، خەتىپى، مەدىينە ئۇنىۋېرستىتىنىڭ رەئىسى، خەلقئارا ئالىم ئەللامە، مۇھەددىس بولغاچقا، ئۇنىڭ مەدرىسىدە 250 دۆلەتتىن ئوقوغۇچى بولغاچقا، بارلىق خەلقلەرنى، مىللەتلەرنى، يەرشارى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇ بىدئەتلەرنى يېزىپ چىققان، مەن بۈنىڭدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدا بار بولغان بىدئەتلەرنى تاللاپ يازىمەن، چۈنكى، بىزنىڭ نادان، جاھىل مولللىرىمىز ئاڭلاپ قالسا، ئۇ بىدئەتلەرگە ئەمەل قىلىپ كېتىشى مۇمكىن، ئاللاھ بىزلەرنى بىدئەتتىن ساقلىسۇن. ئامىن!!!

ئالباني رەھىمەھۇالله موئتەبەر ،مۇھەددىس بۇلۇپ،ئىسلام دىنى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ،ئۆمرىنى ھەدىس تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن.
ئەبۇداۋۇد ،تىرمىزى،ئىبنى ماجە ،مىشكاتۇلمەسابىھ رىيازۇسسالىھىن،
جامىئۇسسەغىر،تەرھىب ۋەتەرغىب قاتارلىق نۇرغۇن ھەدىس كىتابلىرىنى
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ،سەھىھ ، ھەسەن،زەئىيپ،
مۇنكەر،ھەتتا مەۋزۇئ يەنى يالغان ھەدىسلارنى ئايرىپ بەرگەن.
ئۇنىڭ18قىسىملىق،زەئىپ ھەدىسلارتوپلىمى بار.
7قىسىملىق سەھىھ ھەدىسلارتوپلىمى باردۇر.
ئۇ،رىيازۇسسالىھىنىڭ ھەدىسلىرىنى تەكشۈرۈپ 55 ھەدىسنى
زەئىيپ، دەپ ھۆكۈم قىلىپ،يېزىپ قالدۇرغان.
ئىبنى ماجەنى ئىككى قىسىمغا بولۇپ،سەھىھ،ۋەزەئىپلىرىنى يازغان.
مىشكاتنى ئوقىماقچى بولسىڭىز ، ئالبانىينىڭ ،تەكشۈرۈپ تەتىقىق
قىلىپ ،تۈرلەرگە ئايرىپ بەرگىنىنى ئۇقۇڭ.
ئۇنىڭ مىشكاتتىن،ئايرىغان بىرنەچچە يالغان ھەدىسلەرنى مىسال
ئورنىدايېزىپ قويدۇم.
1 ـ مىنىڭ سۆزۈم الله نىڭ سۆزىنى مەنسۇخ قىلالمايدۇ......دىگىنى
2 ـ نامازنىڭ تۇنجى بىرىنچى ۋاختى الله نىڭ رازىي بولىشىدۇر.
ئەخىرقى ۋاختى ئەپۇ قىلىشىدۇر .دىگەن ھەدىس.(تىرمىزىي)
3 ـ نامازدابىلىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئەھلى دەۋزەخىلەرنىڭ راھىتى.
4مۇئازىنى رەز..يەمەنگەئەۋەتكەندە بىلمىسەڭ ھۆكۈم قىلما.

مۇشكۇللىككەيولۇقساڭ ماڭاخەت يېزىپ ئاندىن ھۆكۈم قىل.

5 ـ رەسۇلۇ **ﷲ** سەللەﷲ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ئولتۇرۇپ ئۇخلايتتى

6 ـ ئەگەرئەسنىسەڭلار،ھا...! دىمەستىن ،قۇلۇڭلارنى ئاغزىڭلارغا قويۇڭلار.ئۇنداق قىلساڭلار شەيتان كۈلىدۇ.

7 ـ بۇمداتتا دۇئايى قۇنۇت ئۇقۇشتىن توسقان. ئىبنى ماجە.

مانامۇشۇنداق ھەدىسلارنى تەكشۈرۈپ مىشكاتتىن،ئىبنى ماجەدىن ھەتتائەبۇداۋۇد،تىرمىزىيدىنمۇ بىرقىسىم ھەدىسلارنى يالغان دىگەن.سىز دەلىل ئىسپاتىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز بۇ،توربېتىنى

كۆرۈڭ سۇلتان ئورگى ،ئەلئەبانىي نىت.www. alalbany. net

**ئۆزگىچىمىزگەكەلسەك ،شەيخ ئەلبانىينىڭ كىتابىدىكى بىدئەتلەرنى، تەرجىمە قىلىشقا باشلايمىز.**

## ئۆلۈش ئالدىدىكى بىدئەتلەر

1 ـ **ﷲ**،ئاخىرەت،ئىمان بىلەن كارىي يوق،

ۋەسىيەتمۇ قىلماستىن،دۇنيانىڭ،ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ غىمىدە ئۆلۈش بىدئەت.

2 ـ تىبابەتتىن،كىتابەتتىن،داۋالاپ ساقايمىسا،ئىمان بىلەن جان تەسلىم قىلماي،ھەر خىل شىرىك،بىدئەت خۇراپاتلارنى قىلىپ،جىنكەشكە بېرىپ،ھەتتا ئىشەك سۈتلىرىنى ئىچىپ، ،ئىماندىن

ئايرىلىپ،ئۇلۇشلەر،خەتەرلىك بىدئەتتۇر.

3. ئۆلۈۋاتقان، جان تالىشىۋاتقان كىشىگە شەيتان ئىككى ئاتا ــ ئانىسىنىڭ سۈرىتىدە كېلىدۇ، يەھۇدىي، ناسارالار بولۇپ كېلىپ، شۇ دىنغا چاقىرىدۇ، دىنىدىن چىقىرىپ ئازدۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش بىدئەت، ھايات چاغدا ئازماي، ئۇ چاغدا ئازامدۇ؟ مۇئمىن دىگەن ئوخشاشلا ئازمايدۇ.

4. بېشىغا قۇرئاننى قويۇپ قويۇش بىدئەتتۇر.

5. جان ئۈزۈش ئالدىدا لائىلاھە ئىللەللاھۇدىن باشقا ئەھلى بەيتلەرنى، تۆت ئىماملارنى ئىقرار قىلدۇرۇش، ئىمام ئەزەم مەزھىپىدە دەڭ دىيىش بىدئەتتۇر، دەلىل، يۇقىرىدا ئۆتتى، بۇ ئىش ئىسلام دىنىدا يوق، دەلىل ــ ئىسپاتمۇ يوق.

بىدئەتكە قارشى دەلىللەر يۇقىرىدا كۆپلۈك ئۆتتى، يەنە بىر دەلىل شۇكى، شۇ بىدئەتكە قۇرئان، ھەدىسدىن دەلىل يوقلىقىدۇر.

6. مېيىتنى قىبلىگە، ئالدىنى قىلىپ قويۇشنى يەنى جان ئۈزۈۋاتقاندا شۇنداق قىلىش بىدئەت بولۇپ، بۇ ئىشنى سەئىد ئىبنى مۇسەييىب ئىنكار قىلغان. ئەمما، قەبرىدە شۇنداق قويۇلىدۇ.

7. ئۆلگەندىن كېيىنكى بىدئەتلەر؛ ئادەم باللىرى ئۆلسە، نىجىس بولىدۇ، جۇنۇب بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن غۇسلى قىلدۇرۇلۇپ، يۇيۇلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش بىدئەت،بۇ شىئەلەر ئېتىقادى.

8. مېيىتنى يۇيۇش جەريانىدا،ئۆيدىن ھەيزدار، نىپاسدار، جۇنۇپلارنى

چىقىرىۋېتىش بىدئەت بولۇپ، ئۇلار تۈرىتۋەرسە بولىدۇ.

9. مېيىتنى يۇغاندا، ياكى جىنى چىققاندا، ئۇستىدە تۇرغانلارنىڭ بىر ھەپتىگىچە ھېچ ئىش قىلماي، ئىشلىرىنى تەرىك ئېتىش بىدئەتتۇر.

10. مېيىتنىڭ روھى، ئۆزى ئۆلگەن ماكانىنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ، يەنە قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش بىدئەت.

11. مېيت ئۆلگەن ئۆيگە تاڭ ئاتقىچە شام، چىراغ يورۇتۇپ قويۇش بىدئەت.

12. مېيىت، ئۆلگەن ئۆيگە يېشىل دەرەخ شېخى قويۇش بدئەت.

13. مېيت جان ئۈزگەندە، يۇيۇپ بولغۇچە قۇرئاننى ئوقۇپ چىقىش بىدئەتتۇر.

14. مېيىتنىڭ تىرنىقنى، ئەۋرەت تۈكلىرىنى تازىلاش، ئېلىش بىدئەتتۇر.

15. يۇيۇپ بولۇپ، ئارقىسىغا، بۇرنىغا، گاللىرىغا پاختا تىقىپ قويۇش،ئاغزى بۇرنىغا بۇغداي قوناق قىستۇرۇش بىدئەت.

16. مېيىتنىڭ كۆزىگە توپا سېلىپ قويۇش،ئېبرەت ئۈچۈن ئىككى قولنى جىنازىدىن چىقىرىپ قويۇش بىدئەت.بۇئىش يوق.

17. مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولمىغۇچە ئەھلىلىرى تاماق يىمەي، سۇ ئىچمەي تۇرۇۋېلىشى بىدئەتتۇر.

18. ئەتىگەن ـ ئاخشىمى يىغلاپ تۇرۇش بىدئەت.

19. كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىرتىش، ئۆزىنى ئۇرۇش، ھارام بىدئەت.

20. بىر يىلغىچە قارىلىق تۇتۇش ياكى ئۇزۇنغىچە قارىلىق تۇتۇش زىنەت بويۇملىرىنى تەرك ئېتىش، خۇشال بولماي قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرۈش بىدئەت.

21. مېيىتكە غەم ـ قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ، ئازابلانغان قىياپەتتە، بۇرۇتلىرىنى، چاچلىرىنى ئۆستۈرۈپ، چۇۋالچاق قويۇش، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش بىدئەتتۇر.

22. مېيىتنىڭ نەرسىلىرىنى ھەتتا ئۆيدىكى نەرسىلەرنى نىجىس دەپ مەنپەئەتلەنمەسلىك، ھارام بىدئەت.

23. بېلىق گۆشى ياكى بىرەر ئۆزى ئامراق نەرسىنى مېيىتكە قارىلىق تۇتۇپ يېمەسلىك بىدئەت.

24. مېيىتكە قەلبىدە غەم قىلىپ، كۆزىدىن ياش تۆكسە، ئەھلى مەرىپەت قاتارىدىن چىقىپ كېتىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش، سوپىلاردىكى بىدئەتتۇر. ئىسلام دىنى قەلبىدىكى غەمدىن، كۆز يېشىدىن توسمايدۇ، لېكىن، ئاۋاز قىلىپ يىغلاش ھارام.

25. مېيىتنىڭ كىيىمىنى ئۈچ كۈنگىچە يۇماي قويۇپ قويۇش، بۇ قەبرە ئازابىدىن ساقلايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش، ياكى ئۇ كىيىمنى ئۆزى كىيمەي، ئېھسان قىلىشلار بىدئەت.

26. جۈمە كۈنى ياكى جۈمە كېچىسى ئۆلگەن كىشىگە بىر سائەتلا

قەبرى ئازابى بولۇپ ئاندىن  كىيىن مەڭگۈ ئازاب بولمايدۇ دىيىش بىدئەت.

27. مىيىتنىڭ ۋاپاتىنى مۇنبەرگە چىقىپ ئىلان قىلىش بىدئەتتۇر. نامازغا چاقىرىلىدۇ خالاس.

28. پالانى ئۆلۈپتۇ دىسە، ئىننا لىللاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئون دىمەي، ئەلىفاتىھە ئەلا روھى پالانى دىيىش بىدئەتتۇر.

29. مىيىتنى يۇيۇش جەريانىدىكى بىدئەتلەر؛ ئاغزى بۇرنىغا بۇغداي، قوناق قىستۇرۇش.

30. مىيىت يۇيۇلغان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە بىر كوزا سۇ ۋە نان قويۇپ قويۇش بىدئەت.

31. مىيىتنى يۇغان جايدا ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈن چىراق يورۇتۇش، ئۆلگەن ئۆيدىمۇ شۇنداق قىلىش بىدئەت.

32. مىيىتنىڭ ھەربىر ئەزالىرىنى يۇغىچە، يۇغۇچى ئوقۇيدىغان ھەرخىل زىكرىلەر بىدئەتتۇر.

33. مىيىتنى يۇغاندا زىكرىلەرنى جەھرى ئوقۇش، مىيىتگە ئەگەشكەندە زىكرىنى مۇڭلۇق ئاھاڭدا، چىرايلىق جەھرى ئوقۇپ مېڭىش بىدئەت.

34. ئايال مىيىتنىڭ چىچىنى ئالدىغا قويۇش بىدئەت، سەھىھ ھەدىستە ئارقىسىغا قويۇپ قويىدۇ.

35. كېپەنلەش ۋە جىنازىغا ئىلىپ چىقىشتىكى بىدئەتلەر؛ مىيىتنى

سالىھ كىشىلەر بار جايغا ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار جايغا ياكى يوقلاش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن يىراق جايلاردىن يۆتكەش بىدئەتتۇر، سەھىھ ھەدىستە، نەدە ئۆلسە، شۇ جايدا دەپنە قىلىنىدۇ، ساۋابى كاتتا بولىدۇ.

36. مېيىتلەرمۇ زىيارەت قىلىشىدۇ، كېپەنلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ دەپ كېپىنىنى ياخشى قىلىۋېتىش بىدئەت.

37. جاۋابنامە يېزىشنى ئالبانىيمۇ بىدئەت قاتارىغا ئەكىرگەن، 39 ـ قاتاردا بار.

38. كېپەن ئۈستىگە دۇئادەك خەت يېزىش بىدئەت.

39. جىنازىنى گۈزەل بېزەش بىدئەت.

40. جىنازا ئالدىدا مەشئەلدەك بىرەر نەرسە كۆتۈرۈپ مېڭىش بىدئەت.

41. جىنازا ئۈستىگە سەللە، تۇماق، تاج قويۇش بىدئەت.

42. مېيىتنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويۇش ئۇنىڭغا تازىم قىلىش، بۇددا دىنىدىكى ئېتىقادتۇر.

43. جىنازا چىققان ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا قان قىلىش بىدئەتتۇر.

44. جىنازا ئالدىغا، ئىمامغا ھەدىيە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، قوي، كالا ئېلىپ چىقىش، قەبىھ بىدئەتتۇر.

45. جىنازا نامىزى ئالدىدا كالىنى فىدىيە قىلىپ، سېسىق ئارغامچىنى تۇتۇش ھارام، بىدئەتتۇر، ئۇلار دىننى ئۆزگەرتكەن بولىدۇ، بۇنى ئاللاھ ۋە

رەسۇلۇللاھ بىلمەمدۇ؟ ساھابىلار، تابىئىنلارچۇ؟ سىز بىرەر ساھابە ياكى تابىئىننىڭ تۆگە، كالا تۇتقىننى كۆردىڭىزمۇ؟ ساۋابىنى ئۇلارمۇ بىلىدۇ، دەلىلىنى شۇلاردەك چۈشەنمىسە خاتادۇر.

46. جىنازا ئىچىدىكى مېيىت سالىھ بولسا، جىنازا يەڭگىل بولىدۇ، پاسىق بولسا ئېغىر بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش بىدئەتتۇر، يېنىك، ئېغىرلىقى مىزاندا ئايرىلىدۇ.

47. جىنازا بىلەن بىرگە سەدىقە، ئېھسان ئېچىقىش، بىدئەت بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ساھابىلار قىلمىغان. ئىسلامدا ئېھسان قىلىشقىمۇ قانۇن تۈزۈم بار.

48. جىنازىنىڭ ئۇلۇق تەرىپىنى بالدۇر كۆتۈرۈش بىدئەت.

49. جىنازىنى ھەر 10 قەدەمدە بىر ئالمىشىپ كۆتۈرۈش، ئاستا ـ ئاستا مېڭىش بىدئەتتۇر.

50. جىنازىدىن نېرى مېڭىش، ھەرخىل پاراڭلار بىدئەت.

51. كۆتۈرۈپ ماڭغىچە زىكىر، قىرائەت، دەلائىلولخەيرات دۇرۇت ئوقۇشلار بىدئەتتۇر.

52. ئالاھىدە يات مىللەت باشقا دىندىكىلەرگە ئوخشاش كىيىمنى ئۆزگەرتىش، ئاق كىيىم كىيىش بىدئەت.

53. جىنازىنىڭ ئارقىسىدا مەخسۇس بىر كىشى مەغپىرەت سوراڭلار، كەچۈرىلىدۇ دەپ ۋارقىراپ مېڭىش بىدئەت.

www.uyghurkitap.com

54. ياخشىلار قەبرىسىدىن ئۆتكەندە، ئەلفاتىھە دەپ مېڭىش ياكى بىرەر سۆزنى قىلىپ، ئەلۋىدا دېيىش بىدئەت.

55. جىنازىغا چىراغ، چوغ، ئوت ئەگەشتۈرۈش بىدئەت.

56. جىنازىنى، قەبرىنى بەيتۇللادەك يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىش، چۆرگىلەش بىدئەتتۇر.

57. جىنازىنى ئېلىپ چىقىپ قويۇپ، ئۇنى ماختاش، ياكى ئەيىبلەش، مەرسىيە ئوقۇش، قايغۇرۇش، دۇئا قىلىش، مەغپىرەت سوراش، سۈرە ئىخلاسنى، سۈرە فاتىھەنى، ياسىننى ئوقۇش بىدئەت. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ساھابىلار بۇنى قىلمىغان، بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ ھەدىسكە زىت، مۇخالىپ،سۆزھەدىس بولسىمۇ ئۇ، شاز ھېسابلىنىپ، ئەمەل قىلىنمايدىغان تۇرسا، باشقا كىتابقۇ ئەسلىشۇنداق. قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىس بولمىسا ئۇ بىدئەتتۇر، دەلىلنى ساھابىلاردەك چۈشىنىڭ.

58. جىنازىنى مەخسۇس بىر سەييارە ماشىنىغا سېلىش، ياكى ماشىنىغا سالساق بولمايدۇ دەپ جاھىللىق قىلىش بىدئەتتۇر.

59. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ساھابىلار قىلمىغاننى قىلسىڭىز، دەلىلىڭىز بولسىمۇ بىدئەت. چۈنكى، سىز دەلىلنى خاتا چۈشەنگەن، ساھابىلاردەك چۈشىنىڭ.

60. مېيىتكە ناماز چۈشۈرۈشتىكى بىدئەتلەر؛ ھەركۈنى شام نامىزىدىن

كېيىن غائىپلارغا، ئىراق جايدا ئۆلگەن مۇسۇلمانلارغا ناماز چۈشۈرۈش بىدئەت. لېكىن، ئۆلگەن كۈنى غائىپ ناماز دۇرۇس.

61. ئىراقتا ئۆلگەن كىشىگە ناماز ئوقۇلمىسا، ناماز چۈشۈرىمىز. خۇددى، ناجاشي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ناماز چۈشۈرگەندەك. لېكىن، ناماز ئوقۇلغىنىنى بىلسەك، يەنە ناماز چۈشۈرۈش بىدئەتتۇر.

62. ناماز ئوقۇش ئالدىدا؛ بەندىلىرىنى ئۆلۈم بىلەن بويسۇندۇرغان ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ ھايات، ئۆلمەيدۇ دەپ قويۇش بىدئەتتۇر. ئۆزىچىلا سىز ئۇنى، بۇنى دەپ قويماڭ.

63. ئىككى ئايىغى نىجىس بولمىسمۇ سىلىقۋېتىپ جىنازا نامىزى ئوقۇش بىدئەت، نىجىس بولسا سال.

64. ناماز ئوقۇش ئالدىدا ياكى كېيىن ياكى قەبرىستاندا ئاتا ــ ئانام ياكى بۇ مېيىت قانداق كىشى ئىدى؟ سىلەر بۇنىڭغا قانداقراق گۇۋاھلىق بېرىسىلەر؟ دەپ سۇئال سوراش بىدئەت، بىرىنچىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ساھابە، تابىئىنلار ئۇنداق قىلمىغان، ئىككىنچىدىن گۇۋاھلىققا مەجبۇرى تارتىلمايدۇ، سورۇندىن كېتىپ باشقا بىر جايدا دىگەن سۆزى ھېساب. ئاللاھمۇ بىلىدۇ.

**مىيىتنى دەپنە قىلىشتىكى ۋە ئۇندىن كېيىنكى بىدئەتلەر**

65. جىنازا، قەبرىستانغا بارغاندا، دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بىر كالا ياكى تۆگە، قوي ئۆلتۈرۈپ ھازىر بولغانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش بىدئەت.

66. قان قىلغان ھايۋاننىڭ قېنىنى مېيىتكە سۈركەش ياكى قەبرىگە قۇيۇپ قويۇش بىدئەت.

67. دەپنە قىلىشتىن بۇرۇنقى زىكىر، تەسبىھلەر دەپنە قىلىۋاتسا ئوقۇيدىغان زىكىر تەھلىيل، سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇشلار قەتئىي بىدئەتتۇر. بۇ ئىشنى قىلغان سەھىھ ھەدىس يوق، شۇڭا بۇ بىدئەت.

68. تۇپراققا سۈرە ئىخلاسنى، ياسىننى، فاتىھەنى، ئۇنى، بۇنى ئوقۇپ، سۈف دىيىش ئاندىن قەبرىگە ئەكىرىش بىدئەت بولۇپ، شىرىك ئەقىدىگە بارىدۇ، زىيانىنى ئاللاھلا دەپئى قىلالايدۇ.

69. مېيىت بىلەن بىرگە بىرەر نەرسىنى ئەمىنلىك ئۈچۈن قويۇپ قويۇش، پايدىسى بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشى بىدئەتتۇر.

70. مېيىتنىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ قويۇش بىدئەت.

71. مېيىتنىڭ بېشىغا ياستۇق قويۇش، ئۈستىگە توڭلاپ قالىدۇ دەپ يوتقان، ئەديال يېپىش، قىزىل گۈلنىڭ سۈيىنى سېپىش، قەبرىگىمۇ ئەتىر سېپىشلەر بىدئەتتۇر.

72. دەپنىگە ھازىر بولغانلار، مۇسىبەت سۆزىنى دىگەچ ئالقانلىرىدا تۇپراق تاشلاش بىدئەت.

73. يەتتە كەتمەن تۇپراق تاشلاش، ھەر بىرسىدە ئالاھىدە مۇنداق دېيىش، 1 ـ بىسمىللانى، 2 ـ پادىشاھلىق ئاللاھقا خاس دېيىش، 3 ـ دە قۇدرەت ئاللاھقا خاس دېيىش، 4 ـ دە ئىززەت، 5 ـ ئەپۇ قىلىش، 6 ـ دە رەھمەت، 7 ـ دە ئاللاھدىن باشقىسى تۈگەيدۇ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، يەتتە چاڭگال تۇپراقنى تاشلاش بىدئەت بولۇپ، ناسارالاردىن كىرگەن ئىشتۇر.

74. مەخسۇس سۈرە فاتىھە، چاھار قۇل، سۈرە نەسىر، سۈرە قەدىرلەرنى ئوقۇش بىدئەتتۇر.

75. مېيىتنىڭ بېشىدا سۈرە فاتىھەنى، پۇتى تەرەپتە سۈرە بەقەرنىڭ بېشىنى، ئاخىرىنى ئوقۇش بىدئەت، ھەدىسى يالغاندۇر. توپىنى قىرائەت بىلەن تاشلاش بىدئەت.

76. مېيىتگە سۆز قىلىپ ئۇنى دەڭ، بۇنى دەڭ، سۇئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىڭ دەپ شاھادەت كەلىمىلىرىنى ئوقۇشلار، بىدئەت، بۇنى ئىمام سوغانى ۋە ئالبانى بىدئەت دېگەن.

77. مەخسۇس ئايالار قەبرىسىگە ئىككى تاش قويۇش بىدئەت.

78. مېيىتنى يۆتكەپ يۇرۇش بىدئەتتۇر.

79. مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى يۇمىغىچە ئۆيىگە كىرمەسلىك بىدئەتتۇر.

80. قەبرە بېشىدا تائام، شاراپ قويۇپ قويۇش ياكى گۈللەرنى قويۇپ قويۇش بىدئەتتۇر.

81. قەبرە بېشىدا بىرەر مازاردا نەزىرە قىلىش، سەدىقە ئېھسان قىلىشلار بىدئەتتۇر.

82. قەبرىگە سۇ قۇيۇپ قويۇش، سۇ سېپىش قاتارلىقلار بىدئەت، خۇددى تۆشۈك ئېچىپ قويۇش بىدئەت بولغاندەك.

83. قەبرە بېشىدا تەزىيە بىلدۈرۈش، نۇتۇق سۆزلەش بىدئەت.

84. مەخسۇس بىر ماكانغا ياكى بىرەر مازارلىققا يىغىلىش، بازار قىلىش، ساما قىلىش بىدئەت.

85. قارلىق تۇتۇشنى، تەزىيەنى ئۈچ كۈنگە خاسلاش بىدئەت.

86. يەتتە كۈنگىچە مېيىتنىڭ ئۆيىدە كۆرپە ئۇستىدە ئولتۇرماسلىق، ھەرخىل تەزىيە سۆزلىرى، نۇتۇقلىرى، بىدئەتتۇر، دەلىل ـ ئىسپات يوقتۇر.

87. مېيىت چىقىرىلغان كۈنى زىيايەت بېرىش، كىشىلەرنى توپلاش، سەدىقە ـ ئېھسان بىدئەتتۇر.

88. ئالبانى رەھمەھۇللا، كىتابىنىڭ بىدئەت سانىنىڭ 111 ـ قاتاردا مېيىت ئۈچۈن ساۋاب بولىدۇ دەپ، تۈنجى كۈنى، 3 ـ كۈنى، 7 ـ كۈنى، 40 ـ كۈنى بىر يىل توشقاندا سەدىقە ـ ئېھسان، نەزىرە قىلىشنى بىدئەت، باشقا دىنىدىكى ئەقىدىدۇر، ساۋاب يوق دېگەن.

89. مەخسۇس پەيشەنبە كۈنى، يا جۈمئە كۈنى نەزىر قىلىش بىدئەت.

90. ئەھلى مېيىتنىڭ تاماققا چاقىرىشى ياكى ئۇلارنى تاماققا

چاقىرىشلار ۋە بېرىشلار بىدئەت.

91. مەخسۇس يەيدىغان نەرسىلەرنى شەنبە كۈنى ياكى يەتتىنچى كۈنى سېتىۋېلىش بىدئەت.

92. ئۆلگەن كۈنى ياكى كېيىن سەدىقە ئېھسان قىلىش ياكى ۋەسىيەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ساۋاب بولىدۇ دەپ زىكىر ــ تەسبىھ، قۇرئان ــ تىلاۋەت قىلىشلار بىدئەتتۇر. نورمال ھالدا ئايەت، ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن بىدئەتتىن يىراق تۇرۇپ، ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى مېيىتكە يوللىسا، ساۋاب بولىدۇ، يېتىپ بارىدۇ، لېكىن، مەخسۇس قىلىپ،يۇقىرقى6شەرتكەچۈشمىسە بىدئەت.

93. قەبرىستاندىكى مەخسۇس قۇرئان تىلاۋەت، قىرائەت قىلىپ جان باقار، پۇل تاپار كىشىلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇپ ساۋابىنى يوللىشى بىدئەتتۇر. ئۇ، قۇرئاننى پۇلغا، ئەجىرگە ئوقىسا، ئەجىر ھەققىنى ئېلىپ بولسا، مېيىتكە نېمە يېتىپ بارىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىز ئوقۇشىمىز، ئوقىيالىغىدەك بولىشىمىز لازىم.

94. مېيىت ئىگىسىنىڭ سەدىقە قىلىشى، نەزىر قىلىشى، بۇ ئىشلارنى سۈننەت، ۋاجىپ قىلىۋېلىشى، قىلالمىسا قەرىز ئېلىپ قىلىش، خەخ، باشقىلار، دوست ــ دۈشمەن دەپ قىلىشى پەقەت بىرەر ئىش قىلالمىسا، ئىككى رەكئەت نامازنى گەدىنىگە يۈكلىۋېلىشى بىدئەتتۇر.

96. مەخسۇس مېيىت ئۈچۈن، رەجەپ يەنى دۇئا، شەئبان، رامىزان

ئايلىرىدا مېيىت ياخشى كۆرىدىغان تائاملارنى سەدىقە قىلىشلار بىدئەت.

97. مېيىتلار مەنپەئەتى ياكى زىيىنى ئۈچۈن قىرائەت قىلىش، مېيىتكە تەسۋىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشلار بىدئەتتۇر.

98. مېيىتنى دەپنە قىلغاندا ياكى كېيىن قەبرىسى بېشىدا قۇرئاننى تامام قىلىش بىدئەتتۇر، ئالبانى 126 ـ ساندا يازغان.

99. قەبرە بېشىغا چېدىر تىكىپ، گەمە كولاش مەخسۇس ئۆي سېلىپ قويۇشلار بىدئەتتۇر.جاھىل بولساڭ دەلىل كەلتۈر.

100. قەبرە بېشىدا 3 كۈن ياكى 40 كۈن ياكى ئۈچ ئاي، بىر يىل يېتىش بىدئەتتۇر، ساۋاب يوق، گۇناھ بار.

## قەبرىنى زىيارەت قىلىشتىكى بىدئەتلەر

101. مېيىت ئۆلۈپ، ئۈچىنچى، يەتتىنچى، 15 ـ كۈنى 40 ـ كۈنى زىيارەت قىلىشلار، بىر يىل توشقاندا بېرىشلار بىدئەتتۇر.

102. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى ھەر جۈمە ياكى بىرەر كۈننى خاسلاپ زىيارەت قىلىپ يوقلاش بىدئەت. بۇ توغرىسىدىكى ھەدىس يالغاندۇر.قىلساڭ سەھىھ ھەدىس بويىنچە قىل.

103. مېيىتنى زىيارەت قىلمىسا خاپا بولىدۇ، ئازابلىنىدۇ، رەنجىيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشلار بىدئەتتۇر، ئىشەنمىسىڭىز دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈڭ.

104. مەشھۇر داڭلىق تارىخدىكى قەھرىمانلار، شېھىدلار، ئەۋلىيالار

قەبرىسىنى مەخسۇس ماكاندا، مەخسۇس زاماندا زىيارەت قىلىشى،خاتىرلىشى،يېقىنچىلىق ئىزدەش،شېرىك، بىدئەتتۇر.

105. ئاشۇرا كۈنى، مۇھەررەمنىڭ 10 _ كۈنى، مەخسۇس قەبرە زىيارەت قىلىشلار بىدئەتتۇر.

106. شەئبانىنىڭ 15 _ كۈنى، ئىككى ھېيت كۈنى، رەجەب، رامىزان كۈنلىرىدە زىيارەت قىلىشى بىدئەتتۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ساھابىلار بۇنداق مەخسۇس زامان، ماكان بەلگىلەپ زىيارەت قىلمىغان، بىدئەت ئەمەس دەيدىغانلار زەئىپ، يالغان ئەمەس، راست سەھىھ ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرۈلۈڭ، سىز ئالبانىدىن كۆپ ھەدىسنى يادا بىلەمسىز؟

107. مەخسۇس دۈشەنبە، پەيشەنبە زىيارەت قىلىشى بىدئەت، زىيارەت قىلماقچى بولسىڭىز، زامان، ماكانىنى خاسلىماي، ئاددىيلا نورمال ھالدا قىلىڭ، دۇئا قىلىڭ، مەغپىرەت سوراڭ، بىدئەت ئىشنى قىلماڭ، دەلىل بىلەن قىلىڭ.

مىيت قويۇلغانىڭ ئەتىگىنى سەھەردە مىيت ئەھلىنىڭ ئۆيىگە ياكى قەبرە بېشىغا جامائەت بىلەن بېرىش بىدئەت، ئاۋارىچىلىق، ياز كۈنى ئىشىدىن قالماڭ،قىشتا سوغۇقتا توڭماڭ.

108. قەبرە بېشىدا ئىككى قولنى قويۇپ، قول باغلاپ ئۆزىنى خار، تۆۋەن تۇتۇش، رۇخسەت سوراش، روھلانى ھۆرمەتلەش بىدئەتتۇر، سالام

قىلساڭ بولدى خالاس.

109. قەبرىنى زىيارەت قىلغاندا، تەھارەت ئېلىش، تەيەممۇم قىلىشلار بىدئەتتۇر.

110. مېيىتنى، قەبرىنى زىيارەت قىلغاندا، ئىككى رەكئەت نامازنى، سۈرە فاتىھە، ئايەتۇلكۇرسى، ئىخلاس بىلەن ئوقۇش مەخسۇس مېيىتلەرگە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش بىدئەتتۇر.

111. قەبرىستاندا سۈرە ياسىننى ئوقۇش، سۈرە ئىخلاسنى 11قېتىم ئوقۇش، سەھىھ ھەدىستە، دەلىل بولمىغان دۇئالار، زىكرى _ تەسبىھلار بىدئەتتۇر.

112. ئەھلى كىتابلار قەبرىسدە شۇلارغا ئائىت ئازاب ئايىتىنى ئوقۇش بىدئەتتۇر.

113. ئايدىڭ كېچىلەردە، تەبەررۈك بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرىدۇ دەپ قەبرىستانلىقتا ۋەز _ نەسىھەت قىلىشى بىدئەت.

114. زىيارەت قىلغاندا مەخسۇس ئىسىملىرىنى ئاتاش، روھلارغا سۆزلەپ، پالانىغا ھەتتا، پەيغەمبەرلەرگە سالام يوللاش، سۆز يوللاش بىدئەتتۇر.

115. ئېنىق بولمىغان، نامەلۇم، زامان، ماكان ئېنىق بولمىغان، قەھرىمانلار، شېھىدلار قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش بىدئەت. چۈنكى، ئۇلار ئۇ جايدا يوق بولۇشى مۇمكىن، ئىبرەتمۇ يوق بولىدۇ.

116. ئىبنى تەيمىييە، قۇرئان ئوقۇتۇپ ھەق بېرىپ، ساۋابىنى مېيىتگە، ھەتتا پەيغەمبەرلەرگە، ساھابىلارغا يوللاشنى بىدئەت دىگەن.چۈنكى بۇئىشنى ھېچ بىرساھابىمۇقىلمىغان.

117. سالىھلار، ياخشى كىشىلەر، قەبرىسى يېنىدا دۇئا ئىجاۋەت بولىدۇ ،دەپ، شۇ، جايدا دۇئا قىلىش بىدئەت، شېرىك ئەقىدە، ۋاستە قىلىشتۇر. (ئىبنى تەيمىييە سۆزى)

118. پەيغەمبەرلەر، سالىھلار، شېھىدلار قەبرىسگە ياكى بىرەر، تۈنجى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، خان، سۇلتان ياكى بىرەر مىللەت، قەبىلە باشلىقىنىڭ قەبرىسگە يۇپۇق يېپىپ قويۇش، ھەرخىل خەتلەرنى يېزىپ قويۇش، تەرجىمھالىنى يېزىش بىدئەتتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ۋەساھابىلار،بۇئىشلارنى قىلمىغان.

119. سالىھلار قەبرىسى بار،جايغا بەرىكەت ياغىدۇ، ئاپەت چۈشمەيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ شېرىك ئەقىدە، بۇدا دىنىدىن كەلگەن.

120. ئالبانى رەھمەھۇللا، 169 _ بىدئەتتە، سوپىلارنىڭ، شەيىخ ئۇستازلىرنىڭ؛ ئەگەر بىرەر ھاجىتىڭ بولسا، مەن بىلەن بىللە، مىنى شېپى كەلتۈرۈپ ياكى مىنىڭ قەبرەمدە سورىغىن، ھاجىتىڭ راۋا بولىدۇ دىيىشنى شېرىك بىدئەتتۇر دىگەن.

121. سالىھلار قەبرىسىنىڭ يېنىدىكى دەرەخلەرنى، گۈل _ گىياھلارنى ھۆرمەتلش، ئەگەر، ئۇنى كەسسەڭ، ساڭا زىيان يېتىدۇ دەپ

ئېتقاد قىلىشلار بىدئەت، شېرىك ئەقىدىدۇر.

122. كىم ئابدۇلقادىر جەيلانى تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ياكى بىرەر شەيخ، ئۇستازنىڭ قەبرىسى تەرەپكە قاراپ ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇپ، يەتتە قېتىم سالام قىلسا، ھاجىتى راۋا بولىدۇ دېگەننى ئىبنى تەيمىييە شېرىك، بىدئەتتۇر دېگەن.

123. ئىبرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ، باشقا ئەرگە تەگكەندە، تۇنجى ئېرىنىڭ قەبرىسىگە غەزىپى يانسۇن، كۆڭلىمسۇن دەپ، سۇ سېپىشى بىدئەت.

124. مەخسۇس قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يىراققاسەپەرقىلىش بىدئەتتۇر. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرە بىلەنلا مەخسەت ئادا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىبرەت ھاسىل قىلىشتۇر.

125. مەلۇم قەبرە يېنىدا داقا ـــ دۇمباق، سۇناي چېلىش، ھەرخىل نەرسىنى ئوقۇشلار بىدئەت.

126. قەبرىستانلىقتا ئۆي سېلىش، مەخسۇس ئادەم توختۇتۇش، تاختاي تاشلارغا ئىسىم، يىل، نامىلىرىنى يېزىشلار بىدئەتتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلار قىلمىغاننى قىلساڭ بىدئەت بولىشىرىدۇ.

127. قەبرىنى قاتۇرۇش، گۈزەل ياساش، گۈمبەز چىقىرىش قاتارلىقلار بىدئەتتۇر.

128. قەبرىستانلىقتا قۇرئاننى كۆتۈرۈپ ئايرىپ قىرائەت قىلىپ مىيتكە يوللاش بىدئەت، ۋە قۇرئاننى مەخسۇس قويۇپ قويۇشمۇ بىدئەت. تەپسىر مەناردىن ئېلىنىدى،

129. قەبرە ئىچىگە يېقىلماسلىق ئۈچۈن تۆۋرۈك قويۇش، ئىچىنى قاتۇرۇش، ئەتراپىغاتام چۆرۈش بىدئەت.

130. تەۋەررۈك ئىزدەپ قەبرىگە لۆڭگە، كىيىم، بىرەر سايمان، يېمەكلىك قويۇپ،ئاندىن ئېلىۋېلىش بىدئەت.

131. ھامىلدار بولۇش ئۈچۈن، ئاياللار مەشھۇر قەبرىستانلىقتا بېرىش، بىرەر نەرسە چىقسا ئۇنى يېيىش ياكى قەبرە تۇپرىقىنى ئەۋرىتىگە سۈكەشلەر بىدئەتتۇر،بۇ شېرىك ئەقىدە.

132. قەبرىنى سۆيۈپ قويۇش، سىلاش، قۇچاقلاش، دۈمبىلىرىنى يۆلەپ ئولتۇرۇۋېلىش، مەگزىنى يېقىش، توپىنى بەدىنىگە سۈكەشلەر شېرىك، بىدئەتتۇر.

133. قەبرىستانلىقتا قۇربانلىق قىلىش، قان قىلىش بىدئەت، خۇددى ياغ پۇرۇتۇشقا ئوخشاش.

134. سالىھلار قەبرىسى بار تەرەپكە ئالدىنى ياكى ئارقىسىنى قىلىپ تاھارەت قىلماسلىق بىدئەت.

135. قەبرە بېشىدا ناماز ھارامدۇر.

136. مەخسۇس مەشھۇر قەبرىستانغا بېرىپ ئىتكاپ قىلىپ كېلىش،

www.uyghurkitap.com

شۇ جايدا ئىبادەت قىلىشلار هارام، بىدئەت، هەتتا، شېرىك ئەقىدە هېسابلىنىدۇ.

137. قەبرە بىلەن، مېيىت بىلەن بىرەر سالىھ كىشى بىلەن ئاللاھقا ۋەسىيلە، يېقىنلىق تىلىسە، ئۇلارنى ۋاستە قىلسا، بۇ مۇشرىك، دىنسىز بولىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ سەللە، تون، تەسۋىيسىگە قارىماڭ.

138. ئاللاھدىن باشقا بىرەر كىشىنى مەيلى ئۆلۈك ياكى تىرىك بولسۇن، كائىنات ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، زىيان پايدا يەتكۈزىدۇ دېسىڭىز، مۇشرىك بولىسىز، مېيىتكە بېرىپ ياردەم سوراپ، هاجەتنى تىلەپ ئۇنى، بۇنى قىلسىڭىز، سىز دىنسىز بولىسىز. بۇ ئىشلارنى قىلسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قىلاتتى، ئىبراهىم ئەلەيهىسسالامنىڭ قەبرىسى، جەسىدى بار ئىدى، كېيىنكى ساهابىلار، تابىئىنلار قىلاتتى، لېكىن، ئۇلار بۇخىل ئىشلاردىن، تۆهمەتتىن پاكتۇر.

139. قەبرىستانلىقتا ئېتكاپ قىلىش، خوشنا تۇرۇش، ئىبادەت شۇ جايدا قوبۇل بولىدۇ دېيىش هارام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بۇ خىل ئىشلاردىن توسقان، هەتتا، مەسجىدنى شۇ جايغا سېلىشتىن توسقان، نامازنى شۇ جايدا ئوقۇشتىن توسقان، ئۇ دىگەن يەهۇدىيلار ئادىتى ئىدى.

140. خەۋەرسىزلا، دەلىل _ ئىسپاتسىزلا پالانى شېهىد، پالانى ئەۋلىيا، كارامىتى بار،ئۇ،جەننىتى دېيىشلەر بىدئەت بولۇپ، غەيبدىن

سۆزلىگەن بولىدۇ.

141. ھايات چېغىدا قەبرىسى ئەتراپىغا بىنا، گۈمبەز سېلىش ياكى ۋەسىيەت قىلىش، قەبرىنى قاتۇرۇش، سېمونت، خىشلاردا چىنە قىشلاردا سېلىش قەبىھ بىدئەتتۇر.

142. قەبرە يېنىغا، خانىقا، مەسجىد، زىيارەتگاھ سېلىشلار بىدئەتتۇر.

143. مېيىتنى مەسجىد ئىچىگە دەپنە قىلىش ياكى ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە، ئەتراپىغا مەسجىد سېلىش بىدئەت.

144. قەبرە يېنىدا ياكى شۇ قەبرىگە قاراپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش، قەلبىدە ئۇلۇغلاش بىدئەت، شېرىك.

145. قەبرىستانلىققا چىراغ ئېسىپ قويۇش، پانۇس، مەشئەل، بايراق ئېسىشلار بىدئەتتۇر.

146. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشتىمۇ نۇرغۇن بىدئەتلەر، شېرىك ئەقىدىلەر بار بولۇپ، كىشىلەر ئۇ جايدا ئىماندىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ، بىدئەتنىڭ بىرسى رەجەپ ئايدا زىيارەت قىلىشتۇر.

147. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۇئال سوراش، دۇئا تىلەش، ۋەسىلە قىلىشلار، ئاللاھقا قەسەم قىلىشلار، دۇئادا ھەققى ـــ ھۆرمىتى بىلەن دېيىشلەر بىدئەتتۇر.

148. ئاللاھنى قويۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن

www.uyghurkitap.com

ياردەم سوراش، ھاجەتنى تىلەش، يوق جايدا ھەتتا باشقا دۆلەت، مەملىكەتلەردە خىتاپ قىلىشلار بىدئەتتۇر.

149. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى يېنىدا بەرىكەت تىلەپ خورما يېيىش، ئۇزۇن تۇرۇۋېلىش، توپلىشىۋېلىش، قۇرئان تامام قىلىش، ھەرخىل دۇرۇتلار بىدئەتتۇر.

150. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى ياكى بىرەر سالىھلار قەبرىسى بىلەن شىپىي كەلتۈرۈپ، يامغۇر تىلەش، ئاپەتنى دەپئى قىلىشنى سوراش بىدئەتتۇر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ نىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە چىقىپ سورىغان.

151. مېيىتنى قويۇش جەريانىدا قەبرىگە سانجىش ئۈچۈن، چوڭ ــ چوڭ مىخلىق دەرەخلەرنى، شاخلىرىنى كېسىش بىدئەتتۇر. بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاپائەتىم بىلەن دەپ تۇرۇپ، مۇبارەك قولى بىلەن قىلغان، ھازىرقىلارنىڭ قوللىرى تەگكەن نەرسە ئازاپ ئېلىپ كېلىدۇ.

152. قەبرە بېشىدا سۇئال سوراشلار، تاھارەتنىڭ پەرزى نەچچە دەپ سوراش، بولۇپمۇ شۇ تەھارەتتىنلا سوراش قەبىھ بىدئەتتۇر، بۇ قىلىقنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ساھابىلار قىلمىغان.

153. مېيىتنى ئۇزاتقان كۈنىلا توپلىشىپ، يىغلىشىپ ئۇلارنى ئاۋارە قىلىشى، بىرەر پاقلاننى يېۋېلىش، زەللە ئېلىش، چىقىم قىلىشلار بىدئەتتۇر.

154. نەزىرە قىلىش، رىيا بىلەن بولسا، قەرىز ئېلىش بىلەن بولسا، خەخ، دوست ـــ دۈشمەن دەپ قىلسا، هارام، ئۇنداق بولماي قىلسا، خالىس ئاللاھ رازىلىقىنى تىلەپ ھەپتىسى، 40 ـــ كۈنى، يىلى توشقاندا قىلسا، بىدئەتتۇر. ياخشىلىق يوللىرى كۆپ تۇرسا، ياخشى، ئەۋزەل ئەمەللەر تۇرسا، ئۇنى قويۇپ، مەخسۇس سەدىقە، ئېھسان، نەزىرە قىلىمەن دېيىلىش بىدئەت. شۇنىڭ ئورنىغا بالىلارنى ئوقۇتايلى!

155. ئاللاھ ۋە رەسۇلۇلى دىمىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ساھابىلار قىلمىغان ھەرقانداق ئىش، دەلىلى بولسىمۇ خالىس ئاللاھ يولىدا بولسىمۇ، ساۋاب بولىدىغان ئىشلار بولسىمۇ بەربىر بىدئەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئالىم، ساھابىلار سەندىن ئالىم ھەم تەقۋادۇر. مەسىلەن: نامازنىڭ ياكى جۈمئەنىڭ ئارقىسىدا زىكىر ـــ تەسبىھ ئېيتىپ بولۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىدئەتتۇر.

چۈنكى، بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياكى ساھابىلارنىڭ قىلغانلىقىغا بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ ھەدىس يوق. فىقھى كىتابلىرىدىمۇ بۇ خىل ئىشلار، ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان، ئىسىگلاردا شۇنى مەھكەم تۇتۇڭلاركى، قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىس، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسى، ئالىم، تەقۋا مۇجتەھىدلەر ئىجماسى كۈپايە، بۇلاردىن باشقا ھەرقانداق سۆز، ھەرىكەت، ئەقىدە، ئەمەل، ئىبادەت بىدئەتتۇر، سىزگە ساۋاب بولغاندەك، سىز ئۆزىڭىزنى توغرا يولدا ماڭغاندەك گۇمان قىلسىز،

ئاخىرى سىز، ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچى بولۇپ قالىسىز، بىلسىڭىز كىتاب كۆرۈلۈش، نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىپ، پىكىر، تەپەككۇرىڭىزنى يۈرگۈزۈش. بولۇپمۇ ئەقىدىڭىزنى رۇسلاش، تەپەككۇر قىلىش، ئاخىرەتلىك ئىشىڭىزنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ غېمىنى قىلىش، مانا بۇ ئىمان. كىتاب دىگەن كۆپ، توغرىسىنى، ھەق، راستىنى تاللاپ كۆرۈلۈش، بىز يۇقىرىدىكى بىدئەتلەرنى، ئالبانى رەھمەھۇللانىڭ كىتابىدىن ئالدۇق، كۆرمەكچى بولسىڭىز، SULTAN. ORG تور بىكىتىگە كىرىپ ھەر قايسى شەيخ، ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈلۈش، ئىددىيىڭىزنى ئازات قىلىش، ئاللاھ رەھمەت قىلىپ، ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن، ئامىن!!!

## زاكات توغرىسىدىكى بىدئەتلەر

1. ئۆشرە زاكاتنى دىن ئىشى، ئىلىم ئىشى، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشىنى، مۇسۇلمانلار تەرەققىياتىنى، ئىلغار تالىپ ئوقۇغۇچىلارنى، مەكتەپ، مەدرىسلەرنى، نەشرىيات ئىشلىرىنى، كىتاب، ماتېرىيال ئىشلىرىنى، ھەرخىل ئىسلامى فىلىم ئىشلىرىنى، چەت دۆلەتلەرگە ئوقوغۇچى چىقىرىش ئىشلىرىنى قويۇپ، يىمەك – ئىچمەك، كىيىم – كېچەك، قورساققىلا بېرىش، قەبىھ بىدئەتتۇر. بۇ نەپسى قاچان تويار؟ ئۆلگەندە. بۇ مەسىلىنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، ھالالدىن قىلىنىپ تاپقان مال – دۇنيانى نەتىجىسىز جايلارغا ئىسراپ قىلمايلى.

2. ئۆشرە – زاكاتقا، سەدىقە، پىترگە، رامىزان ئايلىرىدا قۇرئان

خەتمە قىلدۇرۇپ، قارىلارغا، ھىيلە _ مىكىر بىلەن بىرەرسىگە تۇتقۇزۇپ، ئاندىن كېيىن تەقسىم قىلىپ بېرىش بىدئەت.

3. ئۆشرە _ زاكات، سەدىقە، پىترىنى بايلارغا، باي موللىلارغا سوۋغا _ سالام قىلىش، ھەدىيە قىلىش، توي _ تۆكۈندە ھەدىيە قىلىش، بىدئەتلا بولماي، ئېغىر جىنايەتتۇر.

4. ئۆشرە _ زاكاتنى رامىزاندا بەرسە كۆپ ساۋاب بولىدۇ دەپ كېچىكتۈرۈش بىدئەتتۇر.

5. ئۆشرە _ زاكاتنى، ناماز ئوقۇمايدىغان، نامازسىز، مۇتەكەببىرگە بېرىش بىدئەت، شۇنداقلا، بۇ ئادا تاپمايدۇ، پەتىۋاچىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماڭ.

6. ئۆشرە _ زاكاتنى ھاجىلارغا بەرسە بولىدۇ دىگەن سۆز، شۇ ھاجى پېقىر بولۇپ قېلىپ، ئۇزۇلۇپ قېلىپ، يولدىن قالسا، يۇرتىغا بارالمىسا، ئاندىن دۇرۇس بولاتتى، لېكىن، ھازىرقى باي، خاتىرجەم، يۇرتىدا تۇرغان، ھەجگە جابدۇغان بىرەر موللىنى ياكى باشقا باي ھاجىنى يولغا سېلىش ئۈچۈن، ئۆشرە _ زاكاتنى ئاپىرىپ، يوللۇق تۇتۇشلار بىدئەت، قەتئىي ئادا تاپمايدۇ.

7. ئۆشرە _ زاكاتقا، مېھمان قىلىش، زىياپەت بېرىش، مەسجىدىگە يىغىپ كىرىم قىلىپ قويۇش، كەلسە _ كەلمەس يوللارغا چىقىم قىلىش، كەلگەن كەتكەنلەرنى كۈتۈش، ئۇزۇتۇپ قويۇشلار بىدئەتتۇر.

8. ئۆشرە ــ زاكاتنى مەخسۇس خانىقا سېلىپ، سوپىلار ھۇجرىسى ياساش، ئۆزلىرى ئاپىرىپ، يەنە ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىشلار، كىم كەلسە، باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىمايلا يەۋرىشلەر بىدئەتتۇر، بەزىسى ھارام.

9. سوپىلار بىر قىسىم ھالالدىن تاپقان ئۆشرە ــ زاكات ئايرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىن تاماق يېمەيدۇ، مېنىڭچە مانا شۇ سوپىلاردەك بىدئەتچىلەرنىڭ يالغان ھەدىس سۆزلىگۈچى كاززاپلارنىڭ ئۆيىدە تاماق يېيىش دۇرۇس ئەمەس. ئۇلارغا ئارىلاشماڭ، ئۇلار ئاجايىپ نادان، جاھىلدۇر.

10. ئۆيىدە قۇرئان، مەۋلۇد ئوقۇتۇپ، ئاندىن قارىم، موللىلارغا ئۆشرە ــ زاكات بىلەن مېھمان قىلىش، سەدىقە، ئېھسان قىلىش، زەللە راستلاپ بېرىشلەر بىدئەتتۇر.

11. ئالالمىغان، ئېلىشنى ئېلىش مۇمكىنلىكى بولمىغان ئېلىشنى زاكاتقا، ئۆشرىگە سوقۇش، زاكات ئايرىش بىدئەت، دۇرۇس ئەمەس.

12. ئۆزئارا دېيىشىۋېلىپ، ئالدىن پۈتۈشۈۋېلىپ، بىرسى ــ بىرسىنىڭ ئۆيىگە ئۆشرە ــ زاكات ئايرىپ، بېرىش، قانچىلىك ئەكەلسە، شۇنچىلىك ئاپىرىش، قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، ئادا تاپمايدۇ، بىدئەتتۇر.

13. ئۆشرە ــ زاكاتقا، باي، كېسەللەرنى دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلاش، ھەتتا، كىرانىمۇ شۇ زاكاتتىن چىقىرىپ يوقلاش بىدئەتتۇر.

14. ئۆشرە ــ زاكاتنى دىندا ئوقۇۋاتىدۇ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، ھەق

يولدا مېڭىۋاتىدۇ دەپ ئۆز بالىلىرىغا، نەۋرىسىگە بېرىۋېتىش بىدئەت، دۇرۇس ئەمەس.

15. ئىگىلىك ھوقۇقى باشقۇرۇش، ئىقتىسادى ھوقۇق ئوغۇلدا بولسا، ئۆشرە ـ زاكاتنى شۇ كىلىنلەرگە بېرىۋېتىش بىدئەت، دۇرۇس ئەمەس.

## رامىزان، روزا توغرىسىدىكى بىدئەتلەر

1. بۇ ئاينى روزاخۇن دەپ ئاتاش بىدئەتتۇر.

2. روزا تۇتۇشقا ۋە ھېيت نامىزىغا ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن باشقىلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىش ھۆكۈملىرىنى ئېلىش بىدئەتتۇر.

3. يېڭى ئاينى كۆرۈش، روزا تۇتىدىغان كۈننى بەلگىلەشتە ئىلغار ئىسلام دۆلىتىلا كۇپايە، شۇلارغا ئەگىشمىز، شەك كۈنى روزا تۇتۇپ زىيادە، كەم تۇتۇش  بالدۇر ـ كېيىن ھەيت ناماز ئوقۇش بىدئەت.

4. تاراۋىھ نامىزى سۈننەت بولسىمۇ، ئۇنى تەكىتلەپ، مۇبالىغە قىلىپ، تاراۋىھ ئوقۇمىسا روزا قوبۇل ئەمەس، روزا بىر قۇش، تاراۋىھ قانات، بۇ بولمىسا ئۇچالمايدۇ دېيىشلەر بىدئەتتۇر، دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈر!.

5. رامىزان ئايدىكى ھەربىر كېچىنىڭ ۋە نەپلى نامازنىڭ پەزىلەتلىرى، يالغان ھەدىسىدىن كەلگەن بىدئەتتۇر، بىزگە سەھىھ ھەدىس ۋە ئايەتتىكى 1000 ئايدىن ياخشى دىگەنلەر كۇپايە، ئىبادەتنى سەھىھ ھەدىستە كەلگەندەك قىلغىن، بىر سۆزنىمۇ ئۆزگەرتمە.

6. ئىپتارنى قوُشقاچ كامىرىغا كىرگەندە، يەرگە يىڭنە تاشلىساق كۆرمىگەندە قىلمىز دېيىش بىدئەتتۇر.

7. ئىپتار قىلدۇرغاندا، نىيەت، يەيدىغان زوھۇرلۇقى بار كىشلىگەرگە يەنە نان قويۇش، تىخى ئىككىدىن قويۇش بىدئەت.

8. ئىپتارنى ئۆرپ ــ ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، سەت تۇرىدۇ، خەخ، دوست ــ دۇشمەن ئالدىدا دەپ قىلدۇرۇش بىدئەتتۇر، خۇددى يۇلتۇزنى، ئىپتار يۇلتۇزنى كۆرۈپ ئاندىن قىلىمىز دېيىش بىدئەت بولغاندەك.

9. ھېيت خۇتبىلىرىدە كىشىلەر چۈشەنمەيدىغان ئەرەبچە، پارىسچە بىر نىمىلەرنى ئوقۇپ كېتىشلەر بىدئەتتۇر، ئۇيغۇرچە روشەن، چۈشىنىشلىك سۆزلە.سەھىھ ھەدىستابارنى سۆزلە.

10. ئىككى ھېيت ئارىسىدا توي قىلماسلىق، نىكاھ ئوقۇماسلىق بىدئەتتۇر. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايالنى ئىككى ھېيت ئارىلىقىدا ئالغان.

11. ھېيت كۈنى قەبىرنى ئاتا ــ ئانىلارنىڭ ئۆيىگە كۆيئۇغۇللارنىڭ ئالاھىدە سوۋغا ــ سالام قىلىپ بېرىشى، خىجالەت بولۇشى، ئانىلارنىڭ تۇخۇم پىشۇرۇشى بىدئەتتۇر. بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلار ياكى ئاياللىرى قىلمىغان، ھەزەر قىلغىن، نورمال ھېيت پەتىسى قىلساڭ بولار.

## قۇرئان پەزىلىتى توغرىسىدا بىدئەتلەر

1. خەزىينەتۇلكۇبرا، خەزىينەتۇلئەسرار دىگەندەك ۋە باشقا كىتابلاردىكى نۇرغۇن پەزىلەتلەر، خاسىيەتلەر بىدئەتتۇر.

2. بىرەر سۆز، ئايەتنى باي بولۇش ئۈچۈن، قەرىزنى تۆگىتىش ئۈچۈن ئوقۇش بىدئەتتۇر.

3. ئايەت توشقۇزۇش دىگەن سۆزمۇ بىدئەتتۇر.

4. قارا ئايەت دىگەن سۆز خەتەرلىك بىدئەت.

5. تەمرەتكە، سۆگەل، چىش ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، ئىسسىتقۇ، سوىۇتقۇ ئايىتى دىيىش،ئۇنى-بۇنى ئۇقۇش بىدئەت.

6. رەدنامە ئوقۇش بىدئەتتۇر. كەيپىياتىنى تىلغا ئالغىم كەلمىدى. يەتتە كۆل سۈيى، يەتتە چىۋىق، يەتتە ئورۇن، يەتتە خىل سايمانلاردىگەندەك.بۇ بىدئەتتۇر.

7. قايتارما ياسىن ئوقۇش بىدئەت بولۇپ، بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ساھابىلار قىلمىغان ياكى ئىشارەت بىلەنمۇ رۇخسەت قىلمىغان.

8. قۇرئان ئايىتىنى ئوقۇش بىلەن سۈيقەست قىلىش هارام بىدئەتتۇر.

9. ئايەت، ئىسىم _ سۈپەت، ئايەتۇلكۇرسى، دۇرۇتلار بىلەن تۇمار پۈتۈش بىدئەتتۇر.

10. قۇرئان ئايىتى، زىكرى _ تەسبىھ، دۇرۇتلار بىلەن باخشىلىق،

داخانلىق قىلىشلار، كەسىپ قىلىپ جان بېقىشلار، دىنى كەسىپدارلار دېيىشە، جىم تۇرۇشلار، سەت بىدئەتتۇر، نومۇس قىلىڭلار!.

## دۇئا، زىكرى — تەسبىھ توغرىسىدىكى بىدئەتلەر

1. قەسىيدە، قوشاق بىلەن دۇئا قىلىش بىدئەتتۇر.

2. دۇنايلىق ئۈچۈن مەخسۇس دۇنيانى سوراش بىدئەت.

3. دۇئادا ئامىن دەپ ۋارقىراش، كەينى — كەينىدىن ھەربىر سوئالدا شۇنى دەپ ۋارقىراش بىدئەت. بولۇپمۇ ھەممىسى بىرلىكتە جەھرى ۋارقىراش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياكى ساھابىلارنىڭ دۇئاسىدا بۇخىل ھادىس يوق.

4. شەيخ، سالىھلارنى ۋاستە قىلىش، ۋەسىيلە ئىزدەپ دۇئا قىلىشلار بىدئەتتۇر، دەلىل كەلتۈرۈڭلار.

5. زىكرىدە، دۇئادا ئاللاھدىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ، ھەتتا، شەيخ ئۇستازنىڭ سۈرىتىنى كۆز ئالدىغا ئەكىلىش، شىرىك، بىدئەت، خۇددى مازارلىقتا دۇئا ئىجاۋەت دېگەندەك.

6. قۇرئاندا، قۇرئان زىكرى، ئىلىم زىكرى، ناماز زىكرى دېگەن تۇرسا، زىكرى دېگەن ئاللاھ... ئاللاھ... ئاللاھ... دېيىشلا زىكرى بولۇدۇ دېگەنلىك بىدئەت، قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىق ئېغىر جىنايەتتۇر.

7. ئاللاھ دېگەن لەۋزىنى مۇشۇ ئىسمنى ياكى بىرەر ئىسم — سۈپەتنى

قولغا، مەيدىسىگە بىرەر جايغا قىبلە تامغا پۈتلۈۋېلىش بىدئەتتۇر. خۇددى نۇرغۇن دۇئالارنى، ئاللاھنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمىنى كەئبە سۈرىتىنى يېزىۋالغاندەك، سىزىۋالغاندەك، ئېسىۋالغاندەك، بۇ ئىشلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياكى ساھابىلار قىلمىغان، دەلىل ئەكەلسەڭ، زەئىپ، يالغانىنى ئەمەس. ئايەت، سەھىھ ھەدىسنى كەلتۈر.

8. زىكرىنى جەھرى سۇلوك، مەخپى سۇلوك دەپ ئىككى قىسىمغا، ئىككى تائىپىگە بۆلۈش، ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىش خەتەرلىك بىدئەتتۇر.

9. شەرىئەتنى «ئىسلام شەرىئىتىنى»، شەرىئەت، تەرىيقەت، ھەقىقەت دەپ تەقسىم قىلىپ بۆلۈش، ئەقىيدىدىكى شېرىك بىدئەت، كۇپۇرلۇقتۇر.

10. زىكرى ئېيتقىچە، جەزبە ئالدى دەپ ۋارقىراش، موللاق ئېتىشلار ھال، ماقام تېپىشلار بىدئەت بولۇپ، بۇلارغا جىن چاپلاشقان. ئۇلار بۇنى كارامەت، ھال تاپتى دەپ قالغان، ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ، ئەسلەنسە، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنسا، دىللار ئېرىيدۇ، كۆزلەر ياش تۆكىدۇ، تېرىلەر تىترەيدۇ، بۇنىدىن باشقا ئالامەتلەر يوق.

تەپسىر مۇنىيردا مۇشۇ، قەلب ئېرىش، كۆز ياش تۆكۈش، تېرە تىترەش، ھوشىدىن كېتىشلەردىن باشقا ئىشلار، بولۇپمۇ، ۋارقىراش، سەكرەش، شەيتاننىڭ ئىشلىرى دىگەن. ئەگەر ھوشىدىن كېتىپ ئاندىن ھوشغا كېلىپ، ئازىراق ئۆزى قوشۇپ قويسا، ساختا بولسا، بۇنىڭ ئۆزى نەخ

www.uyghurkitap.com

شەيتاندۇر.

11. زىكرىنى قەلبىگە، روھقا، سىرغا، نەپسىگە دەپ تەقسىم قىلىپ، مانچە مىڭدىن، 5000 دىن 25000 دىن، ھەتتا، 100000غىچە دېيىشلەر روھ ئاستىغا دەپ سۆزلەش خەتەرلىك بىدئەتتۇر، ئۇ روھ ئاستىنى قانداق بىلىدۇ؟ بۇ كۇپۇرلۇقتۇر.

12. تەسۋىدە بىرەر پەزىلەت بار دېيىش، تەسۋىي شەيتاننى قوغلايدىغان قامچا، تەسۋىي زىكرى ھەيدەكچىسى دېگەنلەر باتىل، بىدئەت.

13. شەيىخ، ئۇستازنىڭ رىيا بىلەن زىكرى ئېيتىشى، تالىپ، مۇرىتنىڭ ئىبادەت، زىكرى ئىخلاسىدىن ياخشى دېگەنلىك بىدئەت، رىياغا، شېرىككە ئىشىك ئاچقانلىق، ئايەتكە، سەھىھ ھەدىسكە زىت، خىلاپ.

14. مەن ئاللاھ دەپ تۇراي، سەن مېنى ئەسلە، مېنى دېسەڭ بولىدۇ، سېنىڭ ماقامىڭ شۇنىڭغا لايىق، مەن ئاللاھ دەپ ماڭاي، سەن شەيىخ، ئۇستاز، ياكى پالانى دەپ ماڭ، شۇنداق قىلساڭ، نىجات تاپىسەن دەپ ئېتىقاد قىلىشلار شېرىك، بىدئەتتۇر.

15. سەھىھ ھەدىستە كەلگەندىن باشقا ھەرقانداق زىكرى — تەسبىھلەر، ۋىردىلەر، ئەۋراد پەتىھلەر، نامازنىڭ ئارقىسىدا ۋە باشقا چاغلاردىمۇ بىدئەتتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن سەھىھ ھەدىسلەر بار تۇرسا، شۇلارنى قىلىپ بولالماي، يەنە تېخى بىدئەتنى، زالالەتنى قىلامدۇق؟!، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلار قىلمىغان، دىمىگەننى زادى

قىلمايمىز، قىلغان، دىگەننى بىر سۆزمۇ ئۆزگەرتمەيمىز، دەلىل شۇكى، سەھىھ ھەدىستە، نەبىينى رەسۇل، رەسۇلنى نەبىي دىيىشكە يول قويمىغان، ئەمەلىيەتتە مەنىسى ئوخشاش، بىرسى - بىرسىنىڭ مەنىسىدە كېلەتتى.

دۇئا، ئىستىغفارلار، سەھىھ ھەدىستە كەلگەندەك، زامانى، ماكانى، سانى، مىقدارى، دەلىل _ ئىسپات بىلەن بولسۇن!، دىققەت قىلىڭ!،

ھەج قىلىپ كېلىپ، بىرەر گۇناھنى قىلىپ سالساڭ، ھەج بىكار بولىدۇ، ھەممە گۇناھى ئەسلىگە قايتىدۇ، قېرىغاندا ھەج قىلىش لازىم دىگەنلەر بىدئەت، دەلىل _ ئىسپات يوق سۆزدۇر. ھەجگە بارغاندا، ئاللاھنى قويۇپ، كەئبىگىلا سەجدە قىلىش شېرىك، بىدئەتتۇر. ھەجدىن كەلگەندە، ئالاھىدە قۇچاقلاش، مەگزىنى _ مەگزىگە يېقىشلار، ئايال بولسىمۇ شۇنداق قىلىشلار يالغان ھەدىسدىن كەلگەن بىدئەتتۇر، خۇددى پالانى ھاجىم دىيىش بىدئەت بولغاندەك.

سودا _ سېتىقلاردا ياغ پۇرۇتۇش، بوي سىلىش، ئىسرىق سېلىشلار شېرىك، بىدئەتتۇر، دەسلەپ قىلدىم، قىلمىدىم دىيىش بىدئەت. دۇكاننىڭ ئالدىدا گازىر چاقسا بولمايدۇ، ئالدى قاتتىق نەرسە دىيىش بىدئەت. خۇددى پالانى ئالدى ئوچۇق شۇ كىشى دەسلەپ قىلىپ، دۇكاندا سودا ياخشى بولدى دىگەنلەر بىدئەت بولغاندەك دۇكان، ساراي، ئاشخانىلارغا نەرسە ئېسىش، تۇمار ئېسىش، خېرىدارنى شۇ ئارقىلىق چاقىرىش، جەلىپ قىلىشلار بىدئەتتۇر. ھەرخىل دۇئالار، ئىسىم _ سۈپەتلەر، قەسىيدە،

شېئىرلارنى ئېيتىشىپ، بەرىكەت تىلەش بىدئەت بولغاندەك بىدئەتتۇر.

1. نىكاھ ئوقۇغاندا، تۈز يېدۈرۈش بىدئەت.

2. نىكاھ خۇتبىسىدە تۆت ئىمام ياكى ئىمام ئەزەمنى ماختاشلار بىدئەت.

3. نىكاھ قىلغاندا، ئىسلام شەرىئەتلىرىدىن باشقا بىرەر نەرسىنى سۈرۈشتە قىلىش بىدئەت.

4. نىكاھ كۈنى قىز بار ھۇجرىدا نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، تانسىلار، ئەر ـ ئاياللار، قىز ـ ئوغۇللار ئارىلىشىش ھارام.

5. قىزنى يۆتكىگەن كۈنى، ياش قىزلارنى قولداش قىلىپ قويۇش، ھەتتا، ئانا قىلىپ ئەۋەتىش بىدئەتتۇر، خۇددى مەيدىسىگە گۈل تاقاش بىدئەت، خۇراپات بولغاندەك، بۇ باشقا دىنىنىڭ ئىشلىرىدۇر.

6. توي كۈنى نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل قىلىش بىدئەت.

7. قىزنى گىلەم، رەخت ئۈستىگە دەسسىتىش بىدئەت.

8. ئىشىكنى تاقىۋېلىش، يولنى توساپ بىرەر نەرسە ئېلىشلار بىدئەتتۇر، ساھابىلار ئۇنداق قىلمىغان.

9. توي كۈنلىرى سورۇن تۈزۈپ ئەكەلگەن ھەدىيەلەرنى، سوۋغىلارنى ئېلان قىلىش، رىيا، ھارام، بىدئەتتۇر.

10. تويدىن بۇرۇن، ۋىچىركا دېگەن نام بىلەن ياكى باشقا نام بىلەن سورۇن، زىياپەت قىلىش بىدئەت.



www.uyghurkitap.com

11. يۈز ــ ئابرۇي، رىيا، مەنمەنلىك، تاماخورلۇق، تەكەببۇرلۇقلار هارام بولۇپ، بۇ ئىشلار ئارىلاشقان هەرقانداق ئىشلار چەكلىنىدۇ. بۇ توغرىلىق بىدئەتلەرنى يېزىپ بولالمىغۇدەكمەن، بىرنى يوقاتسا، ئەتىسى يەنە بىرسى پەيدا بولىدىكەن.

1 ـ كىيىم ــ كېچەكلەردە نۇرغۇن مودا بولغانلىرى، ئىسلامىي بولمىغانلىرى، تار، كىچىك بولۇپ، كىشىنىڭ ئەۋرەت، بەدەنلىرى ئاشكارا بولۇپ قالغانلىرى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تار، نىپىز، قىسقا، رەڭگارەڭ، دىنسىزلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىيىملىرى هارام بىدئەت، بەزىسى هارام.

2 ـ چاچ قويۇش سۈننەت، چاچنى ئېلىۋەت دېيىش بىدئەت. لېكىن پوسۇندا ئىسلامى بولسۇن!، 3 ـ نۇرغۇن ئىشلاردا ئەمەلىيەتنى قويۇپ، چۈشكە ئېسىلىۋېلىش، هەرخىل تەبىر بېرىش، هەرخىل چۈش تەبىرلىرى، كىتابلىرى بىدئەتتۇر. بۇ توغرىسىدىمۇ سەھىھ هەدىسلەرگە ئېسىلىپ، دەلىل ــ ئىسپات بىلەن ئىش قىلىڭلار.

4 ـ سالام قىلغاندا، تازىم قىلىش، خۇشامەت قىلىش، دىلى بىر خىل تۇرسا، يەنە تىلىدا، چىرايىدا تۈلكىلىك قىلىشلار بىدئەتتۇر. ئىچىڭ، تېشىڭ ئوخشاش بول. 5 ـ يات دىنلارنىڭ باشقا مىللەتنىڭ سالاملىرىنى قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل سالامىنى تاتىلاش بىدئەت. 6 ـ سالام قىلغاندا، قولغا سۆيۈپ قويۇش، باشلىقلار كىرسە دەرهال قىيامدا تۇرۇش بىدئەت. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلار قىلمىغان،

www.uyghurkitap.com

7 ـ قالايمىقان چاخچاقلار، نىزامەت سۆزلىرى بىدئەتتۇر. 8 ـ ئاللاھ يولىدىن باشقا، مۇسۇلمانلاردىن باشقا غەيرى دىندىكى مۇھەببەتلەر ھارام، بىدئەت. مۇھەببەتمۇ ئىسلام قانۇنى بىلەن بولسۇن، ئاللاھنى، ئىسلامنى، مۆئمىننى ياخشى كۆرگىن، ئىسلام دىنى دۈشمەنلىرىنى ھەرگىز ئەمەس.

9 ـ قىيامەت ئالامەتلىرى توغرىسىدا ھەرخىل خەت يېزىپ، چۈشكە تايىنىپ كىشلەرنى قورقۇتۇش، قالايمىقان قىلىش، مانا ئاز قالدى، يېقىن قالدى دەپ بىنا، قۇرۇلۇش، دەرەخ سالماسلىق بىدئەت. 10 ـ ئىمام مەھدىي توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن بىدئەت، خاتا ئەقىدىلەر بار، دىققەت قىلىڭ، شىيئە بولماڭ. ھازىرقى تېلېۋىزور، ھەرخىل ئىشلارنى، نەرسىلەرنى، پىتنە ـ پاسادلارنى، دەججال دېيىش بىدئەت.

11 ـ بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، راھەت ـ پاراغىتىنى، لەززەت، بەختلىرىنى جەننەت دېيىش قەبىھ بىدئەت، پۇلغا چوقۇنۇش، پۇللا بولسا، ھەممە ئىشلار ھەل بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش، ھەتتا، مۇشۇ سۆزنى قىلىپ سېپىلىشمۇ بىدئەت، شېرىك.

12 ـ يۇقىرقى بىدئەتلەرنى، بىدئەت ئەمەس دېيىش بىدئەت، ئۇ كىشى بىدئەتچى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بىدئەتنى، زالالەتنى قوللاپ، ئۆزى تەرەپتە تۇرماقچى، ئىلىم، بىلىمنىڭ چېكى بولمىغاندەك، نادانلىقنىڭ، جاھىللىقنىڭ چەك ـ چېگرىسى، سانلىق مەلۇماتى بولمىغاندەك، مەلۇم چېگرىدا توختايدۇ دېگىلى بولمىغاندەك، خۇراپاتلىقنىڭ، بىدئەتلەرنىڭ

چېكى، چېگراسى، مەخسۇس سانلىق مەلۇماتى يوق ئىكەن. بىرنى يوقاتسا، يەنە بىرسى پەيدا بولىدىكەن. بىرنى يازسا يەنە بىرسى قالىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر مەن بىلگەن، كۆرگەن، ئاڭلىغان كىتابلاردىن ئالغان بىدئەتلەر مۇشۇنچىلىك، نۇرغۇن بىدئەتلەر، خۇراپاتلار، يەنىلا كىتابتا قالدى. كەلگۈسىدە، ئەتە قانداق بىدئەتلەر، خۇراپاتلار، شېرىك ئەقىدىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ بۇنى بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. مەن بىلمەيمەن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ئىجمائ، تەقۋا ئالىملار قىياسى بىلەن يول تۇتۇپ مېڭىڭلار، ئاشۇ دەلىل _ ئىسپات مەنبەسى، قانۇن _ تۈزۈم، ئەقىيدە، ئەمەل، ئىبادەت ئاساسلىرىدىن دەلىل _ ئىسپات بولمىسا، قەتئىي قىلماڭلار دىمەڭلار. دەلىل _ ئىسپاتنى، ساھابىلاردەك چۈشىنىڭلار، ئالدى بىلەن دەلىل _ ئىلىپ، ئاندىن ئىتىقاد قىلىڭلار، بىرەر نەرسىگە بىرەر مەسىلىگە ئالدى بىلەن ئىتىقاد قىلىۋېلىپ، ئاندىن دەلىل ئىزدىمەڭلار، ھەرقانداق ئازغۇنلۇققىمۇ، خاتا مەسىلىگىمۇ، دەلىل _ ئىسپات تاپقىلى بولىدۇ، لېكىن، بۇ دەلىل، ساھابىلار، تابىئىنلار چۈشەنگەندەك بولۇشى لازىم. مەن ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىدىن ئەمەس، يامان تەرىپىدىن ئەنسىرەپ، بۇ يالغان ھەدىسلەر توپلىمىنى ۋە بىدئەتلەرنى يېزىپ، تەرجىمە قىلىپ چىقتىم، مېنى توغرا چۈشىنىڭلار. خاتاسىنى تۈزۈتۈپ ئوقۇڭلار. تەنقىد ۋە پىكىر تەكلىپ بېرىپ تۇرۇڭلار، ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولدا، ھەقىقەت ئۈستىدە قىلىپ، بۇ دۇنيادىن ئىمان بىلەن ئايرىسۇن. ئامىن!!!

www.uyghurkitap.com

بۇ خىزمىتىمىزنى خالىس ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!!!

بۇ خىزمەتنى قىلىش جەريانىدا ماڭا ماددى ۋە مەنىۋى ياردەم بەرگەنلەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئاخىرەتتە ھەممىمىزگە جامالىنى ئاتا قىلسۇن ئامىن!!!

خەير، ئاللاھقا تاپشۇردۇم، كېلەركى كىتابىمدا كۆرۈشەيلى.

2006 ـ يىل 3 _ ئاينىڭ 1 كۈنى (چارشەنبە)